جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

4

( 1- كىتاب )

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلدى

باش مۇھەررىر: ئابدۇشۇكۇر تۇردى
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان

ئاپتورلار: ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
كېرىمجان ئابدۇرېھىم

مىللەتلەر نەشرىياتى

## «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» تەھرىر ھەيئىتى

**ھەيئەت پەخرىي مۇدىرى:**

**ئىسمائىل تىلىۋالدى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى

**ھەيئەت مۇدىرلىرى:**

**ئابدۇرازاق تۆمۈر** تەتقىقاتچى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**لىۇ بىن** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ھەيئەت ئەزالىرى:**

**ئابدۇشۈكۈر تۇردى** تەتقىقاتچى

**لىۇ كۇيلى** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**لاڭ يىڭ** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ئازاد رەھمىتۇللا سولتان** پروفېسسور، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ئالىمجان سابىت** ئالىي مۇھەررىر

**ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق** كاندىدات تەتقىقاتچى

**ھەبىبۇللا ئابدۇسالام** كاندىدات تەتقىقاتچى


# مۇندەرىجە


**بىرىنچى باب «ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ھەققىدە** ................................ (1)

«ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» چۈشەنچىسى ................................ (1)

ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان ئەدەنىياتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ................................ (5)

ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى ................................ (11)

**ئىككىنچى باب ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان شېئىرىيىتى** ................................ (25)

ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان شېرئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ................................ (25)

شېئىرىيەتنىڭ دەسلەپكى گۈللىنىش باسقۇچى ................................ (26)

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى شېئىرىيەت ................................ (37)

يېڭى دەۋر باسقۇچىدىكى شېئىرىيەت ................................ (39)

بۇگۇنكى زاماندىكى شائىرلار ................................ (51)

ئىمىشېھىت ................................ (74)

ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ................................ (74)

بۇگۇنكى زاماندىكى ئىجادىيىتى ................................ (81)

نىمشېھىت ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى .......... (93)

ئەھمەد زىيائى .......... (97)

ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى .......... (98)

بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتى .......... (105)

ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر .......... (125)

ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى .......... (126)

بۈگۈنكى زاماندىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى .......... (133)

ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ... (154)

قۇربان ئىمىن، ئەلقەم ئەختەم .......... (160)

ئىمىن تۇرسۇن، ئابلىز نازىرى .......... (169)

رەھمىتۇللا جارى، مۇھەممەت رېھىم .......... (182)

تېيىپجان ئېلىيېۋ .......... (190)

ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى .......... (190)

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى .......... (196)

تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى .......... (221)

ئابدۇكېرىم خوجا .......... (232)

ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى .......... (232)

ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى .......... (246)

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، رەخىم قاسىم .......... (255)

مۇھەممەتجان سادىق .......... (273)

مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى .......... (273)

مۇھەممەتجان سادىق ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى .......... (277)

بوغدا ئابدۇللا .......... (286)

بوغدا ئابدۇللانىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى .......... (286)





بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى .......... (295)

قۇربان بارات .......... (304)

قۇربان باراتنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى .......... (304)

ئوسمانجان ساۋۇت .......... (316)

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ھاياتى ۋە شېئىر ئىجادىيىتى .......... (316)

ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى .......... (317)

ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن، تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن ... (335)

تۆمۈر داۋامەت، مۇھەممەت شاۋۇدۇن .......... (351)

ئىمىن ئەخمىدى، ئارسلان .......... (366)

مۇھەممەتجان راشىدىن، روزى سايىت .......... (386)

«يېڭىچە شېئىرلار» ھادىسىسى .......... (408)

## ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقى .......... (426)

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى .......... (426)

زۇنۇن قادىرى .......... (477)

زۇنۇن قادىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى .......... (478)

«چىنىقىش» قاتارلىق ھېكايىلىرى .......... (486)

ئابلىمىت مەسئۇدى، تۇردى سامساق ۋە ئەرشىدىن تاتلىق .......... (509)

قەييۇم تۇردى .......... (537)

قەييۇم تۇردىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ............ (537)
زوردۇن سابىر ............ (556)
زوردۇن سابىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ............ (557)
زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ............ (563)
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ............ (591)
سەيپىدىن ئەزىزى ............ (612)
سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ............ (612)
خېۋىر تۆمۈر ............ (626)
ئەخەت تۇردى ............ (636)
ئەخەت تۇردىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ............ (637)
ئابدۇراخمان قاھار ............ (650)
ئابدۇراخمان قاھارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ............ (650)
مەمتىمىن ھوشۇر ............ (661)
مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ............ (662)
مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ............ (667)
مۇھەممەت باغراش ............ (687)
مۇھەممەت باغراشنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ............ (688)
ئەختەم ئۆمەر ............ (704)
خالىدە ئىسرائىل ............ (721)
خالىدە ئىسرائىلنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ............ (721)
خالىدە ئىسرائىل ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ............ (733)
جالالىدىن بەھرام ............ (736)
توختى ئايۇپ ............ (741)
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ............ (760)





پەرھات جىلان ............ (768)
پەرھات جىلاننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ............ (769)
نۇرمۇھەممەت توختى ............ (785)
ئابدۇللا ساۋۇت ............ (800)


## ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان دىرامىچىلىقى


ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان دىرامىچىلىقى ............ (806)
ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان دىرامىچىلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان ............ (806)
بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ............ (816)
دىرامىچىلىقىمىزنىڭ تېما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ............ (816)
دىرامىچىلىقىمىزنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ............ (819)
دىرامىچىلىقىمىزنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ............ (821)
مەمتىلى زۇنۇن ............ (825)
ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى ............ (825)
مەمتىلى زۇنۇن دىراملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ............ (830)
تۇرسۇن يۇنۇس ............ (837)
ھاياتى ۋە ئىجادىيەت يولى ............ (837)
تۇرسۇن يۇنۇس دىراملىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ............ (842)
تۇرسۇنجان لېتىپ ............ (849)

# ئۇيغۇر بوگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى(1)


هاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى ........................ (849)
تۇرسۇنجان لېتىپ دراما ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ........................ (857)

بەشىنچى باب ئۇيغۇر بوگۈنكى زامان نەسرچىلىكى ........................ (872)

بوگۈنكى زاماندىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ھەققىدە قىسقىچە بايان ........................ (872)
ئەخمەت ئىمىن ........................ (890)
ئەخمەت ئىمىننىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ... (890)
ئەخمەت ئىمىن نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ........................ (899)

ئالتىنچى باب ئۇيغۇر بوگۈنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ........................ (910)

ئۇيغۇر بوگۈنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ھەققىدە قىسقىچە بايان ........................ (910)
ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەققىدە قىسقىچە بايان ........................ (940)
پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار ........................ (945)
ئاخىرقى سۆز ........................ (946)

# بىرىنچى باب . «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ھەققىدە

## «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» چۈشەنچىسى

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى — مىلادىيە 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن تارتىپ ، تاكى بۈگۈنگىچە بولغان تەخمىنەن يېرىم ئەسىر ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كۆرسىتىدۇ .

مىلادىيە 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل چوڭ ئۆزگىرىشلەر ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولغان يېڭىلىقلار ، ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جاپالىق كۈرەشلىرى ، باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىپ قىسمەت - سەرگۈزەشتىلىرى ، ئارزۇ - ئارمان ، ھېس - تۇيغۇلىرى شۇنداقلا ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلىرى بۇ ئەدەبىياتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ ، بۇ يېرىم ئەسىرلىك ئەدەبىيات ئەمەلىيەتتە خەلقىمىز ھاياتىنىڭ مۇشۇ يېرىم ئەسىردىكى بەدىئىي خاتىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى — بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى .

بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئادەتتە ئۈچ چوڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن . 1 - باسقۇچ - «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» باسقۇچى بولۇپ ، ئۇيغۇرلاردا يازما ئەدەبىيات مەيدانغا كەلگەن

ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى مىلادىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزۇن بىر مەزگىللىك ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەدەبىيات تارىخى ئۇزۇن، مەشھۇر ۋەكىللىرى، كلاسسىك ئەسەرلىرى كۆپ، شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان، دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، لىرىكا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ئەدەبىيات بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، مۇۋەپپەقىيىتى ۋە تەسىرى ناھايىتى چوڭ. 2 ـ باسقۇچ ـ «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» باسقۇچى بولۇپ، بۇ ئەدەبىيات مىلادىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن مىلادىيە 1949 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەدەبىيات رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، ئەدەبىي شەكىللەر كۆپ خىللاشقان، خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ـ ئازادلىققا بولغان تەلپۈنۈشى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەدەبىيات بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىيات كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى باغلاشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئارتتۇرغان ئەدەبىيات. 3 ـ باسقۇچ — «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى» باسقۇچى بولۇپ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تەخمىنەن 50 يىللىق ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەدەبىيات تەرەققىيات مۇساپىسى ئەگرى ـ توقاي، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي كۈرەش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، ئىزدىنىش روھىغا باي، ئەدەبىي ژانىر شەكىللىرى نىسبەتەن مول، پروزىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى زور، يېڭى ئەدەبىي شەكىللەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن، ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر قىزىغان ئەدەبىيات بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى — تارىخىي مەنبەسى جەھەتتىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدە-



بىياتىنىڭ تارىخىي تەبىئىي داۋامى؛ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەنبەسى جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ۋە مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ئىنكاسى؛ خاراكتېرى جەھەتتىن سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە مىللىي ئەدەبىيات؛ ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىن قارىغاندا، رېئالىزمنى ئاساس، رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈشنى قوشۇمچە، مودېرنىزمنى ئۆزلەشتۈرۈشنى سىناق قىلغان كۆپ قاتلاملىق ئەدەبىيات.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تەرەققىيات مۇساپىسى ئەگرى ـ توقاي، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى گەۋدىلىك، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەلىي مەسىلىلىرى كۆپ، ئىجادىيەت ھادىسىلىرى نىسبەتەن مۇرەككەپ بىر ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن، بولۇپمۇ بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىر پۈتۈن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئەدەبىياتشۇناسلىق جەھەتتىنمۇ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش جەھەتتىنمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» — پەن نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن چىقىپ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىدىغان، باھالايدىغان بىر خىل ئەدەبىياتشۇناسلىق پېنى. ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى تارىخىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىش، باھالاش بىلەن ئۇنى ئادەتتىكى ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش، باھالاشتىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تارىخىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، باھالىغاندا شۇ ئەدەبىيات ھادىسىسى مەيدانغا كەلگەن تارىخىي شارائىتقا قويۇلۇپ، شۇ تارىخىي شارائىتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئەدەبىيات مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا ئېلىپ كەل-

گەن يېڭىلىقى ، قوشقان تۆھپىسى ، ئەدەبىيات تارىخىدىكى قىممىتى ،
ئورنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن شان - شەرەپى قاتارلىقلارنى
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ، مۇشۇ ئاساستا باھالاش ئاساس قىلىنىدۇ .
بۇنداق بولغاندا تارىختىكى ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئىلمىي ئۇسۇللار
ئارقىلىق تەتقىق قىلىنىدۇ . بۇنداق تەتقىقات ئادەتتىكى تەنقىدچىلىك-
تىن ،ئوبيورچىلىقتىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ . ئەدەبىيات تارىخىنىڭ
ئادەتتىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان روشەن بىر
ئالاھىدىلىكى دەل مانا شۇ .

ئۇيغۇر بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى تارىخىي نۇقتىدىن ، يەنى
ئەدەبىيات تارىخى ئىلمىي نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشقا ، باھالاشقا ۋە
ئوقۇتۇشقا بولامدۇ - يوق ؟ بەزىلەر «ئۇيغۇر بۇگۈنكى زامان ئەدەبىيا-
تى» تېخى داۋاملىشىۋاتقان ، ئاخىرلاشمىغان ئەدەبىيات ، شۇڭا ئۇنى
رېئال ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە كۆرۈپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك
نۇقتىسىدىن چىقىپ باھالاشقا بولىسمۇ ، ئەدەبىيات تارىخى ئىلمىي
نۇقتىسىدىن چىقىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ، باھالاشقا بولمايدۇ ،
دەپ قارايدۇ . بۇنداق قاراشنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى يوق ئەمەس . ئەمما
ئۇيغۇر بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەخمىنەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك
تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى ، ئوخشاشمىغان تە-
رەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى . نۇرغۇن يازغۇچى - شائىرلار-
دىن تەشكىل تاپقان ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىنى ياراتتى ، كۆپلىگەن
مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرگە ئىگە بولدى ، مۇشۇ جەرياندا يەنە ھەر خىل
ئەدەبىيات خاھىشلىرى پەيدا بولدى ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىنىڭ نىسبە-
تەن ئورتاق بولغان ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى ياراتتى . يېڭى ئەسىرگە
كىرىپ كەلگىنىمىزدىن بېرى بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىختا ئايلاندى ،
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى 50 يىلدا ئۆزىنىڭ
ئۆزگىچە ئەدەبىيات تارىخىنى مەيدانغا كەلتۈردى . بۇ 50 يىللىق
ئەدەبىياتنى بىر ئالاھىدە ئەدەبىيات تارىخىي دەۋرى دەپ قاراشقا ، ئۇنى



ئەدەبىيات تارىخشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىشقا ، ئاشۇ تەتقىقاتلار ئارقىلىق مۇشۇ يېرىم ئەسىرلىك ئەدەبىيات-
نى تارىخىي يوسۇندا باھالاشقا تامامەن بولىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشقا
تېگىشلىك . بۇ نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ناھا-
يىتى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى .

بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى
بولغاچقا ، ئۇنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەر بار .
يەنى ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بىزگە ناھايىتى تونۇشلۇق ،
بۇ ئەدەبىياتنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بولغان كۆپلىگەن يازغۇچى -
شائىرلار تېخى ھايات ، ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى
بار ، ئەسەرلەر نىسبەتەن تولۇق ، يازغۇچى ، ئەسەرلەر ھەققىدىكى
باھالارنى نىسبەتەن ئەتراپلىق ئىگىلىگىلى بولىدۇ . مانا مۇشۇنىڭغا
ئوخشاش پايدىلىق ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ، بۈگۈنكى
زامان ئەدەبىياتىنى تارىخىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ، تەتقىق قىلىش ،
باھالاش ئىنتايىن مۇھىم . ئەگەر بۇ ئىشقا سەل قارايدىغان بولساق
بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتە پايدىلىق پۇرسەتنى قول-
دىن بېرىپ قويغان بولىمىز .

## ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك
تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مۇنداق بىرقانچە تەرەققىيات باسقۇچىنى
بېسىپ ئۆتتى .

1 . 17 يىللىق ئەدەبىيات باسقۇچى بولۇپ ، بۇ باسقۇچ ئادەتتە
1949 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 17 يىللىق
ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ .

بۇ باسقۇچ ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش
ۋە دەسلەپكى گۈللىنىش باسقۇچى بولۇپ ، بۇ باسقۇچتا ئۇيغۇر بۇگۇن-
كى زامان ئەدەبىياتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى ۋە بۇ ئەدەبىيات-
نىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات ، گۈللىنىش ۋەزىيىتى يارىتىلدى . مىلادى-
يە 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد
بولۇشى ، شۇ يىلى 10 - ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇ-
لۇشى قاتارلىق زور تارىخىي ۋەقەلەر تەبىئىي رەۋىشتە شىنجاڭ تارىخى-
دا يېڭى بىر بەت ئاچتى . شۇندىن تارتىپ ئۇيغۇرلار يېڭى بىر تارىخىي
بۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى . ئازادلىق خەلقنى يېڭىچە ھاياتقا ،
يېڭىچە تۇرمۇشقا ، يېڭىچە پىكىر - ئىدىيىگە ئىگە قىلدى . بۇنداق
يېڭىچە ھايات ، يېڭىچە تۇرمۇش؛ يېڭىچە ئەدەبىياتقا تەقەززا قىلدى .
شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى - ئۇيغۇر بۇگۇنكى
زامان ئەدەبىياتى مەيدانغا كەلدى .

ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان ئەدەبىياتى مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا پارتى-
يىنى ، داھىينى ، ئازادلىق ئارمىيىنى مەدھىيىلەشنى ، خەلقنىڭ ئا-
زادلىققا بولغان سۆيۈنۈشىنى ، يېڭى جەمئىيەتتىن تاپقان خۇشاللىقىنى
ئىزھار قىلىشنى ، كونا جەمئىيەت بىلەن يېڭى جەمئىيەتنى سېلىشتۇ-
رۇش ئارقىلىق يېڭى جەمئىيەتنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى ، شۇنداقلا
يېڭى جەمئىيەتتىكى يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەت ، يېڭىچە ئىشلەپچى-
قىرىش ئۇسۇلى ، يېڭى جەمئىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ، ئىدى-
يىۋى ھېسسىياتى ، مىجەز - خاراكتېرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى قاتار-
لىقلارنى ئىپادىلەشنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلدى . دەسلەپكى 17 يىل-
لىق ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى مانا مۇشۇنداق دەۋر روھىغا باي ، ئىلغار ،
ئاكتىپ ، ئىنقىلابىي بولدى . نىمشېھىت ، قۇربان ئىمىن ، ئەلقەم
ئەختەم ، تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىق شائىرلارنىڭ ؛ زۇنۇن قادىرى ،
ئابلىمىت مەسئۇدى ، ئەرشىدىن تاتلىق قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ؛ بۇر-
ھان شەھىدى ، سەيپىدىن ئەزىزى ، زۇنۇن قادىرى قاتارلىق دراما-



تورگىلارنىڭ بۇ مەزمۇنلاردىكى ئىجادىيىتى ناھايىتى ھوسۇللۇق بول-
دى . شۇنى بىلىش كېرەككى ، دەسلەپكى 17 يىللىق ئەدەبىيات ئىجا-
دىيەتتە نېمىنى يېزىشقا كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ قانداق يېزىشقا ئانچە
دىققەت قىلىپ كېتەلمىدى ، يەنى مەزمۇن ئامىللىرىغا كۆپرەك ئەھمى-
يەت بېرىپ ، شەكىل ئامىللىرىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كېتەلمىدى .
شۇنىڭ بىلەن «تۇگىمەس ناخشا» غا ئوخشاش شېئىرلار ، «چېنى-
قىش» قا ئوخشاش ھېكايىلەر كۆپ بولمىدى . ئەمما شۇنى چوقۇم
مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى ، دەۋر چەكلىمىسىگە ، سولچىللىقنىڭ
كاساپىتىدىن پەيدا بولغان قالايمىقانچىلىقلارغا قارىماستىن ، بۇ باس-
قۇچتىكى ئەدەبىيات ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۇردى .

17 يىللىق ئەدەبىياتتا ھازىرقى زامان باسقۇچىدىكى ئەدىبلەرنىڭ
بۇگۇنكى زامان ھاياتىغا ماسلىشىشى بىر ئەمەلىي مەسىلە بولدى .
ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى گەۋدىلىك بولدى .
گەرچە مەدھىيە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ ، كېيىنكى مەز-
گىللەرگە كەلگەندە تەنقىدىي ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا چىقىپ ، بەلگىلىك
تەسىرلەرنى قوزغىدى . بۇ باسقۇچتا يەنە ئەدەبىي شەكىللەر كۆپ
خىللاشتى ، پروزىنىڭ ھېكايە ، پوۋېست ، رومان قاتارلىق تۇرلىرى ،
شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بويىچە مۇھەببەت لىرىكىسى ، ئىنتىم لىرىكى-
سى ، تەبىئەت لىرىكىسى ، سىياسىي لىرىكا ھەتتا پەلسەپىۋى شېئىر-
لارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى ، داستانچىلىق جانلىنىپ ، بىرقانچە مۇنەۋۋەر
داستانلار ئىجاد قىلىنىپ ، بۇگۇنكى زامان داستانچىلىقىغا ئاساس
سېلىندى . بۇلاردىن باشقا يەنە ئاز بولمىغان دراممىلار ، نەسرلەر ،
كىنو سېنارىيىلىرى يېزىلدى .

2 . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باسقۇچى بولۇپ ، بۇ باسقۇچ
مىلادىيە 1966 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى
تەخمىنەن 10 يىللىق ئەدەبىيات باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ .

ئەدەبىياتتىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باسقۇچىنىڭ ۋاقتى

ئادەتتە 1966 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىل بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. تەخمىنەن 1962 ـ ، 1963 ـ يىللىرىدىن تارتىپلا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى سىياسىي كۆرەشلەر ئەۋج ئېلىپ، ئىلگىرىكى يىللاردا ياخشى يازغان يازغۇچىلار، ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەر تەنقىد قىلىنىشقا باشلىدى. ئەدەبىيات ساھەسى ئەمەلىيەتتە شۇ چاغلاردىن تارتىپلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىگە كىرىپ كەتتى، باش ـ ئايىغى چىقماس ناھەقچىلىكلەر، زورلۇقلار، زىيانكەشلىك ـ سۇيىقەستلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇ باسقۇچ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ يىللاردا زۇنۇن قادىرى، ئەھمەد زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيېۋغا ئوخشاش نۇرغۇن يازغۇچى ـ شائىرلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. نىمشېھىت، روزى قاسىمغا ئوخشاش بىر تۈركۈم شائىر ـ يازغۇچىلار ھەتتا زىيانكەشلىك بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئىجادىيەتتە ئەركىنلىك بولمىدى، ئىجادىيەت ئۈچۈن ھېچقانداق مەتبۇئات سورۇنى بېرىلمىدى، ھەتتا ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت چەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ھېچقانداق بىر ئىجادىيەت ساھەسىدە ياخشىراق، يىرىكرەك ئەسەر مەيدانغا چىقمىدى. ئەدەبىيات ساھەسىدە سىنىپىي كۆرەش باشقا ساھەلەردىكىدىنمۇ بەك «قىزىپ» كېتىپ، ئەدەبىيات ئىشلىرى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولدى. شۇڭا، بىر قىسىم يوشۇرۇن ئىجادىيەتنى ۋە خاتىرە ـ قولىيازما ھالىتىدە مەخپىي تارقالغان ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يىللار ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەيدانغا چىقمىدى. پەقەت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئىجادىيەت ئۈچۈن ئاز ـ تولا ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى. مەزمۇنىنى، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بولسىمۇ، ئەمما شۇ دەۋر رېئاللىقىدا «ئەدەبىي ئەسەر» دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بىر قىسىم ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى.



مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولدى. بۇ باسقۇچتا خاراكتېر جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل ئىجادىيەت بار بولدى. بۇنىڭ بىر خىلى شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ تەلىپى بويىچە يېزىلغان، ھەق ـ ناھەق ئايرىلمىغان، سىياسىي پۇرىقى كۈچلۈك، ھېچبىر ئەدەبىي قىممىتى بولمىغان ئىجادىيەت؛ يەنە بىرى شۇ دەۋر ئېقىمىغا قارشى يېزىلغان، يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ ھەق ـ ئادالەت قارىشى، ياخشى كۈنلەرگە بولغان تەلپۈنۈشى ئىپادىلەنگەن ئىجادىيەت. كېيىنكى خىل ئىجادىيەتتىكى ئەھۋال نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى، مەسىلەن، نىمشېھىتنىڭ شېئىرلىرىغا ئوخشاش شېئىرلار ھەقىقەتەن شۇ دەۋر رېئاللىقىدا يېزىلغان، يەنە بەزىلىرى بولسا شۇ يىللاردىكى تەسىرات ـ تۇيغۇلار ئاساسىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن يېزىلغان.

3. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئەسىر ئاخىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 20 يىللىق ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ. مىلادىيە 1976 ـ يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ مىلادىيە 1978 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدە تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشكە پايدىلىق شارائىت ھازىرلاندى. مۇشۇنداق ياخشى شارائىتتا ئەدەبىيات ئىشلىرىمۇ گۈللىنىشكە باشلىدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا يولغا قويۇلغان ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇنداق دەۋر ئالاھىدىلىكى تەبىئىي يوسۇندا ئەدەبىياتىمىزدىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى ۋە ئەدەبىياتىمىزغا چەكسىز ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتىمىز يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا — گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ دەۋردە

يازغۇچى ـ شائىرلار قوشۇنى تېز سۈرئەتتە زورىيىپ ، تارىختىكى ئەڭ زور قوشۇنغا ئايلاندى ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەندى ، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى . ئەدەبىي ژانىرلار تولۇقلاندى ، پروزىچىلىق بارغانسېرى گۈللىنىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى ، رومان ئىجادىيىتى تېز تەرەققىي قىلىپ ، ئەدەبىيات ئىچى ـ سىرتىدا «رومانچىلىق قىزغىنلىقى» شەكىللەندۇرۇلدى . ئىزدىنىش ، يېڭىلىق يارىتىش خاھىشى كۈچىيىپ ، «ئىزدەنمە ھېكايىلەر» ، «گۈڭگا شېئىرلار» ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە پۈتۈن ئەدەبىياتقا تەسىر كۆرسەتتى . ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تېمىسى كېڭەيدى ، مەزمۇنى چوڭقۇرلاشتى ، ئىدىيىسى كۈچەيدى ، بەدىئىي سەۋىيىسى ئۆستى . شۇنىڭ بىلەن ئەسىر ئاخىرىدىكى بۇ بىر مەزگىللىك ئەدەبىيات ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن ئەدەبىيات دەۋرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى .

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىجادىيەت ئەڭ گۈللەنگەن ، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بىر باسقۇچ بولدى . بۇ باسقۇچتا يازغۇچى ـ شائىرلار قوشۇنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زورايدى ، ئەسەرلەرنىڭ سانىمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيدى ، ئەسەرلەر ئىچىدە مۇھىم ، ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ سالمىقى ئاشتى . بۇ باسقۇچتا ژانىرلار مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۆپ خىللاشتى . پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تېز ، ھوسۇلى مول بولۇپ ، ئەدەبىياتتا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى ، بولۇپمۇ رومانچىلىقتىكى قىزغىنلىق بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسىنى شەكىللەندۇردى . شېئىرىيەتنىڭ ئورنىدا ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولدى ، شېئىرىيەتكە بولغان قىزغىنلىق سۇسلاپ قالدى ، يېڭىچە شېئىرىيەت ھادىسىسى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل مۇنازىرە قوزغىدى . دراماچىلىق بىر قېتىملىق دولقۇن پەيدا قىلغاندىن كېيىن قايتا كۆتۈرۈلۈش پەيدا قىلالمىدى .



بازار ئىگىلىكى ۋە زامانىۋى كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرى دراماچىلىقتا ئېغىر كرىزىس پەيدا قىلدى . نەسر ئىجادىيىتى رەسمىي ساھە بولۇپ شەكىللەندى ۋە گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى ، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك شەكىللەندۇردى . كەڭ مەنىدىكى نەسر ئىجادىيىتى ئەسىر ئاخىرىدا شەكىللەنگەن مىللەت ۋە ئىللەت ھەققىدىكى ئويلىنىشقا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى . قىسسەچىلىك ، ئەدەبىي ئاخبارات ، ئەدەبىي خاتىرە ، تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىجادىيىتى بويىچىمۇ كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلدى . ئادەمنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى ، ئىجادىيەتنىڭ سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى ، ئۇسلۇبى كۆپ خىللاشتى ، شۇنىڭ بىلەن ئەسىر ئاخىرىدىكى ئەدەبىيات بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر ئالتۇن دەۋرى بولۇپ قالدى .

## ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا نۇرغۇن ئەگرى ـتوقايلىقلارنى باشتىن كەچۈردى . بۇ جەرياندا ئۇ ئاز بولمىغان ئاچچىق ساۋاقلارغا ئېرىشىپ قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى توپلاپ ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ، بىر خىللىقتىن رەڭدارلىققا ، تەقلىدىي ئۇسۇللارنى ئىشلىتىشتىن ئىجادىيلىققا ، ھادىسىلىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئاددىي بايانلىرىدىن ماھىيەتلىك چوڭقۇرلۇققا شۇڭغۇدى ، قىسقىسى ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ 50 يىللىق مۇساپىسى توختىماي ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلغان ، بارغانسېرى يۈكسەلگەن 50 يىل بولدى . گەرچە نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەر ساقلانغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ 50 يىلدا ئاز بولمىغان ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەيدانغا كەلدى ، ئۇيغۇر

ئەدەبىياتىدا غايەت زور يۈكسىلىشلەر مەيدانغا كەلدى .
ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ 50 يىللىق تەرەققىيات
مۇساپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ، زۇنۇن قادىرى ، تېيىپجان
ئېلىيوپ ئەسەرلىرىنىڭ مىلادىيە 1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىغا ئۇل سالغانلىقىنى ، ئابلىمىت مەسئۇدى ، تۇردى سام-
ساق ، ئەرشىدىن تاتلىق قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ، ئەلقەم ئەختەم ،
قۇربان ئىمىن ، ئابلىز نازىرى ، ئابدۇكېرىم خوجا ، رەخىم قاسىم
مۇھەممەتجان سادىق قاتارلىق شائىرلارنىڭ بۇ يىللاردىكى ئىجادىيەتكە
جور بولۇپ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپىدىلا بىر
خىل قاينام ـ تاشقىنلىق ۋەزىيەت پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .
مىلادىيە 1951 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت-
چىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى بىلەن ئۆلكىلىك
مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ تەھرىرلىكىدىكى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ
سەنئىتى » (كېيىنچە «تارىم » غا ئۆزگەرتىلگەن ) ژۇرنىلىنىڭ تە-
سىس قىلىنغانلىقى ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن ياخشى مەت-
بۇئات سورۇنى ھازىرلاپ بەردى . ئەدىبلىرىمىز ئوتلۇق ھېسسىيات ،
كۈچلۈك ئىلھام بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ ، خەلقىمىزنىڭ تۇر-
مۇشىدا يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈردى .
يەر ـ زېمىنغا ئېرىشكەن دېھقانلارنىڭ شادلىقى ، زۇلۇمدىن قۇتۇلغان
خەلقنىڭ ئۈمىدلىك كەيپىياتىنى زوق ـ شوق بىلەن ئىپادىلەپ ،
ئازادلىق تېڭىغا تەنتەنە قىلىشتى ، يېڭىدىن ئورنىتىلغان سوتسىيا-
لىستىك تۈزۈمگە، يېڭى دەۋرگە تەنتەنە قىلىشتى . خەلقىمىزنىڭ پارتى-
يىگە،داھىيغا ، ۋەتەنگە ، ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان مىننەتدارلىقىنى
ئىپادىلىدى . مىلادىيە 1949 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە بولغان
17 يىللىق ئەدەبىياتنىڭ ئىزناسىغا زەن سالىدىغان بولساق ، ئېلىمىز-
دە ، جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي
ۋەقەلەرنىڭ ، خەلقىمىز تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئە-



دەبىياتىمىزدا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .
مىلادىيە 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان ”يەر ئىسلا-
ھاتى“ ، ”ئىجارە كېمەيتىش“ ، ”3 كە قارشى تۇرۇش“ ، ”5 كە قارشى
تۇرۇش“ ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ، ھەم-
كارلىق گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەش ، ئالىي كوپىراتىپ قۇرۇش ،
چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ، خەلق كوممۇناسى قۇرۇش ، ئۆز كۈچىگە
تايىنىپ ، تەبىئىي ئاپەتلەرنى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ،
سىنىپىي كۈرەشنى چىڭ تۇتۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە
ھەرىكەتلەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت مەزمۇنى ئىچىدە بولدى . يې-
ڭى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ، سىياسەت ، ئەخلاق قاتارلىق تەرەپلىرىمۇ
پۈتۈنلەي يېڭىچە بولغانلىقتىن ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنىمۇ توخ-
تاۋسىز ئۆزگىرىپ ، يېڭىلىنىپ باردى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات
بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولۇشى كېرەك ، دېگەن مەسىلە
ئىزچىل تۇردە تالاش ـ تارتىشنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ كەل-
دى . ئەدىبلىرىمىز سوتسىيالىستىك رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە
ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئىزدىنىپ كەلدى .
پېشقەدەم شائىرلىرىمىزدىن تېيىپجان ئېلىيېۋ «يىراقتىن خەت »
ناملىق داستانىدا دېھقانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ
ئارزۇ ـ ئۈمىد ، ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى . ئەلقەم
ئەختەم «سائادەتخان » ناملىق داستانىدا ، سائادەتخان ئوبرازى ئارقى-
لىق ئاياللارنىڭ كونا جەمئىيەتتە فېئوداللىق تۈزۈم تەرىپىدىن ھاقا-
رەتلەنگەن ، خورلانغان قىسمەتلىرىنى ئېچىپ بەردى . ئابلىز نازىرى
«خۇاڭخې دولقۇنى » ناملىق شېئىرىدا خۇاڭخې دەرياسىنى جۇڭگو
خەلقىگە سىمۋول قىلىپ تۇرۇپ ، خەلقنىڭ ئازادلىق ، ھۆرلۈك ئۈ-
چۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلىدى .يازغۇچى ئەرشىدىن
تاتلىق ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى تۇنجى پوۋېست بولغان «سىناق »
ناملىق پوۋېستىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كوپىراتسىيىلىشىش ھەرىكى-

تى داۋامىدىكى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇردى . مىلادىيە 1950 ـ
يىللاردىكى پروزىچىلىقنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان
يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدى ئۆزىنىڭ «مەتباقى» ، «ساراڭ ساقاي-
ـدى» ، «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى» ، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» قاتارلىق
ھېكايىلىرىدا يېزا تۇرمۇشىنىڭ ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرىنى يورۇ-
تۇپ بەردى .
مىلادىيە 1956 ـ يىلى ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسىي
جەھەتتىن تاماملىنىشى ۋە ئېلىمىزدىكى سىنىپلار ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن
ئۆزگىرىشى ئېلىمىز ۋەزىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى . يەنى
كەڭ كۆلەملىك ، شىددەتلىك سىنىپىي كۈرەش ئاساسىي جەھەتتىن
تاماملىنىپ ، بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن
ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىگە مۇجەسسەملەشتى . مىلادىيە 1956 ـ
يىلى يولداش ماۋزېدۇڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن
”بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە
سايراش“ فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ «ئېچىلىش ـ سايراش»
فاڭجېنى ئەمەلىيەتتە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە قويۇۋات-
قان يېڭى تەلىپىنى ئەكس ئەتتۇرگەن ئىدى . سەنئەت دېموكراتىيىسى
يولغا قويۇلغان بۇ يېڭى ۋەزىيەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت جانلاندى . ئەدىب-
لەر قوشۇنى زورايدى . ياش شائىرلاردىن مۇھەممەتجان سادىق ، ئابدۇ-
سالام توختى ، رەخىم قاسىم ، مىركامىل ياقۇپ ، مىرزاھىت كېرىم ،
مەمتىلى زۇنۇن ، ياش يازغۇچىلاردىن قەييۇم تۇردى ، مالىك كېۋىر ،
ئەخەت ھاشىم قاتارلىقلار ئىجادىيەت سېپىگە يېڭى كۈچ بولۇپ قوشۇل-
ـدى . تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «ۋالاقتەگكۈر وپنىڭ ئۆلۈمى» ، مۆمۈن
سەپىرىنىڭ «قۇلۇپلانغان كابىنېت» ، رەخىم قاسىمنىڭ «باشلىق
چۈشكەن پايدا» قاتارلىق ھەجۋىيلىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىمۇ مۇ-
شۇ مەزگىلدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردا كۆرۈلۈپ باقمى-
غان دەرىجىدە گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ، ئەلۋەتتە . بىراق ، ياخ-



ـشى نىيەتتە يېزىلغان توغرا پىكىرلىك بۇ ئەسەرلەر كۈتۈلمىگەندە
ئېغىر ئاقىۋەتكە ئۇچرىدى . مىلادىيە 1956 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان
”ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەت“ ، مىلادىيە 1957 ـ ۋە 1958 ـ يىللى-
ـرى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ”يەرلىك مىللەتچىلىككە
قارشى كۈرەش“ لەرنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى نەتىجىسىدە بۇ ئەسەر ئاپ-
ـتورلىرى قاتتىق تەنقىد قىلىندى ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىندى . نەتىجىدە
ئەدىبلىرىمىز رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇشتە مۇشكۇل ئەھۋالدا
قالدى . ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئالىزملىق روھى ئاجىزلاپ كەتتى . بۇ
يىللاردا مەتبۇئاتلاردا رېئاللىق بۇرمىلانغان ، تۇرمۇش پەردازلاپ كۆر-
ـستىلگەن ، چوڭ سۆزلەش ، مۇبالىغە قىلىش شامىلىغا ماسلاشقان
خېلى نۇرغۇن ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى .
يولداش جۇ ئېنلەي مىلادىيە 1961 ـ يىلى 6 ـ ئايدا
ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ۋە ھېكايە فىلىم
ئىجادىيەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ، 1962 ـ يىلى بېيجىڭدىكى
جىڭجۈي ، ئوپېرا ، باللار تىياتىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدى-
غان يازغۇچىلارغا قىلغان مۇھىم سۆزىدە ، يولداش چېن يى شۇ يىلى
3 ـ ئايدا گۇاڭجۇدا ئېچىلغان كومېدىيە ، ئوپېرا ، باللار تىياتىرى
ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىدە ، ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى
يەكۈنلەپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى جىددىي
كۆرسىتىپ ئۆتتى . ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلى-
ـرىنى تولۇق ئازاد قىلىش ، «ئېچىلىش ـ سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ
تۇرۇش ، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش ، ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت توغرا
تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى . «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»
(تېيىپجان ئېلىيېۋ) ، «تارىم قىزى» (نىمشېھىت) ، «دېھقان ئاتا»
(قۇربان بارات) ، «باھار شاۋقۇنى» (مۇھەممەت رېھىم) ، «جەننەت

نەدە دېسەڭلار » (ئابدۇكېرىم خوجا ) ، «ياشسۇن قولى گۈل ئىشچاد-
نىڭ قولى» (رەخىم قاسىم ) ، «ماخودىن ئاۋاز» (ئىبراھىم ھەمە-
دۇل ) قاتارلىق شېئىرلار ۋە شۇنىڭدەك «خالتا كوچىدىن يانغاندا»
(ئـەرشىدىن تاتلىق ) ، «قـىزىل يـۇلتۇزلـۇق شـەپكـە» (قەييۇم
تۇردى ) ، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» (ئەخەت تۇردى ) ، «يېزا لاچىنى»
(ئابلىمىت سابىر ) ، «ئىشچى بولۇپ يېتىلدىم» (ئابلىمىت ھاجى ) ،
«ئاغزامباي» (توختاخۇن ناسىر ) ، «يېڭى ئۆيگە كۆچۈش» (ئابلا
ئەخمىدى ) قاتارلىق ھېكايە ، ئوچېركلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپ-
پەقىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئاشۇ مەزگىلدىكى
قايتىدىن جانلىنىشىنى دېرەكلەپ بەردى . بىراق ، مىلادىيە 1962 –
يىلىدىن ، بولۇپمۇ 1963 – يىلىدىن باشلاپ "سىنىپى كۈرەشنى
مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق كېرەك" دېگەن سىياسىي شوئارغا ماسلاشقان
ئەسەرلەر كۆپىيىپ كەتتى . بۇلار بىر خىل سىياسىي نەزەرىيىنىڭ
بەدىئىي ئىنكاسى بولۇپ ، رامكا ۋە قېلىپلار بىلەن قاتتىق چۇشەلگەن
ئىدى . ئىجادىيەتتىكى بۇ ھادىسە داۋاملىشىپ مەملىكەت بويىچە ئېلىپ
بېرىلغان چوڭ پېپەن ھەرىكەتلىرىگە ئۇلاندى . ئەدەبىياتنىڭ رېئا-
لىزملىق روھى بوغۇلغان ناچار كەيپىيات بارغانسېرى ئۇلغىيىپ ،
لىن بياۋ "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ ئەدەبىيات – سەنئەت ساھەسى-
دە ئومۇمىيۈزلۈك دېكتاتۇرا يۈرگۈزۈشكە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ
بەردى .

16 يىللىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى خۇلاسىلىگەندە
نەتىجىلىرىمىز توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ :

بۇ مەزگىلدە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز پېشقەدەملەر ۋە ياشلاردىن
بولۇپ 300 گە يېقىن ئەدىبتىن تەشكىللەنگەن خېلى زور بىر قوشۇنغا
ئىگە بولدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق
يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى 40 قا يېقىنلىشىدۇ . ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى يەنە خېلى كەڭ سەھىپىسى بار ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان



«تارىم» ژۇرنىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب نەشر قىلىدىغان ئىككى
نەشرىياتتىن تەركىب تاپقان ئىجادىيەت سەھنىسىگە ئىگە بولدى .

شېئىر ۋە ئاز ساندىكى ھېكايىلەردىن باشلانغان بۈگۈنكى زامان
ئەدەبىياتىمىز تەدرىجىي ھالدا دراممىلار ، فېليەتونلار ، كىنو سېنارىيە-
لىرى ، ئوچېركلار ھەتتا پوۋېستلار (گەرچە بىر پارچە بولسىمۇ ) دىن
ئىبارەت خىلمۇخىل ژانىر ۋە شەكىللەر بىلەن بېيىپ باردى . بىزنىڭ
ئەدىبلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىق تەنتەنىلىرى ، بەختىيار تۇر-
مۇش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىش
ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد –
ئىشەنچلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈردى . گەرچە نېمىنى
يېزىش ، قانداق يېزىش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر ، كونكرېت
رامكىلار بار بولسىمۇ ، ئەدىبلىرىمىز ئەدەبىياتقا ۋە تۇرمۇشقا سادىق
ۋىجدانى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مۇھەببەت ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، ئەمە-
گەك ۋە بالىلار تېمىسىدا بىر قەدەر ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى .
بۇلار بىرىنچى باسقۇچتىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك
قىلالايدۇ . بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەدىب-
لەرگە ، جۇملىدىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەت-
كەن ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىمى ، شۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات كۆز
قارىشىدۇر . ئەينى يىللاردىكى ئومۇملۇقنى ھاسىل قىلغان ئەدەبىيات
كۆز قاراشلىرى ۋە پىكىر ئېقىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىن-
چاقلاش مۇمكىن :

سىياسىي لۇشيەنگە بويسۇنۇش ، سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تەۋەلىك كۆز قارىشى ، دەسلەپتىكى سوت-
سىيالىستىك رېئالىزم ، كېيىنكى ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلا-
بىي رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى قارىشى ، تىپىك
مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژلاردىن ئىبارەت پرىنسىپ بويىچە يېڭى
قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش مەركەز قىلىنغان پېرسوناژلار

قارىشى ، ئومۇملۇق بىلەن شەخسىيەتچىلىكنىڭ توقۇنۇشىنى ئاساسىي
مەزمۇن قىلىشتەك باش تېما قارىشى قاتارلىقلار .
يېقىندىن شەكىللەنگەن يۇقىرىقى ئەدەبىيات قاراشلىرى پۈتكۈل
ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىرلىككە ئىگە ئىدى .
بۇ ئەدەبىيات قاراشلىرى بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ئەڭ
كۈچلۈك ، ئەڭ بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سىياسىي
يۈرائىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ
كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بولۇپ قالدى .
جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن تارىخىي غەلىبە ۋە يېڭىچە
ئىجتىمائىي رېئاللىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقىنى
قوزغىدى . بۇ رېئاللىق ئالدىدا يازغۇچىلىرىمىز ئىجتىمائىي تۇرمۇش-
نى يېڭىچە قاراش بىلەن كۆزىتىش ۋە ئىپادىلەش لازىم دەپ ھېس
قىلىشتى . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن زۇنۇن قادىرىغا ئوخشاش بەزى
يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى ۋە ئىجاد-
يەت پىلانلىرىنى ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇرۇپ ، ئىجادىيەتنىڭ يېڭى يولىنى
ئىزدەشكە باشلىدى . ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ، بولۇپمۇ پروزا ئىجادىيىتى-
دە ئومۇميۈزلۈك زور ئىجتىمائىي تېمىلار يېزىلدى . رېئال تۇرمۇش-
تىكى زور سىياسىي – ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى .
بەزى ئەسەرلەر تېمىنى بىۋاستە سىياسىيدىن ئالدى . بەزى يازغۇچى-
لار توختىماي ھەرىكەتكە ، سىياسەتكە ۋە مەركىزىي ۋەزىپىلەرگە ماس-
لىشىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەنلا بولدى .
ئىجادىيەتتە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش ، زور
ئىجتىمائىي ۋەقە – ھادىسىلەرگە زىچ ماسلىشىش ۋە ئۇلارنى بىۋاستە
ئىپادىلەش ، قويۇق سىياسىي رەڭ قاتارلىقلار ئاشۇ دەۋردىكى ئەدەبىيا-
تىمىزنىڭ ئومۇملۇققا ئىگە ئالاھىدىلىكى بولۇشى مۇمكىن . بۇنىڭدىن
باشقا پېرسوناژلارنىڭ سىنىپىي تەۋەلىكىنىڭ ئېنىق ، روشەنلىكى ،
پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئاددىيلىقى دېگەنلەرمۇ بۇ مەزگىلدىكى



ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر .
دەرۋەقە ، 17 يىللىق پروزا ئىجادىيىتىدە بىر تۈركۈم خاراكتېرى
روشەن ، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازى بار بولسىمۇ ،
لېكىن نۇرغۇن ئەسەرلەر بىۋاستە ھالدا سىنىپلارنى تەھلىل قىلىش-
تىكى نەزەرىيىۋى خۇلاسىنى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشنىڭ تەييار
ئۆرنىكى قىلىۋالدى . سىنىپىي خۇسۇسىيەتلەر پېرسوناژلار ھەرىكى-
تىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى . ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرد-
كىتى شۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى . «ئۇنداق ئەمەسكەن ، ئۇنداقتا
چوقۇم مۇنداق» دەيدىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىدا ئادەملەرگە كېلىپ مۇجەسسەملىشىدىغان جەمئىيەتنىڭ ، مە-
دەنىيەتنىڭ ، رېئاللىقنىڭ ، تارىخنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قاتلاملىرد-
نىڭ مۇرەككەپ تەسىرلىرىگە ، روھىي دۇنيانى تەسۋىرلەشكە سەل
قارالدى . ئىجادىيەت ئاستا – ئاستا قېلىپلىشىش ، ئاددىيلاشتۇرۇشقا
يۈزلەندى . مىلادىيە 1960 – يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئەدەبىيات
ساھەسىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەر بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى . ھەل بو-
لۇش تۇگۇل «سولچىل» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تۇرتكىسى بىلەن تېخى-
مۇ ئۇلغىيىپ كەتتى . ئۇنىڭ قاتالىلىشىشى ئەدەبىياتنىڭ كۆپ خىل-
لىق زوقلىنىش خۇسۇسىيىتى بىلەن بارغانسېرى زىتلاشتى . ئەدەبى-
ياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنى-
ۋەرگەچكە ، ئەدەبىيات بارغانسېرى ئۆز پرىنسىپلىرىدىن چەتلەپ ئەدە-
بىياتقا ئوخشىماي قېلىپ ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇ-
رۇش ئورنىنى يوقاتقىلى تۇردى . بۇ ئەھۋال «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى» غا كەلگەندە چېكىگە يېتىپ ، ئەدەبىياتىمىزدا مىسلىسىز بوھران
يۈز بەردى . «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق – زومبۇلۇق قىلىپ
دۆلەتكە ئاپەت ، خەلققە بالا كەلتۈرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»
مەزگىلىدە ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىدىن سۆز ئېچىش-
مۇ مۇمكىن بولماي قالدى . خەلقنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولغان

كىتاب - ژۇرناللار كۆيدۈرۈلدى . ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى بولغان يازغۇچى - شائىرلىرىمىز تۇتقۇن قىلىندى ، سۈرگۈن قىلىندى .

ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خۇددى باشقا مىللەت ئەدىبلىرىگە ئوخشاش ئېغىر كۈنلەرگە قالدى . «ئوڭ» ۋە ”سول“ چىللىق كۈچەيگەن يىللاردا ئۇلار تەنقىدلىنىپ قالپاق كىيدۈرۈلگەن بولسا ، ئەمدى رەسمىي جىنايەتچىلەر ، مەھبۇسلار قاتارىغا قېتىلدى . خۇددى پېشقەدەم شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ 1973 - يىلى يېزىپ ساقلاپ قويۇپ ، 1980 - يىلى ئېلان قىلغان «كۆرىۈدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل» ناملىق شېئىرىدا :

كۆرىۈدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل ،
مۇنداق تەبىر بەردى بەزىلەر :
«ياخشىلىق بار ساڭىمۇ چوقۇم ،
تۈزىلىدىكەن خاتا ئەنزىلەر» .

بەزى چاغدا ئارام بېرىدۇ ،
دەردمەن ئۈچۈن مۇنداق تەسەللى .
بىراق شۇ كۈن بىر پېشكەل كېلىپ ،
سولاپ قويدى سولاش ئۈچۈنلا .

بۇلبۇل كۆرۈپ ھېلىمۇ ياخشى ،
ئېلىنىپتىمەن سولاقتا - بەندكە .
ھۆپۈپ كۆرگەن بولسام چۈشۈمدە ،
كېتىدىكەنمەن ئۇدۇل لەھەتكە .



دەپ يازغىنىدەك ، ئەدىبلىرىمىز يېزىش ھوقۇقىدىنلا ئەمەس ، ياشاش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولغان ئىدى . چۈنكى ، لىن بياۋ ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشتەك قارا نىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قارا قولىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە تىققان ئىدى . ئۇلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ بارلىق قىممەتلىك نەتىجىلىرىنى ، ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ، ئىجادىيەتنىڭ ئىلغار تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدامچىلىق ، كۆز بوياش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان «سۈيىقەست ئەدەبىياتى» نى يولغا قويدى . بىراق ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ پارلاق سەھىپىلىرىدە جۇلالىنىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈرىيەت بولۇۋاتقان تۇرسا ، بىر ئوچۇم قارا قولىنىڭ ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

ياش يازغۇچى پەرھات جىلاننىڭ «پۇل» ناملىق ھېكايىسىنىڭ ، يازغۇچى مەھمۇت ئېلىياسنىڭ «مۇھەببەت لوگىكىسى» ناملىق ھېكايىسىنىڭ شۇنداقلا بەلگىلىك قىممىتى بار خېلى نۇرغۇن شېئىرلارنىڭ دەل مۇشۇ مۇدھىش يىللاردا ئىجاد قىلىنىپ خەلق ئارىسىغا قولىيازما شەكلىدە تارقىلىشى ، خاتىرە شەكلىدە ساقلىنىپ پۇرسەت كەلگەندە يورۇقلۇققا چىقىشلىرى يۇقىرىدا بىز شەرھلىگەن ئەدەبىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئىشەنچلىك پاكىتلىرىدۇر .

مىلادىيە 1976 - يىلى باھاردا تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن شېئىر ئىجادىيەت ھەرىكىتى ئەدەبىياتنىڭ يېڭى بىر باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى . «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ يوقىتىلىشى بىلەن نەچچە گەز قېلىنلىقتا توڭلاپ كەتكەن مۇزلار ئاستا - ئاستا ئېرىپ ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي باھارى يېتىپ كەلدى . مىلادىيە 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا باشلانغان ”ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش“ ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پەرۋاز قىلدۇرغان

ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى . خەلقىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ
مۇمكىنچىلىكىنى كۆردى . ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇش خىزمەتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ ، شىن-
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماد-
دىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى .
بىراق ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيانقى نامراتلىقتىن ، بېكىنمىچىلىكتىن
شەكىللەنگەن مەنىۋى گادايلىق ، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن سىغىشال-
مايدىغان قاشاڭلىق ۋە قالاق ئىقتىسادىي قاراشلار تەرەققىياتىمىزغا
پۇتلىكاشاڭ بولۇشقا باشلىدى . كونىلىقتا تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات ،
نامراتلىق بىلەن روناق تېپىش ، نادانلىق بىلەن ئىلىم -پەن ، قاتال-
لىق بىلەن ئىجادىيلىق ، زامانىۋى ئىقتىساد كۆزقارىشى بىلەن ئەنئە-
نىۋى قىممەت قاراشلىرىنىڭ زىددىيەتلىرى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا
كۆرۈنۈش ئاستىدا بىراقلا ئاشكارىلاندى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بۇ
خىل مۇرەككەپلىكى ئەدەبىيات كۆزقارىشىنىڭ يېڭىلىنىشى ، ئېستې-
تىكىلىق ئاڭنىڭ ئويغىنىشىنى ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى دولقۇن-
نى تەقەززا قىلدى .

دەل مۇشۇ تەقەززالىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆزى ئۈستىدە ئويلى-
نىشقا ، ئۆزىنى قايتا تونۇشقا مەجبۇرلىدى . دەل مۇشۇ تەقەززالىق
تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تونۇيالايدىغان
بىر تۈركۈم پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئىجادىيىتىدە يېڭى بىر سەھى-
پىنى ئاچتى . بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىكىلىق ئېڭى ئۆ-
سۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە زور بۆرۈلۈش ياسىدى . دەل مۇشۇ
تەقەززالىق بىر ئەۋلاد يازغۇچىلارنى ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىقاردى .

بۇ باسقۇچتا ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
تېخىمۇ جىپسىلاشتى ، يازغۇچىلار سىياسىينىڭ قولى بولىدىغان ئەھ-
ۋال ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن يازغۇچىلىرىمىزمۇ ”چەكلەنگەن رايون“
لارغا بۆسۈپ كىرىپ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتتى . رېئال تۇرمۇشتىكى



ھەممە ساھە ، ھەممە تەرەپلەر ئەسەرلەرنىڭ تېمىسىغا ئايلاندى . چەك-
لەنگەن رايون ئىچىدىكى زىيالىيلار تېمىسىدا ھېكايە ۋە شېئىرلار ،
دراممىلارلا ئەمەس ، رومانلارمۇ يېزىلدى . تارىخىي تېما ئۇيغۇر ئەدەبى-
ياتىدىكى چەكلەنگەن رايون ئىچىدىكى چەكلەنگەن رايون ئىدى . يې-
قىنقى زامان تارىخىمىزدا بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار مۇساپىمىزگە
بېغىشلانغان «ئىز» رومانى ۋە «ئويغانغان زېمىن» تىرىلوگىيىسى
(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر) ، «ئۆچمەس ئىزلار» (ئايشەم ئەخمەت) ،
«قاينام ئۆركىشى» (ئابدۇللا تالىپ) ، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»
(تۇردى سامساق) ، «مەھمۇد قەشقەرى» (پەرھات جىلان) ، «ئۇز-
تۇلغان كىشىلەر» (ئەخەت تۇردى) قاتارلىق رومانلار ، ھەتتا تېخىمۇ
يىراق تارىخىمىزنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى بولغان ، ئېنىقىنى ئېيتقاندا ،
قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ دانا پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ
ھايات پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن «سۇتۇق بۇغراخان» (سەيپى-
دىن ئەزىزى) ۋە باشقا رومانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى تېمىلاردىكى
خىلمۇ خىللىقنى شەكىللەندۈرۈپلا قالماي ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ
كۆپرەك ئەمگەك ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى بەدىئىي ماھارەت تەلەپ
قىلىدىغان يىرىك تۈرى رومانچىلىقتا يۈرۈش قىلىشۋاتقان ئۇيغۇر بۈ-
گۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېپيېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلدى .

يازغۇچىلىرىمىز دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ، دەۋرنىڭ
تەرەققىيات قەدىمىگە جور بولىدىغان ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشنىڭ
زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن مەيلى
مىللىي تۇرمۇشنىڭ تارىخىي تېمىلىرىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە
بولسۇن ، ياكى رېئال تۇرمۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىدە بولسۇن
دەۋرنىڭ ئىلغار پىكىر ئېقىمىنى ، يۈزلىنىشىنى ، زامانىۋى مەدەنىيەت
ئۇچۇرلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى . ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر ۋە
تۈرلىرى بويىچە ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن مۇرەك-
كەپ ، رەڭدار تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ، جانلىق ئوبرازلىرىغا ئۆز

مىللىتىنىڭ تارىخى ، بۈگۈنكى ۋە كېلەچىكى توغرىسىدىكى تەپەككۇرلىرىنى سىڭدۈردى ، دەۋر ئاتا قىلغان پۇرسەتنى چىڭ ئىگىلەپ ، كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش ، شۇنداقلا دۇنياغا يۈزلىنىشتەك تارىخىي باسقۇچقا قاراپ قەدەم تاشلىدى . بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان زور تارىخىي بۇرۇلۇشىدۇر .



# ئىككىنچى باب . ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتى

## ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

— مۆمىن سەپىرى ، ئابدۇسالام توختى ، ئابدۇكېرىم مەخسۇت ، مىرزاھىت كېرىم ، غەنىزات غەيۇرانى ، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن ، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ، ماخمۇتجان ئىسلام

شېئىر — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ ئاساسلىق ژانىردۇر . شۇڭا ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بارلىكى كىشىلەر ئۇيغۇرلارنى «شېئىر مىللىتى» دەپ تەرىپلىشىدۇ . بۈگۈنكى زامانغا كەلگەندە نىمشېھىت ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئەھمەت زىيائى ، تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىق ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە پېشقەدەم شائىرلار ئۆزلىرىدە شەكىللەنگەن ئۇسلۇب ۋە ئۆزلىرىدە جۇغلانغان ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى بويىچە داۋاملىق يېزىپ يېڭى زاماننى ۋە خەلقنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى . ئۇلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تېما ، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتلەردىكى ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن بولسا ، ئۆز ئىجادىيىتىنى مۇشۇ دەۋردىن باشلىغان ئابدۇكېرىم خوجا ، مۇھەممەتجان سادىق ، ئوسمانجان ساۋۇت ، بوغدا ئابدۇللا ، قۇربان بارات قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى چولپانلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەن-

لىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ، شېئىرلارنىڭ مەنە چوڭقۇرلۇقىنى
ۋە لىرىكىلىقىنى كۈچەيتتى . ئۇلارنىڭ بولۇپمۇ مىلادىيە 1980 .
يىللاردىن كېيىنكى يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان شېئىرلىرى بۈگۈنكى
زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ جانلىنىشىغا ، تېخىمۇ رەڭدارلىشىشى
تۆرتكە بولدى .

يېڭى دەۋرىمىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى قۇلايلىق
ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە شائىر
لار قوشۇنىنىڭ زورىيىشى ۋە ئۆسۈشىگە كۈچلۈك تۆرتكە بولدى
بىراق ، تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىش پوئېزىيىمىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلە
نىشى بولسىمۇ ، ئەمما ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى قايمۇ
قۇش ۋە پۇتلىكاشاڭلار ، سولچىل پىكىر ئېقىملىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق
لىرى شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىيات يولىغا نۇرغۇن توسالغۇلارنى ئېلىپ
كەلدى . شۇڭا تەرقققياتىمۇ خۇددى باشقا ژانىرلارنىڭ تەرەققىياتى
ئوخشاش ئەگرى ـ توقاي ۋە جاپالىق بولدى . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋا
لىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ .

(1) شېئىرىيەتنىڭ دەسلەپكى گۈللىنىش باسقۇچى
(2) «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى شېئىرىيەت
(3) يېڭى دەۋر باسقۇچىدىكى شېئىرىيەت .

## شېئىرىيەتنىڭ دەسلەپكى گۈللىنىش باسقۇچى

مىلادىيە 1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەدەبى
ياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا جەمئىيەت قىياپىتىدە ، خەلقىمىز
نىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە تېزلىك بىلەن
ياندىشتى . ئۇنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا ماسلىشىش مەزگىلى باشقا ژانىرلار
غا قارىغاندا قىسقا بولدى . شېئىرىيەت قىسقا مەزگىللىك ماسلىشىش
جەريانىدىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ دەۋرنىڭ ئەڭ ياڭراق ساداسى بولۇش



تەك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ، جۇشقۇنلۇق يىللاردىكى قاينام ـ تاشقىن
لىق تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ، خەلقىمىزنىڭ ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى
ئىپادىلەشكە باشلىدى . شېئىر ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاند
دا شەكىل جەھەتتە ئەپچىل ، ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە ئەڭ باپ
بولغاچقا يېڭى دەۋردە شېئىرىيەت گۈلزارىدا بىر خىل گۈللىنىش
مەنزىرىسى شەكىللەندى .

مىلادىيە 1949 ـ يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدا رەئىس ماۋزېدۇڭ
ئۆز قولى بىلەن بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى چىقىرىپ پۈتۈن
دۇنياغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان ئاشۇ
كۈندە ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىللىرى
دىن بىرى بولغان قۇربان ئىمىن (1914 ـ 1993) قەشقەردە تۇرۇپ
«تاڭ شەرىپىگە» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ ، بۇ قۇتلۇق كۈننى ئالقىش
لىدى . ئۇ :

چۈنكى بۈگۈن تاڭدىن خەۋەر ئالدىم ، بەكمۇ قۇۋاندىم ،
تەشنا بۇ يۈرەك شوخ ـ شوخ تېپىدۇ ، نۇرغا ئورالدىم .
توختىدى ئۇزۇندىن بېرى كۆزدىن ئاققان يېشىمىز ،
ھۆرلۈككە يېتىشكەچ ئاسمانغا تاقاشتى بېشىمىز .

دېگەن ياڭقۇنلۇق مىسرالىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇم
لىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىققا تەشنا كۆڭلىنى ۋە ئازادلىققا
ئېرىشكەندىن كېيىنكى بەختىيارلىق تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلدى .

پېشقەدەم شائىر ئابدۇۋېلى خەلپەت (1928 ـ ) «گۈلۈمگە»
ناملىق شېئىرىدا خەلقنى يەڭنى تۈرۈپ مەيدانغا چۈشۈپ ، كونا جەمئىي
يەتتىن قالغان بارلىق ئىپلاسلىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ ، يېڭى ،
بەختىيار ھاياتنى قۇرۇشقا چاقىردى .

ئازادلىقتىن كېيىن شېئىرىيەت سەھنىسىگە چىققان ئىقتىدارلىق

كىتاب .
بولغان
قىلىندى
ئۇ؛
ئەدىبلىر
چىلىق
بولسا ،
خۇددى
ساقلاپ
بۇلبۇل ،



ياش شائىر رەخىم قاسىم (1936 ـ ) قەلبىگە پاتمايۋاتقان ھاياجى
نى ئۇتلۇق مىسرالارغا سىڭدۇرۇپ ، ۋەتەن مۇھەببىتىگە ئاتاپ گۈز
مىسرالارنى تىزدى . ئۇ ئازادلىق تېڭىنى زارىقىپ كۈتكەن ، شۇ
ئۈچۈن قۇربانلار بەرگەن ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن رو
لىنىپ جىڭگاڭشەندە زەپەر مارشىنى جاراڭلىتىپ كۈرەش قىل
خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىنى ئەسلەپ :

تاڭ سېغىنىپ ، تاڭنى كۈتكەن تاغ يۈرەك مەردلەر ،
ئۆتتۇق تالاي ئۆتكەل ، قارلىق داۋاندىن ،
بەختىڭ ئۈچۈن تۆكتۇق قانلار تېڭىرقىماي قىلچە ،
بەختىڭ ئۈچۈن چېلىشلاردا بەردۇق قۇربانلار .
(«جۇڭگو» شېئىرىدىن ) .

دەپ يېزىش ئارقىلىق غەلىبىنىڭ قولغا ئاسان كەلمىگەنلىكىنى
قانلار تۆكۈپ قۇربانلار بېرىپ قولغا كەلگەن بۇ ئازاد زامانىنى قەدىر
لەش لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى .
پېشقەدەم شائىر جاپپار ئەمەت (1929 ـ ) «چاپ كەتمەن
دېھقانلار» ناملىق شېئىرىدا يەر ـ زېمىنغا ئىگە بولغان دېھقانلار
ھېسسىياتىنى ئاددىي مىسرالار ئارقىلىق ناھايىتى توغرا ئىپادىلىگ
بولسا ، شائىر قۇربان ئىمىن مىلادىيە 1954 ـ يىلى يازغان «ترا
تورچى قىزغا» ناملىق شېئىرىدا دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىزم يول
بويلاپ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنىدۇ ۋە دېھقا
لارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن زامانىۋىلىشىش يول
ئۆتۈشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ .
ئازادلىقتىن كېيىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇل
نىپ كېلىۋاتقان شائىر ئابدۇسالام توختى (1934 ـ ) ئازادلىقنى
دەسلەپكى يىللىرىدا يازغان «خەلقىمگە» ناملىق شېئىرىدا ئادە



لۇغلىدى ، خەلقنى ئۇلۇغلىدى .
ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە نىمشېھىت ، ئەھمەت زىيائى ، تېيىپجان
ئېلىيېۋ ، ئەلقەم ئەختەم ، ئابلىز نازىرى ، قۇربان ئىمىن ، مۇھەممەت
ھېمم ، رەھمەتۇللا جارى ، ئىمىن تۇرسۇن ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت
ئىمىن قاتارلىق پېشقەدەم شائىرلار پىشقان قەلىمى ۋە توپلىغان مول
ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە يۈلىنىپ تۇرۇپ بۈگۈنكى زامان پوئېزىيە
سىگە ئاساس سالدى . مۇھەممەتجان سادىق ، ئابدۇكېرىم خوجا ، رە
خىم قاسىم ، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن ، ھوشۇر ئىبراھىم ، مەمتې
لى زۇنۇن ، غەنىزات غەيۇرانى ، ئابلىمىت سادىق ، ئابدۇرۇسۇل ئۆ
مەر ، ئابدۇكېرىم مەخسۇت ، مىرزاھىت كېرىم ، مۇھەممەت شاۋۇ
دۇن ، ھاجى ئەھمەت قاتارلىق ياش شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت سېپىگە
قېتىلىشى شېئىرىيەت سەھنىسىنى جانلاندۇردى . شۇنىڭ بىلەن شې
ئىرىيەت ئىجادىيىتىدە دەسلەپكى گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەن
دى . ئازادلىقنىڭ دەسلەپدىكى سەككىز يىلدا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ
بىرقەدەر تۇراقلىق ، سەنئەت دېموكراتىيىسىنىڭ نىسبەتەن كەڭرى
قولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بۇ خىل گۈللىنىشتىكى رولىنى تولۇق مۇئەي
يەنلەشتۈرۈش كېرەك . مىلادىيە 1950 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى بەش
يىلىدىكى شېئىرلار تېما جەھەتتىن ئاساسەن مەدھىيە خاراكتېرلىك
بولۇپ ، خەلقنىڭ پارتىيىگە ، داھىيغا ، ئازادلىق ئارمىيىگە ۋە سوتسى
يالىزم يولىنىڭ ئەۋزەللىكىگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى ئىز
ھار قىلىندى . بۇ مەزگىلدە ئىجاد قىلىنغان ئامېرىكىغا قارشى تۇ
رۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش تېمىسىدىكى شېئىرلارمۇ مۇشۇ يىل
لاردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بەردى .
كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دولقۇنىنىڭ قانات يېيى
شىغا ئەگىشىپ ، ئەمگەكنى كۈيلەش ، ئەمگەكچىلەرنى كۈيلەشمۇ مەد
ھىيە شېئىرلىرىنىڭ خېلى مۇھىم بىر تېمىسى بولۇپ قالدى . ئەم

گەكتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي پائالىيەت ئەمگەكچىلەر ئۆز - ئۆزىھايىتى ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلدى . پېشقەدەم ۋە ياش شائىرلار
ۋە ئۆز زېمىنىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغان يېڭى جەمئىيەتتىلا ئىستى تېمىدا ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر
تىكلىق قىياپەتكە ئايلانغاچقا ، شېئىرلار ئەمگەك گۈزەللىكىنۇزغىدى . تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «تۈگمەس ناخشا» شېئىرىنى ئۆز
ئەكس ئەتتۇرۇپ ، بەختىيار ھايات ، گۈزەل كېلەچەك ئۈچۈن تېچگە ئالغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئىجادى-
تۆكۈۋاتقان ئەمگەكچىلەرنىڭ يېڭىچە ئەمگەك قارىشىنى ، يۈكسەك پەت نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ .
زىلىتىنى ، پىداكارانە روھىنى مەدھىيىلەپ ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنيا «ئېچىلىش - سايراش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ،
سىنى يورۇتۇپ بەردى ، ئەمگەكنى خەلقنىڭ ۋەتەنگە ، يېڭى جەمئىيەدەبىيات - سەنئەت سىياستى رەسمىي يولغا قويۇلغاندىن كېيىن
كە بولغان پوزىتسىيىسىنى كۆزىتىدىغان سىياسىي ئۆلچەم دەپلا قارارتىلغان ياخشى ۋەزىيەتتە شېئىرىيىتىمىزنىڭ جانلانغانلىقىنى مىلا-
ماستىن ، ئۇنى يەنە ئىنسانىنىڭ ئىدىيىسى ، پەزىلىتى ۋە ھېسسىياتىيە 1957 - يىلى ئېلان قىلىنغان «چىمەنگۈل» (ئىمىن تۇرسۇن )
بايقاشتىكى مۇھىم بىر ئېستېتىكىلىق ئۆلچەم دەپ تونۇدى . ە «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق» (مىرزاھىتكېرىم ) شېئىرلىرىدىن
مۇشۇ چاغلاردا يېزىلغان «چولپان» داستانى (رەخىم قاسىمكۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . چۈنكى ، ئالدىنقى شېئىردا ئانا يۇرتقا بولغان
يېزىلاردا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ، پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى شەيئىمۇھەببەت قېلىپلىشىپ قېلىۋاتقان ئۇسۇل ئارقىلىق ، تەييار پىكىر-
لەرنى ئەكس ئەتتۇردى . بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە يېڭەرنى تەكرارلاش يولى بىلەن ئەمەس ، بەلكى چىمەنگۈلنىڭ ئۆزگىچە
كىشىلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان چولپاننىڭ گۈزەل ھۆسنىنى تەپەزىلەتلىرى ئارقىلىق يورۇتۇلغان بولغاچقا ، بۇ شېئىر ئىپادىلەش
ۋىرلەپلا قالماي ، مۇھىمى ئۇنىڭ ئىشچان ، باتۇر ، پىداكار ۋە سەمىئۇسۇلىدىكى ئىجادىيلىق ۋە يېڭىلىقىقا ۋەكىللىك قىلالايدۇ . كېيىنكى
مىي پەزىلەتلىرىنى ھەرىكەت ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلەپ ئۇنشېئىر ئەينى يىللاردا دىققەت قىلىنماي كەلگەن ئىنسانپەرۋەرلىك
يارقىن ئوبرازىنى يارىتىپ بەردى . مۇشۇنداق قەھرىمانلارنى ئۆستۈتېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرچانلىقىقا ئىگە .
گەن ئانا يۇرت ۋە خەلققە مەدھىيە ئوقۇدى . بۇ داستان پېرسوناژلائۇنىڭدىن باشقا قوشۇنىمىز ئىچىدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى تەنقىد
نىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەي ، ئۇنقىلىشنى مەقسەت قىلغان «مەجلىسلەر ماجىراسى» ، «بىر مۇتتەھەم
مەنىۋى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلىگەنلىكى بىلەن ئاشۇ مەزگىكۆردۇممەن» ، «قۇلۇپلانغان كابىنېت» (مۆمىن سەپىرى ) ، «ساك
لەردە نادىر ئەسەرلەردىن ھېسابلانغان ئىدى . ئۇ ھەتتا ھازىرمۇ ئۆزمۇدىرىنىڭ ‹زىياندااشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى › تـوغرىسىدا
نىڭ بەدىئىي قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق . قوشاق» ، «ۋالاقتەگكۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» (تېيىپجان ئېلىيېۋ ) ،
قەدىمدىن تارتىپ ئىزچىل يېزىلىپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت تېم«باشلىق چۈشكەن پايىدا» (رەخىم قاسىم ) قاتارلىق ساتىرالارنىڭ
سى بۇ مەزگىللەردە ، بولۇپمۇ مىلادىيە 1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلئېلان قىلىنغانلىقىمۇ ئەينى يىللاردىكى پوئېزىيە ئىجادىيىتىدە شەكىل-
رىغا كەلگەندە خېلى كۆپ شېئىرلاردا يورۇتۇپ بېرىلدى . بولۇپىلەنگەن جۇشقۇنلۇقنى ۋە ياخشى ۋەزىيەتنى چۈشەندۇرىدىغان پاكىتلار-
مىلادىيە 1956 - يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئېچىلىش - سايراشدۇر . چۈنكى ، قوشۇنىمىز يارىماس قىلىق ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى
فاڭجېنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئىجادىيىتەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلىش نوقۇل شائىرلارنىڭ جاسارىتىگىلا

كىتاب
بولغان
قىلىند
ئ
ئەدىبل
چىللىز
بولسا
خۇددى
ساقلاپ
بۇلبۇل

باغلىق بولماي ، شۇ مەزگىللەردىكى ئىجادىيەتكە قۇلايلىق پۇرسەتكە چېتىشلىق ئىدى .

بىراق ، رېئال تۇرمۇش تېمىسىدا خېلى چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتەك ئىزدىنىشلەر تېخى كەڭرەك دائىرىدىكى بۆسۈش بولۇپ شەكىللەنمەي تۇرۇپلا ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەت ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى تۈپەيلىدىن ئوجۇقتۇرۇۋېتىلدى . مۇھەببەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرمۇنچە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېمىسىدىكى ياخشى شېئىرلار تەنقىد قىلىندى . ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرى بىگۇناھ ئەيىبلەندى .

شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئالدىنقى يەتتە يىلدىكى نەتىجىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ ، لېكىن ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ئاز بولمىدى . مەسىلەن تېما ۋە شەكىللەرنىڭ خىلمۇخىللىقى تېخى تولۇق ئەمەلگە ئاشمىدى . خېلى كۆپ ساندىكى شېئىرلار ئاددىي ھالدا سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ، شۇ مەزگىلدىكى مۇھىم دەپ تەكىتلەنگەن كونكرېت خىزمەت ۋە ۋەزىپىلەرگە ماسلىشىشنى مەقسەت قىلىۋالدى . شېئىرلاردىكى ئۇقۇملاشتۇرۇش خاھىشى كۈچىيىپ باردى . بەزى شېئىرلار ئوپتىمىزملىق روھ ۋە كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات بىلەن سۇغىرىلغىنى بىلەن مەزمۇنى تېيىز بولدى ، يەنى خاسلىقى روشەنلەشمىدى . ئازادلىقتىن ئىلگىرى خېلى ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغان بەزى پېشقەدەم شائىرلار بۇ مەزگىللەردە ئۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى جارى قىلدۇرالمىدى ياكى يۈكسەلدۈرەلمىدى .

خۇشاللىق بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، تېيىپجان ئېلىيېۋ ، نىمشېھىت قاتارلىق بىر تۈركۈم شائىرلىرىمىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەگرى - توقاي يولىدا ئۆگىنىش ، ماسلىشىش ، ئىزدىنىش باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىنقىلاب بىلەن تەڭ قۇچاق ئاچقان يېڭى تۇرمۇش بۇ شائىرلىرىمىزغا



ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى ۋە يېڭى شەيئىلەرنى ئالقىشلاش ۋەزىپىسىنى يۈكلەپ يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتقان ۋە بەلگىلىك ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى جۇغلىغان بۇ پېشقەدەملىرىمىز ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا بىر يېڭىلىق بولغاچقا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىدىكى بۇ يېڭى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ناباپ بولۇپ قالغان قىسمىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆزلىرىنىڭ نىشانى قىلىپ بەلگىلىدى . دەرۋەقە ، ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇرەككەپ ئەقلىي ئەمگەك بولغاچقا ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئامىللارغا باغلىنىشلىق بولۇشى تەبىئىي . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىزدىنىشلىرىنى نەتىجىلىك ۋە تەكشى بولدى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ . ئايرىم پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىدە كۆرۈلگەن ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلىلەر مانا مۇشۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ئازادلىقتىن كېيىن ئىجادىيەت قوشۇنىغا كىرىپ كەلگەن يېڭى شائىرلىرىمىزغا كەلسەك ، ئۇلار تېخى ياش ، قەلىمى تېخى پىشمىغان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسىم ئۆزلىرىنىڭ دەۋرىنىڭ قەدىمىگە جور بولالايدىغان شېئىرلىرى بىلەن بۈگۈنكى زامان پوئېزىيىسىگە مۇناسىپ ھەسسىلەر قوشتى .

كېيىنكى توققۇز يىلدا شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەھۋالى سەل مۇرەككەپلەشتى . بۇ مۇرەككەپلىك ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەت ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ كېڭەيتىلىۋېتىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن بولۇپ ، بۇ ھەرىكەتلەردىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىلىق شېئىرلارنىڭ خاسلىقىغا تەسىر يەتكۈزدى . بىر قىسىم تالانتلىق شائىرلارغا قالپاق كىيدۈرۈلۈپ ئىجادىيەت ھوقۇقى چەكلەندى . بۇ مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلغان يېڭى قوشاقچىلىق ھەرىكىتىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر سەھىپە ھېسابلىنىدۇ . يېڭى قوشاقچىلىق ھەرىكىتى

ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىش تاماملانغاندىن كېيىن ئامىمدا پەيدا بولغان دۆلەتنىڭ بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن كەمبەغەل قىياپىتىنى تېزلىك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىستىكى بىلەن پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ ھەرىكەت مىلادىيە 1958 - يىلىدىن باشلاپ كەڭ قانات يېيىپ كەتتى. بۇ ھەرىكەتكە كەسپىي شائىرلاردىن باشقا قولىدا قەلەم تۇتالايدىغانلىكى ئادەم ھەتتا ساۋاتسىز كىشىلەرمۇ قاتناشتى. مۇشۇنداق داغدۇغىلىق، ئەمما ئىجادىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغان ھەرىكەتتە ئوتتۇرىغا چىققان قوشاقلار ياكى قوشاق شەكلىدىكى ئاددىي شېئىرلارنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ ۋەتەن قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتىكى قىزغىنلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، تۇرمۇش خۇشاللىقلىرى ئىپادىلەنگەن ئاز - تولا بەدىئىي قىممىتى بار ئاز ساندىكى شېئىر - قوشاقلاردىن باشقىلىرى ئاساسەن ئەينى يىللاردا ئەۋج ئالغان مۇبالىغىچىلىك، چوڭ سۆزلەش شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلاردا ئەمگەك نەتىجىلىرىنى يالغان مەلۇم قىلىش، مەھسۇلاتلارنى يالغان دوكلات قىلىپ «سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش» لەر، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھالدىكى پولات - تۆمۈر تاۋلاش دېگەندەك پائالىيەتلەر ماختالدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدىن باشقا ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىمۇ مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. ئۇلار چوڭ سۆزلەش، كۆچۈرۈش، تەكرارلاشلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلغانىدى.

مىلادىيە 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە گەرچە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ سانى ئاز بولمىسىمۇ، ئەمما خاتا لۇشيەننىڭ تەسىرى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى ئېغىشلار تۈپەيلىدىن نەتىجىلىك ئەسەرلەرنىڭ سانى كۆپ بولمىدى. خېلى كۆپ شائىرلار تولىراق «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بولۇپ كەتكەن مۇشۇ مەزگىللەردە بىر قىسىم شائىرلار تۇرمۇشنى مۇستەقىل كۆزىتىپ خېلى تەمى بار شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەيىبلەندى، تەنقىدلەندى.



بىراق، شۇنىمۇ ئۇنتۇشقا بولمايدۇكى، مىلادىيە 60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ خاتالىقى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كاساپىتىدىن پەيدا بولغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنىڭ ئالدىدا بىر قىسىم شائىرلىرىمىز خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش غەيرىتىدىن ئىلھاملىنىپ جەڭگىۋار شېئىرلارنى يازغانىدى. مەسىلەن: شائىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرنىڭ «سەكرىدىم» ناملىق شېئىرى مانا مۇشۇ خىل ئىجادىيەت خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم شائىرلار «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ» خاتالىقلىرىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، شېئىر ئارقىلىق مەركىزىي ۋەزىپىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك بىر تەرەپلىمە ئىجادىيەت ئىستىلىنى تاشلاپ، تۇرمۇشنى ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقانىدى. بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تېيىزرەك بولۇپ تازا چوڭقۇرلىشالمىغان بولسىمۇ، ئەمما تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى كونكرېت ۋە تەسىرلىك قىلىپ سۈرەتلەپ بېرەلىدى. بۇ شائىرلىرىمىز بەدىئىيلىك جەھەتتە خېلى ئىزدىنىپ، تىل جەھەتتە، شەكىلنى يېڭىلاش جەھەتتە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

مىلادىيە 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «سىنىپىي كۈرەشنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق كېرەك» دېگەن شوئارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى 1963 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شېئىر ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. قىيىنچىلىقلارنى مەنسىتمەسلىك ۋە ئۇنى يېڭىش؛ ئىنقىلاب يولىدا ئاداققىچە مېڭىش، مەڭگۈ سۈپەت ئۆزگەرتمەسلىك، سىنىپىي كۈرەش مەنزىرىسى ۋەھاكازالار شۇ چاغلاردىكى شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇپ قالدى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا قارىتا كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» (تېيىپجان ئېلىيېۋ)، «تارىم قىزى» (نىمشېھىت)،

«باھار شاۋقۇنى» (مۇھەممەت رېھىم)، «جەننەت نەدە دېسەڭلار» (ئابدۇكېرىم خوجا) قاتارلىق شېئىرلارمۇ مانا مۇشۇ يىللاردا ئىجاد قىلىنغان. بۇ خىل شېئىرلار خەلقىمىزنىڭ جاسارىتىگە ئىلھام بېرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇش رولىنى ئوينىغان، لېكىن ئەينى چاغلاردىكى ۋەزىيەتكە قارىتا مۆلچەرنىڭ خاتا بولغانلىقى، بولۇپمۇ سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى كۆز قاراشنىڭ ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن بولمىغانلىق سەۋەبلىك شۇ چاغلاردا ئېلان قىلىنغان خېلى كۆپ ساندىكى باشقا شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى قۇرۇق، چىنلىق ۋە تەسىرچانلىقى ئاجىز ۋە ئاھاڭ تېخىمۇ بىر خىللاشتى. بۇ ئەھۋاللار تەرەققىي قىلىپ ئاخىر تۇرمۇشنى بۇرمىلاش، پەردازلاش، ساختا، سۇنئىي ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە بېرىپ يەتتى.

يۇقىرىدا بىز شېئىرىيىتىمىزنىڭ 17 يىلدىكى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ نەتىجىلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى، ساۋاقلىرىنى كۆرسەتتۇق. شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، گەرچە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر ۋە مەسىلىلەر ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار يەنىلا ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى مەسىلىلەر بولۇپ، تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىش يەنىلا ئاساسىي ئېقىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، تەرەققىيات ۋە نەتىجىلەر تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

1. شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىنى دەۋر بىلەن، خەلق بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى.

2. يېڭى تۇرمۇشنى قانداق ئىپادىلەش كېرەك؟ شېئىرلارنىڭ بەدىئىيلىكىنى قانداق ئۆستۈرۈش لازىم؟ دېگەن مەسىلىدە شائىرلار كۆپ ئىزدىنىپ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

3. شېئىرلاردا تۇرمۇش رەڭدارلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. تېما دائىرىسى ھەر ھالدا تەدرىجىي كېڭىيىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، يېڭى شەيئى، يېڭى ئىشلار، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، قۇرۇلۇشتى-



كى نەتىجىلەرنى، يۇرتقا، ۋەتەنگە مۇھەببەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەمگەك خۇشاللىقى، مۇھەببەت، ئەخلاق قاتارلىق تېمىلار خېلى ئوبدان يورۇتۇلدى.

4. شەكىل جەھەتتە مۇھەببەت لىرىكىلىرى، سىياسىي لىرىكىلار، پېزاژ لىرىكىلىرى، ھەجۋىيلەر، شېئىرىي مەسەللەر، باللار شېئىرلىرى، فانتازىيىلىك شېئىرلار ئىجاد قىلىندى. ئېپىك شېئىرلارنىڭ نەتىجىسىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئېپىك شېئىرلار ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ خىلمۇخىللىقى قاتارلىق جەھەتتە خېلى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

5. پېشقەدەم ۋە ياش شائىرلاردىن تەشكىللەنگەن شائىرلار قوشۇنى زورايدى. شائىرلارنىڭ قەلىمى تەدرىجىي پىشىپ باردى.

## «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى شېئىرىيەت

بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى مىلادىيە 1966 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە بولغان كۆلپەتلىك ئون يىل پوئېزىيىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە شېئىرىيەت گۈلزارى لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ئۇچرىدى. شائىرلار قوشۇنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىندى. بۇ بىر ئوچۇم قارا نىيەتلەر شائىرلىرىمىزنىڭ قەلىمىنى تارتىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ساداسىنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولدى. شائىرلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇرىدىغان ئىمكانىيەتكە ئېرىشىش تۈگۈل ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشىمۇ تەسكە توختاۋاتقان ئاشۇ مۇدھىش يىللاردا ئۆزلىرىنىڭ قويۇن دەپتەرلىرىگە، خاتىرىلىرىگە ئاجايىپ جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ ساقلاپ ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارانىيەتلەرگە

بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ، ئۇلارنىڭ ھالاكىتى ۋە ھەقىقەتنىڭ
غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىزھار قىلدى . بۇ شېئىرلارنى
ھېسسىياتنىڭ ۋۇلقىنى ، تەپەككۇرنىڭ بۇژغۇنلىرى دەپ سۈپەتلەشكە
بولىدۇ ، مەيلى مەزمۇنىنىڭ تېرەنلىكىدىن بولسۇن ، مەيلى ھېسسىيا-
تىنىڭ چىن ۋە تەسىرلىكلىكىدىن بولسۇن ۋە ياكى بەدىئىي جەھەتتىن
پىشقانلىقىدىن بولسۇن ، بۇ شېئىرلار شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىر يې-
زىشنى ۋىجدان ئىشى دەپ بىلىدىغانلىقىنى ، بۇلارنىڭ بىرىنچىدىن
جەڭچى ، ئىككىنچىدىن شائىر ئىكەنلىكىنى ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ
مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ، ماھىيەتنى سۈزۈپ چىقىش ئىقتىدارىنىڭ
ئۆسكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .
چېكىدىن ئاشقان «سول» چىلىقنىڭ كاساپىتىدىن مىلادىيە
1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ 1960 ـ يىللار ۋە 1970 ـ
يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە نۇرغۇن يىل رىيازەت چەككەن ھوشۇر
ئىبراھىم ، مىرزاھىت كېرىم ، ھاجى ئەھمەت قاتارلىق شائىرلىرى-
مىزنىڭ رىجىم ئاستىدا ھەتتا تۈرمىدە تۇرۇپمۇ ئىجادىيىتىنى توختات-
مىغانلىقى ، مىرزاھىت كېرىمنىڭ 1980 ـ يىللاردا ئېلان قىلغان
«خوش ئۇرۇمچى» ، «چۆلدە كۈز» ، «تۇتقۇن غەزىلى» ، «مەن ئۆل-
مىدىم» ، «مەن گۈل ئىچىدە» قاتارلىق شېئىرلارنى ، ھاجى ئەھمەت-
نىڭ «مەھبۇس تىلەكلىرى» ، «ۋىسال ئارزۇسى» ، «ھاياتقا مۇھەب-
بەت» ، «ھىجران قوشاقلىرى» قاتارلىق شېئىرلاردىن ھاياتقا بولغان
مۇھەببىتىنى ، كەلگۈسىگە ، پارتىيىگە ، خەلققە بولغان ئىشەنچىسىدىن
قايتمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .
ھاجى ئەھمەتنىڭ :

كىشىلىك قەدرىنى يەرگە ئۇرۇپ ، زورلۇقتا تىز پۈكۈپ ،
ياشاشتىن قۇل بولۇپ ئارتۇق ئاھانەت بارمۇ ئىنسانغا ،
ۋۇجۇدۇمدىن ئالالماس جان مېنى ئېلىپ ئۆلتۈرسىمۇ ،



چۈنكى پىدا قىلىپ جاننى تىككەنمەن ئۇلۇغ غايەمگە ـ ئارمانغا .
( «قەلب ساداسى» شېئىرىدىن ) .

دېگەن بىر كۇپلېت شېئىرى يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى
بولۇپ ، شائىرلىرىمىزنىڭ ۋىجدان بىلەن ياشاپ غايە يولىدا كۈرەش
قىلىدىغان ئالاھىدە تەقلىدتىكى كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈر-
دۇ . بۇنداق ئاچچىق قىسمەت يالغۇز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ
نەپەر شائىرنىڭ بېشىغىلا كەلگەن ئەمەس . بۇگۈنكى زامان ئەدەبىيات
تارىخىدىكى كۆپچىلىك شائىرلار ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە زىيانكەشلىكلەرگە
ئۇچرىغان ئىدى . لېكىن ئۇلار غايە ۋە ئېتىقادىدىن شەكلەنمىدى ،
ئادەم بولۇش يولىدىن يانمىدى . ئەڭ قەدىرلىك يېرى شۇكى ، ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەسىراتلىرىنى ، قەلبىدىكى غەزەپلىك
ھېسسىياتىنى قەلەمگە ئېلىپ ساقلاپ قويدى . بۇ شېئىرلار بىرىنچى-
دىن ئاشۇ قاباھەتلىك يىللارنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى بولۇشتىن تاشقى-
رى ، ئىككىنچىدىن شېئىرىيىتىمىزنىڭ بىر ئەزىم دەرىيادەك ئۇزۇل-
مەي ئاقىدىغانلىقىنى ، ئۇنى ھېچقانداق بىر قارا كۈچ توسىيالمايدى-
غانلىقىنى ئەمەلىي پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلىدى .

## يېڭى دەۋر باسقۇچىدىكى شېئىرىيەت

مىلادىيە 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ باشلانغان
يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ،
ئەڭ ھوسۇللۇق بىر دەۋرى بولدى . بۇ باسقۇچتا شېئىرىيەت ئىجادىيە-
تىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى ، ئۇيغۇر شې-
ئىرىيىتىنىڭ يەنە بىر ”ئالتۇن دەۋر“ ى باشلاندى .
يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ نىڭ گۇمران

بولۇشى بىلەن تەڭ باشلاندى . خۇددى پېشقەدەم شائىر رەھمىتۇللا جارى ئۆزىنىڭ «ئۇلۇغ توي» ناملىق شېئىرىدا :

تاڭ سۈزۈلدى كۈلدى چولپان باشقىچە ؛
زەر كىيىپ كۈن چىقتى قايان باشقىچە .
نۇرغا چۆمدى شەرقتە ئاسمان باشقىچە ،
جىلۋە قىلدى تاغۇ ئورمان باشقىچە .
يۇرتىمىزدا تاڭ سەھەر كەزدى سابا ،
باشلىۋەتتى كۈي توقۇپ بۇلبۇل ناۋا ،
ۋاھ ئەجەب تارالدى ھەريان شوخ سادا ،
بەزمە مەشرەپ قىزىدى باغلار ئارا ،
ئەتىر چاچتى گۈل ـ گۈلىستان باشقىچە .

دەپ تەسۋىرلىگىنىدەك شېئىرىيەت سەھنىسى قايتىدىن جانلاندى . شۇنىڭ بىلەن بۇگۈنكى زاماندىكى شېئىر ئىجادىيىتى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچىنى باشلىدى . بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيەت نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى . بۇ نەتىجىلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلاردىن ئېنىق كۆرۈۋشكە بولىدۇ :

(1) ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى قولىغا قەلەم ئالمىغان بىر قىسىم پېشقەدەم شائىرلار يېزىشنى قايتا باشلىۋەتتى . ئۇلار بىگۇناھ چاپلانغان بەتناملاردىن خالىي بولغاچقا ئىجادىيەتكە يېڭىچە ئىلھام بىلەن كىرىشىپ كەتتى . بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا تونۇشىنىڭ يېڭىلانغانلىقى ئۈچۈن مىلادىيە 1950 ـ يىللاردىلا ئىجادىيەت سېپىدىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن چەتلىتىلگەن بىر قىسىم شائىرلارغا سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى . بۇ شائىرلارمۇ شېئىرىيەت سەھنىسىگە قايتىپ كەلدى . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئەھمەت زىيائى ، ئىمىن تۇرسۇن ، تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىق بىر تۈركۈم پېشقەدەم شائىرلار



بۇ باسقۇچتا قايتىدىن جانلىنىپ ، ئۆز ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس ، ئەدەبىيات تارىخىمىزدىمۇ پەخىرلىك ئورۇن تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر شېئىر ـ داستانلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىجاد قىلىپ ، شېئىرىيەت بېغىمىزنى ئاجايىپ جۇلالاندۇردى . ئاشۇ بىر تۈركۈم پېشقەدەم شائىرلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك ، يىرىك ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇشۇ باسقۇچتا يازدى .

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، مىلادىيە 1950 ـ يىللاردا قولىغا قەلەم ئېلىپ ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىققان غەنىزات غەيۇرانى ، مۇھەممەتجان سادىق ، رەخىم قاسىم ، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخىرىدىن ، ئابدۇسالام توختى ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ، مۇھەممەت شاۋۇدۇن ، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ، مۇھەممەتجان راشىدىن ، ئابدۇكېرىم مەخسۇت ، بوغدا ئابدۇللا ، قۇربان بارات ، ئوسمانجان ساۋۇت ، تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن ، ئىمىن ئەخمىدى ، ھاجى ئەھمەت قاتارلىق بىر تۈركۈم شائىرلار بۇ مەزگىلگە كەلگەندە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تايانچ كۈچلىرىدىن بولۇپ قالدى . ئۇلار توپلىغان مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ، بولۇپمۇ چوڭقۇر ۋە ئۆزگىچە تەپەككۇرلىرى بىلەن ئىجادىيەتكە ئەستايىدىل ۋە جىددىي مۇئامىلە قىلىپ بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى ، ئۇلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشتى . يۇقىرىدا ئىسمى قەيت قىلىنغان بۇ شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق قايىنام ـ تاشقىنلىق ۋەزىيىتى شەكىللەندى .

شۇنى يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى ، يېڭى دەۋر باسقۇچى زور بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنى مەيدانغا كەلتۈردى .بۇ بىر تۈركۈم ياش شائىرلار بىلىم ئاساسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، تەربىيىلىنىشىنىڭ ئەتراپلىقلىقى ، دۇنيا قارىشىنىڭ ئىلغارلىقى ، ئەدەبىيات قارىشىنىڭ يېڭىلىقى ، ئىجاد قىلىش ، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا بايلىقى ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى يېڭىلاپ ،

ئۇنىڭ يەنە بىر يۇكسەك سەۋىيىسىنى يارىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىـ
دەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى شېئىرىيەت
ئىجادىيىتىمىزدە جانلىنىش ۋەزىيىتى ياراتتى . يېڭى دەۋر باسقۇچىدا
شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كىرىپ كەلگەن شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە
ئىككى خىل خاھىش مەۋجۇت بولدى .ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ، ئارسلان ،
مامۇت زايىت ، ئابدۇللا سۇلايمان ، روزى سايىت ، تاھىر تالىپ ،
قاسىم سىدىق ، ياسىن زىلال قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى ئەنئەـ
نىۋى ۋە مەۋجۇت شېئىرىيەت قاراشلىرى ، شېئىرىيەت چۈشەنچىلىـ
رى ، شېئىرىيەت ماھارىتى ئاساسىدا ئىزدىنىش ـ ئىجاد قىلىشنى
ئاساسلىق ئالاھىدىلىك قىلدى ؛ ئەخمەتجان ئوسمان ، باتۇر روزى ،
ئابدۇقادىر جالالىدىن ، مۇختەر مەخسۇت ، ئادىل تۇنىياز ، پەرھات
ئىلياس ، پەرھات تۇرسۇن ، ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى ، ئۆمەر مۇـ
ھەممەتئىمىن ، چىمەنگۈل ئاۋۇت قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى
دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى ، ھازىرقى ـ بۈگۈنكى زامان
شەرق ـ غەرب شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ يېڭى ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىغا
ياندىشىشنى ، ئەنئەنىۋى ياكى مەۋجۇت شېئىرىيەت قاراشلىرىغا ئاسىيـ
لىق قىلىشنى ، «يېڭىچە بىر شېئىرىيەت دۇنياسى قۇرۇش ئۈچۈن
تىرىشىشنى» ئاساسلىق ئالاھىدىلىك قىلدى . ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ
بۇنداق زور ھەم كۈچلۈك ـلۈكى ، شېـئىرىيەت ئىـجادىيـىتىدىكى
ئۇسلۇب ـ ئۇسۇللارنىڭ كۆپ خىللىقى ، ئىزدىنىش ـيېڭىلىق يارىـ
تىشنىڭ ئاساسلىق خاھىشقا ئايلىنىشى نەتىجىسىدە يېڭى دەۋردىكى
ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەندى
ۋە رەڭدارلاشتى .

(2) بۇ مەزگىلدە شېئىرلارنىڭ تېمىسى ، مەركىزي ئىدىيىـ
سى ، شېئىر ئوبرازى قاتارلىقلاردا خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى .
بولۇپمۇ شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى كۈچى ، ھېسسىياتى ھەسسىلەپ ئاشتى .
بۇ ئۆزگىرىشنى بىرىنچى باسقۇچتىكى ئەھۋاللارغا سېلىشتۇرساق تېـ



خىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز . ئەسكە ئالساق ، ئازادلىقتىن كېيىنكى
17 يىل ئەگرى ـ توقاي ، ئېگىز ـ پەسلىكلەرگە تولغان يىللار
بولسىمۇ ، لېكىن ھەقىقەتەن جاراڭلىق ناخشىلارنى ياڭرىتىشقا تېگىشـ
لىك يىللار ئىدى . شۇڭا بىزنىڭ شائىرلىرىمىز خەلق يارىتىۋاتقان
تارىخنى ۋە تارىخ يارىتىۋاتقان خەلقنى مەدھىيىلىگەن ئىدى . ۋەتەنگە ،
پارتىيىگە بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان ئىدى . دەۋرنىڭ
ئەڭ جاراڭلىق كۈيىنى ياڭراتقان بۇ شېئىرلار تاكى ھازىرغىچە ئۆزدـ
نىڭ ھاياتي كۈچىنى يوقاتقىنى يوق ، لېكىن بىز شېئىر ئىجادىيىتىـ
دە بىر خاھىش سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن قەسىدىچىلىكنى ماكرو
جەھەتتىن كۆزىتىدىغان بولساق ، ئۇنىڭ بەزىبىر نۇقسانلىرىنى ئاشكاـ
را كۆرۈۋالالايمىز ، شائىر گوشياۋچۈەن : «بىزنىڭ شېئىرلىرىمىز
ئەگەر تۇرمۇشتىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرمىسە ھەمـ
مىسلا ئۇلۇغ ، دەپ تۈۋلاۋەرسە ، بۇ پەقەت چاكىنا ۋە يۈزەكى مەدھـ
يىلەش بولۇپ قالىدۇ ، خالاس» دېگەنىدى . ① دەرۋەقە ، ئەينى يىللارـ
دا پۈتۈن جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدىكى بەزى شېئىرلار تۇرمۇش رېئاللىقىدىن چەتلىگەن ئىدـ
دى . ئۇلار ھەممىلا شەيئى ھادىسىگە ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇكەممەل ،
دېگەن ماركىنى چاپلاپ شېئىر ئىجادىيىتىدە يۈزە ۋە چاكىنا بولغان
قۇرۇق شوئارلارنى توۋلايدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى .
نەتىجىدە ئىجادىيەت يولى تارىيىپ ، شېئىرلار خەلقنىڭ ئېستېتىك
تەلەپلىرىنى قاندۇرالمىدى . ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا بولسا «تۆت
كىشىلىك گۇرۇھ» مانا مۇشۇنداق سۈنئىي قەسىدىچىلىكتىن پايدىلىـ
نىپ ئۆز جىنايەتلىرىنى نىقابلىغان ۋە پەردازلىغان ئىدى .

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن شائىرلىرىمىز
ئوخشاشلا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ياڭراتتى . لېكىن ، يېڭى باسقۇچتىـ

① «قايناق تۇرمۇش ۋە شېئىر» ناملىق ماقالىدىن ئېلىندى . «ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى»
1956 ـ يىل 3 ـ سان .

كى بۇ خىل مەدھىيە شېئىرلىرى ئىلگىرىكى سۇنئىي «قەسىدە»
لەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ ، چۈنكى بۇ چاغدا شائىرلىرىمىز مىسلى
كۆرۈلمىگەن ئون يىللىق ئاپەتنىڭ كەلتۈرگەن بالا ـ قازالىرىغا
كۆزىنى چوڭ ئېچىپ قارىغان ئىدى . ئۇلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ ، بېسىپ
ئۆتكەن يولىنى قايتىدىن كۆزىتىپ ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش
روھى بىلەن مەسىلىلەرگە قايتا باھا بەرگەن ، ئۇلارنى قايتا تونۇغان
ۋە باشقىدىن ئەكس ئەتتۈرگەنىدى . شۇڭا ، شېئىرلارنىڭ ئىدىيىۋى
كۈچىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى ، مەزمۇنى چوڭقۇرلىدى . شېئىرلارنىڭ
خەلقتىن ئايرىلىپ قالىدىغان ، ئەمەلىيەتتىن چەتلەيدىغان ئەھۋاللىرى-
غا خاتىمە بېرىلدى .

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «تاپايلى پۇشايماندىن ساۋاق ۋە
ئەقىل» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار :

تاپايلى پۇشايماندىن ساۋاق ۋە ئەقىل ،
زىياننىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلايلى ،
چوڭ ئىشلار ئالدىمىزدا ،
ئالدى بىلەن ،
كۆڭۈلدىن خۇراپاتنى ئېرىغدايلى .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، تېيىپجان بۇ شېئىرىدا تەجرىبىلەرنى خۇ-
لاسىلىگەن ، ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن ، ئۆزىدە پەيدا بولغان يېڭى ئويغى-
نىشنى ئىپادىلىگەن .

يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ ئويغىنىشنى ئىپادىلىگەنلىكى
پەردازلاش ۋە بۇرمىلاش ئارىلاشقان ، شەخسكە چوقۇنۇش بىلەن خاراك-
تېرلىنىدىغان ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرى-
دۇ . بۇ خىل ئويغىنىش ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر ، ئىلمىيلىقنى زىت
ھالدىكى مەدھىيىلەش ۋە ئىلاھلاشتۇرۇشلارنى تۈگىتىپ ، تارىخىي



ماتېرىيالىزمنىڭ شېئىرىي مەزمۇنىدىكى نوپۇزىنى قايتىدىن تىكلى-
دى . يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىجاد قىلىنغان شېئىرلار بېسىپ
ئۆتكەن مۇساپىمىزنى خۇلاسىلەپ ، تارىخنىڭ ئەگرى ـ توقايلىقلىرى
ۋە ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىگە بېسىپ ئۆتكەن ئىزناسى ئۈستىدە تەپەك-
كۇر قىلدى . بۇ شېئىرلار كىشىنى پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ . كىشى-
نى خۇشال قىلىدۇ ، غەزەپلەندۈرىدۇ ۋە مۇڭلاندۇرىدۇ . ئۈمىدلەندۈ-
رىدۇ ، ئومۇمەن كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ .

يېقىنقى يىللاردىن بېرى شائىرلىرىمىز تارىخىي مۇساپىگە يۈزلى-
نىپ كۆزەتكەچكە ۋە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەچكە نۇرغۇن ياخشى
شېئىرلارنى ئىجاد قىلالىدى ، شائىر مەمتېلى زۇنۇن 1979 ـ يىلى
يازغان «قۇياش قىزى» داستانىدا قانۇن ـ تۈزۈم دەپسەندە قىلىنغان ،
تۆھپىكارلار خارلانغان ، رېلىسلارنى دات بېسىپ ، خاڭلارنى گۆرىستان
جىمجىتلىقى قاپلىغان رېئاللىق ئۈستىدە ، قىسقىسى ئاستىن ـ ئۈس-
تۈن قىلىۋېتىلگەن تارىخ ، ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ھەق ـ ناھەق ھەق-
قىدە جىددىي پىكىر يۈرگۈزۈپ ، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ مۇ-
رەككەپ مەزمۇنىنى يورۇتىدۇ . پېشقەدەم شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ
سولچىللىقنى «شۇم بالا» غا ئوخشىتىدۇ ۋە سۆپەتلەيدۇ . «شۇنداق
بالا تۆرەلسە يەنە ، بوغۇپ قويغۇلۇق بۆشۈكىدىلا» دېيىش ئارقىلىق
خەلقنىڭ «سول» چىللىققا بولغان نەپرىتىنى ناھايىتى جانلىق قىلىپ
ئىپادىلەيدۇ .

شائىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر «يۇلتۇز بىلەن سۆھبەت» ، «دەريا
ۋە بۇلاق» دېگەن شېئىرلىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم ـ پەننىڭ يۇقى-
رى پەللىگە يۈرۈش قىلىش روھىنى ، «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇ-
چىنى ئۇنتۇماسلىق» نى ئۆزىگە خاس يۇكسەك تەپەككۇر ۋە يارقىن
تىل بىلەن ئوبرازلىق ، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ ، كىتابخانلارنى مەھ-
لىيا قىلىدۇ .

شائىر مۇھەممەت شاۋۇدۇن ئۆزىنىڭ «گۈلگە قاراپ» دېگەن

شېئىرنى ئۇلۇغ تارىخي بۇرۇلۇشقا بېغىشلايدۇ . بۇ شېئىرنىڭ باش-
لىنىشىدىكى «قايتىپ كەلدى قوغلانغان باھار» دېگەن پەقەت شۇ بىر
مىسرانىڭلا مەزمۇنىغا قارىساقمۇ ۋەتەن قوينى ئەسلىدە باھار پەسلىدە
كۆلگەن ئىدى ، كېيىن بۇ باھار كۆزدىن يوقالدى ، ئۇ ئۆزى كەلمى-
دى ، ئۇنى جۇتخۇمارلار ھەيدىۋەتتى ، دېگەن پىكىرنى ئىنتايىن ئوب-
رازلىق ۋە ئىخچام ئوتتۇرىغا قويىدۇ .
شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن تەبىئەتنى تەسۋىرلىگەن خېلى كۆپ
شېئىرلىرىدا كاككۇكنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ھېسسىياتنى ئىپادىلى-
دى . ۋەتەننىڭ باغلىرى ۋە تاغلىرىنى كۈيلىدى . ئەمەلىيەتتە ئۇ ھاياتقا
بولغان مۇھەببىتىنى پەلسەپۋى ھېكمەتلەرگە تولغان چوڭقۇر پىكىر-
لىرى ئارقىلىق يورۇتتى .
پېشقەدەم شائىر ئابلىز نازىرىمۇ ۋەتەن باھارىدىن ئىلھاملىنىپ
«چېچەك پەسلى» قاتارلىق لىرىكىلارنى يېزىپ تەبىئەتنىڭ باھارى
بەخش ئەتكەن ئىلھامىنى ئاجايىپ نەپىس مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلى-
دى . ئۇ ئۆزىنىڭ 1978 - يىلى يازغان «پەرھات بول» ناملىق
شېئىرىدا ۋەتەن ھۆسنىگە ھۆسن ، باھارنىڭ پەيزىگە پەيزى قوشۇش
ئۈچۈن پەرھات بولۇپ «تەر ۋە ئەجىر» ئارقىلىق «ئىلىم چارباغىنى»
بىنا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ياشلارنى ئىلىم -
پەن دۇلدۇلىغا مىنىپ پەرۋاز قىلىشقا چاقىردى . بۇ باسقۇچتا يۇقى-
رىقىدەك مۇنەۋۋەر شېئىرلار ئىجاد قىلىنغاندىن سىرت
يەنە «قىزىلگۈل» (ئىمىن تۇرسۇن ) ، «ئالمىنى» (ئەرشىدىن تات-
لىق ) ، «ئۆمۈر چېچەكلىرى» (پەتتارجان مۇھەممىدى ) ، «ئەل ۋە
مەن» (ئابلىمىت سادىق ) ، «توزان قەسىدىسى» (ئوسمانجان سا-
ۋۇت ) ، «ئالما كۆچىتى» (تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن ) ، «زېمىن سۆزى»
(ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ) ، «ئاق روماللىق پەرىزات» (قۇربان بارات ) ،
«زېمىن قەسىدىسى» (ئارسلان ) ، «خوتەن قەغىزى» (ئەبەيدۇللا
ئىبراھىم ) قاتارلىق ياخشى شېئىرلار ئېلان قىلىنىپ جەمئىيەتتە



كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى .
(3 ) يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلاردا يەنە «مەدھىيىلەش» بىلەن
«پاش قىلىش» نىڭ مۇناسىۋىتى ئوبدان بىرتەرەپ قىلىندى . بىز
يورۇقلۇق مەدھىيىلىنىشى ، قاراڭغۇلۇق پاش قىلىنىشى كېرەك دەپ
قارايمىز . يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت
سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ئەسىرىدە بۇ مەسىلىنى
ناھايىتى ئوبدان شەرھلەپ بەرگەن ئىدى . لېكىن بۇ ئەدەبىيات -
سەنئەت ئىدىيىسى كېيىنكى چاغلاردا ئېغىر ھالدا بۇرمىلانغان بولۇپ ،
يورۇقلۇقنى مەدھىيىلەش (مەيلى ساغلام نەرسىلەرنى مەدھىيىلەش
ياكى ساختا نەرسىلەرنى مەدھىيىلەش بولسۇن ) توغرا نىيەتتىن بولى-
دۇ . قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىش (مەيلى نىيەت خالىس بولسۇن ياكى
نىيەت يامان بولسۇن ) بەرىبىر يامان غەرەزدىن بولىدۇ ، دەپ قارالغان
ئىدى . يېڭى باسقۇچتا گەرچە تۇرمۇشنى پەردازلاپ كۆرسىتىدىغان
بەزى شېئىرلار يېزىلغان بولسىمۇ ، تەنقىدنى يامان غەرەزلىك ھۇجۇم
دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار سادىر بولغان بولسىمۇ ياكى ئۇ قۇتۇپتىن
بۇ قۇتۇپقا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئېغىشلار بولغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ
باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا قارىغاندا ، مەدھىيىلەش
بىلەن پاش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى مېتافىزىكىلىق كۆز قاراشلار-
غا ئاساسەن بەرھەم بېرىلدى ، شائىرلىرىمىز جاراھەتمۇ بار ، ئۈمىد
ۋە ئىشەنچمۇ بار قەلبلەرنى ، يورۇقلۇقمۇ بار ، شۇنىڭدەك قاراڭغۇلۇق-
مۇ بار رېئاللىقنى توغرا كۆزىتىپ ، خەلققە ۋە سوتسىيالىزمغا پايدى-
لىق بولغان تەرەپلەرنى ئىككىلەنمەي مەدھىيىلىدى . زىيانلىق بولغان-
لارنى قەتئىي پاش قىلدى . بۇ مەزگىلدە پارتىيىنى ، خەلقنى ، پېشقە-
دەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنى ، ئالغا بېسىش يولىدىكى يېڭى
شەيئىلەرنى مەدھىيىلەش يەنىلا شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بول-
سىمۇ ، ئەمما جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان بارلىق
توسقۇنلۇقلارنى ، چىرىك شەيئىلەرنى ، قاراڭغۇ تەرەپلەرنى پاش قىلى-

دىغان ياخشى شېئىرلارمۇ يېزىلىپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى .

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى ، پارتىيە ۋە هۆكۈمەت رەهبەرلىرىدىن بولغان تۆمۈر داۋامەت ، ئەزىزۋۇپ قاسىم قاتارلىق يولداشلار شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بىرقىسىم ياخشى شېئىرلارنى ئېلان قىلدى .

يىغىنچاقلىغاندا ، بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلار پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، ئۆزگىچىلىكى ، ئىلمىيلىقى ئارقىلىق غايەت زور ئىدىيۋى كۈچىنى ئىپادىلىدى . تارىخنىڭ مول مەزمۇنى ئۈستىدىكى تەپەككۇر بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ مۇهىم بىر ئالاهىدىلىكى بولۇپ قالدى .

(4) شېئىرلارنىڭ لىرىكىلىقى كۈچەيدى . هەممىگە ئېنىقكى ، شېئىرلارنىڭ لىرىكىلىقى ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ . شېئىر تۇرمۇشنى ئوبيېكتىپ هالدا ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلىمەيدۇ ، بەلكى شائىرنىڭ هېسسىياتىغا (تۇرمۇشتىن كەلگەن هېسسىيات) يۆلىنىپ تۇرۇپ شائىرنىڭ يۈرەك ساداسىنى (تۇرمۇشتىن هاسىل بولغان) ئىپادىلەيدۇ . شائىرنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتى ئارقىلىق دەۋرنى ، خەلقنى ۋە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . مانا مۇشۇنداق هەقىقىي شېئىرلاردا لىرىكا قىلغۇچىنىڭ ئوبرازى تىكلەنگەن بولىدۇ ، لىرىكا قىلغۇچى ئوبرازىنىڭ تىكلەنگەنلىكى لىرىكا خاسلىقىنىڭ مۇهىم ئالامىتىدۇر .

ئازادلىقتىن كېيىن لىرىك شېئىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئاز ئەمەس ، لېكىن «سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ۋە «ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى» دېگەنلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىشىگە ئەگىشىپ «كىچىك مەن» بىلەن «چوڭ مەن» نى ، «ئوبيېكتىپلىق» بىلەن «سۇبيېكتىپلىق» نى قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان ئەهۋال شەكىللەنگەن ئىدى . لىرىكا قىلغۇچى ئوبراز ئاجىزلاشقاچقا هەتتا ئاتالمىش «خەلق ئۈچۈن سۆزلىگەن» دەپ تەرىپلەنگەن شېئىرلارمۇ شوئارلارنى دۆۋىلەپ قويۇش ، تەييار ئىبارىلەرنى



كۆچۈرۈپ قويۇشتەك ئىجادىيەت ئىستىلىنىڭ مەهسۇلاتى بولۇپ قالغان ئىدى . يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ بىر مۇهىم خۇسۇسىيىتى ، ئۇلاردىكى لىرىكا قىلغۇچى ئوبرازىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدۇر .

يېقىنقى يىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرلار «مەن» نىڭ خەلق بىلەن تەڭ بار خۇشلۇقى ۋە ئورتاق قايغۇلىرىنى چوڭ تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي ، يەنە «مەن» نىڭ خەلق بىلەن بىللە شادلىنىپ ، بىللە غەمىنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنچىكە تەرەپلەردىن يورۇتۇپ بەردى . شۇڭا ، شېئىرلار چىنلىققا تېخىمۇ يېقىنلاشتى ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز شېئىرلاردىن دەۋر روهىنى كۆرەلەيدىغان ، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىيالايدىغان بولدۇق .

شائىرلارنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئىجادىيەتلىرى ئېستېتىكىلىق ئوبيېكتىپ بىلەن ئېستېتىكىلىق سۇبيېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن شائىرلار بىلەن خەلقنىڭ هېسسىياتى ئۆزئارا ئالمىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى . رەڭدار تۇرمۇشمۇ كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ تەرەپلىك ئىپادىلەشكە ئېرىشتى .

(5) شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپلەشتى ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بېيىدى . بۇ خىل ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن شائىرلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتىكى نۇقتىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ . شېئىرنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا تەسىراتنى بىۋاسىتە ئىزهار قىلىش بىر خىل بەدىئىي ئۇسۇل بولۇپ سانىلىدۇ . لېكىن ئۇ هەرگىز بىردىنبىر ئۇسۇل ئەمەس ، «تەقلىد قىلىپ يېزىش» نىمۇ شېئىرنىڭ ئەڭ ئوبدان شەكلى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ . بىراق ، ئۇزۇندىن بېرى بەزى كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنياغىلا ئەهمىيەت بېرىپ ، سۇبيېكتىپ دۇنياغا سەل قاراپ كەلگەن ئىدى . «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى» نى ئاددىي هالدا تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى كۇپلېتلارغا كۆچۈرۈپ قويۇش ياكى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈش ، دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى .

يېقىنقى يىللاردىن بېرى شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي چىن ھېسسى-
ياتىنى قەدىرلەيدىغان ، ھېسسىيات تەسەۋۋۇرىنىڭ شېئىردىكى ئالايى-
تەن ئورنىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى ، كىتابخانلارنىڭ شېئىرنىڭ
«تەمىنى» تېتىشى ئۈچۈن ۋاقىت ۋە ئورۇندىن ئىبارەت ئىمكانىيەت
قالدۇرىدىغان بولدى . بۇنىڭ بىلەن بەدىئىي ئۇسۇل ۋە شەكىللەر
كۆنسېرى بېيىدى ۋە خىلمۇ خىللاشتى ، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشمۇ
ئىلگىرىكىدىن خېلىلا جانلىق بولۇشقا باشلىدى ، شېئىر قۇرۇلمىسى
ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈن-
نى چىقىرىشقا بولىدۇ . ئەدەبىيات - سەنئەت تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇ-
رەمدۇ ياكى يازغۇچى -شائىرلارنىڭ سۇبيېكتىپ روھىي دۇنياسىنى
ئىپادىلەمدۇ ؟ ئەگەر ئەكس ئەتتۈرسە قانداق ئۇسۇل ، قانداق شەكىل
ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ ؟ ئەگەر ئىپادىلىسە ئۇنىڭ تۇرمۇش بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك ؟ دېگەنگە ئوخشاش
بىرقاتار ئەمەلىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئەلۋەتتە ، پەقەت
رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىلا تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ ،
دەپ قاراش ھازىرقى ئەدەبىيات چۈشەنچىسىدە بىر تەرەپلىمىلىككە
ئىگە قاراش بولۇپ قالدى . دەرۋەقە ، شېئىرلار تۇرمۇشتىن كېلىدۇ ،
لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، شېئىر دېگىنىمىز سۇبيېكتىپلىق-
قا ئىگە ، لىرىكىلىقى كۈچلۈك سەنئەت شەكلىدۇر . شېئىرلارنىڭ
ئىجاد قىلىنىشى ئۆزىگە تۇرمۇشنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئالدىنقى
شەرت قىلىدۇ ، شۇنداقلا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى خىل-
مۇ خىل ، لىرىكىلىق تۈسى قويۇق بولغان بەدىئىي زېمىنىنىڭ بولۇ-
شىنى تەلەپ قىلىدۇ ، يېڭى باسقۇچتىكى نۇرغۇن شېئىرلار بۇ خۇلا-
سىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى . مەسىلەن ، بۇغدا ئابدۇللا شەك -
شۈبھىسىز رېئالىزملىق شائىر . لېكىن ئۇنىڭ «ئەقىدە» ، «زەڭگەر
كۆنلۈك ئاستىدا» ، «تاش ئادەملەر» دېگەن نادىر شېئىرلىرىدا يارى-
تىلغان شېئىرىي مۇھىت غۇۋا ، شەكىل گۇڭگا بولۇپ ئۇلارنى پۈتۈن-



لەي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يېزىلغان
دەپ كەتكىلى بولمايدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ بۈگۈنكى شېئىرىيى-
تىمىزدە جانسىز نەرسىلەر ئادەملەشتۈرۈلگەن ، خاراكتېرلەشتۈ-
رۈلگەن ، سىمۋولىزملىق ئۇسۇلدىن تار دائىرىدە ئەمەس ، پۈتۈن
شېئىرىي قۇرۇلمىنىڭ كەڭلىكىدە پايدىلانغان ياخشى شېئىرلار ئاز
ئەمەس ، رومانتىزملىق پۇرىقى كۈچلۈك بولغان شېئىرلارمۇ خېلى
بار . دېمەك بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ، ئىپادىلەش شەك-
لى ۋە ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى يۇزلىنىشى شېئىرىيىتىمىزنى
مۇكەممەللەشتۈرمەكتە ، يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئۈمىدلەندۈرمەكتە .

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ، بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىمىز تەخمى-
نەن يېرىم ئەسىرلىك جەڭگىۋار مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى . ئۇنىڭ
تەرەققىيات يولى ئەگرى - توقاي بولسىمۇ ، ئەمما نەتىجىلىرى كۆرۈ-
نەرلىك بولدى ، بىز بۇ نەتىجىلەرنى كۆرۈشىمىز ، شۇنىڭ بىلەن بىللە
نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان بەزىبىر مەسىلىلەرنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز
لازىم . ھازىر شېئىر ئىجادىيىتىدە ، شېئىرلاردا ئىدىيۋىلىك بىلەن
بەدىئىيلىكنى قانداق بىرلەشتۈرۈش ، خەلقنىڭ ساداسىنى ۋە مەۋجۇت
بولغان زىددىيەتلەرنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش ، شېئىرلارنىڭ مىللىي
ئالاھىدىلىكىنى ، ئاممىباپلىقىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەندەك
مەسىلىلەر بىزنىڭ ھەل قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا . بىز ئىشىنى-
مىزكى ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىسەك ، ئىزدىنىش
روھىمىزنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ ، ئىجادىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈن-
لىسەك ، ئىزدىنىش روھىمىزنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ ئىجادىيەتنىڭ بەي-
گىسىنى ئۇتۇپ چىقىشقا ئىرادە باغلايدىغانلا بولساق ئۇيغۇر شېئىرىيى-
تى نەۋائى دەۋرىدىكىدەك شەۋكىتىنى يەنە نامايان قىلالايدۇ .

## بۈگۈنكى زاماندىكى شائىرلار

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى زامان باسقۇچى شائىرلار ئەڭ

كۆپ مەيدانغا چىققان بىر باسقۇچ بولدى . بۇ باسقۇچتا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان زور بىر قىسىم شائىرلار مۇشۇ ئەسىردىكى ، شۇنداقلا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇنەۋۋەر شائىرلاردىن بولۇپ قالدى .

بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتى باشلانغان 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا نىمشېھىت ، ئەھمەت زىيائى ، ئەلقەم ئەختەم ، تېيىپجان ئېلىيېۋ ، ئابلىز نازىرى قاتارلىق ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى باسقۇچىدا ئىجادىيىتىنى باشلىغان شائىرلار شېئىرىيەت ساھەسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بولۇپ قالدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى يېڭىچە مەزمۇن ، يېڭىچە شەكىلگە ئىگە شېئىرلىرى بىلەن بۈگۈنكى زاماندىكى شېئىرىيەت ئۈچۈن ئاساس سېلىش ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينىدى .

مىلادىيە 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن شېئىرىيەت ساھەسىگە يەنە بىر تۈركۈم ياش كۈچلەر كېلىپ قېتىلىپ ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنى ياراتتى . 1950 ـيىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن شېئىرىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن ۋە شۇ يىللاردىكى ئىجادىيەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان شائىرلارئىبراھىم تۇردى ، ئابدۇكېرىم خوجا ، مۇھەممەت رېھىم ، مۇھەممەتجان سادىق ، رەخىم قاسىم ، بوغدا ئابدۇللا ، قۇربان بارات ، ئوسمانجان ساۋۇت ، مۆمىن سەپىرى ، ئابدۇسالام توختى ، غەنىزات غەيۇرانى ، مىرزاھىت كېرىمى ، ئابدۇكېرىم مەخسۇت ، ھاجى ئەخمەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى . مۇشۇ بىر تۈركۈم شائىرلارنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئاشۇ يىللاردا تېما جەھەتتىن كۆپ خىللاشتى ، شەكىل جەھەتتىن رەڭدارلاشتى ، ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتى ، بەدىئىيلىك جەھەتتىن تېخىمۇ يۈكسەلدى .شۇڭا بۇ دەۋردىكى شېئىرىيەت بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ تۇنجى ئالتۇن دەۋرى دەپ ئاتالدى .



**مۆمىن سەپىرى** (مىلادىيە 1923-- ) 1950 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى .ئۇ 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن .دەسلەپكى يىللاردا يازغان «چورۇق» ، «ئازادلىق» ، «يەر بىزنىڭ» ، «توي ناخشىسى» ، «ماۋزېدوڭ ھەققىدە قوشاق ، «بىز خۇشال» قاتارلىق شېئىرلىرىدا شۇ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ خاھىشى بويىچە ئازادلىققا ، يېڭىچە تۇرمۇشقا بولغان خۇشاللىقىنى ، پارتىيىگە ، داھىيغا بولغان رەھمىتىنى ئىپادىلىگەن ، شۇنداقلا يېزىلاردا بولۇۋاتقان بىرقاتار سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى ، يېزىلاردىكى قاينام ـ تاشقىنلىق ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن .

شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى ھەجۋىي شېئىرلاردا كۆرۈلىدۇ . ئۇ 50 ـ يىللاردا يازغان شېئىرلىرىدا مەدھىيىلەش بىلەن تەنقىدلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ ، پارتىيىنى ، داھىينى ، ئازادلىقنى ، يېڭىچە ھاياتنى مەدھىيىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شۇ دەۋر رېئاللىقىدا مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزغا توسالغۇ بولۇپ ، ئىجتىمائىي كەيپىياتقا يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلىۋاتقان ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى پاش ۋە تەنقىد قىلىدىغان «بىر مۇتتەھەم كۆردۇممەن» ، «قۇلۇپلاقلىق كابىنېت» ، «مەجلىسلەر ماجىراسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ساتىرالارنى يېزىپ ، شېئىرىيەت ساھەسىدە ، شۇنداقلا كىتابخانلار ئارىسىدىمۇ خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان .

مۆمىن سەپىرى «بىر مۇتتەھەم كۆردۇممەن» دېگەن ساتىراسىدا ، قۇرۇق گەپ سېتىپ جان باقىدىغان ھۇرۇن ، ئۆكتەم ، لايغەزەل ، كاززاپلارنىڭ «ئۆچەكىشىپ قالسا گەر ، قەست قىلىشتىن يانمايدۇ» غان رەزىل ماھىيىتىنى پاش قىلىپ ، كىتابخانلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان . «قۇلۇپلاقلىق كابىنېت» دېگەن ساتىراسىدا ، خىزمەت ئورنىدا مۇقىم ئولتۇرماي ، كۈنىنى شەخسىي ئىشى ۋە ئويۇن تاماشا

بىلەن ئۆتكۈزۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان بىر باشلىقنى ھەجۋىي قىلىش ئارقىلىق، بىر قىسىم كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىدىكى بيۇروكراتلىقنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. «مەجلىسلەر ماجىراسى» دېگەن ساتىراسىدا، ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان قۇرۇق سىياسەتۋازلار بىلەن چوڭ گەپ قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈدىغان «مەجلىس مەستانىلىرى» نى رەھىمسىز مەسخىرە قىلىپ، ئۇلارنىڭ يىرگىنىشلىك روھىي قىياپىتىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن». مۆمىن① سەپىرى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا ساتىرا ئىجادىيىتىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، «زاكىر ‹زابوي›»، «تۇلۇم چاشقان»، «مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىشى»، «مەنسەپ مەستانىسى»، «ئاپەتلىك مەخلۇق» قاتارلىق ساتىرالارنى يېزىپ، يېڭى دەۋردە مەيدانغا چىققان ھەر خىل ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ئىللەتلەرنى پاش ۋە تەنقىد قىلدى.

**ئابدۇسالام توختى** (مىلادىيە 1934—    )ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيەت تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ مىلادىيە 1934 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجا ناھىيىسىنىڭ نوغايتۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. مىلادىيە 1951 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1956 - يىلدىن تاكى 1996 - يىلغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىيات ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن.

ئابدۇسالام توختىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1952 - يىلى ئېلان قىلىنغان «مېنىڭ ئەقىدەم» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. شۇندىن كېيىن شائىر شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ،

① ئابلىمىت ئىسمايىل، ماخمۇتجان ئىسلام: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىلىرى» 271 - ، 272 - بەتلەر



«ۋەتەن»، «ئۆكتەبىر تېڭى»، «بىز بەختلىك بالىلار»، «نۇر چېچىپ ئاتقاندا تاڭ»، «خەلقىمگە»، «قوش يۈرەك»، «تۆمۈر يول قەھرىمانلىرىغا» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، دەسلەپكى 17 يىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ «شېئىر، داستانلىرى سوتسىيالىستىك ۋەتەننى، ئىستىقبال بېغىغا يۈرۈش قىلىۋاتقان خەلق ئاممىسىنى ۋە جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئۇلۇغلاش روھى بىلەن تولۇپ تاشقان بولۇپ، ئۇلاردا دەۋر ساداسى جاراڭلاپ تۇرىدۇ، خەلقنىڭ ئالغا ئىلگىرلەش تەلپىي ۋە ئارزۇسى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ».①

**ئابدۇكېرىم مەخسۇت** (مىلادىيە 1938—    )بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان پېشقەدەم شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ مىلادىيە 1938 - يىلى 5 - ئايدا تۇغۇلغان، 1954 - يىلى ئىلى 1 - دارىلمۇئەللىمىننى تاماملىغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1984 - يىلدىن باشلاپ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. ئابدۇكېرىم مەخسۇت 1956 - يىلى ئېلان قىلىنغان «پېئونېر سۆزى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. ئاشۇ يىللاردا ئۇ «يۇلتۇزمىكىن»، «ئانا يېزام»، «باھار قوشىقى»، «رادىئونى پەسەيتمە زىنھار»، «ياشلىقتىكى ئوت» قاتارلىق شېئىرلارنى، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بولسا «ئانا»، «مۇھەببەت»، «قار ياغقاندا»، «يۈرىكى قالدى»، «كاككۇكۇم»، «تولۇنئاي» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ دەسلەپكى 17 يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇنۇ مىسرالاردا ئىپادىلەنگىنىدەك مۇھەببەت

① ئابلىمىت ئىسمايىل، ماخمۇتجان ئىسلام: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىلىرى»، 309 - بەت

لىرىكىلىرىدىن ئىبارەت :

قانداق گۈزەل تولۇنئاي دەپ ئامرىقىم ،
قۇلۇقۇمغا پىچىرلايسەن ئايلىناي .
تولۇنئايغا نەزەر تاشلاش نەھاجەت ،
يۈرىكىنى يېقىپ تۇرسا تولۇنئاي .
«تولۇنئاي »دىن

. . . . . . . . . . . . . . .

چاقىرغاندا ھويلىسىدىن ئانىسى ،
قىز يۈگۈردى قالدى تەرگەن ئۆرۈكى .
تام تۈۋىدە قالسا مەيلى ئۆرۈكى ،
تام ئارقىدا قالدى ئوتلۇق يۈرىكى .
— «يۈرىكى قالدى »دىن

ئابدۇكېرىم مەخسۇتنىڭ بۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرى ئاساسەن
مۇھەببەت لىرىكىلىرى ، تەبىئەت لىرىكىلىرى ، ئىنتىم لىرىكىلىرد-
دىن ئىبارەت لىرىك شېئىرلار بولۇپ ، شۇ يىللاردىكى سىياسىي
لىرىكىلارنى ئاساس قىلغان ئىجادىيەت خاھىشىدىن روشەن پەرقلىنىد-
دۇ .ئۇنىڭ شېئىرلىرى لىرىكىلىقى كۈچلۈك ، ھېسسىياتى چىن ،
پىكرى يېڭى ، ئوبرازلىرى جانلىق ، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولۇش-
تەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان .
ئابدۇكېرىم مەخسۇت كېيىنكى يىللاردىمۇ ئىجادىيىتىنى داۋام-
لاشتۇرغان بولۇپ ، «تولۇنئاي» ، «زېمىن سۆيگۈسى» قاتارلىق شې-
ئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان .
**مىرزاھىت كېرىم** (مىلادىيە 1939-- ) 50 -يىللارد-
كى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان شائىرلىرىمىز-
نىڭ بىرى .



مىرزاھىت كېرىم مىلادىيە 1939 - يىلى 11 - ئايدا قەشقەر
شەھىرىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1955 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە
سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل -ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇ-
غان . كېيىن ناھەقچىلىككە ئۇچراپ تۇرمىدە ياتقان . تۇرمىدىن چىق-
قاندىن كېيىن قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ، قەشقەر ئۇيغۇر
نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن .
مىرزاھىت كېرىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى 1956 -يىلى
ئېلان قىلىنغان «ئوغلۇمغا» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان .شۇنى-
دىن كېيىن شائىر «جەڭچىمەن» ، «خوش ، قەشقەر» ، «ئادىل
جازا» ، «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلار-
نى يېزىپ ، 50 - يىللاردىكى شېئىرىيەتنىڭ ئۈمىدلىك ياش كۈچلى-
رىدىن بىرىگە ئايلانغان . بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق»
ناملىق شېئىرى شۇ يىللاردا ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان . «ساند-
دۇق ئىچىدىكى بوۋاق» (1957 ) بىر پارچە ئېپىكا بىلەن لىرىكا ئۆز
ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن شېئىر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېپىكا قىسمىدا يارى
بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان يىگىتنىڭ ئالدىغا بىر ساندۇق
ئۇچرىغانلىقى ، ساندۇقتا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ، ئايدەك چىرايلىق ،
بىگۇناھ بىر ئوغۇل بوۋاقنىڭ ياتقانلىقى ، بۇ ئىشتىن يىگىت قەلبى-
نىڭ لەرزىگە كېلىپ ، بىگۇناھ بوۋاقنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارغا چەك-
سىز نەپرەتلەنگەنلىكى يېزىلغان . شېئىرنىڭ لىرىك تەركىبىدە بول-
سا ، شائىرنىڭ ئىنسانىي ھاياتنى ، چىن - ھەقىقىي مۇھەببەتنى
ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن . بۇ ھەم ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيە-
سى بىلەن ھەم مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتى بىلەن سۇغىرىلغان
شېئىر بولۇپ ، ئەينى دەۋر شېئىرىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن
ئىجادىيەت تېمىسىدىكى چوڭ بىر يېڭىلىق ھېسابلانغان ئىدى . شې-
ئىرنىڭ ئاخىرىدىكى :

ئاھ ! . . .
شۇ ئاچچىق ئىزدىن بەرمىدىم دەرەك ،
ئورنى يوق ئېيتىشقا ھېچقاچان ،
چۈنكى ،
قوش يۈرىكىمىزگە سادىدىلىق ئەمەك ،
ئۆچمەيدۇ بۇ ۋەقە دىلدا شۇ كۈنكى

بىزنىڭمۇ بالىمىز بولار . . .
بۇ چوقۇم !
تەقدىرى باشقىچە :
گۈل قىسىپ ياشار .
كۆزۈمگە ئەركىلەپ كۆرۈندى ئوغلۇم ،
ئادەملەر !
بىر ئۆمۈر بويى بەختىيار .

دېگەن مىسرالىرىدا شائىرنىڭ سادىقلىق ئالدىنقى شەرت قىلىنغان مۇھەببەتكە بولغان تەلپۈنۈشى ، ئىنسانلار ۋە ھەقىقىي مۇھەببەت قەدىرلىنىدىغان تېخىمۇ گۈزەل ئەتىگە بولغان ئۈمىد - ئىشەنچى ئىپادىلەنگەن .

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مىلادىيە 1980 - يىللارنىڭ دەسلەپىدىن تارتىپ باشلانغان يېڭى دەۋر باسقۇچى شائىرلار قايتىدىن جانلانغان ، يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن قاينام -تاشقىنلىق بىر دەۋر بولدى . بۇ دەۋردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى ، 1950 - ، 1960 - يىللاردا ئىجادىيىتى بىر گۈللەنگەن ، ياكى شۇ يىللاردا ئىجادىيىتىنى باشلىغان شائىرلاردىن ئەھمەت زىيائى ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئىمىن تۇرسۇن ، تېيىپجان ئېلىيېۋ ، مۇھەممەت رېھىم ، ئابدۇكېرىم خوجا ، تۆمۈر داۋامەت ،



غەنىزات غەيۇرانى ، مۇھەممەتجان سادىق ، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ، مۇھەممەت شاۋۇدۇن ، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ، مۇھەممەتجان راشىدىن ، قۇربان بارات ، بوغدا ئابدۇللا ، ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن ، تۇرسۇن نىياز قاتارلىقلار قايتىدىن جانلىنىپ ، ئىجادىيەتتە ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى .

**غەنىزات غەيۇرانى** (مىلادىيە 1930-- ) - ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدە مۇناسىپ تەسىرگە ئىگە پېشقەدەم شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ مىلادىيە 1930 -يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1948 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇغان . شۇندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى ، مۇھەررىر ، مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتقان . 1980 - يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىدا تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان .

غەنىزات غەيۇرانىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى 1945 -يىلى «ئاقسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «كۈرەش بالىسى» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان . ئۇ شۇندىن تارتىپ 1958 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا «بېيجىڭغا سالام» ، «مېنىڭ بەختىم» ، «تارىم بويلىرىدا» ، «شائىر» ، «ياشا ، بەللى ئەزىمەت» قاتارلىق 90 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر يېزىپ ، شۇ يىللاردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلانغان . بۇ شېئىرلاردا شائىر كونا زاماننىڭ ئازاب ئوقۇبەتلىرىنى ئەمەلىي تۇرمۇش كارتىنىلىرى ئاساسىدا كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ، يېڭى ئازاد زاماننىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ، بەختى كۈلگەن دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلغان .

مىلادىيە 1980 - يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن باشلانغان يېڭى دەۋر

ئەدەبىياتى باسقۇچى شائىر ئىجادىيىتى ئۇچۇنمۇ يېڭى بىر تارىخىي
دەۋر بولۇپ قالدى .بۇ باسقۇچتا شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدى-
لىكى يارىتىپ ، ھەجۋىي شېئىر - ساتىرا ئىجادىيىتىدە يېڭى بىر پەللە
ياراتتى . يېڭى دەۋر باسقۇچىدا شائىر باشقا تۇرلەردىكى شېئىرلاردىن
باشقا ، 30 پارچىدىن كۆپرەك ھەجۋىي شېئىر - ساتىرا يېزىپ ، يېڭى
دەۋردىكى ساتىرا ئىجادىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن
بىرى بولۇپ قالدى .شائىرنىڭ «خەلق سەسكەندى ، ھۆ بولدى» ،
«ئەيلىدى» ، «خۇشامەتچان» ، «مۇمكىنمۇ ؟» ، «يۆتكىلىش» ،
«مەنسەپنىڭ كارامىتى» قاتارلىق ھەجۋىي شېئىر - ساتىرالىرى كىد-
تابخانلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى .بۇ بىر تۈركۈم شېئىر-
لىرىدا شائىر ھەقىقەت ۋە خەلق مەنپەئەتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ، بىر
مەھەل يامراپ جەمئىيەتتە يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان خۇشامەتچى-
لىك ، تەخسكەشلىك ، نەپسانىيەتچىلىك ، مەنسەپپەرەسلىك ، ئىنساپ-
سىزلىق ، نادانلىق . . .قا ئوخشاش قىلمىشلارنى قاتتىق مەسخىرە ۋە
تەنقىد قىلغان . شائىرنىڭ ھەجۋىي شېئىر - ساتىرالىرىنىڭ روشەن
بىر ئالاھىدىلىكى ھەجمىنىڭ قىسقىلىقى ، مەسخىرىنىڭ كۈچ-
لۈكلۈكى ، تونۇتۇش رولىنىڭ ، تەربىيۋى ئەھمىيىتىنىڭ كۈچلۈك-
لۈكىدىن ئىبارەت . مىسال ئۈچۈن شائىرنىڭ «يۆتكىلىش» ناملىق
ساتىراسىنى كۆرۈپ باقايلى :

ئەمدىلا ئىككى يىل بولاي دېيىدى ،
ئا شۇجى گوڭشېغا بولغىلى رەھبەر .
تارالدى بىردىنلا :«ناھىيە ئۇنى—
ئۆستۈرۈپ يۆتكەپتۇ» دېگەن بىر خەۋەر .

ئا شۇجى گوڭشېغا ۋېلىسىپىتتە
كەلگەنتى يېنىكلا (بىر كۆرپە ، يوتقان ) .



قايتىشتا بىر جېفاڭ ،① ئىككى تراكتور ،
يۆتكىدى ئۆينى ئۈچ كۈندە ئاران .

بۇ شېئىردا شائىر ھەجۋىي شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەن
ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .شېئىر پەقەت ئىككىلا كۇپلېتتىن تەش-
كىل تاپقان . ئەمما مۇشۇ كىچىككىنە ھەجىمدە چىرىكلىشىش ، نەپسانىيەتچى-
لىك ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قاقتى - سوقتى قىلىپ بايلىق توپلاشقا ئوخ-
شاش چىرىكلىشىش ھادىسىسى ماھىرلىق بىلەن پاش ۋە تەنقىد قىلىنغان .
شائىرنىڭ ساتىرا ئىجادىيىتىدە «مېنىڭ بىر شېئىرىم» ناملىق
ساتىراسى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . غەنىزات غەيۇرانى ئۆزىگە خاس
شېئىرىيەت قارىشىغا ئىگە شائىر . ئۇ ئالدى بىلەن بىر شائىر بولغى-
نى ، شۇنداقلا يەنە تونۇلغان تىل تەتقىقاتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن
شېئىرىي تىلنىڭ ساپلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە شېئىرىيەت
ئىجادىيىتىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش ، ئۇنىڭ پاساھىتىنى
نامايان قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . بۇنداق قارىشىنى ئۇ شېئىرىي
تىلنى بۇزۇپ ئىشلەتكەنلەرنى ، شېئىردا ئەرەب ، پارس تىللىرىنى
ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرۈدىغانلارنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق ئىپادى-
لەيدۇ . ساتىرا مۇنداق باشلىنىدۇ :

ئېتىشتىم نەچچە ئون كۈنلەپ ، ئاجايىپ بىر «شېئىر» يازدىم ،
تەپەككۇر كۆلگە شۇڭغۇپ ، تېگىدىن ئۈنچە -دۇر قازدىم .

سۆزىنى تاللىدىم ھەپتە ، شاكالدىن مېغىزىنى ئايرىپ ،
ئۇنى مارجان كەبى تىزدىم ، ئېشىپ مەناسىدىن بىر يىپ . . .
..... ...... .....

① جېفاڭ - «ئازاد» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلى

شېئىر پۇتتى ، قانات پۇتتى ، شۇ چاغ لاچىن ئىدىم كۆكتە ،
ئىدى بارلىق جاھان مەندىن گويا ئون مىڭ مېتىر پەستە .

شۇ چاغدا شائىرنىڭ تاغىسى كىرىپ قالىدۇ . «شائىر » شېئىرد-
نى تاغىسىغا ئوقۇپ بېرىدۇ . شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن
تاغىسى شېئىرنى مۇنداق باھالايدۇ :

ياشا شائىر ، بىلىپ قاپسەن يېرىم پارسچە يىغلاشنى ،
ئەرەبچە ھەجىلەپ خۇددى گاچا قىزدەك دۇدۇقلاشنى .

مۇشۇ يازغان «شېئىر » ئىڭدىن بىرەر مەنە چۈشەندىڭمۇ ؟
تىزىلسا قۇرغا يات سۆزلەر جاراڭلىق دەپ ئىشەندىڭمۇ ؟

ئاپارماقچىمىدىڭ ياكى بۇنى باغداد بازارىغا ؟
ۋەيا قىلماقچىمۇ دۇرۇت چولاق جىنلار مازارىغا ؟

شېئىر ئۇ خەلقىگە گۈلدەستە ، تىلى خەلقىنىڭ ، كۈيى خەلقىنىڭ ،
ئىچىشكە چاڭقىغان چاغدا شېئىر شەربەت سۈيى خەلقىنىڭ .

بۇ باھا ئەمەلىيەتتە شائىر غەنىزات غەيۇراننىڭ شېئىرىي تىل-
نىڭ ساپلىقىنى قوغداش ھەققىدىكى قارىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە
ئەدەبىيات ساھەسىدە شېئىرىي تىلنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ، شېئىرىي
تىلنىڭ پاساھىتىنى گەۋدىلەندۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بىر
قېتىملىق «غەيرىي رەسمىي» مۇنازىرە بولغان ئىدى ، بۇ شېئىر
ئەمەلىيەتتە بىر تۈركۈم پېشقەدەم شائىرلارنىڭ بۇ مۇنازىرىگە قاتناش-
تۇرغان پىكرى بولغان ئىدى .



غەنىزات غەيۇراننىڭ «تارىم بويىدا» (1983 -يىل ) ، «ھايات
قوشىقى» (1996 - يىل ) ، «بولدى قىل ! . . .» (2000 - يىل )
قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان .

**تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن** (مىلادىيە 1934-- )

بىر ئۆمۈر بالىلار شېئىرلىرى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان ، ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدىكى ئاجىز ساھە بولغان بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى ئۈ-
چۈن يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلغان پېشقەدەم شائىرلارنىڭ بىرى . ئۇ
مىلادىيە 1954 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، شىنجاڭ
ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى قاتارلىق مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ ،
بالىلار دەرسلىكى ۋە بالىلار ئوقۇشلۇقى ئىشلەش جەھەتتە كۆپ ئەم-
گەكلەرنى قىلدى .

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1951 -
يىلى ئېلان قىلىنغان «چاۋشيەن ئوغلىغا» ناملىق شېئىرى بىلەن
باشلانغان . ئۇ شۇندىن كېيىنكى تەخمىنەن يېرىم ئەسىرلىك ئىجاد-
ىيىتىنى پۇتۇنلەي دېگۇدەك بالىلار ئۈچۈن ئەسەر يېزىشقا قارىتىپ ،
«يۇرۇڭلار دوستلار مەكتەپكە» ، «مېنىڭ جان دوستۇم» ، «ئەلاچى
سىنىپ» ، «ياردەم» ، «ئوغلۇمنىڭ سوئالىغا» ، «تىنىش بەلگىلىرى
سۆھبەتتە» ، «تۇگمىنىڭ زارى» ، «سالام ، بالىلار» ، «ئانا تىلىم»
قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بالى-
لار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھ-
پە قوشتى .«مەلۇمكى ، بالىلار ئۈچۈن ئەسەر يېزىش ئوڭاي ئىش
ئەمەس . تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن ئەۋلادلارنى گۈزەل تۈيغۇغا ئىگە
قىلىش ، ئۇلارغا نېمىنىڭ ياخشى ، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئەدە-
بىي ۋاستىلەر ئارقىلىق بىلدۇرۇش ، ئۇلارنى مەنىۋى ئوزۇققا ئىگە
قىلىشنى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى
دەپ قاراپ ، . . .بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىنىشكە ئەھمى-
يەت بېرىپ ، ياش -ئۆسمۈرلەرنىڭ دىتىغا ياقىدىغان ، ئۇلارنىڭ قەل-

بىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىش يولىدا داۋاملىق ئىزدەندى» .

**ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر** (مىلادىيە 1941-- )پۈتۈن ھاياتىنى ژۇرنالىستلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن تۆھپىكار مۇھەررىرلەرنىڭ بىرى .ئۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئۇزۇن يىل ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇھەررىرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ، پروزا ، ئوبزورچىلىق قاتارلىق ساھەلىرى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسى گەۋدىلىك بولۇپ ، كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلاندى .ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مىلادىيە 1956 -يىلى ئېلان قىلىنغان «مەكتىپىم» ، «كومسومول نامىم» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن .ئۇ شۇنىدىن كېيىن ئىزچىل شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «ۋەتەن ئوغلىمەن» ، «ئاي ۋادىسى» ، «ئارمان» ، «باھار ناخشىسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ ، ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان .شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت باسقۇچىدا يېزىلغان «ئاي ۋادىسى» ناملىق شېئىرى 1960 - يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدىغان شېئىرلاردىن بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭدا شائىر لىرىك پېرسوناژ "مەن" نىڭ بالىلىق يىللىرىدا چەكسىز كائىناتقا تەلپۈنۈپ ، ئايغا چىقىش ئارزۇسىدا بولغانلىقى ، بۈنى ئاڭلاپ ئانىسىنىڭ ئايىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ، سىرلىقلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەنلىكى ، ئەمدى بولغاندا ئىنسانلارنىڭ ئىلىم - پەن ئارقىلىق ئاي شارىغا چىقىپ ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرغانلىقى ، نادانلىق - جاھالەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى يېزىلغان .

---

① ت .پەخرىدىن :«مەن سۇ ئىچكەن بۇلاقلار» ، 2 - ، 3 -بەتلەر



ئىلىم -پەننىڭ قۇدرىتىگە جاھاندا ،
چەكسىز سىرلىق كائىنات باش ئەگمەكتە .
بۇ غەلىبە بوران بولۇپ گۈركىرەپ ،
جاھالەتنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەكتە .
بىز ئۆرلەيمىز چەكسىز ئىجاد غەيرەتتە ،
دۈشمەن قالسۇن زەھەر يۇتۇپ ھەسرەتتە .

بۇ شېئىردا شائىر قويۇق لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق ئىلىم - پەننىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە دەۋر كىشىلىرىنى خۇراپاتلىقتا ئەمەس ، بەلكى ئىلىم - پەنگە ئىشىنىشكە ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە چاقىرغان . بۇ شېئىر ئاشۇ يىللار شېئىرىيىتىگە نىسبەتەن ئاكتىپ ۋە زۆرۈر ھېسابلىنىدىغان ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى يەنە يارقىن شېئىرىي مۇھىت ، ئەپچىل قۇرۇلما ۋە تىل جەھەتتىكى نەپىسلىكى بىلەنمۇ مۇئەييەن ئېستېتىكىلىق قىممەت ياراتقان .

مىلادىيە 1980 - يىللارنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرى باشلاندى . ئۇ بۇ مەزگىلدە «كۆمۈلمەس ھەقىقەت» ، «ئاپتاپپەرەسنىڭ سۆزى» ، «ياشايسەن تاغ بولۇپ» ، «قارىغاي ئالدىدا» ، «دەريا ۋە بۇلاق» ، «شارقىراتما» ، «يۇلتۇز بىلەن سۆھبەت» ، «ھاياتتىن تۇغۇلغان ھېسلار» قاتارلىق ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان بىر تۈركۈم ياخشى لىرىكىلارنى يازدى . شائىر بۇ لىرىكىلىرىدا ھاياتنى شائىرانە نەزەر بىلەن چوڭقۇر كۆزىتىپ ، ھايات ئاتا قىلغان يېڭى پىكىر - يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ھاياتنىڭ قانۇنىيەتلىك مەسىلىلىرىنى ، قەدىر - قىممىتىنى ، قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى ، شۇنداقلا ئانا ۋەتەنگە ، ئۇلۇغ خەلققە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن . شائىرنىڭ «دەريا ۋە بۇلاق» ناملىق شېئىرىدا ، مەسەل شەكلىنى

قوللىنىپ ، دەريا بىلەن بۇلاقنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق دەريانىڭ ئۆزىگە
مەنبە بولىدىغان بۇلاقلارنى مەنستىمەيدىغان كۆرەڭ ، مەمەدان ، ئەس.
لىنى ئۇنتۇغاق خاراكتېرىنى تەنقىدلىگەن . بۇ مەسەل ئەمەلىيەتتە
كىشىلىك هاياتقا تەتبىقلانغان بولۇپ ، شائىر بۇ ئارقىلىق هايات
قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزگەن . «شارقىراتما»
ناملىق شېئىردا ، شارقىراتما پەيدا قىلغان ئىلهام ئارقىلىق ، ئۆز
ئىجادىيىتى هەققىدە : «ئېھ ، گۈزەل ، هەيۋەتلىك شارقىراتمىدەك ،
بۇ مېنىڭ ئىجادىم ، ئەمگىكىم تەرى . قۇيۇلسا توختىماي ۋەتەن
باغرىغا ، چاچاتتى خۇش پۇراق ئۈمىدىم گۈلى» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇ.
رىغا قويغان .ئۇ كېيىنكى يىللاردا يازغان بۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ
هايات ، تارىخ ، جەمئىيەت رەڭگارەڭ كىشىلىك تۇرمۇش هەققىدىكى
تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلىدى . شۇنىڭدەك شېئىرىي شەكىل
ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر
شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ هەسسە قوشتى . هازىرغىچە
ئۇنىڭ «ئۈمىد چېچەكلىرى» ، «كۆكۈل سۆيگۈسى» قاتارلىق
شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان .

مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ شېئىرىيەت
ئىجادىيىتى ساهەسىگە ئوسمانجان ساۋۇت ، ئىمىن ئەخمىدى ، روزى
سايىت ، ئەبەيدۇللا ئىبراهىم ، ئارسلان ، مامۇت زايىت ، ماخمۇتجان
ئىسلام ، تاهىر تالىپ ، قاسىم سىدىق ، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ، ياسىن
زىلال ، ئابدۇللا سۇلايمان ، ئابدۇللا ساۋۇت ، دىلبەر قەييۇم قاتارلىق
زور بىر تۈركۈم ياش شائىرلار كىرىپ كەلدى . بۇ شائىرلارنىڭ بىر
قىسىملىرى يېڭىچە بەدىئىي پەللىلەر يارىتىلغان ياكى خەلق سۆيۈپ
ئوقۇغان ئېسىل شېئىرلىرى بىلەن يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئا.
ساسلىق ۋەكىللىرىگە ئايلاندى ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى .

**ماخمۇتجان ئىسلام** (مىلادىيە 1947ـ ) يېڭى دەۋر شې.



ئىرىيىتىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان شائىرلارنىڭ بىرى . ئۇ مىلا.
دىيە 1960 ـ يىلى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كىرىپ كەلگەن بولسى.
مۇ ، ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلى يەنىلا يېڭى دەۋر باسقۇچى
بولۇپ هېسابلىنىدۇ . ئۇ ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ، پروزا ، نەسر ،
ئەدەبىي تەنقىد ، ئەدەبىي تەرجىمە قاتارلىق ساهەلىرىنىڭ هەممىسىدە
ئىشلىگەن بولسىمۇ ، ئەمما شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈر.
گەن نەتىجىسى گەۋدىلىك بولۇپ هېسابلىنىدۇ . ئۇ «ئوغلۇمغا» ،
«باهارغا يار بىزنىڭ قەلبىمىز» ، «گۈلچى قىز» ، «سەۋر قىل
يىگىت» ، «ۋەتەن» ، «ۋەتەن ئىشقى دىلىمدا» ، «قۇياشقا باققاندا» ،
«باهارگۈل ئەسلىدىم سېنى باهاردا» ، «سېنىڭ قەبرەڭ بىزنىڭ
يۈرەكتە» ، «ئانا يۇرت سۆيگۈسى» ، «قىزىل گۈل شەهىرى ، سۆيە.
مەن سېنى» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر
شېئىرىيىتىدە ئۆزگىچە بىر مەزمۇن ئالاهىدىلىكى شەكىللەندۈردى .
شائىرنىڭ شېئىرلىرى چىن ئىنسانىي مۇهەببەت ، ئانا يۇرت ـ ۋەتەن
مۇهەببىتىدىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك تېمىلارغا بېغىشلانغانلىقى بىلەن
ئالاهىدە خاراكتېرلىقتۇر .

شائىرنىڭ مۇهەببەت هەققىدىكى لىرىكىلىرىدا مەۋھۇم ، ئابست.
راكت ئىشقىي ۋەسۋەسە ئىپادىلەنمەستىن بەلكى ئىشچانلىقى ، مېھرى.
بانلىقى ، ۋاپادار ـ مەردلىكى ، ئېسىل پەزىلىتى ، گۈزەل رۇخسارى
بىلەن «گۈزەللىك ئالىمىنىڭ سۇلتانى بولۇشقا مۇناسىپ» ئۇيغۇر
قىزلىرىنىڭ بارلىق ياخشى سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈر.
گەن «يار» غا بولغان چەكسىز مېھىر ـ مۇهەببىتىنى ئىزهار
قىلغان .

مۇقەددەس ــــ جىگىرىم ، ئانا يۇرت قىزى ،
تەڭداشسىز ئىشقىڭدا باغلىدىڭ مېنى .
ئۆرتىنەر يۈرىكىم هەرە چاققاندەك



لىر
مۇھ
ىدىن
لىر
ىدۇ
پىكى
تەك
لاش
ئىر
ىكى
نىڭ

ناۋادا بىر دەقىق كۆرمىسەم سېنى .
سەن سۆيگۈ بابىدا ۋاپادار سەنەم ،
سەن قەلبىم تۆرىدە مۇقەددەس قۇياش .
سەن مېنىڭ گۈپۈلدەپ تۇرغان يۈرىكىم ،
بەختىمدۇر سېنىلا «سۆيگۈم» دەپ ئاتاش .
سۆيگۈگە تۆرەلگەن ئىدىم جاھانغا ،
قەلبىمگە سۆيگۈنى ئورناتقان ئۆزۈڭ .
سۆيمىگەن ، سۆيمەسمەن سەندىن باشقىنى ،
ئۆمرۈمنى سۆيگۈدەك ياشناتقان ئۆزۈڭ .
سېنىڭدىن ئايرىلىش مەن ئۈچۈن مامات ،
سەن بىلەن گۈللىنەر ئۆمرۈم — گۈل ھايات .
«ۋاپادار ئاشىقىم» دېسەڭلا مېنى ،
سائادەت كۆكىدە قاقارمەن قانات .
مۇقەددەس — جىگىرىم ، ئانا يۇرت قىزى ،
سۆيىمەن ۋاپادا ئەبەدىي سېنى .

بۇ — شائىرنىڭ «مۇقەددەس ، سۆيىمەن سېنى ئەبەدىي» ناملىق شېئىرىدىن ئېلىنغان پارچە بولۇپ ، شائىرنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ . شائىرنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا ھېسسىيات ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، يارغا بولغان مۇھەببەت ھېسسىياتى ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن . ئەلۋەتتە ، بۇ يەردىكى ھېسسىيات يەنىلا ئىنسانغا بولغان ، ئانا يۇرتقا بولغان ، ۋەتەن - خەلققە بولغان مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان .

شائىرنىڭ ۋەتەن - ئانا يۇرت ھەققىدىكى لىرىكىلىرىدا ئاساسلىق قىلىپ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىلار ، ئۆزى ياشاۋاتقان قايناق ، جۇشقۇن شەھەر كۈچلۈك ھاياجان بىلەن كۈيلەنگەن . چۈنكى ، شائىرنىڭ نەزىرىدە ئانا يۇرت سۆيگۈسى ناھايىتى



مۇقەددەس سۆيگۈ :
«ئاشۇ سۆيگۈ -ئانا يۇرت ئىشقى ،
باركى ئادەم ئۆلمەيدۇ ئەبەد .
خاراب بولماس گۈل -گۈلىستانلار ،
چۆللەر ياشنار بولۇپ باغ ، جەننەت »

شائىرنىڭ يېزا ھەققىدە يازغان شېئىرلىرى روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇلاردا يېزىلارنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلىرى ، دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشلىرى ، يېزىلاردىكى جۇشقۇن ھايات ، رەڭدار ، مول مەزمۇنلۇق ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى قاتارلىقلار تولىمۇ نەپىس تەسۋىرلەنگەن . بۇ تەسۋىرلەرگە كۈچلۈك ھېس - ھاياجان سىڭدۈرۈلگەن بولغاچقا ، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ ، ئادەمدە يېزا ھاياتىنى سېغىندۇرىدىغان بىر خىل تاتلىق تەسىرات پەيدا قىلىدۇ . ماخمۇتجان ئىسلام شېئىرلىرىنىڭ ھەجمى نىسبەتەن چوڭ بولۇپ ، ئۇلاردا بىر پۈتۈن تۇرمۇش كۆرۈنۈشى ياكى بىر پۈتۈن ھېسسىيات دۇنياسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لىرىكا بىلەن ئېپىكا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ ، كىشىگە ھەم تۇرمۇش چىنلىقىنى ھەم ھېسسىيات چىنلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ .

**ياسىن زىلال** (مىلادىيە 1961 - ) مىلادىيە 1980 - يىللاردا قويۇق شېئىري ھېسسىياتقا تولغان شېئىرلىرى بىلەن تونۇلغان تالانتلىق ياش شائىر . شائىر ياسىن زىلالنىڭ ھەۋەسكارلىق دەۋرى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان . شائىرنىڭ شېئىرلىرى 1980 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ «ياسىن ئىمىن» نامى بىلەن مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشكە باشلانغان . شائىر 1984 - يىلىدىن باشلاپ «زىلال» تەخەللۇسىنى قوللانغان .

شائىر ياسىن زىلال ئۆزىنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھايا-

تىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا نەچچە يۈز پارچە شېئىر ئېلان قىلىپ جامائەتچىلىك ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ئۇ «تېپىپچاندىن ئۆتۈپ كېتىمەن»، «يول»، «سايە»، «پەخرىم بوۋام - پەخرىم داۋام»، «ئىنساننىڭ ماھى - ھەزرەت نەۋائى»، «خاھىشىم - پەرمايىشىم»، «شائىرلىقىم - شەيدالىقىم»، «لاچىن قىسسىسى»، «ئەلۋىدا، شائىر»، «ياخشىلىق ياخشى»، «جەننەت ئەلچىسى»، «خەيرلىك بول، خەيرلىك»، «كېرىيە قىزى»، «مەن ئاتا بولدۇم»، «بارماققا قارا»، «خويمۇ زېرىكتىم» قاتارلىق تەپەككۇر بالاغىتى ۋە تىل پاساھىتىگە تويۇنغان شېئىرلىرى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىدە كۈچلۈك ھاياجان پەيدا قىلدى ۋە يېپيېڭى شېئىرىي مەنزىرە ياراتتى. «ئانا»، «جۇدالىق پەريادى»، «ساداقەت»، «بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار» قاتارلىق داستانلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى شېئىرىي تالانتىنى نامايان قىلدى ۋە كۆپ قېتىم ئالقىش - مۇكاپاتلارغا سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ «مۇھەببەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمى مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ياسىن زىلال شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ پىكىر تېرەنلىكى، تويۇنغان لىرىك مۇھىتى، شېئىر تەپەككۇرىنىڭ يېڭى، ھېس - ھاياجانغا باي، شەكىل قۇرۇلمىلىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز تۈردە ئالقىشقا ئېرىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا كلاسسىك شېئىرلارغا خاس مۇكەممەل قۇرۇلما ۋە كۈچلۈك ئاھاڭدارلىق بىلەن زامانىۋى شېئىرلاردىكى يېنىك شەكىل، دولقۇنلۇق شېئىرىي رىتىم، يارقىن پىكىر ۋە ئىچكى مەنە زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن. ياسىن زىلال شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەتنىڭ ھەممە تۈر - شەكىللىرىگە تەڭ ئېتىبار بەرگەن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھەممە شەكىللىرىدە ئىجادىيەتكە قەلەم تەۋرىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياش شائىر-



دۇر. ياسىن زىلال شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ سېھرىي جەلپكارلىقى بىلەن ئىنسان روھىغا سىڭىپ كىرىپ، كۆڭۈلنى لەرزىگە سالىدۇ. ئۇنىڭ شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان «ئەلۋىدا شائىر» ناملىق شېئىرى مۇنداق يېزىلغان:

تومۇرىدا تارىم، يۇرۇڭقاش،
روھ - ۋەسلىدە نوم ئاھى، باغراش.
يۈرىكى ئوت يالقۇنتاغ ئوخشاش،
بېشى بوغدا كەبى ئاپئاق باش.
تارىم، جۇڭغار ئىككى قولىدا،
سۆيگۈسىدە ئاي بىلەن قۇياش.
كۆڭۈل - كۆكسى يايلاقتەك چەكسىز،
دىلى مىليون دىللارغا تۇتاش.
ئولتۇراتتى نۇر ئارا بىر زات،
تەڭرىتاغنىڭ يېنىدا - يانداش.

ئولتۇراتتى بىر نۇر پەرىشتە،
شۇنچە ساھىب، شۇنچە مۇكەررەم.
كۆزلىرىدە ئۈمىد يۇلتۇزى،
قولىدا بىر مۇقەددەس قەلەم.
خىيالىدا دۇنيا ئايلىنىپ،
گاھ چېكەتتى شادلىق، گاھ ئەلەم.
ئەجەب ئىسسىق ئىدى نەپەسى،
گويا جانغا خۇش ناۋا - ئەجەم.
ئۇ پەرىشتە ئەمەستۇر ئەسلى،
ئۇ ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى مۆھتەرەم.

ئاھ . . . شۇم پەلەك . . . ئەجەل شامىلى،

ناگاھ ئاڭا ئۇرۇلدى بىۋاخ .
ئاپئاق بەتلەر قالدى ئاق پېتى ،
ئاق دەپتەرلەر تاشلىندى ۋاراق .
ئاپئاق بەتلەر ئاق باغاق بولۇپ ،
يىغلاپ ـ يىغلاپ يول ئالدى ھەر ياق .
نېمە گەپ بۇ باغاقلاردىكى ،
بۇ شۇم خەۋەر راستمىدۇ؟ ياق ـ ياق !
ئەنقا بولۇپ شائىرنىڭ روھى
كۆككە ئۇچتى ، بېھىشلەرگە باق !

يۇقىرىقى پارچىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولۇدىكى ، ياسىن زىلال شېئىرلىرى تەپەككۇر كەڭلىكى جەھەتتە روھىيەت ئالىمىدىن بالقىپ كەڭ تەبىئەت ئالىمى بىلەن قۇچاقلاشقان شېئىرىي دۇنيانى كىشلەرنىڭ ھېس ـ ئىدراك كۆزلىرى ئالدىدا نامايان قىلىدۇ ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى شېئىرىي تىلنىڭ گۈزەللىكى ، مىسرالارنىڭ مۇزىكىدارلىقى ، ھېسسىياتنىڭ ساپلىقى ، شېئىر ئۆلچەم ـ ئىنتىزاملىرىنىڭ مۇنتىزىملىقى ئادەمگە ھەقىقىي شېئىرىي زوق ، ئېستېتىكىلىق تۇيغۇ ، روھىي ئىلھام ۋە تولۇپ تاشقان ئۇمىدۋارلىق بېغىشلايدۇ .

مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ، 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە شېئىرىيەت ساھەسىگە شېئىرىيەت قارىشى ئۆزگىچە ، ئىزدىنىش ـ يېڭىلىق يارىتىش خاھىشى كۈچلۈك ، جوشقۇن ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر تۈركۈم ياش شائىرلار مەيدانغا چىقتى . ئابدۇقادىر جالالىدىن ، ئادىل تۇنىياز ، باتۇر روزى ، پەرھات تۇرسۇن ، چىمەنگۈل ئاۋۇت ، پەرھات ئىلياس ، پولات ھېۋىزۇللا ، مۇختەر مەخسۇت ، ئىلغارجان سادىق ، ئابلەت ئابدۇرېشىت (بەرقى ) ئۆمەر مەمتىمىن قاتارلىقلار بۇ خىل شېئىرىيەت خاھىشىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىگە ئايلاندى . گەرچە بۇ بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدى-



لىكلىرى بار بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپلا «يېڭىچە شېئىرىيەت ئېقىمىدىكىلەر» دەپ ئاتالدى .

يېڭىچە شېئىرىيەت ئېقىمىدىكى بۇ بىر تۈركۈم ياش شائىرلار ئىجادىيىتى ئەنئەنىۋى ۋە مەۋجۇت شېئىرىيەت چۈشەنچىلىرى ، شېئىرىيەت قاراشلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ ، يېڭىچە شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى ھەققىدە ئىزدىنىپ ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ؛ روھىي دۇنيانى ، قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ، سۇبيېكتىپ ھېس ـ تۇيغۇنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش ؛ شېئىرىي ئوبرازلارنى ئەركىن يارىتىش ، قەلبنى ئوبيېكتىپ ماس نەرسە ـ ھېسسىي ئوبرازلار ئارقىلىق سىمۋوللۇق‌ئىپادىلەش ؛ تىلنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىش ، قاپىيە ، تۇراق ، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ چىقىش ، . . . قا ئوخشاش بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .

يېڭىچە شېئىرىيەت خاھىشىدىكى ياش شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرى نىسبەتەن مول بولدى . ئەسىر ئاخىرىدىكى 10 يىلدا ھەرقايسى نەشرىياتلاردا بۇ خىل شېئىرىيەت خاھىشىنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «شاراب تومۇرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، ئادىل تۇنىيازنىڭ «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا» ، «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى ، پەرھات تۇرسۇننىڭ «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن 100 پارچە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، چىمەنگۈل ئاۋۇتنىڭ «تەتۈر چېقىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، مۇختەر مەخسۇتنىڭ «تەنھا قېيىق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، پەرھات ئىلياسنىڭ «چوغ سورىغان بالا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، پولات ھېۋىزۇللانىڭ «بىر قىز قەلبىگە تېز سىزما» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقىنىڭ «قىز پەسلى»ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، زاھىر ئابدۇراخماننىڭ «روھىمغا سەپەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، ئۆمەر مەمتىمىننىڭ «قەبرىدىكى پالۋان» ناملىق شېئىرلار توپلىمى قاتارلىقلار نەشر قىلىندى . ئۇلارنىڭ شېئىرلى-

ـرىدىن تاللاپ تۈزۈلگەن «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق توپلامنىڭ
خەنزۇچە نۇسخىسى مەملىكەت ئىچىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى ۋە
يۇقىرى باھالارغا ئېرىشتى . ياش شائىرلارنىڭ مول ئىجادىيەت نەتى-
جىلىرى ئەسىر ئاخىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قايىنام - تاشقىنلىق
ۋەزىيەت پەيدا قىلدى . ئۇلار 21 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى-
نىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپ قالغۇسى .

## نىمشېھىت

نىمشېھىت (مىلادىيە 1906 - 1972 - يىلى) ئۇيغۇر ھازىرقى
زامان شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ، بۈگۈنكى زا-
مان شېئىرىيىتىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە ئۆچمەس تۆھ-
پىلەرنى قوشقان ، ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزنى كلاسسىك شې-
ئىرىيىتىمىزگە ، بۈگۈنكى زاماندىكى شېئىرىيىتىمىزنى ھازىرقى زا-
مان شېئىرىيىتىمىزگە باغلاشقا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ، ئەدەبىيات
ساھەسىدىكىلەرنىڭ شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چەكسىز ھۆر-
مىتىگە ئېرىشكەن داڭلىق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ يۈكسەك
دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن سۇغىرىلغان ، ۋەتەن -
خەلق ئۇلۇغلانغان ، ئىلىم - مەرىپەت تەرغىب قىلىنغان ، ئەل -
يۇرتنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى رېئاللىقى جانلىق ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن ، ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبتا ۋە روشەن بەدىئىي ئالاھىدى-
لىكلەرگە ئىگە شېئىرلىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرى-
دىن بولۇپ ، يۇقىرى ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە .

### ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

نىمشېھىتنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئارمىيە ئېلى بولۇپ ، دەسلەپكى



مەزگىللەردە يۇرتىنىڭ ئىسمىنى ئەدەبىي تەخەللۇس قىلىپ ، «ئارمىيە
ئېلى سايرامى» دېگەن ئىسمىنى قوللانغان ، مىلادىيە 1933 - يىلىدى-
كى ئېغىر يارىلىنىشتىن كېيىن "يېرىم ئۆلگەن" دېگەن مەنىدىكى
«نىمشېھىت» ئاتالغۇسىنى ئەدەبىي تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن . بۇ
تەخەللۇس كېيىنچە ئۇنىڭ ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ، ئۇنىڭ
تولۇق ئىسمى نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات
تارىخىدىكى نامىنى "نىمشېھىت" دەپ ئاتاش ئەدەبىيات ئىچى - سىر-
تىدىكىلەر ئۈچۈن ئادەت بولۇپ كەتتى .

نىمشېھىت مىلادىيە 1906 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام
يېزىسىغا قاراشلىق تېزەك قاغا كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىدە
تۇغۇلغان . دەسلەپكى ساۋاتىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە چە-
قارغاندىن كېيىن ، 1922 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە باي ۋە
كۇچادىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان . نىمشېھىت ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجا-
دىيىتىنى مۇشۇ مەزگىللەردىلا باشلىغان بولۇپ ، كۆپلىگەن شېئىرلار-
نى يازغان ۋە بۇ شېئىرلىرى ئاساسىدا «بازار ۋە مازار» ناملىق تۇنجى
شېئىرلار توپلىمىنى تۈزگەن . بۇ توپلام قولىيازما ھالىتىدە كىشىلەر
ئارىسىغا تارقالغان .

باي ، كۇچا مەدرىسىلىرى نىمشېھىتنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنا-
لىقىنى قاندۇرالمىغان . ئۇ تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىش ، ئىلىم ئەھلى
بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش
مەقسىتىدە ، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغلاردىكى مەدەنىيەت - مائارىپنىڭ
مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەرگە بېرىپ ، مەشھۇر
«خانلىق مەدرىسە» گە ئوقۇشقا كىرگەن . بۇ يەردە بىر تەرەپتىن
ئوقۇپ ، بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ھەر
ئىككى جەھەتتىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن جامائەت ئىچىدە تېزلا
تونۇلۇشقا باشلىغان . قەشقەردە ئۇ «مادارا ئەزەم» (چوڭ ياراشتۇ-
رۇش) ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزگەن ھەمدە «ئەنۋارلھۇدا»

(ھىدايەت نۇرلىرى) ناملىق ئىشقى قەسىدىسىنى يازغان. مىلادىيە
1933 ـ يىلى نىمشېھىت ھاياتىدىكى ناھايىتى ئېغىر بىر يىل بولدى.
شۇ يىلى قەشقەردە، قەشقەر خەلقىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا،
ۋەتەن پارچىلاشقا، ئىچكى قالايمىقانچىلىققا قارشى بىر قېتىملىق
قوراللىق كۈرىشى بولغاندا، نىمشېھىت شۇ كۈرەشكە قاتنىشىپ قات-
تىق ئېغىر يارىلانغان. بۇ ئىش ھەققىدە ئۇ «ئۆمۈر خاتىرەمدىن»
ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

تەگكەن ئىدى گەردەندىن،
ئۆتۈپ چىقتى دەنداندىن،
پارچىلىۋەتتى ئېڭەكىمنى،
جاندىن ئايرىلار بولدى.

ئوق تەگدىيۇ ھوش كەتتى،
دوستلارغا خەۋەر يەتتى،
«ئۆلگەن» دەپ گۇمان ئەتتى،
گۆرگە ئۇزىتار بولدى.

كۆپ ئاقتى مېنىڭ قانىم،
چىقىپ كەتتى يېرىم جانىم،
ئەمدى «نىمشېھىت» نامىم،
تارىختا قالار بولدى.

بىر مەزگىللىك جىددىي داۋالاش ئارقىلىق شائىر گەرچە ئۆلۈم-
دىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە
كېلەلمىگەچكە قەشقەردىكى ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالماي بايىغا قايتىپ
كېتىپ، بىر تەرەپتىن داۋالىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىدىن قۇ-



رۇلغان پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، شۇنداقلا
يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىمۇ تاشلىمىغان. نىمشېھىت بايدا يازغان «بىد-
لىم ئىشقىدا»، «باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك تارىخى» قاتارلىق
شېئىرلار شائىر ئىجادىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ، ھەمدە ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.
مىلادىيە 1936 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسى «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ناملىق گېزىت چىقارغاندا، نىمشېھىت
شۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىكىگە يۆتكەپ كېلىنگەن. شائىرنىڭ مۇشۇ
چاغدىن باشلىنىپ، مىلادىيە 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاش-
قان ئاقسۇدىكى ئەدەبىي ھاياتى ناھايىتى نەتىجىلىك ھەم مول مەزمۇن-
لۇق بولغان. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ «بۈيۈك جۇڭگو»، «قىزىم يىغلى-
ماڭ»، «ئوقۇغىلى كەتكەن ئىنىمغا خەت» قاتارلىق بىر تۈركۈم
ياخشى لىرىكىلارنى، «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» ناملىق داڭلىق
داستانىنى يازغان. ئۇ يەنە دراما ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ،
خەلق ئەدەبىياتى ئاساسىدا «لەيلى ـ مەجنۇن» ئوپېراسىنى يازغان.
نىمشېھىتنىڭ ئاقسۇدىكى يەنە بىر چوڭ ئەمگىكى شۇكى، ئۇ لۇتپۇللا
مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە گېزىت سەھىپىلىرى ئارقىلىق ئىلغار
ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلغان ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تۈرتكىلىك رول
ئوينىغان.
نىمشېھىت مىلادىيە 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاقسۇدىن
غۇلجىغا قايىتقان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەركىبىدە غۇلجىغا
بارغان. شۇندىن تارتىپ شائىرنىڭ غۇلجىدىكى جەڭگىۋار ھاياتى باش-
لانغان. ئۇ غۇلجىدا مىللىي ئارمىيەنىڭ باش قوماندانلىق شتابى تەش-
كىل قىلغان «تارىخ يېزىش» ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن، خىزمەت ئېھ-
تىياجى بىلەن ئىلى، چۆچەك ئەتراپلىرىدا ئۇرۇش بولغان يەرلەرنى
كۆزدىن كەچۈرۈپ، شۇ يەرلەردە بولغان ئۇرۇشلار ھەققىدە ماتېرىيال
توپلاپ خاتىرە قالدۇرغان. مىلادىيە 1948 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست

غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا ، ئىمشىھىت بۇ ئىتتىپاقنىڭ كېڭەش ھەيئەت ئەزاسى بولغان ۋە ئۇنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى سۈپىتىدە ژۇرنالچىلىق ساھەسىدىمۇ مۇناسىپ خىزمەتلەرنى قىلغان . ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىن ئالغاندا ، شائىرنىڭ غۇلجىدىكى 5 يىللىق ئىجادىيىتى ناھايىتى ھوسۇللۇق بولغان . بۇ مەزگىلدە ئۇ «ئېلىمگە ئىلھام» ، «ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاب» ، «ئالدىدا» ، «جىنايەتتىن شىكايەت» ، «ۋەتەن مۇھەببىتى» ، «خاتا» ، «غەلەت» ، «غەزەل» ، «سەپەردىكى يارىمغا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ ، كۆرەشچان يىللارنىڭ جەڭگىۋار شائىرىغا ئايلانغان . شۇ مەزگىللەردىكى غۇلجىدىكى جەڭگىۋار ھايات ئىمشىھىت ئىجادىيىتىگىمۇ ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولۇپ ، بۇ يەردە ئۇ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى قايتىدىن يېزىپ ، زۇنۇن قادىرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئايرىم كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرغان ، «لەيلى ـ مەجنۇن» «پەرھاد ـ شېرىن» درامىلىرىنى قايتىدىن يېزىپ ، سەھنىلەشتۈرگەن ، ئىجادىي چۆچەكلەرنى ۋە يەنە بىر قىسىم ئەدەبىي ـ نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يېزىپ ، ئىجادىيىتىدە يېڭى بىر پەللە ياراتقان .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىمشىھىت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يېقىندىن ئاۋاز قوشۇپ ، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى . ئۇ بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل ئىجتىمائىي ـ سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى . مىلادىيە 1952 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلقىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى . شۇندىن كېيىنمۇ ئۇ داۋاملىق تۈردە ئۆلكىلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ،



سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ كەلدى . مىلادىيە 1956 ـ يىلى جۇڭگو ئىسلام دىن جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ھەج ئۆمىكى تەركىبىدە ھەج قىلدى ۋە چەت ئەللەردە دوستانە زىيارەتلەردە بولدى . 1957 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ ، بىرلەشمىنىڭ ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى . شۇندىن تارتىپ 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىشلەپ ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يىللىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر مەدھىيىلىنىدىغان ، يېڭىچە تۇرمۇش پەيدا قىلغان ھېس ـ ھاياجان ئىپادىلىنىدىغان ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى .

مىلادىيە 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئىمشىھىت ھاياتىدىكى تولىمۇ كۆڭۈلسىز شۇنداقلا ناھايىتى ئازابلىق بىر مەزگىل بولدى . سولچىل ئىدىيىنىڭ ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن شائىر خىزمەتتىن توختىتىلىپ ، باي ناھىيىسىگە قايتۇرۇلدى . جازا ھېسابىدىكى ئېغىر ئەمگەك ، تۈگىمەس قىيىن ـ قىستاقلار شائىرنىڭ ھېچ ھالىنى قويمىدى ۋە سالامەتلىكىنى تولىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى . شائىرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئەھۋالى خۇددى شېئىرلىرىدا يازغىنىدەك شۇنداق ئېغىر ئىدى :

ھۇزۇرۇم يوق تېنىمدە ، بىماجال ، ئەمدى ئۆزۈم ھازىر ،
يېغىپ باشىمغا بوھتانلار ئوسال ، ئەمدى ئۆزۈم ھازىر ،
نىتەي توغرا سۆزۈم بولۇپ مالال ، ئەمدى ئۆزۈم ھازىر ،
قىلىندىم بى ئاساس دۈشمەن ، كېلىپ زاۋال ، ئەمدى ئۆزۈم ھازىر ،
ئۈمىدىم : دوستلىرىم مەندەك قېرىغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم .
. . . . . . . . . . . . . .

شائىر ئاشۇ تۈگىمەس ھەرىكەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ، ئاشۇ يىللارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ ، مىلادىيە 1972 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى باي ناھىيىسىدە 66 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

كېيىنكى بىر مەزگىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، نىمشېھىتنىڭ ئىجادىيىتى خېلى مول ھوسۇللۇق ئىجادىيەت بولدى . ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى گېزىت ـ ژۇرنال سەھىپىلىرى شۇنداقلا كىتابلار ئارقىلىق خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇردى . مىلادىيە 1957 ـ يىلى نىمشېھىتنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ھېسابلىنىدىغان «ۋەتەن مۇھەببىتى» ناملىق توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . 1962 ـ يىلى «شېئىرلار» ناملىق توپلىمى يەنە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . 1980 ـ يىلى نىمشېھىتنىڭ نىسبەتەن تولۇق شېئىرلار توپلىمى ھېسابلىنىدىغان «يۈرەك سۆزى» ناملىق توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە «نىمشېھىت شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلامنى نەشر قىلدى . 1987 ـ يىلى نىمشېھىتنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدىن ۋە ئىلگىرى ئېلان قىلىنمىغان بىر قىسىم شېئىرلىرىدىن تەشكىل تاپقان «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» ناملىق توپلام شائىرنىڭ قىزى بۇۋىھەجەر ئارمىيە ئىلىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . 1998 ـ يىلى ئەرشىدىن تاتلىق نەشرگە تەييارلىغان «نىمشېھىت ئەسەرلىرى» ناملىق توپلام شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . بۇ نىمشېھىتنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلام بولۇپ ، ئۇنىڭغا شائىرنىڭ قىسقا شېئىرلىرى ، رۇبائىي ۋە پارچىلىرى ، «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانى ، «لەيلى ـ مەجنۇن» ئوپېراسىدىن پارچە ۋە ئىجادىي يازغان نەسر



چۆچەكلىرى كىرگۈزۈلگەن .

## بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتى

نىمشېھىت مىلادىيە 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە تەخمىنەن 40 نەچچە يىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى . ئەگەر ئىنچىكىلىك بىلەن ئايرىشقا توغرا كەلسە مۇشۇ 40 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىنى باي ، كۇچا ۋە قەشقەردىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدىكى ئىجادىيىتى ، ئاقسۇدىكى ئىجادىيىتى ، غۇلجىدىكى ئىجادىيىتى ، ئازادلىقتىن كېيىنكى 17 يىللىق ئىجادىيىتى ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت 5 باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ ؛ ئالدىنقى 3 باسقۇچ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان دەۋرىگە ، كېيىنكى 2 باسقۇچ بۈگۈنكى زامان دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ ، بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ بۈگۈنكى زامان دەۋرىدىكى ئىجادىيىتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز .

نىمشېھىتنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتى گەرچە ھازىرقى زامان باسقۇچىدىكى ئىجادىيىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە ئىلگىرىكى ئىجادىيىتى بىلەن بىرمۇنچە جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ۋە ئىزچىللىققا ئىگە بولسىمۇ ، ئەمما دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن يەنە بەزى تەرەپلەردە ماھىيەتلىك ئۆزگىچىلىكلەرگىمۇ ئىگە بولدى . بۇ ئۆزگىچىلىكلەر ئاساسەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىدا ئىپادىلەندى . نىمشېھىت ئازادلىقتىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىدا ، ئۇزاقتىن بېرى كۈتكەن ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىنكى خۇشاللىقنى ، ئازادلىق ئېلىپ كەلگەن يېڭىچە ھايات ، يېڭىچە ھېس ـ تۇيغۇنى ، پارتىيىگە ، داھىيغا بولغان رەھمىتىنى ، ۋەتەندىكى يېڭىلىق ـ ئۆزگىرىشلەردىن سۆيۈنۈشلىرىنى ، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىدا قىلىش

ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى . شائىر ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تېما ھېسابلىنىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىمۇ يېڭىچە مەزمۇن ، يېڭىچە پىكىرلەر ئارقىلىق تېخىمۇ بېيىدى ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى . نىمشېھىت بۇ مەزگىلدە ئۇنىدىن باشقا يەنە مۇھەببەت ، ئىلىم ـ پەن تېمىسىدىمۇ بىر قىسىم لىرىكىلارنى ئىجاد قىلدى .

ئۆلكە ئازاد بولۇپ ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پارتلىغۇچە بولغان 17 يىللىق ئىجادىيەت مەزگىلىدە نىمشېھىت «مەرسىيە» ، «ئالدىدا» ، «رەھبەر خاتىرىسىگە» ، «مەكتەپ ئىلھامى» ، «لەززەت ئالغاندا» ، «بىر دىلبىرىمگە» ، «چىقسام ناگاھ ئىشىككە» ، «بەخت تويى» ، «داغ قۇندۇرمايمەن يۈزۈڭگە» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە شېئىر يازدى . شائىر ئىجادىيىتىدە ، شۇنداقلا 17 يىللىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «ئالدىدا» (1950 ـ يىل ) ، «ئۇسۇل» ، «ئالدىدا» ، (1955 ـ يىل ) ، «سېغىندىم» ، «تارىم قىزى» ، «ئالەم يولۇچىسىغا» ، «يۈرەك سۆزى» قاتارلىق داڭلىق لىرىكىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلدى . بۇ لىرىكىلاردا شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . ئازادلىق ـ 17 يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تېمىلارنىڭ بىرى ئىدى . بولۇپمۇ ھازىرقى زامان دەۋرىدىن بۈگۈنكى زامان دەۋرىگە ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ تېما خېلى گەۋدىلىك ئىدى . نىمشېھىت ئازادلىق تېمىسىدا كۆپ يازغان شائىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى . ئۇ ئازادلىقتىن كېيىنكى ھېسسىياتىنى بىر مۇنچە شېئىرلىرىدا :

«يۈرەك بۈگۈن ئاجايىپ تېپىدۇ ،
بىر يوقاتقان ئاجايىپنى تاپقاندەك .
خىرە كۆڭلۈمگە ئىلھام نۇرلار سېپىدۇ ،
مەيۈس دىلىمنى ۋىسال ياپقاندەك .»



دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىدى . شائىرنىڭ بۇنداق ھېسسىياتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى . بىز شائىرنىڭ مۇشۇ مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىققا بولغان تەنتەنىسىنى ، ئاشۇ يىللاردىكى قاينام ـ تاشقىنلىق ۋەزىيەتنى ، خەلقىنىڭ پارتىيىگە ، داھىيغا بولغان چەكسىز ئېتىقادىنى ، جان پىدالىق بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئېتىقادىنى كۆرۈۋالالايمىز . بۇلار ئەمەلىيەتتە شۇ يىللاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى ھېسابلىناتتى . نىمشېھىت كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق ، ئازادلىقتىن كېيىنكى بەختىيار ھاياتنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى گەۋدىلەندۈردى ، شۇنداقلا كىشىلەرنى بۇنداق بەختىيار ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىپ ، ھەر قايسى ساھەلەردىكى جاپالىق ئەمگەك ، مېھنىتى ئارقىلىق ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە چاقىردى :

ئەي ۋەتەن ئەھلى غەنىيمەت دەۋرنىڭ قەدرىنى بىل !
تاشلا ھورۇنلۇقنى ، باشلا ئىشنى ، ھەممىنى ئورنىدا قىل !
. . . . . . . . .
ھەر كىشى قىلماقچى بولسا ئەل ـ يۇرتنى بەختىيار ،
ئىشلىسۇن جان كۆيدۈرۈپ ، ئىلكىدە باردۇر ئىختىيار ،
يېڭى خەلقچىل تۈزۈمدۇر بىزگە ئەڭ ئالىي شوئار ،
بەرگۈسى بۇ يول ۋەتەنگە ـ خەلقىمىزگە ئېتىبار ،

نىمشېھىت شېئىرلىرىدىكى بۇنداق چاقىرىق شۇ دەۋر رېئاللىقىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى . نىمشېھىت شېئىرلىرىدىكى كۈچلۈك ھېسسىيات ، جەڭگىۋار روھ ئەمەلىيەتتە شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى .

نىمشېھىت ئازادلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يىللىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭىچە نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ھەممىدىن بەك سۆيۈنگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى . ئۇ مۇشۇ يىللاردا يازغان «مەكتەپ ئىلھامى» ، «ئالەم يولۇچىسىغا» ، «تارىم قىزى» ، «كۆرگەزمىدىن خاتىرە» ، «يېڭى شىنجاڭىم مېنىڭ» قاتار-لىق شېئىرلىرىدا پەن ـمائارىپ ، يېزا ئىگىلىكى ، سانائەت ساھەلىرى-دە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلىرىگە بولغان سۆيۈنۈشىنى ئىپادىلى-دى ، ھەر قايسى ساھەلەردە جاپالىق كۈرەش قىلىپ ، ۋەتەننى قۇدرەت تاپتۇرۇشقا تۆھپە قوشۇۋاتقان قەھرىمانلارنى مەدھىيىلىدى ، شۇنداقلا ۋەتەنىنىڭ ، خەلقىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق روھى-نى ئىپادىلىدى .

نىمشېھىت پۈتۈن ئىجادىيىتىنى ۋەتەنگە ، ۋەتەننى مەدھىيىلەش-كە ، ۋەتەننى ئۇلۇغلاشقا ، ۋەتەن تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە بېغىشلى-غان مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىر . ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەر-لىك ئىدىيىسى «ئالدىدا» ، «سېغىندىم» ، «يۈرەك سۆزى» ، قاتار-لىق شېئىرلىرىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى .

مىلادىيە 1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ بىر ۋەقە بولغان ئىدى . بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن نىمشېھىت «ئالدىدا» ناملىق شېئىرنى يازدى ۋە شېئىرىدا ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ، ھاياجىنى ۋە ئىرادىسىنى قايناق ھېسسىيات ، شېئىرلىرىنى ئوبرازلار ۋە پاساھەتلىك تىل بىلەن مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىدى :

رۇخسەت ئەيلەڭلار بۇگۈن سۆزلەشكە مەيدان ئالدىدا ،
ئېيتايىن كۆڭلۈمدىكى سىرىمنى ۋىجدان ئالدىدا ،
بۇلبۇلى شەيدا كەبى باغ ئىچرە رەيھان ئالدىدا ،
تەنگە جان سىغماس خۇشالمەن خۇددى بوستان ئالدىدا ،



ياش يىگىتنىڭ كۆڭلى ئوخشاش يارى ـ جانان ئالدىدا .
. . . . . . .
«ئۆلكىمىز مۇختارىيەت» دەپ باشلىنىۋەتتۇق يېڭى توي ،
پارتىيىدىن كەلدى بىزگە بۇ شەرەپلىك ئابرۇي ،
كۆتۈرۈلدى شادۇ خۇراملىقتىن پەلەككە ھايۇھۇي ،
ئەل ئامان ، ئازاد زامان ، كۈلدى ۋەتەن بولغاندا توي ،
كۆپ ئاش ئالغان دېھقان ئوخشاش كۈزدە خامان ئالدىدا .
. . . . . . .
باسىمىز ئالغا قەدەملەپ پارتىيىنىڭ ئىزىدىن ،
ئالىمىز كۆپلەپ ھوسۇل شۇندا ھەر بىر يېزىدىن ،
سۆيۈنەر بوۋاي ، مومايلار ئوغلىدىن ھەم قىزىدىن ،
كەتكۈسى غەملىك ئالامەت ھەممە ئادەم يۈزىدىن ،
بويغا يەتكەن قىزغا ئوخشاش ئۆيدە مېھمان ئالدىدا .

«ئالدىدا» ناملىق بۇ شېئىر نىمشېھىتنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ، شۇنداقلا نىمشېھىتنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇ-جەسسەملەشتۈرگەن سىياسىي لىرىكىلارنىڭ بىرى . شېئىردىكى لى-رىك قەھرىمان «مەن» چەكسىز ھاياجان ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ، ئۇنىڭ ھاياجىنى ئەمەلىيەتتە زۇلمەتلىك رېئاللىقنىڭ دەردىنى بولى-شىچە تارتىپ ئاخىرى پارتىيە ئېلىپ كەلگەن يورۇق تاڭغا ئۇلاشقان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خۇشاللىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . شۇڭا «مەن» ئالدى بىلەن ماۋجۇشىغا ، پارتىيىگە ، ئارمىيىگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ ، رەھمەت ئېيتىدۇ ، شۇنداقلا ئۆلكىمىزدە «مۇختارىيەت» ـ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىدىن چەكسىز بەختىيارلىق ھېس قىلىدۇ ، بۇنى ۋەتەن ، خەلق ئىستىقبالىنىڭ ئاسا-سىي دەپ قارايدۇ ھەمدە كەلگۈسى گۈزەل ، بەختىيار ھاياتقا بولغان

ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ .

«سېغىندىم» — نىمشېھىتنىڭ يەنە بىر پارچە داڭلىق لىرىكى-سى بولۇپ ، شائىر ئۇنى مىلادىيە 1956 - يىلى چەت ئەلدە - ھەج سەپىرىدە يازدى . 30 كۇپلېتلىق بۇ چوڭ ھەجىملىك شېئىرنى شائىر-نىڭ ئاشۇ قېتىملىق ھەج سەپىرىدىكى پائالىيەتلىرىنى كۈن تەرتىپ بويىچە خاتىرىلىگەن . ئەمما ، شېئىرنىڭ قىممەتلىك تەرىپى بۇ ئە-مەس . شائىر ھەج سەپىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ۋەتەندىن ئايرىلغان كۈنلەردىكى كۈچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ ، ۋەتەن ھەققىدە يېزىلغان قەسىدىلەرنىڭ بىر يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى . بۇ شېئىر مۇنداق مىسرالار بىلەن باشلانغان :

سېغىندىممەن ، سېغىندىممەن ، سېغىندىم ،
ۋەتەن سېنى تەشنا بولۇپ سېغىندىم ،
مېھرىڭ تولغان يۈرىكىمدىن سېغىندىم ،
دولقۇنلىغان كۆكرىكىمدىن سېغىندىم ،

بۇ مىسرالاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، شېئىرنىڭ مۇقەد-دىمىسىدىلا شائىرنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان بىر كۈچلۈك ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن . ئەلۋەتتە بۇنداق كۈچلۈك سېغىنىش پەيدا قىلىۋاتقىنى باشقا نەرسە ئەمەس ، دەل ئوتلۇق مۇھەب-بەت ، يەنى ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتتىن ئىبارەت . شائىر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختمۇ ، ئەڭ يۈكسەك ۋىسالمۇ يەنىلا ۋەتەن قوينى ، ئۇ ئەڭ تاتلىق لەززەتنى ۋەتەندىن ئالىدۇ ، شۇڭا :

ئۆلسەم تېنىم قۇچىقىڭدىن جاي ئالسۇن ! . . . .
پاك ۋەتىنىم روھىم سەندە شادلانسۇن ! . . . .



شۇنىڭ ئۈچۈن ، تېزرەك ساڭا يەتسەم دەپ ،
تۆت كۆز بىلەن كېچە - كۈندۈز سېغىندىم .

دېگەندەك مىسرالارنى يازغان . شائىر باشقا شېئىرلىرىدىمۇ كۆپ يازغىنىدەك ، ئۇنىڭ قىبلىسى ، ئۇنىڭ جەننىتى مۇشۇ ۋەتەن . شۇڭا ئۇ ۋەتەننى سېغىنىدۇ ، ۋەتەنگە تېزرەك قايتىپ كېلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ . شائىر ئۆزىنىڭ مۇشۇ قېتىملىق ھەجگە بارالىغانلىقى-نى ۋەتىنىنىڭ ياردىمىدىن دەپ ، چەت ئەللەردىكى دوستانە مۇئامى-لىلەرنى ، ھۆرمەت - ئىززەتلەرنى ۋەتىنىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى ۋە تەسىرىدىن دەپ بىلىدۇ . ئۇ ، ھەج قىلغۇچىلارغا كەمدىن - كەم نېسىپ بولىدىغان بەيتۇللانى يۇيۇش ، پادىشاھ ئوردىسىدا مېھمان بولۇشقا ئوخشاش كاتتا شەرەپلەرگە ئېرىشكەندىمۇ ، بۇ شەرەپنى باشقا ئامىللار بىلەن ئەمەس ، دەل ئۇلۇغ ۋەتىنىنىڭ شان - شۆھرىتى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرىدۇ ھەم بۇ شان - شەرەپلەرنى پەقەت ۋەتەنگىلا تالىق دەپ قارايدۇ . شائىر شېئىرنى :

نىمشېھىتنىڭ سېغىنىشلىق سالامى ،
سېغىنغاندىن باشقا يوقتۇر كالامى ،
قىزىلگۈلگە بۇلبۇل شەيدا بولغاندەك ،
سەن گۈلىستان ۋەتىنىمنى سېغىندىم .

دېگەن مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ . شېئىرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ، كۈچلۈك ھېسسىيات — شائىرنىڭ ۋەتەننى سېغىنىش ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن . بۇ ھېسسىيات چىن ، سەممىي ھەم قايناق بولغاچقا ، كىشى قەلبىنى ئىختىيارسىز ھاياجانغا سالىدۇ . ئۇندىن باشقا يەنە شېئىرنىڭ تىلى جانلىق ، ئاممىباب ، لىرىكىلىق بولۇپ ، قاپىيەلىرى تولۇق ، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك . ئۇنىڭدا شائىرنىڭ تىل

پاساھىتى خېلى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .
مىلادىيە 1962 ـ يىلى يېزىلغان «يۈرەك سۆزى» ناملىق
شېئىر ـ نىمشېھىتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى داڭلىق لىرىكى-
لىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ شېئىردا شائىر ئالدى بىلەن
سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغ ، قۇدرەتلىك ، باي ھالىتىنى
قىزغىن مەدھىيىلىگەن ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى-
نى ئىپادىلىگەن ، ئۇندىن كېيىن بارلىق خۇشاللىقنىڭ ، بەختىنىڭ
مەنبەسى مۇشۇ ۋەتەن ، بۇ ۋەتەندىكى ئاددىي ھايات پادىشاھلارنىڭ
ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇشىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق ، دېگەن قاراش-
لىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن . شائىر شېئىردا يەنە :

شەرقىي تەيۋەندىن يۇرۇپ ، غەربىي جەنۇب تاكى خوتەن ،
يالۇجياڭدىن تاكى شىزاڭ قوشۇلۇپ بىر گەۋدە تەن ،
كۆكرىكىمنى يارسا گەر سوققان يۈرەك دەيدۇ :ۋەتەن !
قەشقىرىمدە چىلگە يەپ ، چاڭجياڭدا ئويناقلاپ ئۈزەي .

دېگەن مىسرالارنى يېزىپ ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇ-
رۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پۈتۈن زېمىنىنى ماھىر-
لىق بىلەن شېئىرىي يوسۇندا كۆرسەتكەن ، شۇنداقلا يەنە ۋەتىنىمىز-
نىڭ چوڭ ئائىلىسىدە نەگىلا بارسا خۇددى ئۆز ئۆيىدەك ئويناپ ـ
كۈلۈپ يۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئاددىي پاكىت ئارقىلىق ۋەتەن-
نىڭ بىر پۈتۈن ھالىتىنى ، تىنچ ـ ئىتتىپاق ۋەزىيىتىنى نامايان
قىلغان . شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتلىرىدا بولسا ، ۋەتەن دۈشمەنلى-
رىگە ، خائىنلىرىغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن .
بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇ-
كى ، شائىر شېئىردا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىر ئىدىيىسىنى
جانلىق كونكرېت شېئىرىي ئوبرازلار ۋە پاساھەتلىك تىل ئارقىلىق



ئىپادىلەپ ، تېخىمۇ يۇقىرى بولغان بەدىئىي ئۈنۈم ياراتقان .
مەسىلەن :

كۆز قاراسىدەك نىگارىم ، تاجۇ تەختىم سەن ۋەتەن ،
لالىزارىم ، نامىدارىم ، ھەرنە بارىم سەن ۋەتەن ،
تەندە جانىم ، كۈچ ـمادارىم ، سايىۋەنىم سەن ۋەتەن ،
. . . . . . . . .
سەندىكى ئاددىي ھايات ئارتۇق قېرىدون تەختىدىن ،
بەلكى ئالىي كۈنلىرىم ھەم ئالىي جەمشىت بەختىدىن ،
بەلكى پارلاق كەلگۈسىمىز ئەۋزەل سۇلايمان رەختىدىن ،
يۈرىكىم سەندە تۇرۇپ ياتقا قانداق تەلمۈرەي .

بۇ مىسرالاردا شائىر ۋەتەننى بىۋاستە ئەمەس بەلكى «نىگارىم» ،
”تاجۇ تەختىم“ ، ”لالىزارىم“ ، ”تەندە جانىم“ ، «كۈچ ـ مادارىم» ،
«سايىۋەنىم» دېگەندەك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئۇلۇغلىغان ، ۋە-
تەن قوينىدىكى بەختىيارلىقنى ئۆزىنى رىۋايەتلەردىكى قېرى-
دون ، جەمشىت ، سۇلايمانلاردىنمۇ ئۈستۈن قويۇش ئارقىلىق
ئىپادىلىگەن .
نىمشېھىتنىڭ 17 يىللىق ئىجادىيىتىدە گەرچە ۋەتەن ھەققىدە
يېزىلغان شېئىرلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىسىمۇ ، ئەمما مۇھەب-
بەت ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلارمۇ يوق ئەمەس . ئۇنىڭ مۇشۇ مەز-
گىللەردە يازغان «بىر دىلبىرىمگە» ، «قىز» ، «مۇھەببەت
سەۋداسى» ، «چىقسام ناگاھ ئىشىككە» قاتارلىق لىرىكىلىرى ناھاي-
تى ياخشى يېزىلغان مۇھەببەت شېئىرلىرى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپىن-
چىسى خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە ، بارماق ۋەزنىدە ، ئەركىن ، جان-
لىق ئۇسلۇبتا يېزىلغان . بۇ شېئىرلارنىڭ چاقچاق ـئېيتىشىش تۈسى
كۈچلۈك بولۇپ ، سەمىمىي ھېسسىيات ، رەڭدار ئىستىلىستىكىلىق

ۋاستىلەر ئارقىلىق ساپ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ، بەختىيار ھايات كۈيلەنگەن .

نىمشېھىتنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى دەپ «ئۇسسۇل» ناملىق شېئىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن . شائىر بۇ شېئىردا :

ئەي مېنىڭ سۆيگەن جانىم ئۇسسۇل ،
تەشنا يۈرەككە ئارمانىم ئۇسسۇل ،
كۆيگەن يۈرەككە دەرمانىم ئۇسسۇل ،

دېگەندەك گۈزەل مىسرالار ئارقىلىق ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى تەرىپلىگەن . شائىر شېئىردا بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىن سۆيۈنۈشىنى بىۋاستە ئىپادىلەپ ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك مىللىي ھېسسىياتىنى ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ، ئۇنىڭ ئورۇندىلىش جەريانىنى ، ھەر بىر نازۇك ھەرىكەتلىرىگىچە تولىمۇ نەپىس تەسۋىرلىگەن .

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرى شائىر ئۈچۈن ناھايىتى ئازابلىق يىللار بولدى .

ئۇ مۇشۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرىدا ئاساسلىق قىلىپ ، ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئازابلىرىنى ، تېڭىرقاشلىرىنى ، ئۈمىد ئۈزۈلمىگەن ئۈمىدسىزلىكلىرىنى ، رېئاللىققا بولغان تەئەججۇپلىرىنى ئىپادىلىدى . نىمشېھىت بۇ يىللاردا قاتتىق قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا قېلىپ ، ھېچقانداق ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلمىگەن . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ھەر خىل ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ، «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» داستانىنى ، «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» ناملىق شېئىرىي رومانىنىڭ 1 مىڭ 500 كۇپلېتىنى ، كۆپلى-



گەن شېئىر رۇبائىيلىرىنى يازغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يوقۇلۇپ كەتتى .» پەقەت «ئۈمىدىم» ، «پېقىرنىڭ ئىقرارى» قاتارلىق بىر قانچە شېئىرلىرى بىلەن بىر قىسىم رۇبائىي پارچىلارلا ساقلىنىپ قالدى . بۇ شېئىرلاردا شائىر :

«مېنىڭدەك زارۇ سەرسان ھەم جاپاكەش بولمىسۇن ھېچكىم» ،
«يامانلىق يوق ئىدى مەندە ، لېكىن ماڭا يامان قىلدى ،
قاۋاندەك ھۆركىرەپ ۋەھشىي ماڭا كۆپلەپ زىيان قىلدى»
«كۆڭۈلگە تولدۇرۇپ زەرداب ، يۈرەكنى لەختە قان قىلدى»

دېگەندەك مىسرالارنى يېزىپ ، ئۆزىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى بايان قىلدى . كۆڭۈلسىز مۇھىت ، ئازابلىق ھايات شائىرنى ئۆزى ھەققىدە كۆپ سۆزلەتكەن ئىدى . دېمىسىمۇ ، بارلىقىنى ۋەتەنگە بېغىشلىغان ، قەلبىدە ياخشىلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ، كېچە ـ كۈندۈز تىنىچلىقنى ، ئاسايىشلىقنى تىلىگەن شائىر كۆز ئالدىدىكى مۇدھىش رېئاللىقنى يا چۈشىنىپ ، يا چۈشەندۈرۈپ بولالمايتتى . شائىرنىڭ :

قانمىدۇر ، مارجانمىدۇر ، يا قەترە شەبنەم ياشىمىز ،
تاشمىدۇر يا تاغمىدۇر ، قايغۇدا قاتقان باشىمىز ،
يوقمىدۇر دۇنيادا بىزنىڭ ئىچ كۆيەر يولداشىمىز ؛
دائىما قايغۇ ـ ئەلەم ، ھەسرەتمىدۇر قۇرداشىمىز ،
سورۇلۇپ باش ئۈستىگە تۇپراقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
بولدىغۇ زىندان كەبى ھەر ياقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك .
. . . . . . . .
مۇھەببەت ئەيلىبان ئاخىرى مەندەك ئەيىبكار بولمىسۇن ھېچكىم ،
مېنىڭدەك زارۇ سەرسان ھەم جاپاكار بولمىسۇن ھېچكىم ،

بىراۋغا ئېتىقاد ئەيلەپ ئۆزى بى ئېتىبار بولمىسۇن ھېچكىم ،
كۆزى ياشلىق ، يۈرىكى زەردە ، دىل ئازار بولمىسۇن ھېچكىم .

دېگەن مىسرالىرىدا ، ئۇ ئاشۇ يىللاردىكى ئىزتىراپلىق ھېسسىياتى گەۋدىلىك ئىپادىلەندى . نىمشېھىت بەزىدە ئۈمىدسىزلىنىپ «ئۈچتى شەمئىي كۆزلىرىمدىن ئۈچتى ئۈمىدىمنىڭ نۇرلىرى . كۆزىمىزنى باستى زۇلمەت قاپقاراڭغۇ تۈنلىرى» دېگەندەك مىسرالارنى يازغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ مىسرادا ئىپادىلەنگىنى ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ئىدى ، ئۇ كەلگۈسىگە بولغان چەكسىز ئۈمىدىنى :

«نىمشېھىت كۆرەرگە شەك قىلماس يېڭى سۇبھى سائادەتنى ،
ئەگەرچە تارتسامۇ ھازىر ئەلەم رەنجۇ ـ پالاكەتنى» ،
«نىمشېھىت قايغۇرمىغىن كۆپ كەلگۈسۈڭ پارلاق بولۇر ،
نىسپىي ئاي بولسا قاراڭغۇ ، نىسپىي روشەن ئاق بولۇر»

دېگەن مىسرالىرىدا ئىپادىلىگەن ئىدى .
نىمشېھىت ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يازغان بىر رۇبائىيسىدا :

«ئاخىرقى ئىجادىمنىڭ چالىسى قالدى ،
قۇرلاردا يۈرىكىم پارىسى قالدى ،
ئىشەنچىم ، ئىشەنچلىك دوستلار سىلەردىن ،
كېيىنكى ئۆمرۈمنىڭ ۋارىسى قالدى .»

دەپ يېزىپ ، ئۆز ئىجادىيىتىنى خۇلاسىلىگەن ئىدى . ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار روھ ، گۈزەل ئارمانلار بىلەن سۇغىرىلغان شېئىرلىرى دەۋرىمىزدە تېخىمۇ قەدىرلىنىپ ، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان



قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرىدىن بولۇپ قالدى .

## نىمشېھىت ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

نىمشېھىت ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىي ھاياتىدا ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن شائىر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن .

1 ) نىمشېھىت ئىجادىيىتى ئالدى بىلەن تېما ئىزچىللىقىغا ئىگە .

نىمشېھىت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ روشەن ، ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق تېمىنىڭ ئىزچىللىق شەكىللەندۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت . بۇنداق ئەھۋال نىمشېھىت ئىجادىيىتىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ ، باشقا شائىرلار ئىجادىيىتىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . نىمشېھىت ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق تېما ـ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى بولۇپ ، ئۇ بارلىق ئىجادىيىتىنى ۋەتەننى ئۇلۇغلاشقا ، كۈيلەشكە بېغىشلىغان ، ئەڭ قىزغىن ھېسسىياتى ، ئەڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى ، ئەڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى ئارقىلىق ۋەتەننى مەدھىيىلىگەن . ئىنچكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق شۇنى روشەن ھېس قىلالايمىزكى ، نىمشېھىت ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان شېئىرلاردىن ئىبارەت . ئۇندىن باشقا نىمشېھىتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ بولۇپ ، بەزىلىرىدە ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بىۋاستە ئىپادىلەنگەن بولسا ، يەنە بەزىلىرىدە ۋەتەن ئۈچۈن پىدا قىلغان قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەش ، ۋەتەن خائىنلىرىغا نەپرەت ياغدۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن . يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا كىشىلەرنى ۋەتەننى سۆيۈشكە ، ۋەتەننى قوغداشقا ، ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا چاقىرىش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىپا-

دىلەنگەن بولسا ، يەنە بىر تۈركۈم شېئىرلاردا ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن ، ۋەتەننىڭ شان ـ شەرەپلىرىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن . نىمشېھىت شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ھەرگىزمۇ قۇرۇق شوئار ياكى مۇبالىغە شەكلىدىكى مەنە بولماستىن ، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدىكى لىرىك ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان ، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر . يەنى ، ئۇنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى لىرىكىلىرىدا ئىدىيە بىلەن ھېسسىيات ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن .

2 ) نىمشېھىت ئىجادىيىتىدە سىياسىي لىرىكا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ .

نىمشېھىت ئىجادىيىتىدە ئېپىك شېئىرلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۈگۈنكى زامان باسقۇچىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى لىرىك شېئىرلاردىن ئىبارەت . ئەمدى بۇ لىرىك شېئىرلارنىڭ خاراكتېرىگە قارايدىغان بولساق ، ئۇلاردا ئاز بىر قىسىم مۇھەببەت لىرىكىلىرى بولغاندىن سىرت ، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى سىياسىي لىرىكىلاردىن ئىبارەت . ئۇنىڭ ۋەتەن ھەققىدە يېزىلغان لىرىكىلىرى ئىچىدە بىز تەبىئەت لىرىكىلىرىنى زادىلا ئۇچراتمايمىز ، دېسەكمۇ بولىدۇ . ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى سىياسىي لىرىكىلار بولۇپ ، ئۇلاردا ۋەتەن خەلق دۇچ كەلگەن مۇھىم مەسىلىلەر ، رېئاللىقتىكى ئۆزگىرىش ، تەرەققىياتلار ، ۋەزىيەت ئەھۋالى ، خەلق ئىرادىسى ، شائىرنىڭ چاقىرىق ـ خىتابى قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن .

نىمشېھىت ئىجادىيىتىدە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، رېئاللىققا يېقىندىن يانداشتى ، ئىزچىل ئىنقىلابىي مەيداندا تۇردى ، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولدى . ئۇ ھەتتا بىر قىسىم مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي مەيدانىنى ، ئىلغار ئىدىيىسىنى ، ئاكتىپ تەشەببۇسلىرىنى ئوت-



تۇرىغا قويدى .

3 ) نىمشېھىت ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە .

تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك نىمشېھىت ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . نىمشېھىتنىڭ شېئىرىي تىلى ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى بولۇپ ، ھەر بىر پارچە مۇنەۋۋەر شېئىرى ئۇنىڭ تىل قوللىنىشتەك ماھارىتى ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . نىمشېھىت قوللانغان شېئىرىي تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاممىباب ، يەڭگىل ، ئىپادىلىك ھەم ئوبرازلىق دەپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن . شېئىرىي شەكىل جەھەتتە نىمشېھىت ئارۇز ۋەزنىدىمۇ ، بارماق ۋەزنىدىمۇ يازغان . ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات مۇھىتىدا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن شائىر بولغاچقا ، ئەسەرلىرىدە كلاسسىك شېئىرلارنىڭ تەسىرى نىسبەتەن گەۋدىلىك . ئەمما ، ئۇنىڭ كلاسسىك شەكىلدە يازغان ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلىرىنىڭ تىلىمۇ ئوخشاشلا ئاممىباب ، يەڭگىل ، ئىپادىلىك ھەم ئوبرازلىق بولۇپ ، مىسرالار چۈشىنىشلىك ، راۋان ، قاپىيەلەر تولۇق چىققان . نىمشېھىت گەرچە پۈتۈن ئىجادىيىتىدە مەنە ـپىكىرنى قانداق ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ ، ئەمما مەنە ـ پىكىرنى قانداق ئىپادىلەشكىمۇ سەل قارىمىغان . ئۇنىڭ ئۇستىگە نىمشېھىت ئىشلەتكەن شېئىرى تىل ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ناھايىتى ئوبرازلىق . ئۇ ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ، تۇراقلىق ئىبارىلەر ، خەلق ئارىسىدىكى ئىپادىلىك تىل ۋە ئۆزى ياسىغان شېئىرىي تىللار ئارقىلىق تىلنى ناھايىتى ياخشى ئوبرازلاشتۇرۇپ ، خېلى يۇقىرى ئىپادىلەش ئۈنۈمى ياراتقان . نىمشېھىت شېئىردا كۆپ ئۇچرايدىغان «يۈزلىرىم شەرمەندە بولسۇن تاڭلا سۇبھان ئالدىدا» ، «بىر تىلەمچىدەك قىسىلدىم يازدا خامان ئالدىدا» ، «مېنىڭ ھالىمنى سورىساڭ ، لەيلىنىڭ ۋەسلىدىكى مەجنۇن» ،

«بوينى باغلانغان مۇشۇكتەك ساڭدا چاشقان ئالدىدا» ، «تامچە سۇغا
زارى بولدۇم بەھرى ئۇممان ئالدىدا» دېگەندەك مىسرالارنى ئەنە
شۇنداق ئوبرازلىق تىلنىڭ مىسالى سۈپىتىدە كۆرسىتىش مۇمكىن .
نىمشېھىتنىڭ بارماق ۋەزىندىكى شېئىرلىرىدا ئۇنىڭ تىل ئالا-
ھىدىلىكى تېخىمۇ روشەن نامايان بولىدۇ . ئۇنىڭ بارماق ۋەزىندىكى
شېئىرلىرى خۇددى خەلق قوشاقلىرىغا ، ياكى بولمىسا شېئىرىي ئېپ-
تىش - لەپەر تېكىستلىرىگە ئوخشايدۇ . بۇنداق شېئىرلارنىڭ تىلى
تېخىمۇ ئاممىباب ، دەل ئەركىن بولۇپ ، ئۇلارغا قىزغىن ھېسسىيات
سىڭدۈرۈلگەن :

قامىتىڭ ئەجەب زىبا ،
ساڭا كۆيمىگەن كىم بار ؟
سەن ئۈچۈن تۇغۇلغانمەن ،
بولمىغاندۇ سەرسان قىز .

ئەي لېۋى قىزىل قىزىل ياقۇت ،
قىلمىغىن مىنى نابۇت .
ھەممىسى لېكىن مەندە ،
ئىشق ئەھلىگە سۇلتان قىز .

يۇقىرىقى مىسرالاردىن بىز نىمشېھىتنىڭ بارماق ۋەزىندىكى شې-
ئىرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز .
ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، نىمشېھىت بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىمۇ ، تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭ داڭلىق
شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر لىرىكى-
لىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك
تېمىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى ھەم شېئىرىيەت ئىجادىيىتى-



نىڭ تەرەققىياتى ، گۈللىنىشى ئۈچۈن كۆرنەرلىك تۆھپىلەرنى قوش-
تى . ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ دەۋر رىئاللىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
قويۇق بولۇپ قالماستىن ، بەلكى يەنە ياراتقان بەدىئىي پەللىسىمۇ
خېلى يۇقىرى . شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەم ئىجتىمائىي قىممەتكە
ھەم بەدىئىي قىممەتكە ئىگە . بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق
توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنىپ ، كىتابخانىلارنىڭ ئاۋۋالقىدەكلا سۆيۈپ
ئوقۇشىغا سازاۋەر بولۇۋاتىدۇ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە مەخسۇس
تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا
چىقىۋاتىدۇ ، ئۇنىڭ ھاياتى ، ئىجادىي ئەسەرلىرى ئالىي مەكتەپ
دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ ، ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ . ئۇ-
نىڭ ۋەتەن ئۇلۇغلانغان ، ئىلىم - مەرىپەت تەشەببۇس قىلىنغان ،
كىشىگە ئۈمىد ، ئىلھام بەخش ئېتىدىغان شېئىرلىرى خەلقىمىز بىلەن
مەڭگۈ بىللە ياشايدۇ .

## ئەھمەد زىيائى

ئەھمەد زىيائى (مىلادىيە 1913 ــ 1989 - يىلى ) مۇشۇ ئەسىر-
دىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان داڭلىق ئەدىبلىرى-
مىزدىن بىرى ، شۇنداقلا جامائەت ئېتىراپ قىلغان تىل ۋە ئەدەبىيات
ئالىمى . ئۇ ئۆمۈر مۇساپىسىدە ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى
ئوخشاشمىغان قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ ، ئەمما ،
ۋەتەن ، خەلقنى كۆيلەش ، ھاياتتىن بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىز قالدۇ-
رۇش ، ئەدەبىيات ۋە ئىلىم ساھەسىگە بىرەر تۆھپە قېتىشتىن ئىبارەت
ئۇلۇغۋار ئارزۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، ھەقىقىي بىر شائىرغا خاس
ئىجادكارلىقى ، ھەقىقىي بىر ئالىمغا خاس ئىجتىھاتى بىلەن ئىشلەپ ،
قىممەتلىك ئەدەبىي ۋە ئىلمىي مىراسلارنى خەلقىمىزگە يادىكار قىلىپ
قالدۇرۇپ كەتتى . ئەھمەد زىيائى گەرچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر

قانچە تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئىجادى-
يىتىنىڭ بۈگۈنكى زامان دەۋرى ، بولۇپمۇ يېڭى دەۋر باسقۇچى ئىلگى-
رىكى ئىجادىيەت باسقۇچلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ، ھوسۇللۇق ، نەتىجى-
لىك بولدى . ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان
«رابىيە - سەئىدىن» داستانى ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزگىچە بىر
ئىجادىيلىقنىڭ مەھسۇلى ھېساپلىنىدىغان «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ
قۇرغۇچىلىرى يۇسۇپ ۋە مەھمۇد» داستانى ، بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر لى-
رىكىلىرى ، كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلىرى مۇشۇ باسقۇچتا يېزىلدى .
ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ ،
مۇشۇ ئەسىردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىدىن
بولۇپ قالدى .

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئەھمەد زىيائى مىلادىيە 1913 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەر يېڭىشە-
ھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئائى-
لىسىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ دادىسى داموللاخۇن ھاجىم چەت ئەللەردىكى
داڭلىق مەدرىسە - مەكتەپلەردە ئوقۇپ بىلىم تەھسىل قىلغان ، شۇن-
داقلا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان ئۆلىما ، شائىر
ئادەم بولۇپ ، ئۆز ئائىلىسىدە شۇ دەۋلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا خېلىلا
مۇكەممەل ھېسابلىنىدىغان كۇتۇپخانا ئېچىپ ، ئەرەب ، پارس ، ئۇيغۇر
تىللىرىدىكى ئەدەبىيات ، تارىخ ، پەلسەپە ، ئەخلاق . . . قا دائىر
نەچچە مىڭ پارچە كىتاب ساقلىغان . موللاخۇن ھاجىم يەنە مۇشۇ
مەزگىللەردە تۈركىيە ، ئافغانىستان ، مىسىر ، ئىرانلاردا چىقىدىغان
مۇناسىۋەتلىك گېزىت - ژۇرناللارغىمۇ مۇشتەرى بولۇپ ، كۇتۇپخانى-
نى يېڭى بىلىم - ئۇچۇرلارمۇ تارقىلىدىغان مەركەزگە ئايلاندۇرغان .
مانا مۇشۇنداق ياخشى ئىلىم مۇھىتىدا ، دادىسىنىڭ قاتتىق تەلىپى



ۋە ئەتراپلىق تەربىيىسى ئاستىدا بالىلىق - ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرى-
نى ئۆتكۈزگەن ئەھمەد زىيائى تېخى كىچىك تۇرۇپلا ئەدەبىيات ئىلمى
ۋە ئەرەب ، پارس تىللىرى بويىچە خېلى پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان .
ئۇ تەخمىنەن 10 ياشلارغا كىرگەندە شېئىر يېزىشقا باشلىغان .
1928 - يىلى «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستاننى يازغان ۋە
«زىيائى» تەخەللۇسىنى قوللانغان . ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدىكى
بۇ داستاننىڭ يازما نۇسخىسى كىشىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ياخشى
باھالارغا ئېرىشكەن ھەم ئۇنىڭ نامىنى چىقارغان ئىدى . ئەھمەد
زىيائى دەسلەپكى شېئىرلىرىنى يەنە ئەرەب ، پارس تىللىرىدىمۇ
يازغان .

ئەھمەد زىيائى مىلادىيە 1935 - يىلى قەشقەردە مەرىپەتپەرۋەر
شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقى باش مۇھەررىرلىكىدە چىقىۋاتقان «يېڭى
ھايات گېزىتى»گە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ھەم مۇشۇ يىلدىن باشلاپ
مەتبۇئاتلاردا شېئىر ئېلان قىلىشقا باشلىغان . ئەمما ھەر خىل سەۋەب-
لەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئاشۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرى دەۋرىمىزگى-
چە يېتىپ كېلەلمىگەن . 1937 - قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قولغا ئېلى-
نىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئەھمەد زىيائى تاكى
1943 - يىلىغىچە مەزكۇر گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلى-
گەن . ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە قەلىمى ۋە گېزىت سەھىپىلىرى ئارقى-
لىق شۇ دەۋر رېئاللىقىدا مۇھىم مەسىلىلەر ھېسابلىنىدىغان فاشىزم-
غا قارشى ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ مۇقەر-
رەرلىكىنى خەلققە تونۇتقان ، شۇنداقلا خەلقنى مەدەنىيەت - مەرىپەتكە
دەۋەت قىلغان . ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بۇ
گېزىتنىڭ تىرازى 38 مىڭغا يېتىپ پۈتۈن خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ،
ئىلغار پىكىر - ئىدىيىلەر تەشۋىق قىلىنىدىغان گېزىتكە ئايلانغان .

مىلادىيە 1943 - يىلى 4 - ئايدا شېڭ شىسەي ئەھمەد زىيائىنى
بۆيرۇق بىلەن ئۈرۈمچىگە نەزەربەند ھېسابىدا ئېلىپ كەتكەن . دەس-

لەپكى بىر مەزگىلدە ئەھمەد زىيائى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا لوتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارلاپ 1944 - يىلى 4 - ئايدا ئۇنى تۇرمىگە تاشلىغان. 1946 - يىلى 5 - ئايدا تۇرمىدىن چىققان شائىر شۇ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، سودا كارۋىنى تەشكىللەپ لاداخقا بېرىپ سودا قىلغان. 1947 - يىلىدىن باشلاپ نامى ئۆزگەرتىلگەن «يېڭى ھايات گېزىتى»، «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە بۇ ئىشنى ئازادلىققا قەدەر داۋاملاشتۇرغان. 1948 -يىلى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە نەنجىڭگە بېرىپ، شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغان.

1940 - يىللار گەرچە ئەھمەد زىيائى سىياسىي - ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق يىللىرى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى مول ھەم گەۋدىلىك بولدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، چوڭ تەسىر قوزغىدى ۋە شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئەھمەد زىيائىنىڭ بۇ مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى شۇ بولدىكى، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر - شەكىللىرىدە دېگۈدەك ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنى ژانىر -شەكىل جەھەتتىن بېيىتىشقا زور ھەسسىلەرنى قوشتى. 1940 - يىللاردا ئۇ «يۇرت - ئەل ئۈچۈن»، «ئاختۇرۇپ يۇردۇم مەھبۇبىنى»، «ھەيرەت ئىچىدە»، «قېنى تاڭنىڭ نەسىمى»، «جاھان لەنگەر»، «گۈل تولا گۈللۈكتە ئەمما»، «كۈرەشچان بولمىغۇنچە. . .» قاتارلىق لىرىكىلارنى؛ «تۇرمۇش سازىنىڭبۇزۇق پەدىسى»، «پىداكارلىق مېدالى» قاتارلىق داستانلارنى؛ «قارا كۈنلەر، نۇرلۇق ھايات»، «ۋاڭ جىڭۋېي»،



«رابىيە - سەئىدىن» قاتارلىق دراما - ئوپېرالارنى؛ «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى، «ۋىجدان ۋەمۇھاكىمە» ناملىق پۇبلىستىكا ئەسەرنى، «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» قاتارلىق ئىلمىي - نەزەرىيىۋى ماقالىلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. 1947 - يىلى ئۇنىڭ «توزۇماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق پۇبلىستىكا ئەسىرى ۋە «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق ساياھەت خاتىرىسى ئايرىم - ئايرىم كىتاب بولۇپ بېسىلدى. بۇ كىتابلارنىڭ نەشردىن چىقىشى شۇ چاغلاردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ساھەسى ئۈچۈن چوڭ بىر ۋەقە بولغان ئىدى.

ئەھمەد زىيائىنىڭ بۇ يىللاردىكى شېئىرلىرى روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى لىرىك شېئىرلاردىن ئىبارەت. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ لىرىك ھېسسىياتى، دەۋر ئاتا قىلغان تۇيغۇ - تەسىراتلىرى، دىداكتىك تەشەببۇسلىرى، ئەخلاقىي قاراشلىرى، پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرى ۋە كىشىلەرنى ئىلىم - مەرىپەتكە، كۈرەشچان ھاياتقا دەۋەت قىلغان چاقىرىقلىرى ئىپادىلەنگەن. ئەھمەد زىيائى ھەقىقىي شائىرلىق پەزىلىتىگە ئىگە ئادەم بولۇپ، ئۇ 1943 - يىلى يازغان «ئەل - يۇرت ئۈچۈن» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق مىسرالارنى يازغان ئىدى:

ئەل يۇرت ئۈچۈن تارتقان ئەلەمنى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.

خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ،
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.

ياخشى ئىنز نېمە؟ئەل ئۈچۈن خىزمەت،
ئەمەس ياخشى ئىنز مال بىلەن مۇلۇك.

ئەلنىڭ ھاياتى ئەگەر تىلەركىن ،
جاننى شادلىنىپ ئۇنى بەرگۈلۈك .

ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئەي زىيا ،
يىغلىسا يىغلاپ ، كۈلسە كۈلگۈلۈك .

دەرۋەقە ، بۇ شېئىر شائىرنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدىكى بىر خىتابنامە
بولۇپ قالدى . ئۆمۈربويى ئۇ خەلقىنىڭ دەردى ئۈچۈن يىغلاپ ، خۇشال-
لىقى ئۈچۈن كۈلىدىغان شېئىرلارنى يازدى . ھاياتنى ، بارلىق زېھ-
نىي كۈچىنى خەلق ياقتۇرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا ، خەلقىمىزنىڭ
ئەقىل - پاراستىنى ، باتۇرلۇق - قەھرىمانلىقلىرىنى ئىجادىيىتى
ئارقىلىق نامايان قىلىشقا ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان قىممەتلىك مى-
راسلارنى يورۇقلۇققا چىقىرىشقا ، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى تەتقىق قى-
لىشقا بېغىشلىدى .
ئەھمەد زىيائىنىڭ 40 - يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە «رابىيە -سە-
ئىدىن» ئوپېراسى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ ئوپېرا 1943 -يىلى
يېزىلغان بولۇپ ، ئەھمەد زىيائىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە يازغان
يىرىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . 5 پەردە 9 كۆرۈ-
نۈشلۈك بۇ ئوپېرا ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ داستانىدىكى ۋەقەلىك ئاسا-
سىدا يېزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئەركىن مۇھەببەت ، بەختىيار ھايات
يولىدا جان پىدا قىلغان بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى
ۋە پاجىئەلىك تەقدىرى يېزىلغان . ئەھمەد زىيائى بۇ تېمىغا كۆپ
جەھەتلەردىن ئىجادىي ئەمگەك سىڭدۈرۈپ ، بۇ تېمىنى تېخىمۇ بېيىت-
قان ھەمدە ئۇنى ئوپېرا قىلىپ يېزىشقا ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت تالانتىنى
جارى قىلدۇرۇپ ، ئەسەرنى قويۇق شېئىرىي تەركىبلەرگە ۋە شېئىرىي
تۈسكە ئىگە قىلغان . ئەسەردە رابىيە بىلەن سەئىدىن ئوبرازىنى نوقتى-



لىق تەسۋىرلەپ ، زۇلمەتلىك رېئاللىققا قارشى چىقىشقا جۈرئەت
قىلغان بۇ پېرسوناژلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شۇ دەۋر ئۈچۈن ئىلغار
بولغان ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇندىن باشقا ئەھمەد زىيائى
بۇ ئەسىرىگە قوشۇمچە قىلغان «مۇقەددىمە» سىدە ئابدۇرېھىم نىزارى
ۋە ئۇنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ھەققىدە ئىلىم دۇنياسىغا
تۇنجى قېتىم ئۇچۇر بەرگەن ۋە بۇ ئەسىرى ئارقىلىق بۇ كلاسسىك
تېمىنى ھازىرقى زامان تېمىسىغا ئايلاندۇرغان .
مىلادىيە 1949 - يىلىدىن كېيىن ئەھمەد زىيائى ھاياتى ۋە
ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرى باشلانغان . ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ
قەشقەردە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى شاھانە ئەسەر - «تۈركىي
تىللار دىۋانى»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىش-
لەشكە ئوخشاش ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان . 1957 - يىلى
ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ بېرىپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ئىش-
لىرى بىلەن شۇغۇللانغان . 1950 - يىللاردا ئۇ ئاساسلىق زېھنىي
كۈچىنى كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ، ئۇلار ئۈستىدە
تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا قاراتقان بولۇپ ، ئىجادىيەتتە ئۇنچە چوڭ
ھوسۇل ئالالمىغان . 10يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى-
دە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ، نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنى تارتىپ ، ئى-
جادىيەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنالمىغان .
ئەھمەد زىيائى مىلادىيە 1980 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي
پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەكلىپ قىلىنىپ ئاكادىمىيەنىڭ مىللەتلەر
ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا خىزمەت قىلدى . شۇندىن تارتىپ
ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتى يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم
قويدى . بۇ يىللاردا ئۇ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ، ئاجايىپ شىجائەت
بىلەن ئىشلەپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتە
كاتتا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنى-

يىتى - ئىدىيىسى تارىخىدىكى شاھانە ئەسەر ـــ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشتەك زور ئىلمىي ئەمگەككە قاتناشتى . بۇ ئەسەر ھەققىدە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە تەتقىقات ماقالىلىرىنى يازدى . يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە «ئىلمىي ئابدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى ـــ يۇسۇپ ۋە مەھمۇد» داستانىنى ۋە بىرمۇنچە ياخشى لىرىكىلارنى يازدى . شۇنداقلا يەنە پروزا ئىجادىيىتى بويىچىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ ، ئاپتوبىئوگرافىك رومانى ـــ «تۆت ئۆلۈپ ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم» يېزىشقا كىرىشتى . ئەمما ، سالامەتلىكى بۇ ئەسەرنى يېزىپ تاماملاشقا يار بەرمىدى . ئەھمەد زىيائى مىلادىيە 1989 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 -كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 74 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتتى .

ئەھمەد زىيائى ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ياراتقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە ئەسىرى دېگۈدەك نىسبەتەن يۇقىرى بولغان تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە . ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى تېخىچە كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى . ئەھمەد زىيائىنىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن 1998 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى» ناملىق توپلىمى بىلەن 1986 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق داستانى بار . ئۇنىڭ «ئىلمىي ئابدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى ـــ يۇسۇپ ۋە مەھمۇد» داستانىنىڭ پارچىسى ئايرىم كىتابچە قىلىپ باستۇرۇلغان . «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى» ناملىق توپلامغا ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ، «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسى ۋە بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن .



## بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتى

ئەھمەد زىيائىنىڭ ھەر قايسى ئەدەبىيات دەۋرلىرىدىكى ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان ئىجادىيەتتىن ئىبارەت . ئۇ «توزۇماس چېچەكلەر» توپلىمىدىكى شېئىرلىرى ئارقىلىق 40 - يىللاردىلا داڭ چىقارغان ۋە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئىدى . ئۇ بۈگۈنكى زامان باسقۇچىدىمۇ يەنىلا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، بۇ دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلاندى . ئەھمەد زىيائى 1950 - ، 1960 - يىللاردا «سايرا» ، «نەي ساداسى» ، «كۆكلۈمگە خىتاب» قاتارلىق بىرقانچە شېئىر يازدى ، 1970 - يىللاردا ئاساسەن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالمىدى . 1980 - يىللارغا كەلگەندە «كۆرۈپ ئىلمىي چېچەكلەرنى» ، «بۇلبۇلغا خىتاب» ، «ئارزۇ» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ، ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى ئۈچۈن چەكسىز مۇمكىنچىلىكلەر يارىتىلغان يېڭى دەۋردىن سۆيۈنۈشىنى ، ئىلىم - پەن ئارقىلىق ۋەتەننى ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن بولسا ، «ۋەتەن تەن ئېرۇر ، ئىتتىپاقلىق جېنى» ، «ۋەتەن گۈلزارى ياشنايدۇ» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ، بىرلىك ، ئىتتىپاقلىقنى كۈيلىگەن . مۇشۇ يىللاردا شائىر يەنە «سېلىپ مېھرىڭنى كۆكلۈمگە» ، «قىز كۆڭلىنى باستى غەم» ، «چىن مۇھەببەت بولسىلا» ، «كۆڭۈل گەر رەنجىسە» قاتارلىق مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يېزىپ ، ئۆزىنىڭ ھېسسىيات ئىپادىلەشتىكى ئالاھىدە ماھارىتىنى ۋە كلاسسىك شەكىللەردە شېئىر يېزىشتىكى ئۆزگىچە ئۇستىلىقىنى نامايان قىلغان . ئۇنىڭ «قىز كۆڭلىنى باستى غەم» ناملىق لىرىكىسى بۇ جەھەتتىكى ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ۋە تەرىپلىشىگە سازاۋەر بولغان :

گۈزەل قىز كۆڭلىنى باستى ئۆزى بىلمەيدىغان بىر غەم ،
ۋۇجۇدى گۈلشەننى چەيلىدى ، قىلدى تامام بەرھەم .

ئېقىپ نەرگەس كۆزىدىن گۈل يۈزىگە قەترە - قەترە ياش ،
قىزىل گۈل بەرگىگە ئانداغكى قوندى دانەئى شەبنەم .

دىلىدا ئوت ، كۆزىدە ياش ۋە لېكىن شۇ ئاجايىپكىم ،
بۇ ئوتنىڭ يالقۇنى ئارتتى قۇيۇلغانسېرى كۆزدىن نەم .

غېجەك ساچىغا ئوخشاش كۆڭلىگە مىڭ - مىڭ تۈگۈن چۈشتى ،
قەيەردە بىر تېبىبكىم قىلسا ئىشقىڭ دەردىگە مەرھەم .

بولۇر ھەر دەردكە بىر دارى ۋە لېكىن سۆيگۈ دەردىگە ،
ۋىسالىدىن باشقا بىر ئەمچى قىلالمايدۇ ئۇنىڭغا ئەم .

يېتەمدۇ يار ۋەسلىگە ، كېتەمدۇ ياكى ئارماندا ،
مۇھەببەت ئەھلىگە بۇ سىر ، زىيائى بەك ئېرۇر موجەم .

بۇ بىر پارچە شېئىرنى بىز شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى يۇقىرى سەۋىيىسى ، ھېسسىيات ئىپادىلەش ، كەيپىيات يارىتىش جەھەتتىكى ماھارىتىنى ۋە ياراتقان بەدىئىي پەللىسىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە مىسال ئالدۇق . بۇ شېئىردا شائىر ئىشق - مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ كۆڭلى پاراكەندە بولغان بىر غەمكىن قىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى ، كەيپىياتىنى ھېسسىياتىنى ھەقىقىي شائىرغا خاس بەدىئىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئىنچىكە ، نەپىس شۇنداقلا جانلىق ئىپادىلەپ ، يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم ياراتقان .



ئەھمەد زىيائىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئەھمەد زىيائىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى ”ئاز ھەم ساز“ دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن . دەرۋەقە ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى سان جەھەتتىن كۆپ ئەمەس ، ئىجادىيەت ھاياتىغا بۆلگەندە ھەتتا يىلىغا بىرەردىنمۇ توغرا كەلمەيدۇ ، ئەمما ، شېئىرلىرى مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ، مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن خېلى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە . ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولسىمۇ ۋەتەن - خەلق ، ئىلىم - مەرىپەت ، ئەدەپ - ئەخلاق ، ئىشق - مۇھەببەت تېمىلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى لىرىك شېئىرلار بولۇپ ، ئۇلاردا شائىرنىڭ ھايات ھەققىدىكى ھېكمەتلىك ، پەلسەپىۋى قاراشلىرى ، ئەخلاقىي - دىداكتىك تەشەببۇسلىرى ، ھەرخىل ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەن . ئۇ شېئىرلىرىدا مەدھىيە -قەسىدىلەرنى ئەمەس ، بەلكى تەربىيە -چاقىرىقنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان . ئۇ شېئىرنى كىشىلەرنى تەربىيىلەيدىغان ، كىشىلەرگە بىلىم بېرىدىغان ، كىشىلەرنى ئادەملىككە يېتەكلەيدىغان ۋاسىتە ، دەپ قارىغان . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە دىداكتىك شېئىرلار پۈتۈن قىسقا شېئىرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ . ئۇنىڭ بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى «نەي ساداسى» ناملىق شېئىردا گەۋدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . شائىر بۇ شېئىردا مۇنداق بىر قانچە مۇھىم دىداكتىك ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرگەن . شائىرنىڭ ئالدى بىلەن ئۇلۇغلۇقىنى يەنىلا بىلىم ، ئۇ كىشىلەرنى بىلىملىك بولۇشقا چاقىرىدۇ :

دېدىكىم : ئى نادان ! گەر ئىستىسەڭ ئۆمرۈڭگە بىر مەنە ،
ۋۇجۇدۇڭنى مۇنەۋۋەر قىل پۈتۈنلەي ئىلمۇ ئېرپاندىن .
يېتەكلەيدۇ ھەقىقەت سەيرگاھىغا سېنى بۇ نۇر ،
تاپالمايسەن بۇ نۇرنىڭ سىرىنى خۇرشىدى تاباندىن .

شائىر بىلىم بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە هايات ئۇچۇن كۇرەشنى ، غايە ئۇچۇن تىرىشىشنى ئۇلۇغلاپ ، تىرىشىپ كۇرەش قىلغاندىلا هەممىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ :

تىرىش ، ئىشلە ، يىقىلساڭمۇ قوپۇپ قايتا يولۇڭنى ماڭ ،
كىشى هەر نەرسىكىم تاپتى ، ئۇنى تاپتى تىرىشقاندىن .
ئۇيۇقتا هال شەپەقتىن هەر سەهەر شۇ خەت يېزىلغايكىم ،
«ئەمەس هېچ نەرسە تاتلىقراق ئۆزى ئىشلەپ يېگەن ناندىن» .

شائىرنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا ئىلگىرى سۇرگەن يەنە بىر ئىدىيىسى - ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت . شائىر ۋەتەنگە بولغان مۇهەببەتنى ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ شەرەپلىك مۇهەببەت ، دەپ سۇپەتلەيدۇ هەم كىشىنىڭ بەختى ، تەقدىرى ۋەتەن بىلەن باغلىق بولىدۇ ، شۇڭا هەر بىر ئادەم ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشى كېرەك ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۇرىدۇ :

ۋەتەنپەرۋەر يىگىت بول ، بولمىغىل ئەلدىن جۇدا هەرگىز ،
كۆيەر گۇل شاخى گۇلخاندا كېسىلگەندە گۇلىستاندىن .
مۇهەببەت - چىن مۇهەببەت مانا شۇدۇر بىباها گۆهەر ،
ئەجەب راهەتلىنۇر جانلار قۇشى شۇ گۇلگە قونغاندىن .

دوستلۇق - ئەهمەد زىيائى ئىزچىل كۆڭۈل بۆلگەن ، كۆپ يازغان تېمىلارنىڭ بىرى . بۇ شېئىردىمۇ شائىر چىن ئىنسانىي دوستلۇقنى ئۇلۇغلايدۇ ، هەم دوستلۇق پەزىلىتى هەققىدە مۇنداق پىكىرلەرنى ئوتتۇرغا قويىدۇ :



ئۆزۈڭگە دوست توپلا ، مۇمكىنقەدەر بولمىغىل دۇشمەن ،
ۋاپادار دوست يىغىش ياخشى كۇمۇش -ئالتۇننى يىغقاندىن .
يېقىن دوستتىن كۆرۈلسە نامۇۋاپىق ئىش ، كەچۈر ئانى ،
ئەمەس ئەيىبلىك سۇزۇك سۇ ، ئانچە - مۇنچە خەس ئېقىتقاندىن .

يۇقىرىقى پارچىلاردىن يالغۇز شائىرنىڭ دىداكتىك ئىدىيىسىنىلا ئەمەس ، بەلكى شېئىرىيەت ماهىرلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئەهمەد زىيائى گەرچە هازىرقى - بۈگۈنكى زامان شائىرى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى كلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ ، ئۇلاردىن كلاسسىك شېئىرلار لەززىتىنى تېتىغىلى بولىدۇ . ئۇ شېئىرلىرىنى ئاساسەن كلاسسىك شەكىللەردە يازغان بولۇپ ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ پاساهەتلىرىگە ئىگە قىلغان . شېئىرلاردا يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارمۇ ئاساسەن شېئىرىيەت ئەنئەنىمىزدىكى هېسسىي ئوبرازلاردىن ئىبارەت . بۇ جەهەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ئىزچىللىقىنى ئۆگىنىش - تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە .

ئەهمەد زىيائىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتىدە «رابىيە - سەئىدىن» داستانى بىلەن «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇر - غۇچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەهمۇد» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «يۇسۇپ ۋە مەهمۇد» دەپ ئاتايمىز ) داستانى مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ .

«يۇسۇپ ۋە مەهمۇد» داستانى مەزمۇن جەهەتتە قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشاپ ئىجاد قىلغان دۇنياۋى مەشهۇر ئىككى ئالىمىمىزغا — يۇسۇپ خاس هاجىپ بىلەن مەهمۇد قەشقەرىگە ۋە ئۇلار ياراتقان ئىككى ئىلمىي ئابىدىمىز - «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا بېغىشلانغان . ئەهمەد زىيائى بۇ ئالىملىرىمىزنى ، ئۇلار ياراتقان ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنى ئىلمىي ۋە بەدىئىي يوسۇندا ، ناهايىتى كەڭ دائىرىدە مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا بايان قىلىش بىلەن بىرگە ، يەنە بۇ

داستاننى ئاشۇ مەزمۇنلار ھەققىدىكى قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەسەرنى بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخ، مەدەنىيەت، جۇغراپىيە، فولكلور، يەرناملىرى . . . ھەققىدىكى بارلىق بىلىملەر بىلەن بېيىتقان. مۇشۇ تەرەپلەرگە قاراپ، مەزكۇر داستاننى ئىككى ئالىم ۋە ئىككى ئەسەر ھەققىدىكى، شۇنداقلا ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر خىل مەسىلىلەر، ھەر خىل بىلىملەر ھەققىدىكى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان قامۇس، دەپ ئاتاش مۇمكىن.

«يۇسۇپ ۋە مەھمۇد» داستانى بىر پارچە چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، تەخمىنەن 15 مىڭ مىسرا شېئىردىن تەشكىل تاپقان، ئۈچ قىسىم 25 بابقا بۆلۈنگەن. داستان مەسنەۋى شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب مەھزۇف بەھرىدە يېزىلغان. داستاندىكى ھەر بىر قىسىم مۇستەقىل بىر مەزمۇن بىرلىك بولۇپ، بىرقانچە بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھەر بىر باب كلاسسىك داستانچىلىق ئۇسلۇبىدا شۇ بابتىكى ئاساسىي مەزمۇن ئومۇملاشتۇرۇلغان نەسر بايان بىلەن باشلانغان. ھەر بىر باب ئاساسلىق مەزمۇندىن باشقا يەنە لىرىك قىستۇرما تەركىبلەر — ئىبرەت، پەند، مۇلاھىزە، ھېكايە، مۇخەممەس، غەزەل، قىتئە، رۇبائىيلار بىلەن زىننەتلەنگەن. داستاندا، ئاساسلىق مەزمۇن ھەققىدىكى بايانلار ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئاشۇرسا، لىرىك قىستۇرمىلار ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى، بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرغان.

مەزكۇر داستاننىڭ 1-قىسمى ھەجىم جەھەتتىن ئەڭ چوڭ، مەزمۇن جەھەتتىن ئەڭ ئاساسلىق قىسىم بولۇپ، جەمئىي 17 بابتىن تۈزۈلگەن. بۇ قىسىمدا، شائىرنىڭ داستاننى يېزىشتىكى سەۋەب - مەقسەتلىرى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى؛ ئۇلار مۇھىم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بالاساغۇن - بارسىغان، ئوردۇ كەنت شەھەرلىرى؛ قاراخانىيلار خانلىقى، ئۇنىڭ ھاكى-



مىيەت، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، دىن ئىشلىرى، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كۈرەشلەر؛ ئەسەرنىڭ ئاساسلىق قەھرىمانلىرى بولغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ نەسەبى، ئىلىم ئىزدەش يولىدا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى، ئوردىدىكى زىددىيەت ۋە ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىككى ئالىمنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى يېزىش جەريانى، ئەسەرلەرنىڭ شۇ مەزگىللەردىكى تەقدىرى، تەسىرى، تەنتەنىسى؛ شۇنداقلا ئىككى ئالىمنىڭ ۋاپاتى ۋە دەپنىگاھلىرى . . . ئىلمىي ئاساستا بايان قىلىنغان. داستاننىڭ 2 - قىسمى تۆت بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ قىسىم ئاساسەن ئىككى ئەسەرنىڭ كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرى، تېپىلىش جەريانلىرى، ئۇلارغا كېيىن قوشۇلغان مۇقەددىمىلەر، باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلگەن باھالار بايان قىلىنغان؛ بۇ ئەسەرلەرنىڭ باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش، باشقا ئەللەرگە تونۇشتۇرۇلۇش ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەرنىڭ جاھان مەدەنىيىتىدە، ئىلىم دۇنياسىدا تۇتقان ئورنى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىلىپ، بۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغان ئالىملار، ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. داستاننىڭ 3 - قىسمىمۇ تۆت بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ قىسىم ئاساسەن ئىككى ئەسەرنىڭ خەلقىمىز بىلەن قايتىدىن يۈز كۆرۈشكەنلىكىنى بايان قىلىشقا بېغىشلانغان. بۇ قىسىمدا، خەلقىمىزنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى 2 - قېتىم قاچان بىلگەنلىكى، ئۇلارنى بىزدە تۇنجى قېتىم كىملەرنىڭ كۆرۈپ، بۇ ھەقتە قانداق ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىش، نەشر قىلىنىش جەريانى، خەنزۇچە تەرجىمىلىرىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالى، شۇنداقلا ئىككى ئالىم دەپنىگاھلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، قايتىدىن ياسىلىپ پۈتكەنلىكى، خەلقىمىزنىڭ ئاشۇ ئالىملار ۋە ئەسەرلەردىن ئىپتىخارلىقى، سۆيۈنۈشلىرى بايان قىلىنغان. داستاننىڭ ئاخىرىسىغا شائىرنىڭ ئۆز

هاياتى ، ئىجادىيىتى ۋە «يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» داستانىنى يېزىش جەريا-
نى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئاساس قىلغان خاتىمە — «تۈگەنچ»
بېرىلگەن . دېمەك ، داستاندىكى مانا مۇشۇنداق مول ، ئەتراپلىق ،
چوڭقۇر بايانلارغا ئاساسەن ، بىز بۇ ئەسەرنى «قامۇس خاراكتېردىكى
ئەسەر» دەيمىز .

«يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» داستانى ئەھمەد زىيائىنىڭ ئۆزگىچە بىر
ئىجادىيەت دىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، مەزمۇن جەھەتتىمۇ ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئەسەردە ئاساسەن ئىلمىي مەسىلىلەر
بايان ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان بولۇپ ، ئەدەبىياتقا خاس تەركىب ،
ئالاھىدىلىكلەر ناھايىتى ئاز . شائىر ئىلمىي مەسىلىلەرنى ئەسەرنىڭ
ئاساسىي مەزمۇنى قىلىپ ، بۇ مەزمۇننى ئىلمىي ۋە تارىخىي يوسۇندا
بايان ۋە مۇھاكىمە قىلغان . شۇڭا ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئىلىم بىلەن ،
تارىخ بىلەن بىردەك چىققان . ئۇنىڭدا ئەدەبىي داستانلاردىكىدەك ئۇز-
داق مۇكەممەل سۇژىت ـ ۋەقەلىك ، ئۆزىگە خاس خاراكتېر ـ ئالاھى-
دىلىككە ۋە سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە پېرسوناژلار ، ھېسسىيات ، تەسەۋ-
ۋۇر ئاساسىدا يارىتىلغان توقۇلما تەركىبلىرى يوق . ئۇنىڭدا پەقەت
ئىلىم ، ئىلمىي مەسىلىلەر ۋە ئالىملارلا بار ، شۇڭا ئۇنى مەزمۇنغا
قاراپ بىر پارچە ئىلمىي ئەسەر ، دېيىشمۇ بولىدۇ . ئەمما ، بۇ ئەسەر
نېمىلا دېگەنبىلەن يەنىلا بەدىئىي ئۇسۇلدا ، شېئىرىي شەكىلدە يېزىل-
غان بولغاچقا ، ئۇنى ساپ ئىلمىي ئەسەر دېگىلىمۇ بولمايدۇ . ئەسەرنى
زىننەتلىگەن شېئىرىي تەركىبلەر ئەسەرنىڭ ئەدەبىيلىكىنى ئاشۇر-
غان . ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا ، شائىر ئەسەرنى
ئەدەبىي تىلى بىلەن ئىلىم ـ پەن تىلىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا
يېزىپ چىققان . ئەسەرنىڭ شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغانلىقىمۇ ئەسەر-
نىڭ ئەدەبىي تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . مۇنداقچە ئېيتقاندا ،
شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق ئىلمىي ئەسەر يېزىش — ئەھمەد زىيائى-
نىڭ چوڭ بىر يېڭىلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ .



ئەھمەد زىيائى يالغۇز مەشھۇر شائىر بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى
يەنە يۇقىرى ھۆرمەتكە ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئىگە ئەدەبىيات
تەتقىقاتچىسى . ئۇنىڭ تەتقىقات پائالىيىتى مىلادىيە 40 ـ يىللاردىلا
باشلانغان . مىلادىيە 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «تۈركىي تىللار
دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىشنى باشلىغان . ئەمما بۇ ئىشنى ئىنىسى
مۇھەممەت پەيزى تاماملىغان . 50 ـيىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ
ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىل-
لەردە ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى ، موللا
شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىنى نەشرگە تەييارلاپ ، كىتابخانلىرى-
مىزنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىنى كۆرۈش ئىم-
كانىيىتىگە ئىگە قىلغان ھەمدە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ
تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز» قاتارلىق ماقالىلەرنى
يېزىپ ، خەلقىمىزنى كلاسسىك ئەدەبىيات ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇمات-
لارغا ئىگە قىلغان . ئەھمەد زىيائىنىڭ تەتقىقات پائالىيىتى مىلادىيە
1980 ـ يىللاردا يېڭى بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدى . بۇ
يىللاردا ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى
نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشتى ھەم ئۆزىمۇ بۇ ئەسەر ھەققىدە
مەخسۇس تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ، «تارىخىي مىراس — ‹قۇتاد-
غۇبىلىك› توغرىسىدا» ، « ‹قۇتادغۇبىلىك› كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى
قايسى تىل» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك ، يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات
ماقالىلىرىنى يازدى ، ھەمدە « ‹قۇتادغۇبىلىك› ئەنجۇمەلىرى» ،
«ئىسلام پەلسەپە تارىخ» ، «رەۋزەتۇس سافا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى
باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىپ ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە
ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن
تەمىنلىدى . ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدىكى
تەتقىقاتى ۋە چەت ئەل تىلى يۇقىرى سەۋىيىسى ئاساسىدا «كلاسسىك
ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىل تەسىرىگە ئۇچراش

جەريانى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ماقالىلەرنىمۇ يازدى .

## «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ھەققىدە

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقى-
يەتلىرى ھەققىدە ، جۈملىدىن داستانچىلىقتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەق-
قىدە توختىلىشقا توغرا كەلسە ، ئەھمەد زىيائىنىڭ «رابىيە ـ سەئى-
دىن» داستانىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . چۈنكى ، بۇ داس-
تان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى رابىيە ـ سەئىدىن تېمىسىنى بۈگۈن-
كى زامان ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىرگەنلىكى ، كلاسسىك داستانچى-
لىقىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ، ھەرقايسى دە-
ۋرلەردىكى داستانچىلىقىمىزنى ماھىيەتلىك ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە
قىلغانلىقى ، ئەسلىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئاشىق ـ مەشۇق
ھەققىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسىنى ھەرخىل مەزمۇنلار ـ تەركىبلەر
بىلەن بېيىتىپ ، ئەسەرنى كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە قىلغانلىقى ،
ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، بەدىئىيلىك جە-
ھەتتىمۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇب ـ ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەنلىكى ، ئە-
سەردىن تارىخقا ، مەدەنىيەتكە ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ، ئەدەبىيات ـ سەن-
ئەتكە دائىر قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقى ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەرنىڭ ئەخلاقىي ئىدىيىسىنىڭ ، دىداكتىك غايى-
سىنىڭ ، پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە يەنە شۇنىڭغا
ئوخشاش تەركىبلىرى ، مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بۈگۈنكى زاماندىكى
ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ شۇنداقلا باشقا داستان-
لاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . ئەدەبىيات تارىخىي نوقتىسىدىن
قارىغاندا ، ئەھمەد زىيائىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى ئۇيغۇر
بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن داستانلارنىڭ سەرخىللى-
رىدىن بىرى ، دەپ باھالاش مۇمكىن .



ئەھمەد زىيائى ئىجادىيىتىدە رابىيە ـ سەئىدىن تېمىسى ناھايىتى
مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئۇنىڭ ھازىرقى زامادىكى ئىجادىيىتىمۇ ،
بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتىمۇ بۇ تېمىدا يازغان ئەسەرلىرى ھەم
ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە .
شائىر بۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشقا قىزىقىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە
توختىلىپ ، مۇنداق يازغان :

نەھاجەت لەيلى ـ مەجنۇن دەپلا يۈرمەك ،
ۋەيا پەرھادى ـ شېرىننى كۆتۈرمەك ؟
ئۆزۈڭنىڭ ئاشىقىنى ئويلىماسمەن ؟
ئۇلارنىڭ سۆيگۈسىنى كۈيلىمەسمەن ؟
ۋەتەنپەرۋەرلىك ، ئويلايمەنكى شۇلدۇر ،
ئۆزى ۋە نەرسەسىلە بولسا مەغرۇر .

بۇ قۇرلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، شائىرنىڭ بۇ
ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ، شۇ سەۋەبلىك ئۇلار-
نىڭ بەدىئىي ھەيكىلىنىدىيىسىنى ئىپادىلەش ئارزۇسى ، بۇ داستانىنىڭ
يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ . ئۇندىن باشقا ئېغىزلاردا ، ئەسىرلەردە تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان
باشقا ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن پەرقلىق ھالدا رابىيە بىلەن سەئىدىنىنىڭ
تارىختا راست ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر ئىكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ مۇھەب-
بەت سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىغانلىقىمۇ شا-
ئىرنى بۇ تېمىدا يېزىشقا قىزىقتۇرغان .
ئەھمەد زىيائى يازغان «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى 51 باب ،
13 مىڭ 486 مىسرادىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي
ئەسەر . شائىر بۇ داستانىنى يېزىشقا ئابدۇرەھىم نىزارىنى ئۇستاز
تۇتۇپ ، ئۇنىڭ شۇ ناملىق داستانىدىن پايدىلانغان . ئەمما ئەھمەد

زىيائى ئابدۇرەھىم نىزارىغا تەقلىد قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يېڭىچە بىر خىل ئىجادىي يول تۇتۇپ، رابىيە ـ سەئىدىن تېمىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە بېيىتىپ، ئۇنىڭغا يېڭى پېرسوناژلارنى، ۋەقە ـ تەپسىلاتلارنى ۋە باشقا تەركىبىي قىسىملارنى قوشۇپ، بۇ داستاننى ئابدۇرەھىم نىزارى داستانىدىنمۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يازغان ئوپېراسىدىنمۇ روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھەم كۆپ جەھەتلەردە ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر مۇنەۋۋەر داستانغا ئايلاندۇرغان.

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى — ئەركىن مۇھەببەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ھەمدە بۇ يولدا جان پىدا قىلغان رابىيە بىلەن سەئىدىندىن ئىبارەت بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەقدىرى بايان قىلىنغان مۇھەببەت قىسسىسىدىن ئىبارەت. داستاننىڭ باش قەھرىمانلىرى بولغان رابىيە بىلەن سەئىدىن بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولىدۇ ھەم بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالىدۇ. رابىيەنىڭ ئاچ كۆز، خۇشامەتچى دادىسى ياقۇپ سەئىدىننىڭ رابىيە بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، قىزىنى يۇرتىنىڭ ھۆكۈمرانىغا بەرمەكچى بولىدۇ، رابىيە جابىر بىلەن توي قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىپ، سەئىدىن بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلار جابىرنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، سەئىدىن تۈرمىگە تاشلىنىدۇ ۋە كېيىنچە قەشقەر سېپىلىنى ياساشتىن ئىبارەت ئېغىر ئەمگەككە تۇتۇپ بېرىلىدۇ. سېپىل ھاشىرىدا سەئىدىن جابىرنى قاتتىق ئۇرغانلىقى ئۈچۈن قايتىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. شەھەرگە داۋالىنىش باھانىسى بىلەن كېلىپ ئەمەلىيەتتە سەئىدىننىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلىۋاتقان رابىيە، سەئىدىنگە بېرىلگەن جازانى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى قۇتقۇزۇش قارارىغا كېلىپ، ئالدى بىلەن ئابدۇرەھىم نىزارىنى ئىزدەپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ، ئابدۇرەھىم نىزارى بىلەن بىللە شۇ چاغلاردىكى قەشقەر ھۆكۈمرانى زوھۇردۇن ھېكىمبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاخىرى سەئىدىننى ئۆلۈم جازاسىدىن



قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئەمما تۈرمىدە كۈچ ـ مادارىدىن كەتكەن سەئىدىن تۈرمىدىن چىقىپلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. سەئىدىننىڭ ئۆلۈمى رابىيەگە بەك ئېغىر كېلىدۇ. بۇ ئازابنىڭ ئۈستىگە سابىر، ياقۇپلار نىيىتىدىن يانماي ئۇنى يەنە تويغا مەجبۇرلايدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى سەئىدىنگە ئاتىۋەتكەن رابىيە قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ سەئىدىننىڭ ئارقىسىدىن كېتىدۇ. ئەتىياز كەلگەندە كىشىلەر رابىيەنىڭ جەسىتىنى تېپىشىپ، بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنى ئۇ دۇنيادا بىللە بولسۇن دەپ، ئىككىسىنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلىشىدۇ. . . .

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدا گەرچە ئىككى ياشنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەقدىرى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما شائىر رابىيە ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. داستاننىڭ ئەڭ چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتىمۇ رابىيە ئوبرازىنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىپ يارىتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر رابىيەگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان، شۇنداقلا ئۇنى قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تەردىپلىگەن. نەتىجىدە ئۇنى ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر قىزى سۈپىتىدە جۇلالاندۇرغان.

رابىيە مۇستەقىل ھايات قارىشىغا ۋە كۈرەش قىلىش روھىغا ئىگە، ۋاپادار، ئالىيجاناب، قەيسەر، باتۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان قىز. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات قارىشى، تۇرمۇش غايىسى ۋە مۇستەھكەم ئېتىقادى بار. ئۇ گەرچە باي ئائىلىنىڭ قىزى بولسىمۇ، بۇنداق بايلىقنىڭ ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ، بۇنداق بايلىقنىڭ ۋە شۇ بايلىقنى دوست تۇتقان كىشىلەرنىڭ بارلىق بەختسىزلىك، رەزىللىكنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەر قانداق يامانلىق كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ باي

ئائىلىسىدە ئانىسىنىڭمۇ ھەم ئۆزىگە ئوخشاش قىلچە ئادەملىك ئورنى ،
ھوقۇقى يوقلۇقىدىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ ، مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقنىڭ
ۋەكىلى بولغان دادىسىدىن تېخىمۇ نەپرەتلىنىپ ، ئەركىنلىككە شۇنچە
تەلپۈنىدۇ . رابىيەنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋاپادارلىق ، سەمىمىيلىك ، ئاق كۆ-
ڭۈللۈككە ئوخشاش ئېسىل پەزىلەتلەر نۇرلىنىپ تۇرىدۇ ، شۇڭلاشقى-
مۇ ئۇ ئادەملىك پەزىلەتنى ، چىن ئىنسانىي قەلبنى ھەممىدىن مۇھىم
ئورۇنغا قويۇپ ، دېھقان بالىسى بولسىمۇ قەلبى ئالەمچە پەزىلەت بىلەن
تولغان سەئىدىننى بايلىقى ئېشىپ تۇرسىمۇ قىلچە ئادەملىك روھى
بولمىغان جابىردىن مىڭ ھەسسە ئۈستۈن ھېسابلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا
بارلىقىنى بېغىشلايدۇ . ئەلۋەتتە ، رابىيەنىڭ تەلپۈنۈۋاتقىنى ، ئۆزىنى
بېغىشلاۋاتقىنى قانداقتۇر نوقۇل ھالدىكى ئىشق ۋىسالى ئەمەس ، بەل-
كى سەئىدىن ۋۇجۇدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان ئىنسانىي پەزىلەت ، گۈ-
زەل قەلب ۋە بەختىيار ھاياتتۇر . رابىيەنىڭ ھاياتقا بولغان ئىنتىلى-
شى ، گۈزەل غايىلىرى ئەسەردە ھامان سەئىدىننىڭ ۋىسالى شەكلىدە
ئىپادىلىنىدۇ . رابىيە خاراكتېرىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك تەرىپى ئۇ-
نىڭ باتۇر - قەيسەرلىكىدىن ئىبارەت . ئەخلاق ۋە قائىدە - قانۇن
جەھەتتە نۇرغۇن توسالغۇ ، چەكلىمىلەر بولغان ئاشۇ فېئوداللىق جەم-
ئىيەتتە رابىيە ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ، ھېچ نەرسىدىن قورقماي
ئۆز مەقسىتى ، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ . ئۇ ھەزرەت
سەيلىسى باھانىسىدا شەھەرگە كىرىپ سەئىدىن بىلەن كۆرۈشۈپ ،
ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋەدىسىنى بېرىدۇ ؛ سەئىدىن بىلەن بىللە قېچىپ ،
دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىدۇ ؛ سەئىدىننى ئۆلۈم جازاسىدىن
قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن شۇ دەۋر قىزلىرى ھەتتا تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدى-
غان ئىشنى قىلىپ — ئابدۇرەھىم نىزارى ۋە زوھۇردۇن ھېكىمبەگ
بىلەن كۆرۈشۈپ ، سەئىدىننى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ؛ ئاخىرقى ھېسابتا
يەنە مۇھەببەت ئۈچۈن ، ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدۇ .
ھەقىقەتەنمۇ ، رابىيە ئۆز بەختى ، ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئىزدەنگۈ-



چى ۋە كۈرەش قىلغۇچى . ئۇنىڭ بۇنداق باتۇر - قەيسەرلىكى ، كۆ-
رەشچانلىقى شۇ دەۋر رېئاللىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا چوڭ ئىسيانكارلىق
ۋە قەھرىمانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . داستاننىڭ ئومۇمىي خاھىشى-
دىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، مۇھەببەت ، ئەركىنلىك ، بەخت
ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلەرنى ۋە كۆرسەتكەن جان پىدالىقنى
مەدھىيىلەش ، مۇئەييەنلەشتۈرۈش — داستاننىڭ ئاساسلىق مەركى-
زىي ئىدىيىسى شۇنداقلا شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئالىرىدىن بىرى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەھمەد زىيائى ئەسىرىدە بۇ مەركىزىي ئىدىيىنى
تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن ۋە بۇ ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا ناھايىتى ئۇتۇ-
لۇك يەتكەن .

داستاندا پېرسوناژلار ئوبرازى ئومۇمەن يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ناھايىتى مۇكەممەل يارىتىلغان . مەيلى ئىجادىي قەھرىمانلار بولسۇن ،
مەيلى سەلبىي قەھرىمانلار بولسۇن ھەممىسى ئۆزىگە خاس سەرگۈ-
زەشتىلەرگە ۋە خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىنغان . شۇنداق-
تىمۇ رابىيە ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

«رابىيە - سەئىدىن» داستانىنىڭ تەركىبى سەل ئالاھىدىرەك .
ئۇنىڭدا بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن سۈژېت تەركىبلىرىدىن باشقا
يەنە كەڭ كۆلەمدىكى لىرىك - قىستۇرما تەركىبلەرمۇ بار . بۇ تەر-
كىبلەر داستاننى ئۆزگىچە مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ، تۈزۈلۈش ئالاھى-
دىلىكىگە ۋە يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە قىلغان . ئەھمەد زىيائى
رابىيە - سەئىدىن ھەققىدىكى مۇشۇ ۋەقەلىك ئارقىلىق يەنە كىتابخاذ-
لارنى يۇرتىمىزنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ، فولكلورى ھەققىدىكى بە-
لىملەردىن ۋە ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى - ئەخلاقىي ، دىداكتىك قاراشلى-
رىدىن خەۋەردار قىلىشنىمۇ بۇ داستاننى يېزىشتىكى ئاساسلىق ئىجا-
دىيەت مۇددىئالىرىدىن بىرى قىلغان . شۇڭا ، داستان ھەققىدە توختال-
غاندا ، داستان مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى بۇ تەركىبلەر ھەققىدىمۇ
ئاز - تولا چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ :

ئەھمەد زىيائى رابىيە ـ سەئىدىن ھەققىدىكى بۇ داستانىنىڭ تارىخىي تۇسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن داستاندا بۇ قىسسە بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك باغلىنىشى بولغان بىر مۇنچە تارىخىي ۋەقەلەرنى ، تارىخىي شەخسلەرنى يېزىپ ، ئەسەرنى مول تارىخىي تەركىبكە ئىگە قىلغان . شۇنىڭ بىلەن بۇ داستان ھەقىقىي مەنىدىكى بىر تارىخىي داستانغا ئايلانغان . ئەلۋەتتە ، ئەھمەد زىيائىنىڭ ئەسەردە تارىخنى كۆپ يېزىشىدا مۇنداق بىر مۇددىئاسىمۇ بار ئىدى :

سەۋەب شۇكى ، ئوقۇلغاندا بۇ قىسسە ،
قوشۇلسۇن ئاڭا تارىختىن بىر ھەسسە .
نىچۇككىم ئالىسلەر زەۋقى مۇھەببەت ،
تارىخىي ئىزىدىن ھەم ئالغاي ئىبرەت .
ئۇلار ئەجدادلىرى ھالىنى بىلسۇن ،
ئۇلاردەكلا يارامىلىق كىشى بولسۇن .
بۇنىڭدىن قەست ، كىشى بولغىل دېمەكتۇر ،
لايىق شەنىڭگە بىر ئىش قىل دېمەكتۇر .

شائىر مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ، ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخنى كەڭ يورۇتۇپ بەرگەن . نۇقتىلىق قىلىپ رابىيە ـ سەئىدىن ۋەقەسى يۈز بەرگەن مىلادىيە 18 ـ ئەسىر تارىخىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە يەنە بۇرۇنقى تارىخلار ھەققىدىمۇ زۆرۈر بايانلارنى بەرگەن . بۇنداق تارىخىي تەركىبلەر ئەسەرنىڭ ئىجتىمائى ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئەسەر مەزمۇنىنى كۆپ قاتلاملىققا ئىگە قىلغان .

شائىر داستاندا فولكلور تەركىبلىرىنى يېزىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن . فولكلور تەركىبلىرى داستانىنىڭ تەتقىقات قىممىتىنى ، ئۈچۈر جۇغلانمىسىنى ، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى زور دەرىجىدە



ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان . ھەممىمىزگە مەلۇم ، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئاساس قىلغان فولكلور ــــ ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن كەڭ مەنىدىكى بىر خىل مەدەنىيەت ۋە مەنىۋىيەت تىندۇرمىسىدىن ئىبارەت . فولكلور مەزمۇنلىرى ۋە شەكىللىرى خەلقنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ، تۇرمۇشى ، ئېتىقادى ، ئىدىيىسى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك . مانا مۇشۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان شائىر ئەسەردە فولكلور تەركىبلىرىنى كۆپ يېزىپ ، ئەسەرنى يۇقىرى مەدەنىيەت قىممىتىگە ۋە ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلغان . شائىر داستاندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغلاق تارتىش ، ئوۋ ئوۋلاش ، چېلىشىش ، ئوقيا ئېتىش ، سەيلە قىلىش قاتارلىق ئادەت ـ مۇراسىملارنى تەسۋىرلەپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇنداق مىسرالارنى يازغان :

ئويۇنمۇ بۇ ؟ ئەمەس ! بۇ نە دېمەكتۇر ؟
ئۆزىن ئاسراشتا جەڭگىۋار كۆرەكتۇر .
شۇڭا ئۇلار مۇشۇنداق رەسىم قىلىشقان ،
ئېنىق مەۋسۇمدە مەرىكىلەر ئېچىشقان .

بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ فولكلور تەركىبلىرى ھەققىدىكى قارىشىنى ۋە ئۇنى داستاندا يېزىشتىكى مەقسىتىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . شائىر يەنە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى يازغاندا ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تارىخىي ـ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ھەققىدىمۇ ئېنىق تارىخىي مەلۇماتلارنى بەرگەن . مەسىلەن ، قەشقەردىكى ھەزرەت سەيلىسى ھەققىدە يازغاندا ، ئاپپاق غوجىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ، قەشقەر رايونىدىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ، خەلقنىڭ قانداق بولۇپ ، ئۇنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن . شۇنداقلا يەنە بۇ خىل تاۋاپچىلىقنىڭ خۇراپاتلىققا ئايلىنىپ ، خەلقىمىزگە

نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن .
قىسقىسى ، شائىر فولكلور تەركىبلىرى ئارقىلىق داستاننى ئۆزگىچە
مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە قىلغان .

داستاننىڭ لىرىك تەركىبلىرىدە شائىر مۇھەببەت ، هايات ، ئا-
دەملىك قىممەت ھەققىدىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان .
داستاندا مۇھەببەت قىسسىسى بىلەن مۇھەببەت ھەققىدىكى لىرىك
مۇھاكىمە ئۆز ئارا بىرلىشىپ داستاننى مەزمۇن يۈكسەكلىكىگە ئىگە
قىلغان . شائىر داستاندا يەنە ئادەم ، ئادەملىك پەزىلەت ، ھاياتلىقنىڭ
قىممىتى ھەققىدىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان . بولۇپ-
مۇ شائىر ئەخلاقىي ، دىداكتىك ئىدىيىلەرنى كۆپ تەشەببۇس قىلىپ ،
”بۇ داستاننى ئوقۇغاندا ئۇنىڭدىن مۇھەببەت ھېكايىسىگىلا بەند بولۇپ
قالماي ، ئۇنىڭدىن پەند - نەسىھەت ئېلىش كېرەك » دېگەن تەشەببۇس-
نى ئوتتۇرىغا قويغان ، شۇنداقلا داستاندىن ئەخلاقىي خۇلاسە چىقار-
غان . شائىر بۇ داستان ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان ئەخلاقىي تەشەب-
بۇسنى ئەقىل - ئىشقتىن ئۈستۈن تۇرىشى كېرەك ، مۇھەببەتتە
پاكلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش كېرەك ، پەرزەنت چو-
قۇم ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، شۇ بويىچە ئىش قىلىش
كېرەك ، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ئوبدان ئىگە بولۇشى كېرەك ،
ئاشىق - مەشۇقلار چوقۇم ۋاپادار بولۇشى كېرەك ، كىشىلەر بىر -
بىرىگە چوقۇم قولىدىن كېلىشىچە ياردەم - ياخشىلىق قىلىشى كې-
رەك ، ئادەم قەيسەر - جەسۇر بولۇشى كېرەك ، ئادەم ئۆز ئەركىنلى-
كى بىلەنلا شاد بولالايدۇ ، دېگەن سەككىز نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان .

بۇ داستاندىكى لىرىك تەركىبلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ئۇنىڭدا
شائىرنىڭ كۆپلىگەن غەزەل ، روبائىي ، پارچە ، قىتئەلىرى بولغاندىن
سىرت يەنە ، شائىرنىڭ ئۆزىگە ، بۇ داستاننىڭ يېزىلىشىغا ، ئابدۇرە-
ھىم نىزارىغا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا مۇناسىۋەتلىك لىرىك تەركىبلەر-
مۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . شۇڭا ئۇنى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە



ئالغان داستان دەپ ئاتاش مۇمكىن .

«رابىيە - سەئىدىن » داستانىنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتە بىر قانچە
روشەن ئالاھىدىلىكى بار .

ئالدى بىلەن ، «رابىيە -سەئىدىن » داستانىدا ئېپىكا بىلەن لىرد-
كا ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن . داستاننىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئەڭ رو-
شەن ، ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىمۇ مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . «رابىيە -سەئىدىن » ئەسلىي ئاشىق - مەشۇق-
لارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى يېزىلغان سۇژېتلىق داستان
بولۇشى كېرەك بولسىمۇ ، ئەمما شائىر ئىجادىيىتىنى نوقۇل سۇژېتلار
بىلەن چەكلەپ قويماي ، ئۇنىڭغا ناھايىتى مول لىرىك تەركىبلەرنى
قاتقان . لىرىك تەركىبلەر ئېپىك تەركىبلەرنى جانلاندۇرۇپ ، مۇكەم-
مەللەشتۈرۈپلا قالماستىن ، بەلكى داستاندىكى بىر مۇھىم تەركىبىي
قىسىم سۈپىتىدە ، ئەسەر مەزمۇنىنى قامۇس خاراكتېرىدىكى ، شۇن-
داقلا پەلسەپىۋى تۈسكە ئىگە ئەسەر قىلىپ چىققان . ئەسەردە ئېپىكا
بىلەن لىرىكىنى مۇنداق ئالاھىدە بىرلەشتۈرۈپ ، يۇقىرى ئىجتىمائىي
ئۇنۇم ۋە بەدىئىي قىممەت يارىتىدىغان ئەھۋال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كەم
كۆرۈلىدۇ .

ئىككىنچىدىن ، «رابىيە - سەئىدىن » داستانى بىر پارچە مۇكەم-
مەل داستان بولۇپ ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن نەرسىلەر يېزىلغان . يېزىلغان
نەرسىلەر ئىنچىكىلىك بىلەن نەپىس تەسۋىرلەنگەن . تەسۋىردىكى ئىن-
چىكىلىك ۋە نەپىسلىكنى مەزكۇر داستاننىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى
دەپ قارىشىمىز كېرەك . شائىر پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشكىمۇ ، تە-
بىئەتنى تەسۋىرلەشكىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەرگەن ، تەسۋىرلەش
زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانلىكى جايدا تەسۋىرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازغان .
بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ رابىيەنىڭ پورترېتىنى تەسۋىرلەشتە قوللانغان
ماھارىتىدىن ھۇزۇرلىنىپ باقايلى :

ئەگەر ئاي دېسە بار ئىدى ئاغزى ،
ئۇنى كۈن دەي دېسە ، مەۋجۇتتى كۆزى .
بويىنى سەرۋى دېسە ، ئۇ ماڭاتتى ،
دېسە ئاغزىنى غۇنچە سۆز قىلاتتى .
كۆزىن نەرگىس دېسە ، تۇراتتى ئويناپ ،
لېۋىن لەئىن دېسە ، تۇراتتى قىمىرلاپ .
يۈزىنى گۈل دېسە ، گۈلدىن چىرايلىق ،
ساچىنى دەي دېسە سۇمبۇل ، تاراقلىق .
قېشى بەرگى قىياقتى ، يا ئىدى يا ،
قاتار كىرپىكلىرى ئوق ئىدى گويا .

دېمەك ، شائىر بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ماھىرلىق
بىلەن پايدىلىنىپ ، رابىيەنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى مانا مۇشۇنداق جاذ-
لىق ، ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن . بۇنداق تەسۋىرلەش ماھارىتىنى
بىز ئەسەردە كۆپ ئۇچرىتىمىز .
ئۈچىنچىدىن ، «رابىيە - سەئىدىن» داستانىدا شائىر
پىكىر - ئىدىيىنى ، ھېسسىيات - كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلىق ، ئوب-
رازلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىسرالىرىدىن
ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان . داستانغا بىر قانچە ئېسىل خەلق
قوشاقلىرى ئېپىگراف قىلىپ ئېلىنغان ، چوڭقۇر مەنىلىك خەلق
ماقال -تەمسىللىرى كىرگۈزۈلگەن . ئۇندىن باشقا ، بىر قانچە پارچە
چۆچەك - مەسەل ”ھېكايە“ نامى بىلەن بېرىلگەن بولۇپ ، بۇ قىستۇ-
رۇلما تەركىبلەر ئارقىلىق مەلۇم ئەخلاقىي - پەلسەپىۋى پىكىرنى ،
ئۆزىنىڭ خاھىشى - مەيدانىنى ئېلگىرى سۈرگەن . بەزى ھاللاردا
شائىر چۆچەك - مەسەللەر ئارقىلىق چوڭقۇر ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا
قويغان . مەسىلەن ، رابىيە مىڭ بىر جاپالاردا سەئىدىننى قۇتقۇزۇپ
چىققاندا ، كىشىلەر ئارىسىدا رابىيەنى قانداق باھالاش مەسىلىسىدە



ھەرخىل گەپ - سۆزلەرنىڭ تارقالغانلىقىنى يازغان جايغا شائىر
بوۋاي بىلەن ئوغلىنىڭ ئېشەككە مىنىشىنى كىشىلەر ئوخشاشمىغان
نۇقتىدىن چېقىپ باھالايدىغان مەسەلنى قىستۇرۇش ئارقىلىق ، كى-
شىلەرنىڭ نېمىلەرنى دېيىشىدىن قەتئىينەزەر رابىيەنىڭ قىلغىنى
توغرا ، ئادەم ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشنى باشقىلارنىڭ نېمە
دېيىشىدىن قەتئىينەزەر ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشى كېرەك ، دېگەن
پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن .
تۆتىنچىدىن ، «رابىيە - سەئىدىن» داستانىدا قوللىنىلغان تىلى-
مۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە . داستان ئارۇز ۋەزىن شەكلىدە يېزىلغان
بولغاچقا ، مىسرالارنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر ئالاھىدە ئىنچكى
باغلىنىشقا ئىگە قىلىنغان . شائىر تىل ئىشلىتىشتە ئىنچىل پاساھەت
قوغلىشىپ كەتمىگەن . لىرىك تەركىبلەرنى يېزىشتا سۆزلەر ئالاھىدە
تاۋلىنىپ - تاللانغىنى بىلەن ، ۋەقەلىكنى يېزىشتا بەزىدە ئادەتتىكى
سۆزلەرمۇ ئىشلىتىلگەن . ئالاھىدە تۇيۇلىدىغان يەنە بىر تىل ئالاھىدى-
لىكى شۇكى ، شائىر داستاندا قەشقەرنىڭ يەرلىك ئېغىز تىلىنى
بىۋاستە شۇنداقلا كۆپلەپ ئىشلەتكەن . بۇنداق تىل تەركىبلىرى بىر
تەرەپتىن ئەسەرنى ئۆزگىچە تىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلسا ، يەنە بىر
تەرەپتىن ئەسەرنىڭ يەرلىك تۈسىنى ئاشۇرغان . ئۇندىن باشقا ئەسەردە
ھەرخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ماھىرلىق بىلەن قوللىنى-
لىپ ، ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلغان .

## ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر

ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى - بۈگۈنكى زامان
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان داڭلىق
ئالىم ۋە ئەدىبلەرنىڭ بىرى . ئۇ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق داۋاملاش-
قان ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرلىرىدا دېگۈ-

دەك قەلەم تەۋرىتىپ ، بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يې-
زىپ ، ئىجادىيىتىدە ناھايىتى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ ،
خەلقىمىزگە ئاز بولمىغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ
كەتتى . ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ، گۈللىنىشىگە
قوشقان تۆھپىسى ئاز ئەمەس .

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئۆتكۈر ئەپەندى مىلادىيە 1923 - يىلى 6 - ئايدا قۇمۇلدا
سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم
قېلىپ ، بالىلىق - ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىنى ئوسمان ھاجىم دېگەن
كىشىنىڭ ھامىيلىقىدا ئۆتكۈزگەن . 1934 - يىلىدىن تارتىپ ئۈچ-
تۇرپان ، ئاقسۇلاردىكى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان . 1936 - يىلى
ئۈرۈمچىگە چىقىپ ، دەسلەپتە شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەك-
تەپتە ، كېيىنچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرۈپ
ئۆلكىلىك قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . مىلادىيە
1945 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ، «ئال-
تاي» نەشرىياتى قاتارلىق مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن . مىلادىيە
1949 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات بۆلۈمىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان . مىلادىيە 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن
1967 - يىلىغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ، جامائەت خەۋپسىزلى-
كى ، مەتبۇئات ، سىياسىي - قانۇن ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلدى .
مىلادىيە 1978 - يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادې-
مىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا تەكلىپ قىلى-
نىپ ، بۇ يەردە ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن
شۇغۇللانغان . مىلادىيە 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى
ئۈرۈمچىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 72يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇ
ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى



تارىخ - مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ
ئەزاسى ، شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزا-
سى ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرىيەت ئەزاسى ،
جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخىي - مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىم-
مىي ھەيئەت ئەزاسى ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي
جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى ، جۇڭگو قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقات
جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى ، شىنجاڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقى-
قات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرىنى
تۈزۈش - تەھرىرلەش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ، «بۇلاق» ، «تارىم»
ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ئىلمىي ۋەزىپىلەرنى
ئۆتىگەن ئىدى .

ئۆتكۈر ئەپەندى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن نىسبەتەن ئۇزۇن مەز-
گىل شۇغۇللانغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەدەبىي
ئىجادىيىتى مىلادىيە 1940 - يىلى باشلىنىپ ، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخى-
رىغىچە داۋاملاشتى . تەخمىنەن يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان مۇشۇ ئەدە-
بىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئۆتكۈر ئەپەندى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى
زامان ، بۈگۈنكى زامان ۋە يېڭى دەۋردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تەرەققى-
يات دەۋرىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، ئۈچ دەۋرگە مەنسۇپ ئەدىبكە ئايلاندى .
ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىدە ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى
ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجا-
دىيىتىنى بىز ئۇنىڭ تەرەققىيات ، ژانىر ، مۇۋەپپەقىيەت ئالاھىدىلى-
كىگە ئاساسەن مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلىمىز :

1 - باسقۇچ ، مىلادىيە 1940 - يىللار . بۇ — ئۆتكۈر ئەپەندى-
نىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

بۇ باسقۇچتا ئۆتكۇر ئەپەندى ئىجادىيىتىنى ئەمدى باشلىغىنىغا قارى-
ماي ، كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن ، بولۇپمۇ
شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ناھايىتى گەۋدىلىك بول-
غان ئىدى . ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە يازغان «تاڭ شامالىلىرى» ، «مۇز-
لىغان شەھەر» ، «باھار چىللايمەن» ، «جەنۇبقا خەت» ، «تاڭ زىباسى
يوقمىدۇر» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا خەلق مەيدانىدا ، تارى-
خىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى-
غا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى-
نىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى پاش ۋە تەنقىد قىلىپ ،
خەلقنىڭ تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلىش ، ھەققانىي كۈرەشلەرنى قول-
لاپ ، يېڭى تاڭغا بولغان تەشنالىقنى ئىپادىلەشكە ئوخشاش ئىلغار
ئىدىيەلەرنى ئىپادىلىدى . ئۇ يەنە داستان ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇل-
لىنىپ ، «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ، «قەشقەر كېچىسى» قاتارلىق
مۇنەۋۋەر داستانلارنى يازدى . ئۆتكۇر ئەپەندى «يېڭى جۇڭگو گۈلىستا-
نىغا» ناملىق لىرىك داستانىدا ئالدى بىلەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو-
نى قىزغىن مەددھىيىلىگەن ، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىت رېئاللىقىدا ناھا-
يىتى مۇھىم ھەم جەڭگىۋار تېما ھېسابلىنىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننى ئازاد قىلىش تېمىسىنى يېزىپ ، كۈرەشلەر
ئارقىلىق يېڭى بىر گۈزەل ، ئازاد جۇڭگونىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىغا
بولغان ئىشەنچ - ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەن . «قەشقەر كېچىسى» ئۆتكۇر
ئەپەندى ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە مىلادىيە 20 - ئەسىر
ئەدەبىياتىمىزدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر داستانلىرىنىڭ
بىرى . داستاندا 1940 - يىللاردىكى قەشقەر تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش
قىلىنىپ ، كېرىم بىلەن لەيلىدىن ئىبارەت بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەب-
بەت ۋىسالىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە
مۇشۇ جەرياندا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتلىرى تەسۋىرلەنگەن .
بۇ ئەسەر ئالدى بىلەن ناھايىتى تەسىرلىك بىر ئىشق - مۇھەببەت



قىسسىسى بايان قىلىنغان مۇھەببەت داستانى . ئەمما ، داستاننىڭ
تېخىمۇ قىممەتلىك بىر مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەردىكى ، شائىر داستاندا
بىر تەرەپتىن مۇھەببەت ھېكايىسى ئارقىلىق قىز - يىگىتنىڭ فېئو-
داللىق قائىدە - تۈزۈملەرگە ، زالىم ھۆكۈمرانلارغا قارشى چىقىشتەك
قەيسەرلىكىنى مەدھىيىلىگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ ۋەقە-
لىككە بىرلەشتۈرۈپ ، قەشقەرنىڭ 1940 - يىللاردىكى ئىجتى-
مائىي - سىياسىي ئەھۋالىنى جۇملىدىن كۈرەش ۋەزىيىتىنى كۆرسى-
تىپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ ، ئازادلىقنى قولغا
كەلتۈرۈشتەك جەڭگىۋارلىقىنى ئىپادىلىگەن . شۇڭا ، «قەشقەر كېچە-
سى» داستانى ھەم بىر پارچە مۇھەببەت داستانى ، ھەم بىر پارچە
تارىخىي داستان بولۇپ پۈتكەن . داستاندا ھەرخىل يوللار بىلەن مۇ-
ھىم تارىخىي ۋەقەلەر ، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ
بايان قىلىنغان بولۇپ ، نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .
داستاندا يەنە شائىرنىڭ قەشقەرگە بولغان ئاجايىپ ئوتلۇق ھېسسىياتى
ئىپادىلەنگەن . داستاندا لەيلى ، كېرىم ، چولاق مەخسۇم ، بەگ ھاجى
قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان . بۇ
ئوبرازلاردا شائىر ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ، ۋاپا -
ساداقەتنى ، مەردلىك - باتۇرلۇقنى ، دوستلۇق - مېھرىبانلىقنى قىز-
غىن مەدھىيىلەپ ، زۇلۇمنى ، رەزىللىكلەرنى ، پەسكەشلىكلەرنى قاتى-
تىق تەنقىد قىلغان . بۇ داستاننىڭ سۇژىت جەھەتتە كلاسسىك داستا-
نچىلىق ئۇسلۇبىدا يېزىلىشىمۇ داستاننىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەزكۇر داستاندا يەنە ئېپىكا بىلەن لىرىكا
ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ، ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ
مۇكەممەللىكىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن . داستاندا ھەققىي شېئىرىي
تىل پاساھەت بىلەن قوللىنىلغان ، داستاننىڭ تەسۋىرلەش سەنئىتىمۇ
ناھايىتى يۇقىرى . شۇڭا ، بۇ ئەسەر نەشر قىلىنىشى بىلەنلا ئەدەبىيات
ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى ۋە يۇقىرى باھالارغا ئېرىشتى .

بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندى يەنە دراما ۋە نەسر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر» ، «چىن مودەن» قاتارلىق درامىلارنى ۋە «دېڭىزدىن سادا» ، «باش ئەگمە» قاتارلىق نەسرلەرنى يازدى . ئۆتكۈر ئەپەندى مۇشۇ باسقۇچتىكى شېئىرلىرى ئاساسىدا 1946 ـ يىلى «يۈرەك مۇڭلىرى» ، 1948 ـ يىلى «تارىم بويلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى . بۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلەرنىڭ خېلى كۆپىنچىسى ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

2 ـ باسقۇچ ، مىلادىيە 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ — ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ بۈگۈنكى زامان باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ، يېڭىچە بىر ھاياتلىق دەۋرىنىڭ باشلىنىشى شائىرنى ھاياجانغا سالدى . شۇنىڭ بىلەن شائىر «ۋىجدان دەۋىتى» گە ئوخشاش شېئىرلارنى يازدى ، يېڭى دەۋرنى كۈيلىدى . ئەمما ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يۈز بەرگەن بىر قاتار قالايمىقانچىلىقلار شائىرغا ئىجاد مۇمكىنچىلىكلىرىنى بەرمىدى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، ئۆتكۈر ئەپەندى يەنە «سەجدىگاھىمغا» ، «توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا» ، «كۆز كېچىسى» ، «نەۋائى غەزىلىگە مۇخەممەس» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلارنى يازدى . بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىدە پاراكەندە يىللاردىكى ھايات سورۇقچىلىقلىرى سۈرەتلىنىپ ، شائىرنىڭ ئەپسۇسلۇقى ئىپادىلەندى ، يەنە بەزىلىرىدە ۋەتەن ـ خەلق ئۇلۇغلاندى ، تارىخ ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى . شۇنداقتىمۇ ، بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيەت تازا ھوسۇللۇق بولمىدى .

3 ـ باسقۇچ ، مىلادىيە 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ — ئۆتكۈر



ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندى ھەر قايسى ژانىرلار بويىچە غايەت زور ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى ، ھېسابتا بۇ باسقۇچ ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ ، يەنە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇشۇ باسقۇچتا يېزىلدى . بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندى يەنىلا شېئىر ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، «ياخشى» ، «ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى» ، «سەرلەۋھەسىز شېئىرلار» ، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» ، «قەشقەر گۈزىلىگە» ، «مەن ئاق بايراق ئەمەس» قاتارلىق بىرمۇنچە ئېسىل لىرىكىلارنى يازدى . بۇ شېئىرلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقچىللىق تېمىلىرى يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە ، پىكىر چوڭقۇرلۇقىغا ئېرىشتى . بۇ شېئىرلاردا يەنە ھايات ھەققىدە پەلسەپىۋى پىكىرلەر ، دىداكتىك ، ئەخلاقى ئىدىيىلەرمۇ ئىپادىلەندى ، ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ ، ئادەملىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىككە كىشىلەر دەۋەت قىلىندى . ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ باسقۇچتا يەنە داستان ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ، «گۈل ۋە ئازغان» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى ، «قەشقەر كېچىسى» نى قايتا تۈزىتىپ نەشر قىلدۇردى . بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە نەسر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، «شېئىر ۋە شائىر» ، «قاشتېشىغا مەدھىيە» قاتارلىق نەسرلەرنى يازدى . رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۆتكۈر ئەپەندى ئەدەبىي ھاياتىدىكى مۇھىم بىر ۋەقە بولدى . بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندى «ئىز» ، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ ، تارىخىي رومانچىلىقنىڭ يېڭى بىر سەۋىيىسىنى ياراتتى .

بۇ باسقۇچتائۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيەتلىرىمۇ ناھايىتى نەتىجىلىك بولدى ، مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنى نەشرگە تەييارلاش ، ئۇلارنى تەتقىق قىلىش ، ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى

قولغا كەلتۈردى .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى تەتقىقات پائالىيەتلىرى
ئۇنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئۆتكۈر
ئەپەندىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيەتلىرى گەرچە 1940 ـ يىللاردا
باشلانغان بولسىمۇ ، ئەمما يېڭى دەۋر باسقۇچىدىلا ئاندىن چوڭ نەتىجى-
لەرگە ئېرىشكەن . ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ ئىدىيە تارىخىدا ناھايىتى مۇ-
ھىم ئورۇن تۇتىدىغان «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار
دىۋانى »نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىلىرىنى ئىشلەشكە
قاتنىشىش ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىلمىي ھاياتىدىكى ئىككى چوڭ ئەمگەك
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ يەنە بۇ ئەسەرلەر ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات-
لارنى ئېلىپ بېرىپ ، «قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى
پارلاق نامايەندە ــــ ‹قۇتادغۇ بىلىك ›» ، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ، « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى ›نىڭ مۇئەللىپى توغ-
رىسىدا» قاتارلىق ماقالىلەرنى يېزىپ ، ئىلىم ساھەسىدە زور تەسىر
قوزغىغان . ئۆتكۈر ئەپەندى يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ، ئەدەبىي
ژانىر ـ شەكىللەر ، ئەدەبىي مۇناسىۋەتلەر تارىخى قاتارلىقلار ھەققىدى-
مۇ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققى-
دە بەزى مۇلاھىزىلەر» ، «تاتار ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى-
نىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە تەسىرى مەسىلىسى» ، «چاغاتاي ئەدەبىيا-
تى ۋە ئارۇز ۋەزنى» ، «رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ كلاسسىك نەمۇنىلىرى»
قاتارلىق ماقالىلارنى يازغان . ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدى-
كى تەتقىقاتىنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى مول ، مۇلاھىزىلىرى چوڭقۇر ،
كۆز قاراشلىرى يېڭى ، قايىل قىلىش كۈچى يۇقىرى ، تەتقىقاتىنىڭ
نوپۇزى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن
«يۈرەك مۇڭلىرى» (1946 ـ يىل ) ، «تارىم بويلىرى» (1948 ـ يىل )
قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى ، «قەشقەر كېچىسى» (1980 ـ يىل ،



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ) ناملىق داستانى ، «ئۆمۈر مەنزىللىرى»
(1985 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) ناملىق
شېئىرلار توپلاملىرى ، «ئىز» (1985 ـ يىل ، شىنجاڭ خەلق نەش-
رىياتى ) ، «ئويغانغان زېمىن» (2 قىسىم ، 1988 ـ ، 1993 ـ
يىللار ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى )قاتارلىق رومانلىرى ، «خەزىنىلەر
بوسۇغىسىدا» (1996 ـ يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ) ناملىق
ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى قاتارلىقلار بار .

## بۈگۈنكى زاماندىكى شېئىرىيەت ئىجادىيتى

مىلادىيە 1950 ـ يىللاردىن تارتىپ تارىخىمىزدا ، ئىجتىمائىي
ھاياتىمىزدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى . خەلق كونا جەمئىيەتتىكى
زۇلۇم ـ زورلۇقلاردىن ، ئاچارچىلىق ـ نامراتچىلىقتىن قۇتۇلۇپ ،
يېڭىچە تۇرمۇشقا ئېرىشتى . ئەمدىكى ھاياتتا سوتسىيالىستىك ئىنقى-
لاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۇچۇن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش
ئاساسلىق مىلودىيىگە ئايلاندى . ئۆتكۈر ئەپەندى ئازادلىقتىن كېيىن
يازغان «ۋىجدان دەۋىتى» ناملىق شېئىرىدا بۇنداق يېڭىچە ھايات ،
يېڭىچە كۈرەش ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك مىسرالارنى يازدى :

باھار يامغۇرى ياغدى ، سۇلىرى تاشتى ،
كۆكۈل كىرلىرىنى يۇيايلى كەل ـ كەل .
يۇرۇپ پەرھاد بىلەن تاشلار كېسىپ بىز ،
ۋەتەنىنىڭ شەنىگە تىكلەيلى ھەيكەل .

شائىر بۇ شېئىرىدا يەنە «ئاقارت ئىجاد بىلەن ئەمدى كىرلارنى» ،
«ئەقىلدىن ئاجرىغان بىھۇدە ئويلارنى ، قىزىل يالقۇن ئوتى كۆيدۈر-
سۇن ئەمدى» دېگەن مىسرالارنى يېزىپ ، ئۇزاق زارىقىپ ئاخىر ئې-

رىشكەن بۇ يېڭى دەۋراندا مېھنەت بىلەن ، ئىجاد بىلەن ۋەتەن ئۈچۈن
تۆھپە يارىتىشقا چاقىردى . ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ شېئىردا ئىلگىرى
سۈرگەن پىكىر ، جۈملىدىن بىلدۈرگەن ئىرادە ئۆتكەنكى زۇلمەتلىك
دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن ئاشۇ بىر ئەۋلادنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى-
نىڭ سەممىيلىك بىلەن ئىپادىلىنىشى بولغان ئىدى .

مىلادىيە 1960 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ، مەملىكە-
تىمىز خەلقىگە نۇرغۇن پاراكەندىچىلىك ، بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەل-
گەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى . بۇ
ھەرىكەت ئۆزىنىڭ شىددەتلىك شاۋقۇنى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ، تۇرمۇش-
نىڭ تېخى ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتقان يېڭى تەرتىپىنى بۇزدى ، ئادەم-
لىكنى يوقاتتى ، قىممەت ئۆلچىمىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى ،
كاللىسى قىزىشىپ كەتكەن «ئىنقىلابچىلار» نىڭ ئالدىدا ئادەمنىڭ
ھېچبىر قىممىتى بولمىدى . ، ھەممە يەرنى قارىغۇلارچە ، ساراڭلارچە
ئېلىپ بېرىلغان ئۇر - چاقلار ، ۋەيران قىلىشلار ، زىيانكەشلىكلەر
قاپلاپ كەتتى . بۇ يىللاردا ئاشۇنداق پاراكەندىچىلىكلەر ، زىيانكەش-
لىكلەر تۈپەيلىدىن ئۆتكۈر ئەپەندىگە ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بېرىلمە-
گەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ قەلىمىنى تاشلىماي ، «توۋا دەپ
تۇتتۇم ياقا» ، «كۆز كېچىسى» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ، ئاشۇ
يىللاردىكى ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىزتىراپلىق ھېس-
سىياتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن ئىدى :

ئاندا قىقاس ، مۇندا ئۇر - چاپ ، قول سۇنۇق ، باش - كۆز يارا ،
نى يىگىت - قىزلار ياتۇر ، جان تالىشىپ مەيدان ئارا .

تۈنۈگۈن يولداش دېيىشكەن جان بۇرادەرلەر بۈگۈن ،
بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشتە بەسلىشەرلەر كۈن ۋە تۈن .



بولدى مەكتەپ زاللىرى قىرغىنچىلىق مەيدانلىرى ،
تەجرىبە ئەسۋابلىرى - بومبا ياساش سايمانلىرى .

ئاقتى قانلار كوچىلاردا ، ئاقتى زاۋۇت سېخىدا ،
ئىلىنىپ قالدى جەسەتلەر گاھ دەرەخلەر شېخىدا .

ئاشۇ يىللاردىكى ھايات شائىر قەلىمىدە تەسۋىرلەنگىنىدەك مانا
مۇشۇنداق پاجىئەلىك ، ئېچىنىشلىق بولغان ئىدى . ئۆتكۈر ئەپەندى
شەخسەن ئۆزىمۇ بۇ ئىنقىلابنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ نۇرغۇن
جەبىر - جاپالارنى تارتقان ئىدى . بۇ شېئىردا ئاشۇ يىللاردىكى ئىنقى-
لاب كۆرۈنۈشلىرى چىنلىق بىلەن ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىپ
بېرىلدى . «كۆز كېچىسى» ناملىق شېئىردا ، «ئىنقىلابچىلار» نىڭ
گۇناھسىز ، بەختلىك بىر ئائىلىدە سەۋەبسىز تۇتقۇنلۇق يۈرگۈزۈپ ،
پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرىنى ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويغانلىقىدىن
ئىبارەت كونكرېت بىر مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن . شېئىرنىڭ قىممەتلىك
تەرىپى شۇكى ، شائىر بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ قويۇش ، ئۇنىڭغا
ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ، تېخىمۇ
مۇھىمى چوڭقۇر مەنىلىك مۇنداق جەڭگىۋار خىتابىنىمۇ ئوتتۇرىغا
قويغان :

ئاقتى قان ، ئاقتى قېرىنداش ھەم بۇرادەرلەر قېنى ،
نېمە دەپ يەكۈن ياسارسىن بۇڭا تارىخ بىر كۈنى ،

توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا ، ھەر كۈنلۈكى قانغا قاراپ ،
شۇنچە قانغا كىم خەلقنىڭ ئالدىدا ئېيتار جاۋاب ؟

بۇ خىتاب شائىرنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ

جانلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىر شائىر بولۇش، يەنە كېلىپ خەلقنىڭ شائىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن، خەلقنىڭ خۇنى ئۈچۈن چۇقان سالغان. ئۇ مۇشۇ يىللاردا يازغان «يانغۇسى تاڭ مەشئىلى»، «ئەسسە گۈل باغدىن سابا» قاتارلىق شېئىرلىرىدا، «بولما مىسكىن نا ئۈمىد، تۈنمۇ تۈگەيدۇ بىر كۈنى، يانغۇسى تاڭ مەشئىلى زۇلمەتكە ئوتلار ياققىلى»، «ئۈزمىدى ئۈمىدنى لېكىن بۇ سۇنۇق مىسكىن كۆڭۈل، كەلگۈسى ياردىن خەۋەر دەپ، ئەسسە گۈل باغدىن سابا» دەپ يېزىپ، پاراكەندىچىلىكنىڭ ئاخىرلىشىپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەن.

«ئىز» — ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان، شۇنداقلا پۈتۈن ئىجادىيىتىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىدىن بىرى. بۇ شېئىر ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ناھايىتى چوڭ ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ئىپادىلىگەن يۈكسەك ھېسسىياتى ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى بىلەن خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى، شۇنداقلا ئۆتكۈر ئەپەندىگىمۇ ناھايىتى چوڭ شۆھرەت ئېلىپ كەلدى. بۇ شېئىرنىڭ مەنە قاتلىمى چوڭقۇر بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن جاپالىق، ئەمما جەڭگىۋار كۈرەش تارىخى ئوبرازلىق، جانلىق ھالدا شېئىرلاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ شېئىر كەلگۈسىدە يېزىلماقچى بولغان «ئىز» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە مىلادىيە 1971 - يىلى يېزىلغان، گەرچە بۇ شېئىرنىڭ ھەجمى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى، ئىنقىلابچىلارنىڭ جەڭگىۋار روھى، شۇنداقلا رومانىنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىپادىلەنگەن. بۇ جەھەتتىن مەزكۇر شېئىرنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يارقىن نەمۇنىسى دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ.



«ئىز» شېئىرى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تارىخقا تۇنجى قېتىم ئەدەبىي جەھەتتىن ياندىشالىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ ياندىشىش ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. شائىر بۇ شېئىردا تارىخنى، رېئاللىقنى ۋە كەلگۈسىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ يازغان. شۇڭا، شېئىرنىڭ ھەر بىر مىسرا، ھەر بىر كۇپلېتىنىڭ ئاستىغا ناھايىتى مول مەزمۇنلار يوشۇرۇنغان. شېئىرنىڭ بېشىدىكى:

ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەنە نەۋرىمىز.

ئاز ئىدۇق مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.

دېگەن مىسرالاردا بىر تەرەپتىن ئىنقىلاب باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەر بىلەن كېيىنكى يىللار سېلىشتۇرما قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىنقىلابنىڭ خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى، شۇڭا خەلقنىڭ ئىنقىلابنى قوللىغانلىقى، ئىنقىلابنىڭ خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت پۇختا ئاساسقا، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى-نى ئارسلانلار دەشتى چۆلدە قەبرىسىز.

دېگەن مىسرالاردا كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان قانلىق جەڭلەر، جەڭچىلىرىمىزنىڭ خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىپ قۇربان بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى، شائىر بۇ يەردە يۈكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نەچچە ئون يىل ئېلىپ بېرىلغان، نۇرغۇن

قانلار تۆكۈلگەن ، ئاز بولمىغان قۇربانلار بېرىلگەن شىددەتلىك ئۇرۇش مەنزىرىسىنى پەقەت مانا مۇشۇ ئىككى مىسرا ئارقىلىقلا ناھايىتى جانلىق ، ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن . بۇ مىسرالارنى ئوقۇغان ھەر قانداق بىر كىتابخان شۇنچە چوڭ مەزمۇن ، شۇنچە كەڭ كۆرۈنۈشلەرنى شۇنداق ئىخچام ئىپادىلىگەن شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىگە ئىختىيارسىز قايىل بولماي تۇرالمايدۇ . شائىر :

قەبرىسىز قالدى دېمەڭ ، يۇلغۇن قىزارغان دالىدا ،
گۈل -چېچەككە پۈركىنۈر تاڭلا باھاردا قەبرىمىز .

قالدى ئىز ، قالدى مەنزىل ، قالدى يىراقتا ھەممىسى ،
چىقسا بوران كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز .

توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق ،
تاپقۇسى ھېچ بولمىسا ، بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز يا ئەۋرىمىز .

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ، بىر تەرەپتىن ئاشۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈرەشلىرى گەرچە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار ئىزلارنى ئەۋلادلارنىڭ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئۈمىدى ئىپادىلەنگەن ، يەنە بىر تەرەپتىن ، كونا دۇنيانى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىنقىلابنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقى ، ياكى مەقسەتكە يەتمىگۈچە ئۇنى ئەۋلادلارنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ بارىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەرلىك كۆرسىتىپ بېرىلگەن . ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرلىك بىر تەرىپى شۇكى ، كۆپلىگەن شېئىرلارنىڭ كۆرۈنۈشتىكى مەزمۇنىنىڭ ئاستىغا يەنە ھاياتلىق پەلسەپىسىگە يېقىنلىشىپ كېتىدىغان ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان . بۇ شېئىردىمۇ شۇنداق ئالاھىدىلىك



بار . شائىر ھاياتلىقنى سەپىرى مۇشەققەتلىك بىر كارۋانغا ئوخشىتىپ ، بەخت -سائادەتنىڭ جاپالىق كۈرەشلەر بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى ؛ ھاياتقا ، كەلگۈسىگە بولغان چەكسىز ئۈمىدۋارلىقىنى ، ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشلەرنىڭ نەۋرىلەر ، چەۋرىلەر ، ئەۋرىلەر ئارقىلىق مەڭگۈ داۋاملىشىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۈمىدۋارلىقنى ئىپادىلىگەن .

بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ ، ئالدى بىلەن بۇ شېئىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كلاسسىك ھەم يېقىشلىق شەكلى بولغان غەزەل شەكلىدە يېزىلغان ، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلار ئوبرازلىق ، جانلىق ، ھېسسىياتلىق تىل ، تولۇق قاپىيىلىك مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن . بۇ ھال شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ ، جەلپكارلىقىنى كۈچەيتكەن . شېئىردا ئىنقىلاب قوشۇنىنى ، ھاياتلىقنى كارۋانغا ئوخشىتىشتەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك قوللىنىلغان . شېئىرغا ماۋزۇ قىلىپ قويۇلغان «ئىز»مۇ بىر بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە مەزمۇن ئىپادىلەپ ، شېئىرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . ئومۇمەن ، «ئىز» شېئىرى مەيلى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن ، مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ گۈلتاجىسىغا ئايلانغان .

1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ جۇڭگو جەمئىيىتى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئاساسىي روھ قىلىنغان بۇ يېڭى دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى . ئۆتكۈر ئەپەندىمۇ قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ ، ۋەتەننىڭ يېڭى باھارىغا تەنتەنە قىلدى ۋە ۋەتەن -خەلقنى كۈيلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان يېڭى دەۋردىكى ئىجادىيىتىنى باشلىدى :

ئەي سازىم سازلان بۈگۈن ، سازلان يەنە سەن ياخشىراق ،
تۇغسا چولپان ، كۈلسە گۈلشەن ، مەن نىچۈن ئېيتماي قوشاق .

ئەي سازىم ئەۋجىڭ بىلەن ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى ،
ئەمدى تەگمەس ئەل كۈيىنى كۈيلىسەڭ باشقا تاياق .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىجادىيىتىدە «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق شېئىرى بىلەن «مەن ئاق بايراق ئەمەس» ناملىق شېئىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

«ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق شېئىردا شائىر ئۆزىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن يەكۈنلەپ ، شۇ جەرياندا ھېس قىلغان ھايات ھەقىقەتلىرىنى دانىشمەنلەرگە خاس شېئىري نۇتۇق ، ھەقىقىي شائىرلارغا خاس پاساھەت بىلەن ئوبرازلىق ، جانلىق ئىپادىلەپ ، ئۆز قەلبى ۋە ھېسسىياتىنى خەلققە سەمىمىيلىك بىلەن تاپشۇرغان . شۇڭا ، شائىرنىڭ ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرى بۇ شېئىردا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن .

«ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» — شائىرنىڭ ئۆمۈرنىڭ مەنىسى ، قىممىتى ھەققىدىكى ئۇزاق مەزگىللىك ئىزدىنىشىنىڭ ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەرياندا خۇلاسىلەپ چىققان تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنى . شۇنداق بولغاچقا ، بۇ شېئىر ئاساسەن دېگۈدەك ھايات ھېكمەتلىرى ، پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن تولغان . ئۆتكۈر ئەپەندى پۈتۈن ئىجادىيىتىنى ۋەتەن - خەلقنى كۈيلەشكە ، خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىق - قايغۇسىغا ئورتاقلىشىشقا بېغىشلىغان ، خەلقچىللىق روھى كۈچلۈك شائىر . ئۇ ، دۇنيانىڭ پەقەت خەلق بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ ، تەرەققىي قىلىپ ، گۈللىنىپ بارىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان . شۇڭا ، شائىر پۈتۈن ئىجادىيىتىنى خەلقنى كۈيلەشكە ، خەلقنى ئۇلۇغلاشقا ، خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى يېزىشقا بېغىشلىغان .



شۇ سەۋەپتىن خەلقنى ئۇلۇغلاش ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ ، جۈملىدىن بۇ شېئىرنىڭ باش تېمىسىغا ئايلانغان . بۇ باش تېمىنى شائىر شېئىردا مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن :

جاھان باقىي ئەمەس ، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان ،
مىسالدۇر بۇڭا ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىزخان ،
كېلىپ كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا بىھېساب كارۋان ،
ئۆتەر دۇنيا ، كېچەر دۇنيا ، پەقەتلا خەلق سۈرەر دەۋران ،
ئۆمۈر مەنزىلىدىن تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى .

بۇ ، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس»تىكى ، شۇنداقلا شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئېسىل ئىدىيىسىنى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بېرىدىغان كۇپلېتلارنىڭ بىرى . شۇڭلاشقىمۇ شائىر بۇ كۇپلېتنى «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق توپلىمىغا ئېپىگراف قىلىپ ئالغان . بۇ پارچىدىكى پىكىر ناھايىتى ئېنىق :دۇنيادا ھەممىلا نەرسە مەڭگۈلۈك بولمايدۇ ، ئادەملەرمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالىتى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ ، دۇنيادا ناھايىتى ئۇلۇغ ئۆتكەنلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ، ئەمما پەقەت بىرلا نەرسە مەڭگۈ ياشايدۇ ، مەڭگۈ دەۋران سۈرىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ - خەلق . شائىر بۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن بولغاچقا ، ئىجادىيىتىنى خەلققە بېغىشلاپ ، خەلق ئۈچۈن يېزىپ ، خەلقىمىزنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى .

شائىر ئۆمۈر مەنزىللىرىدىن يەنە ، «ھايات دېمەك - كۈرەش دېمەكتۇر» دېگەن ھەقىقەتنىمۇ يەكۈنلەپ چىققان ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالارنى يازغان :

خىيالىم دېڭىزى تىنماي ، تېشىپ مىڭ چايقىلىپ قايناق ،
كېچىلەر ئاز يۇمۇپ كۆزنى ۋە گاھى تۇنگىچە ئويغاق ،

چىقاردىم بىر يەكۈن ئاخىر ئۆمۈر مەنزىلىدىن شۇنداق :
ئۆمۈردۇر بىر كۈرەش ، ھەرگىز ئەمەس ئۇ بىزگە ئاۋۇنچاق ،
يولاتما ئەي كۆڭۈل ئەمدى ئۆزۈڭگە زەررە غەپلەتنى .

ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىش — ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئاساسلىق
پەلسەپە . بۇ پەلسەپە مەزكۇر شېئىرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە ئىزچىلـ
لىق شەكىللەندۈرگەن . شائىر شېئىردا ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش
قىلىشنىڭ مەزمۇنى ، مەقسىتى چوقۇم ئېلىگە تۆھپە يارىتىش بولۇشى
كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ، ۋە شۇنداق ھاياتنى ئاندىن مەنىلىك
ھايات دەپ قارىغان . ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلالىغان ، تۆھپە قوشالىـ
غان كىشىلەرلا ، «ھەر بىر جەڭگىۋار سەپتە ئۆلۈمنى شەرمەندە قىـ
لىپ بارالايدۇ» . بۇنداق بەختلىك ھايات ۋە شەرەپلىك ئۆلۈمگە شاـ
ئىرنىڭمۇ ھەۋىسى كېلىپ :«نە يەڭلىغ بەخت ئىدى بىزگە ، ئەگەر
تاپساق شۇ پۇرسەتنى» دەپ خىتاب قىلىدۇ . بۇ خىتاب كىشىلەرنى
ھاياتنى سۆيۈشكە ، مېھنەت قىلىپ تۆھپە يارىتىشقا چاقىرىدۇ .
ئۆتكۈر ئەپەندى «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق بۇ شېئىـ
رىدا يەنە ، ئادەم ئۆز قىممىتىنى ئۆزى يارىتىدۇ ، ئۆز ئۆمرىگە ئۆزى
مەنە بېرىدۇ ، ئادەمنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى ، ئەمگىكى ، خۇي ـ پەيلى
قانداق بولسا ئۇنىڭ ئادىمىيلىك سۈپىتى ، قەدىر ـ قىممىتىمۇ ،
ئۆمرىنىڭ مەنىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ ، دېگەن قارىشىنى ئىلگىرى
سۈرگەن . بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق يازغان :

يېتىپ كۈز سوغ شامال تەككەچ ، غازاڭ بولغان كەبى ياپراق ،
ئۆمۈر مەنزىلىدە ئاخىر بولۇرمىز بىر دۆۋە تۇپراق ،
بۇ تۇپراقتا ئۇنەر بەزەن تىكەن ياكى خۇنۇك قامغاق ،
ئېچىلغاي بەزىدە گۈللەر ، چېچىپ خۇش ئەتىرنى ھەر ياق ،
دېمەك ، ھەر كىم بېرۇر شەخسەن ئۆمۈرگە ئۆزى قىممەتنى .



شائىر بۇ مىسرالاردىن كېيىن ، كىتابخانلارغا ئادەم ئۆزىنىڭ
يۈكسەك ئوبرازىنى ، ھەقىقىي قىممىتىنى يارىتىش ئۈچۈن قانداق
كۈرەش قىلىشى كېرەك ، ئۆمۈر تۇپرىقىدا نېمە ئۆستۈرۈشى كېرەك ،
دېگەن سوئالنى قويىدۇ . شائىر بۇ سوئالغا جاۋابەن ، ئۆمۈر قىسمىتى
ۋە ھايات قىممىتىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن ،
ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى ئادىمىيلىك خىسلەت ، جاسارەت ۋە غايە بىلەن
بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ، بىزگە مۇنداق
ئىلھامبەخش ئېسىل مىسرالارنى تەقدىم قىلىپ ، بىزنى ھاياتىمىزغا
مول مەنە بېرىشكە ، ھاياتىمىزنى قىممەتكە ئىگە قىلىشقا چاقىرىدۇ :

. . . . . . . . . . .
نېمە تەرسە شۇنى ئالماق بولۇر ئۆز خۇي ـ پەيلىدىن ،
. . . . . . . . . . .
ئۇرۇقنى تاللىماي چاچساڭ ، تىكەن باسقاي زىرائەتنى .

«ئۆمـۈر ھەققىدە مۇبەممەس» ناملىق بـۇ شېـئىرنـىڭ تەربىـ
يىۋى ـ دىداكتىك قىممىتىمۇ يۇقىرى . شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى
يېزىشتىكى بىر مەقسىتى ھايات ھەقىقەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش
بولسا ، يەنە بىر مەقسىتى زاماندىشلارغا ، ئەۋلادلارغا ئۆمۈر ھەقىقىتىـ
دىن ئادەمنى ياخشىلىققا ، ئادىمىيلىككە دالالەت قىلىدىغان ئىبرەتـ
لىك ، دىداكتىك مەنە يەتكۈزۈپ ، ئۇلارنى تەربىيىگە ئىگە قىلىش
بولغان . بۇنداق مەقسەت پۈتۈن شېئىردا ئىزچىل دېگۈدەك ئىپادىلىـ
نىپ بارىدۇ ، شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا بولسا تېخىمۇ روشەن
ئوتتۇرىغا قويىلىدۇ :

بايان قىلغانلىرىم گەرچە دېڭىزدىن تامچىدۇر ، ئەمما ،
نامايەندۇركى قۇياش ئەكسى بىر تامچە سۇدىمۇ ھەتتا ،

مۇخەممەس ئەلگە يەتكۈزسە ئۆمۈر چىنلىقىدىن مەنە ،
مۇكاپات شۇ ئىدى مەنچۈن ، ئەمەسمەن ئۆزگىگە تەشنا ،
كۆچەتنى تىككۈچى مەيلى كۆرەلمەي ئۆتسە راھەتنى .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» نام-
لىق بۇ شېئىر مەزمۇن جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى ، پەلسەپىۋى پىكىر-
گە ، ھېكمەتكە ھەم دىداكتىكىغا بايلىقى ، قۇرۇلما جەھەتتىكى نەپىس-
لىكى ، ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىقى ، كەيپىياتىنىڭ جۇشقۇنلىقى ، تى-
لىنىڭ تاۋلانغانلىقى بىلەن ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدى-
كى يەنە بىر نامايەندە خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
«مەن ئاق بايراق ئەمەس» — ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ كېيىنكى
يىللاردا يازغان تەسىرى چوڭ ، ئىدىيىسى ئىلغار ، پىكرى يېڭى ،
قاراتمىلىقى كۈچلۈك ، شەكلى ئۆزگىچە بولغان شېئىرى بولۇپ ،
شائىر ئىجادىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ شېئىردا
ناھايىتى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ، ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن ،
ئەزىز يۇرتىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ، ۋەتەننىڭ شان ـ شەرىپىنى ،
ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش بۇرچى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن .
بۇ تۆت بۆلەكلىك شېئىر بولۇپ ، شېئىرنىڭ 1 ـ بۆلىكىدە ،
«كۈمۈش كەبى يالتىراق ، مەرۋايىتتەك پارقىراق» ، «بېشى ئاسمانغا
مەغرۇر تاقاشقان» ، «مۇقەددەس ، گىگانت ، گۈزەل» خانتەڭرى
چوققىسىنىڭ تەرىپى قىلىنغان ، شائىر بۇ چوققىنى ۋەتەننىڭ ئۇلۇغ-
لۇقى ، تەڭداشسىزلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن . شې-
ئىرنىڭ 2 ـ بۆلىكىدە ، كىملەرنىڭدۇر خانتەڭرىنىڭ ئاپئاق چوققىلى-
رىنى «يىراقتىن قارىماققا ئەل بولغان قوشۇن تۇتقان ئاق بايراق»
قا ئوخشاتقانلىقى يېزىلغان . نەتىجىدە شائىر ، شېئىرنىڭ 1 ـ بۆلىكى-
دە ئىلگىرى سۈرگەن قارىشى بىلەن 2 ـ بۆلەكتىكى قاراشنى سېلىش-
تۇرما قىلىپ ، قارىمۇقارشى پىكىر ئارقىلىق كەسكىن دراماتىك



كەيپىيات ۋە پىكىر قارىمۇقارشىلىقى يارىتىپ ، 3 ـ بۆلەكتىكى
پىكىر ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىغان . شېئىرنىڭ 3 ـ بۆلىكىدە خان-
تەڭرىنى سۆزلىتىپ ، خان تەڭرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇزاق تارىخلار-
نى ، شەرەپلىك ئەنئەنىلەرنى ، غالىبلىق ، مەردانىلىقلارنى ئىسپات
كۆرسىتىپ ، خانتەڭرىنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ مۇقەددەس زېمىن ۋە ئۇنىڭ
باتۇر خەلقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەبەدىلئەبەد غالىب ، مەردانە
قىياپەتتە تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى يازغان . شېئىرنىڭ 4 ـ بۆلى-
كى يەنىلا خانتەڭرىنىڭ خىتابى بولۇپ ، بۇ بۆلەك مۇنداق
يېزىلغان :

دېمەك ، تا ئەلمىساقتىن ـ
بېرى بارمەن ئۇزاقتىن .
شۇڭا بېشىم ئاقارغان ، ھەتتا كىيگەن تونۇم ئاق ،
لېكىن ئۆزۈم ئەمەسمەن ، سىز ئېيتقاندەك ئاق بايراق .

بۇ ھۆر زېمىن ۋەتىنىم ،
ئاڭا باغلىق جان تېنىم ،
چاچ ـ ساقالنىڭ ئاقلىقى — تارىخ قەسرىنىڭ ئۇلى ،
كۆككە تاقاشقان بېشىم شۇ ۋەتەننىڭ سىمۋولى .

قارا بۇلۇت توسسىمۇ ،
چاقماق كېلىپ سوقسىمۇ ،
ئېگىلمەستىن بۇ بېشىم مەغرۇر تۇردى ھەممە ۋاق ،
قانداق قىلىپ مەن ئەمدى بولۇپ قالاي ئاق بايراق !؟

قەلبىم قىزىل چوغ تۇرۇپ ،
قىزىل تۇغنى كۆتۈرۈپ ـ

كېتىۋاتسام مەردانە ، ناخشام غالىب ياڭرىغاق ،
قايسى يۈزىڭىز بىلەن دەيسىز مېنى ئاق بايراق .

بۇ مىسرالاردا ئىپادىلەنگىنىدەك ، شائىر بۇ شېئىرىدا خانتەڭرىنى بەدىئىي ئوبراز قىلىپ تۇرۇپ ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ۋە ۋەتەن سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن . ۋەتەننىڭ شان - شەرىپى ، ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن ؛ قىزىل نۇرغا پۈركەنگەن ، قىزىل تۇغنى كۆتۈرگەن ۋەتەن خەلقىنىڭ غالىبلارچە ئالغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى كۆرسىتىپ بەرگەن .

ئۆتكۈر ئەپەندى مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەر خىل ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ ، مىللەتنى روناق تاپتۇرۇش ، گۈللەندۈرۈشنى ئەڭ دەسلەپ تەشەببۇس قىلغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ، ئۇ مىلادىيە 1983 - يىلى يازغان «توۋادەيمەن ، توۋا» ناملىق شېئىرىدا دەۋرىمىز كىشىلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋە مەلۇم دەرىجىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ، شۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىغا يامراۋاتقان پوچىلىق ، چېقىمچىلىق ، غەيۋەتخورلۇق ، يۇرتۋازلىق ، مەنمەنچىلىك . . . كە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان . شائىر بۇ شېئىرىدا يۇرتۋازلىق ۋە مەنمەنچىلىك ئىللەتلىرى ھەققىدە مۇنداق يازغان :

تامدىن تارشا چۈشكەندەك ،
ئەرۋاھ تىرىلىپ چىققاندەك ،
بازارغا كىرىپ قاپتۇ
لەنەت تەگكۈر «لىق» ۋە «لىك» .
«سەن سەھرالىق ، مەن شەھەرلىك ، ئاۋۇ ئاداش قەيەرلىك ؟» -
دەيدىغان ئۆتمەس ماتا ،



(بەزىلەر زورلاپ ساتا ، )
توۋا دەيمەن توۋا !
بۇ گەپلەر تېخى ئازدەك ،
ئۈچىغا چىققان مازدەك ،
سۈرۈشتۈرۈپ ئۈستىخان ،
«مەن پالانى ، سەن پالان ،
مېنىڭ ئەسلىم ئېسىلزات ،
ئېسىللىقتا تاپقان ئات .
پالانچى ئۆزى كىمكەن ،
ئۇ مېنىڭ تېڭىمىكەن ؟»
دەيدىغان لاۋزىلىقلار ،
ئەدەپ قاپتۇ خىلىلا ،
توۋا دەيمەن توۋا !
. . . . . . . . .

شائىر بىر جامائەت ئەربابىغا ، ھەقىقىي بىر شائىرغا خاس ئالدىن كۆرەرلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يۇرتۋازلىققا ئوخشاش مانا مۇشۇنداق ئىللەتلەرنى قاتتىق تەنقىدلىگەن ، شائىر قوللانغان تىلنىڭ ۋەزنى ۋە ۋەزمىدىنلا بىز شائىرنىڭ بۇ ئىللەتلەرگە قانچىلىك نەپرەتلەنگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز . بۇ ، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئىپادىلەپ ، مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ، شۇ مەقسەتتىن چىقىپ ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان مەنىۋى ئىللەتلەرنى كۆرسىتىپ ، كىشىلەرنى بۇ ھەقتە ئويلىنىش ۋە بۇ ئىللەتلەرنى تۈگىتىشكە دەۋەت قىلىپ يازغان بىر پارچە ياخشى شېئىرى بولۇپ ، بۇ شېئىرنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا شۇندىن باشلاپ مىللەت ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ، ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى كۆرسىتىپ تەنقىدلەش ، شۇ

ئارقىلىق ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ مىللەتنى روناق تاپتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش بىر خىل خاھىشقا ئايلاندى .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . رۇبائىي ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى . ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان 70 پارچە رۇبائىيسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۈگۈنكى زامان ۋە يېڭى دەۋر باسقۇچىدا يېزىلغان . بۇ رۇبائىيلار بالايىئاپەتلىك يىللاردا يېزىلغانلىرى ۋە يېڭى دەۋر باسقۇچىدا يېزىلغانلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن .

ئۆتكۈر ئەپەندى بالايىئاپەت يىللىرىدا يېزىلغان رۇبائىيلاردا ئاساسلىق قىلىپ ئاشۇ يىللاردىكى ئېغىر ، جاپالىق تۇرمۇشنى ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئازابلىرىنى ، ھايات ھەققىدىكى ئىزتىراپلىق ئويلىنىشلارنى ، ياخشى كۈنلەرگە بولغان تەلپۈنۈشنى ئىپادىلىگەن .

قەلەم سۇندى ، ئەلەم ئەزدى دىلىمنى ،
شامال دارىپ كېكەچ قىلدى تىلىمنى .
قولۇم تۇتماس ، پۇتۇم باسماس پالەچمەن ،
نېمەم بىلەن رازى قىلاي ئېلىمنى .

بۇ — ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئاشۇ يىللاردا يازغان رۇبائىيلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئاپەتلىك يىللاردىكى ئېغىر تەقدىرى ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يوقۇتۇشلىرى ، شۇنداقلا ئۆمرىدىن ئەپسۇسلىنىش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن . ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى ، ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ رۇبائىيسىدا تۇرمۇشتىكى ئازابلاردىن زارلىنىشتىن كۆرە ، خەلق ئۈچۈن بىرەر پايدىلىق خىزمەت قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىگە بولغان ئەپسۇسلۇقىنى



ئىپادىلىگەن . ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئۆز ھاياتىي كاپالەتكە ئىگە بولالمايۋاتقان ئەنە شۇنداق شارائىتتىمۇ ئۆزىنى ئويلىماي ، خەلقنى ، خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشنى ئويلىغانلىقىدەك بۇنداق ئالىيجانابلىقى كىشىنى ئىختىيارسىز قايىل قىلىدۇ .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ كېيىنكى يىللاردا يازغان رۇبائىيلىرىنىڭ تېما دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولۇپ ، تېما جەھەتتىن ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى رۇبائىيلار ، خەلقچىللىق تېمىسىدىكى رۇبائىيلار ، ھاياتلىق ھېكمىتى ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن رۇبائىيلار ، ئادىمىيلىك ۋە ئىنسانىي پەزىلەت ئۇلۇغلانغان رۇبائىيلار ، ئىلىم - مەرىپەت تەشەببۇس قىلىنغان رۇبائىيلار دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ . ئۇنىڭ رۇبائىيچىلىقىدا ئادىمىيلىك ۋە ئىنسانىي پەزىلەتلەر ئۇلۇغلانغان رۇبائىيلارنىڭ ۋەزنى خېلى ئېغىر . ئۆتكۈر ئەپەندى ئىنسان ھەققىدە كۆپ پىكىر يۈرگۈزگەن ، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۇلۇغلاشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن . ئۇنىڭ بۇنداق تېما ئالاھىدىلىكى رۇبائىيلىرىدىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . شائىر ئىنساننى ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ، بىلىمى ئاساسىدا تونۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . شۇڭا ، شائىر نەزىرىدىكى ئادەم — چىن ، سەمىمىي ، ئەدەپ - ئەخلاقلىق ، بىلىملىك ، مىننەتسىز ئىنساندۇر . بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق يازىدۇ :

قارىغاينىڭ كۆكلىكى — ئۇنىڭ زىننىتى ،
تۈزلىكى — ئۇنىڭكى قەدىر - قىممىتى .
ھەر كىشى قارىغايدەك بولالىسا تۈز ،
ئەل ئىچرە ساقلىنار ئىززەت - ھۆرمىتى .

* * *

بۈيۈك تاغنى تالقان قىلسىمۇ گەر ،

ئۆزگە تەمەننا قويماس يىگىت ـ ئەر .
كۆر پىلە قۇرتى چىغىدا ھەر يىل ،
پۈتتۈرگەچ غوزىنى بىمىننەت ئۆلەر .

ئۆتكۈر ئەپەندى رۇبائىيلىرى چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئىپادىلىگەنلىكى ، پىكىر ـ ئىدىيىنى بىۋاستە ئەمەس ، بەلكى ئوبراز ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقى ، رۇبائىيچىلىق ئۆلچىمىگە تولۇق چۈشىدىغانلىقى ، ، تىلىنىڭ نەپىسلىكى ، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ جانلىقلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ، جۈملىدىن يېڭى دەۋردىكى ئىجادىيىتىدە «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق داستانى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ داستان ۋەقەلىكىنىڭ جانلىقلىقى ۋە كۈچلۈك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ، مەركىزىي ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، ئوبرازلىرىنىڭ يارقىنلىقى ، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان . داستاندا مۇنداق بىر ۋەقەلىك يېزىلغان :

تەكلىماكان ئەتراپلىرىدا شەھىرى قەمەر دەيدىغان بىر ئەل بار ئىكەن . بۇ ئەلدە ياشايدىغان نامرات تۇل ئانىنىڭ يېتىم ئوغلى ئوۋغا چىققان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ قىزىنى بىر كۆرۈپلا ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ . ئاشىقلىق سەۋداسى قىزنىڭ قولىغا يەتكەندىن كېيىن ئوغۇلغا تويلۇق ئۈچۈن ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ كېلىش شەرتىنى قويۇپتۇ . بۇ شەرتنى ئاڭلىغان ئانا : ،

جان بالام ، غەم يېمىگىن ، — دەپتۇ ئانا ،
سەن ئۈچۈن ھەممە نېمەم تەييار مانا .
گەر مۇرادىڭ مەن بىلەن ھەل بولسا تا ،



بۇ مېنىڭ ئىسسىق جېنىم بولسۇن پىدا .
بىر ئەمەس مىڭ بىر يۈرەك بولسا بېرەي ،
ئال بالام تەسەددۇقۇڭ مەن بولاي !

دەپتۇ . ئەقلىدىن ئازغان ئوغۇل پىچاق كۆتۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ . شۇ چاغدا يەر سىلكىنىپ ، بوران چىقىپ ، چاقماق چېقىپ كېتىپتۇ ، ئەمما ئوغۇل پەيلىدىن يانماي ، ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ، ئوردىغا قاراپ يۈگۈرەپتۇ .

دۈم چۈشۈپتۇ پۇتلىشىپ يولدا بىراق ،
ھەم يۈرەك ئىرغىپ چۈشۈپتۇ نېرىراق .
شۇندا چوغدەك قىزىرىپ ھەم نۇر چېچىپ ،
پارقىراپ تۇرغان يۈرەك ئېغىز ئېچىپ ،
دەپتۇ : «جان بالام ، جېنىم ، ئالتۇن قوزام ،
بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ جېنىم بالام ؟ »
بۇ يۈرەكتىن ئۇرغۇغان ئۇشبۇ سادا-
دىن ، شۇئان تەسىرلىنىپ ھەتتا خۇدا ،
ئانىلىق مېھرى ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ،
شۇم ئەجەلنىڭ نۆۋىتىنى رەت قىلىپ ،
ئورنىغا سالغاچ يۈرەكنى قايتىدىن ،
ھەم ئانا دەرھال تۇرۇپتۇ جايىدىن .

ئوغۇل ھەق قەھرىدىن قورقۇپ باشقا بىر ئەلگە كېتىپتۇ . ئانا ئۇنى قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ زادىلا تاپالماپتۇ . يات ئەلنىڭ پادىشاھى ھەم ھېلىقى شاھ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتكەندە تەلىپى رەت قىلىنغاچقا ، شەھىرى قەمەرنى قوراللىق بېسىۋېلىپ ، شۇ ئارقىلىق قىزغا ئېرىشىش نىيىتىدە بولسىمۇ ، يول باشلاپ ماڭىدىغان ئادەم بولمىغاچقا

مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي يۈرگەن ئىكەن . يات ئەل پادىشاھى قاتىل ئوغۇلنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ باتۇر ، ئەمما نادانلىقىنى يارىتىپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغۇلغا شاھ قىزىنى بېرىشكە يالغاندىن ۋەدە قىلىپ ، ئۇنى ئۆز ئېلىگە قارشى قوشۇنىنىڭ يول باشلىغۇچىسى قىپتۇ . ئوغۇل دۈشمەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۆز يۇرتىغا بېسىپ كەپتۇ ، ئوغۇل باش بولغاچقا شەھىرى قەمەر خەلقى دۈشمەن قوشۇنلىرىنى يېڭەلمەپتۇ . شۇ چاغدا ئانا ئوغلى ئۈچۈن نومۇس قىلىپ ، مۇنداق نالە قىپتۇ :

ۋاي ئىست ، نېمە دەپ سېنى تۇغقاندىمەن ؟ !
نېمە دەپ ئاق سۈت بېرىپ باققاندىمەن ؟ !
شۇمىدى سەندىن يېتەر ئەلگە ۋاپا ،
بالىمەس بولدۇڭغۇ يۇرتقا بىر بالا .
. . . . . . . . .

ئوغۇل ئانىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا قۇچاق ئېچىپ كەپتۇ ، ئەمما ئانا تاشتەك تۇرۇپتۇ . ئانىنىڭ نەزىرى نەيزىگە ئوخشاش ئۇنى تىزلاندۇرۇپتۇ . شۇ چاغدا پۈتۈن يەر - جاھان جىمىپ كېتىپتۇ .

شۇ سۈكۈنات ئىچرە بۇ قەيسەر ئانا ،
بۇرچىنى نومۇس بىلەن ئەيلەپ ئادا ،
تىغ ئۇرۇپتۇ ياۋغا قايناپ غەزىپى ،
دۇم چۈشۈپتۇ شۇ زامان ئۇ لەنتى .
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىش بوپتۇ تامام ،
ياش تۆكۈپتۇ ئانا ھەم تارام - تارام .

شۇنىڭ بىلەن تەڭ پۈتۈن خەلق دۈشمەنگە قارشى يېڭىۋاشتىن جەڭگە ئاتلىنىپتۇ ، دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپتۇ . . .



بۇ داستاندا ئادەم قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ئىككى مۇھىم تەپسىلات بار ، ئۇنىڭ بىرى ئوغۇلنىڭ ئۆز ئانىسىنى ئۆلتۈرۈشى ، يەنە بىرى ئانىنىڭ ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشى . شائىر مانا مۇشۇ ئىككى ئۆلۈم ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئادىمىيلىك خىسلەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھەم ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان . شائىرنىڭ ئالدى بىلەن گەۋدىلەندۈرگىنى ئادىمىيلىك خىسلەت بولۇپ ، بۇ مەركىزىي ئىدىيىنى شائىر ، پادىشاھ قىزىنىڭ ۋىسالى ئۈچۈن ئوغۇلنىڭ ئۆز ئانىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىدەك نەپرەتلىك قىلمىشى ئاساسىدا كۆرسىتىپ بەرگەن ، بۇ ئارقىلىق شائىر ئەقىلسىزلىق ، نادانلىق ، كۆيۈمسىزلىك ، رەھىمسىزلىككە ئوخشاش ئىللەتلەرنى قاتتىق تەنقىدلەپ ، بۇنداق ئىللەتلەر ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكىنى يوقىتىدۇ ، ئادەمنى ئادىمىيلىك سۈپىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن . شائىر داستاننىڭ خاتىمىسىدە : جان نېمە ، جانان نېمە ، ۋەتەن نېمە ؟ ھەر كىشىنى ئادىمىي ئەتكەن نېمە ؟ يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراغ ، گۆش - تېرە ، سۆڭەك بىلەن بۇ تەن نېمە ؟ » دېگەن مىسرالارنى يېزىپ ، ئادەمنىڭ جىسمى بولسىلا ئادەم بولمايدۇ ، ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىغان خىسلەتلەرنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن . داستاندا يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەن ئۇلۇغلىنىپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن . ئۆز ئوغلى ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ ، يۈرىكىنى بېرىشكە رازى بولغان مېھرىبان ئانا جاندىن ئەزىز ئوغلىنى نېمە ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى ؟ ئانا ئوغلىنىڭ ھەر قانداق ئېغىر گۇناھلىرىنى ، ھايۋاندىن بەتتەر رەھىمسىزلىكىنى كەچۈرەلىگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۆز ئېلىگە ھۇجۇم قىلغان دۈشمەن قوشۇنىغا يول باشلاپ كېلىشتەك ۋەتەن ساتقۇچلۇقىنى زادى كەچۈرەلمىدى ، ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا ، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ۋەتەندىن ئۇلۇغ ، ۋەتەندىن

مۇقەددەس نەرسە يوق ، ۋەتەن دۈشمەنلىرى ئۈچۈن بىردىنبىر جازا
پەقەت ۋە پەقەت ئۆلۈم . ئۆتكۈر ئەپەندى پۈتۈن ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ
ئاساسلىق تېما بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى بۇ داستاندا مانا
مۇشۇنداق ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگەن .

## ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن شائىر-
لىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى
بىر قانچە تەرەپتە روشەن ئىپادىلىنىدۇ .

1 )ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىدا بىر قانچە ئاساسلىق باش تېما
بار . ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقچىللىق ، ئادىمىيلىكتىن ئىبارەت بۇ باش
تېمىلار ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە
تېما ئىزچىللىقى شەكىللەندۈردى ۋە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلدى . ئۆت-
كۈر ئەپەندى مەيلى قىسقا شېئىرلىرىدا بولسۇن ، مەيلى داستان ـ
باللادىلىرىدا بولسۇن ئاساسەن مۇشۇ تېمىلارنى كۆپرەك يازدى . بۇ
تېمىلار ۋە ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلار شائىر-
نىڭ شېئىرلىرىنى مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساسقا ، يۇقىرى ئىدىيىۋى
قىممەتكە ئىگە قىلدى . ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ تېمىلارغا يېڭىدىن ـ يېڭى
پىكىرلىرى بىلەن شۇنداقلا يۇكسەك بەدىئىي ماھارەتلىرى بىلەن ياندى-
شىپ ، بۇ تېمىلارنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى ، تېخىمۇ بېيىتتى .
ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى ئالىدىغان بولساق ، ئۆتكۈر ئەپەندى ۋەتەن-
نىڭ ئۇلۇغ ، مۇقەددەسلىكىنى ئەنئەنىۋى ئېتىقادىمىزدىكى ئەڭ مۇ-
قەددەس جاي ھېسابلىنىدىغان ”سەجدىگاھ“ غا ئوخشىتىپ ، بۇ ئارقى-
لىق بۇ تېمىغا يېڭى پىكىر ئېلىپ كىردى . بۇ پىكىرنى
شائىر :



ۋەتەن يادى مېنىڭ سۇبھىگاھىمدۇر ،
ئۇ كۈندۈز ئاپتىپىم ، تۈندە ماھىمدۇر .
ئەگەرچە ئەيلىسە مەيلى رەشك كەبە ،
مۇشۇ تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر .

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالىرىدا ئىپادىلىگەن . شائىر ۋەتەنپەرۋەر-
لىك ئىدىيىسىنى بەزى شېئىرلىرىدا يۇقىرىقى شېئىرلىرىدىكىدەك
بىۋاستە ئىپادىلىگەن بولسا ، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا تېخىمۇ
كونكرېتلاشتۇرۇپ ، ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلىدى . شائىرنىڭ «ياخ-
شى» ، «ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى» ، قاتارلىق غەزەللىرىنى ، «مەن
ئاق بايراق ئەمەس» ناملىق شېئىرىنى ، شۇنداقلا قەشقەر ھەققىدە
يازغان بىر يۈرۈش قەسىدىلىرىنى مانا مۇشۇ خىلدىكى شېئىرلار
ئۈچۈن مىسال كۆرسىتىش مۇمكىن .

2 )ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىدا ھايات ھېكمەتلىرىنى ئىپادى-
لەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئۆتكۈر ئەپەندى دەسلەپكى شېئىر-
لىرىدا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن بول-
سا ، ئىجادىيەتتە پىششىقا ئەگىشىپ ، شېئىرلىرىدا ھايات ھېكمەتلى-
رىنى ، پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ، ئەخلاقىي دىداكتىكىلارنى ئىپادىلەش-
كە يۈزلەندى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ جەھەتتە گەۋدىلىك مۇۋەپپە-
قىيەتلەرگە ئېرىشتى ، شۇنىڭ بىلەن ھاياتلىق ھېكمەتلىرىنى ئىپادى-
لەش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قال-
دى . ئۆتكۈر ئەپەندى بىر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ
ئورتاق تەجرىبىلىرى ، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرى
ئاساسىدا ھاياتلىق ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ، بۇ جەھەتتە
خۇلاسىلەپ چىققان ئۆمۈر ھەقىقەتلىرى ، ھاياتلىق پەلسەپىسى ، ئەخلا-
قىي دىداكتىكىلار ئارقىلىق زاماندىشلارغا ھاياتلىق ھەقىقىتىنى تونۇ-
تۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئادىمىيلىككە ، ئۇلۇغلۇققا

دەۋەت قىلىدۇ . ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە شېئىرىدا مۇنداق ئالاھىدىلىك
روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ . جۈملىدىن :

ئۆلۈمنى ئويلىسا ھەر كىم ، بىلۇر ئۆز زاتىنى ئاندىن ،
تۇغۇلماق ، سوڭرە ئۆلمەكلىك ئاياندۇر ھەممىگە ئايدىن ،
لېكىن نەدە ، قاچان ، قانداق ئۆلۈشنى كىم بىلۇر ئالدىن ،
يېشىلمەس بىر تۈگۈن بولدى بۇ ماۋزۇ دەۋرى - دەۋراندىن ،
غەنىيمەت بىل ئادەمزاتقا بىرەر تۆھپە ۋە خىزمەتنى .

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالاردا شائىر بىر تەرەپتىن ھاياتلىقنىڭ
ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىنى ، ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ
ئالدىدا ئامالسىزلىقىنى كۆرسەتسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ھاياتنى
ۋەتەن - ئەل ئۈچۈن پايدىلىق خىزمەتلەر بىلەن مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ ،
شۇ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ .
3 )ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ ئوبرازچانلىقى ناھايىتى كۈچ-
لۈك . ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرىي پىكرىنى شېئىرىي ئوبرازلار ۋاستى-
سى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشنى بىر خىل ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى
قىلغان . ئۇ ھەرقانداق بىر پارچە شېئىرىدا ئىپتىماقچى بولغان مەزمۇن-
نى ، گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغان پىكرىنى ، ئىپادىلىمەكچى بولغان
ھېسسىياتىنى ھەرگىزمۇ بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويمايدۇ . شېئىرىي
ئوبراز — ئۇنىڭ پىكىر قىلىشتىكى ، شېئىر يېزىشتىكى بىر خىل
ئاساسلىق ۋاستىسى . مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر پارچە شېئىرنى
كۆرۈپ باقايلى :

خام قاپاقنىڭ ئىچى لەشتۇر پارقىراپ تۇرغان بىلەن ،
مېغىزى شېرىن ياڭاق تېشى قوتۇر بولغان بىلەن ،
كۆكتىكى پارچە بۇلۇتتىن ئەلگە تەگمەس قىلچە نەپ ،



ئىسسىتار ئەلنى كۆمۈر يەر ئاستىدا ياتقان بىلەن .
مېۋە بەرمەس ھېچقاچان ھاي - ھاي چاپان ھەشقىپىچەك ،
يامىشىپ ھەر نەرسىگە مىڭ يۇقىرى چىققان بىلەن .
يەر بېغىرلاپ ياتسىمۇ ، قوغۇن - تاۋۇزنىڭ پېلىكى ،
تولدۇرار يېزا ، بازارنى نېمەتۇ ئەلۋان بىلەن .

بۇ مىسرالاردا شائىر ھاياتلىقنىڭ مەنىسى ، قىممىتى ، ئادىمىي-
لىك پەزىلەت قاتارلىقلار ھەققىدە ھېكمەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا
قويغان . ئەمما بۇ پىكىرلەر بىۋاستە ئەمەس ، بەلكى خام قاپاق ،
ياڭاق ، بۇلۇت ، كۆمۈر ، ھەشقىپىچەك ، پېلەك قاتارلىق شېئىرىي
ئوبرازلار ئارقىلىق ، بۇ شېئىرىي ئوبرازلار ئىپادىلىگەن مەنە ئارقى-
لىق ۋاستىلىك ، بېشارەتلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بۇنداق ئالاھىدى-
لىك شائىر ئىجادىيىتىدە ناھايىتى گەۋدىلىك مەۋجۇت بولۇپ ، ئۇنىڭ
ھەممە شېئىرلىرىدا دېگۈدەك ئۇچرايدۇ .
4 )ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بول-
غان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق . ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيەتكە خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىلھامى ۋە تەسىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن .
بۇنداق تەسىر ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە يېزىلغان «تەلكە ھەققىدە
قوشاق» ، «بۆشۈك ئەللىيى» ، «كۈچا يولىدا بىر تۈن» ، «يۇرتۇم
قالدى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .
بۇ شېئىرلار خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان . خەلق قوشاقلى-
رىنىڭ ئاممىباپلىقى ، ئاھاڭدارلىق ، قۇرۇلمىسىدىكى مۇكەممەللىك ،
ئوبرازلىرىدىكى جانلىقلىق ، تىلىدىكى پاساھەت . . . كە ئوخشاش
ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرىدا خېلى كەڭ ئۇچ-
رىتىشقا بولىدۇ .
ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىنى يەنە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا خەلق ئەدەبىياتىغا ، جۈملىدىن

خەلقنىڭ بەدىئىي تىلىغا مەنسۇپ بولغان تىل تەركىبلىرىنىڭ قوللى-
نىلغانلىقىدىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئۆتكۈر ئەپەندى كۆپلىگەن شې-
ئىرلىرىدا «سۇمبۇل چاچلىق ، قەلەم قاشلىق» ، «تىلى باغلىق ،
دىلى داغلىق» ، «مۇڭ دېسە مۇڭدىن كېلۇر» ، «كەلمىگەي ھېچكىم
بېشىغا ماڭا كەلگەن كەلگۈلۈك» ، «مىڭ جېنىم بولسۇن تەسەددۇق» ،
«كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ سەن» ، «تالى مەجنۇندەك ئۆزۈڭگە» . . .
دېگەنگە ئوخشاش خەلق ئەدەبىياتىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان
ئىپادىلىك تىل تەركىبلىرىنى كۆپ قوللانغان . بۇنداق تىل تەركىبلى-
رى بىر تەرەپتىن شېئىرىي پىكىرنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينى-
سا ، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىرنى ئاممىبابلاشتۇرۇپ ، ئۇنى خەلققە
يېقىنلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان .

ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان
ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنى يەنە ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى-
دىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، ئۇلارنى شېئىر مىسرالىرىغا تى-
زىپ ، بۇ ئارقىلىق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىدىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .
ئۆتكۈر ئەپەندى خېلى كۆپ شېئىرلىرىدا پىكىرنى ماقال - تەمسىللەر
بىلەن ئىپادىلەپ ، ناھايىتى يۇقىرى ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن .
شائىرنىڭ بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى «خەلق ماقاللىرىدىن ئىق-
تىباسلار» ناملىق شېئىرىدا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان :

ئالىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ ، زامانىڭنى تار ،
زالىمىڭنى بەگ ياراتتىڭ ، ئالىمىڭنى كار .
كوزا چاققان تاپتى دۆلەت ، تاپتى ئىززەت ، تاپتى بەخت ،
سۇنى كىم كەلتۈرسە بولدى ، ھەر قەدەمدە خارۇ - زار .
قاغا تاپتى ئېتىبار ، بۇلبۇل نەزەردىن يىراق ،
چېتىلىپ قالدى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا تۆگە - نار .



شېئىردىكى مىسرالارنىڭ كۆپىنچىسى خەلق ماقال - تەمسىللى-
رىدىن ئىبارەت بولۇپ ، شائىر ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا بۇ
شېئىرنى يېزىپ چىققان ، خەلق ماقاللىرىدىن پايدىلىنىپ شېئىر
يېزىش — ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئېلىپ كىرگەن
چوڭ بىر يېڭىلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شائىر ماقال - تەمسىللەرنى
شېئىر مىسرالىرىغا ئايلاندۇرۇپ ، بۇ ئارقىلىق 1940 - يىللاردىكى
زۇلمەتلىك رېئاللىق ، ئادالەتسىز دەۋرنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئەكس
ئەتتۈرۈپ بەرگەن . خەلق ماقال - تەمسىللىرى شائىرنىڭ
پۈتمەس - تۈگىمەس پىكىر - ئىلھام خەزىنىسى بولۇپ ، شائىرنىڭ
باشقا شېئىرلىرىدىمۇ ماقال - تەمسىللەر «ئىت ھۈرەر ، كارۋان
يۈرەر ، قايتماس ئىزىدىن ئارسلان ، /بىلسە ئادەم بۇ ئۆمۈرنىڭ ھەر
كۈنى بىر ئىمتىھان» ، ئەقىلسىز ، تەلۋە دوستلاردىن زېرەك دۈشمەن
ئىمىش ياخشى ، /كۆپەيدى دۈشمىنىم دەپ ، ھەرگىز كۆڭۈلنى غۇبار
قىلما» ، «بېلىق دەريادا ئەركىندۇر ، لاچىنغا كەڭ ھاۋا ياخشى»
دېگەندەك شەكىللەردە ئۆزلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلغان .

ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان
قويۇق مۇناسىۋىتىنى يەنە شېئىرلاردا تەمسىل ، ئىدىيوم ، تۇراقلىق
ئىبارە ، ئەپسانە - رىۋايەت تەركىبلىرىنىڭمۇ كۆپلەپ قوللىنىلغانلى-
قىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بۇنداق تەركىبلەر خەلق ئەقىل -
پاراسىتىنىڭ ، ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇش سۈپىتى بى-
لەن چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپادىلەش ، باغلانما تەسەۋۋۇر قوزغىتىش ،
ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئوخشاش مۇھىم روللارنى
ئوينايدۇ . ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ تەركىبلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق رولىدىن
ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان . ئۆتكۈر ئەپەندى «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە
چۆچەك» ، «قىزىل گۈل بىلەن ئازغان» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى-
نىڭ تېمىسىنى خەلق رىۋايەتلىرىدىن ئالغان ؛ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا
خەلق ئىدىيوملىرىدىن پايدىلانغان . «يىراقتىن خەت» ناملىق شېئىرد-

دا «كېلەر ئەسكە ئۆتمۈش بىر رىۋايەت، سۇلايمان ئىچمىگەن سۇدىن ھېكايەت» دېگەن مىسرالاردىكى سۇلايمان ئىچمىگەن سۇ رىۋايىتى ئارقىلىق، قوۋم - قېرىنداش، ئەل - يۇرتسىز ھۇزۇر - ھالاۋەتنىڭ لەززىتى بولمايدۇ، دېگەن پىكىرنى گەۋدىلەندۈرگەن بولسا، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق شېئىرىدا «نە بولدى ھالى پىرئوننىڭ تەكەببۇرلۇق تۇپەيلىدىن» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، تەكەببۇرلۇقنىڭ زىيىنىدىن بېشارەت بەرگەن. ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر مىساللار ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ. قىسقىسى، خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەت ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۆتكۈر ئەپەندى خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى خەلقنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن، خەلققە يېقىشلىق بۇ شېئىرلار خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان.

## قۇربان ئىمىن، ئەلقەم ئەختەم

**قۇربان ئىمىن** (مىلادىيە 1914 - 1992 - يىلى). بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىجادىيىتى ناھايىتى جانلانغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى مىلادىيە 1937 - يىلى يازغان «كېلىڭ ياشلار» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان باسقۇچىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ئېرىشكەن. ئازادلىقتىن كېيىن كونا زاماندا ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ يېڭى دەۋردىكى خۇشاللىقىنى ئىپادىلىگەن، ئازادلىققا تەنتەنە قىلىنغان، خەلقنىڭ ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن كۆپلىگەن جەڭگىۋار شېئىرلىرى بىلەن شۇ يىللاردىكى شېئىرىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. 1949 - يىلى



10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغاندا شائىر «تاڭ شەرىپىگە» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ، شېئىردىكى:

ئالتۇن قەلىمىمدىن يامغۇر كەبى ئىلھام تۆكۈلۈر،
دوستلىرىمىز خۇشال، دۈشمەن بېلى تېزدىن پۈكۈلۈر.

چۈنكى بۈگۈن تاڭدىن خەۋەر ئالدىم، بەكمۇ قۇۋۋاندىم،
تەشنا بۇ يۈرەك تېز - تېز تېپىدۇ، نۇرغا ئورالدىم.

توختىدى ئۈزۈندىن بېرى كۆزدىن ئاققان يېشىمىز،
ھۆرلۈككە ئېرىشكەچ، ئاسمانغا تاقاشتى بېشىمىز.

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار ئارقىلىق جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى ئالقىشلىغان، شۇنداقلا قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئازاب ياشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئازادلىق ۋە بەختتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقان خەلقنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىگەن. شۇ يىللاردا شائىر «كىردۇق يېڭى دەۋرگە»، «شاد بوۋاي» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنىڭ:

يېڭى دۇنيا ياسايمىز!
ھەر دائىم تەڭ ياشايمىز!
غالىبىيەت ئۈستىگە،
شانلىق تۇغنى قادايمىز!

ئەر-خوتۇن تەڭ كېلىڭلار!
يەڭنى ئەمدى تۈرۈڭلار!

كىردۇق يېڭى دەۋرگە ،
ھەممە بىردەك يۇرۇڭلار !

دېگەن مەزمۇندىكى ياشاش ۋە كۇرەش قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادە-لىگەن .

قۇربان ئىمىن 1950 - يىللاردا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ، 1950 - يىلى 8 - ئايدا غەربىي - شىمال رايونى بويىچە شىئەندە ئېچىلغان 1 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان . شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان ، مىلادىيە 1957 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋە شىن-جاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان . مىلادىيە 1960 - يىلى جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان .

مىلادىيە 50 - يىللاردا قۇربان ئىمىن «شانلىق ئارمىيە» ، «بىرىنچى ماي» ، «يېڭى جۇڭگو قىزلىرى» ، «كوپېراتىپ قۇردۇق بىز» ، «باراڭدا» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى ئۆزگىرىش - تەرەققىياتلارنى ، قىز - يىگىتلەرنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۇرەش قىلىش روھىنى ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن .

شائىرنىڭ 1960 - يىللاردىكى ئىجادىيىتىمۇ ناھايىتى ھوسۇل-لۇق بولغان بولۇپ ، تېما ئىزچىللىقى جەھەتتە 1950 - يىللاردىكى ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى داۋاملاشتۇرغان . شۇنداقتىمۇ 1960 - يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئىككى پارچە شېئىرى بار ، ئۇنىڭ بىرى «توي ناخشىسى» ، يەنە بىرى «بوز تورغاي» بولۇپ ، بۇ ئىككى پارچە شېئىر «ئانارخان» كىنو فىلىمىدى-



كى ناخشىغا تېكىست قىلىپ يېزىلغان . شېئىرنىڭ بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدىغان :

راۋابىم جاراڭلايدۇ ،
تارىسى ئالتۇنمىكىن ؟
تويىمىز قىزىپ كەتتى ،
قەلبىمىز يالقۇنمىكىن ؟

ئاسمان بىزنىڭ ھۇجرىمىز ،
بۇ چۆل رەڭدار زىلچىمىز .
مېھمان بولۇپ يۇلتۇزلار ،
يۇلغۇن ، قۇملار دوستىمىز .

ئانارگۇلدەك ئانارخان ،
ئۆچمەس بىزنىڭ مۇھەببەت .
ئىشقىمىزنى توسالماس
تاغدەك جاپا - مۇشەققەت .

—— «توي ناخشىسى» دىن

دېگەن سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان مىسرالىرى جۇشقۇن ، مەردانە مۇزىكا بىلەن بىرگە نەچچە ئون يىلدىن بېرى خەلقىمىز ئاغزىدىن چۈشمەي سۆيۈپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ .

قۇربان ئىمىن 1950 - يىللاردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ خاھىش - ئالاھىدىلىكلىرىنى مەلۇم نۇقتىدىن گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدى-غان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ، ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە مۇۋەپپە-قىيەت ھېسابلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەر يوق دېيەرلىك . شۇنداق بولۇ-شىغا قارىماي ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە مۇنداق بىر قانچە تەرەپ روشەن

ئىپادىلىنىدۇ : قۇربان ئىمىن ناھايىتى ھوسۇللۇق شائىر ، ئۇ دەۋرداشلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ شېئىر يازغان ؛ ئۇ شېئىرلىرىدا دەۋر رېئاللىقىنى ، دەۋرنىڭ ئاساسلىق خاھىشىنى ، دەۋردىكى ئىجتىمائىي - تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ، خەلقنىڭ شۇ يىللاردىكى ئاكتىپ - ئىلغار ئىدىيىسىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ، شائىر باشتىن كەچۈرگەن ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەينەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ؛ ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھازىر جاۋابلىقتا ، دەللىككە ، جەڭگىۋارلىقتا ئىگە بولۇپ ، مەدھىيە بىلەن تەنقىد روشەن گەۋدىلەنگەن ، شېئىرلىرىدا قوللىنىلغان تىل ناھايىتى ئاممىباپ ، يەڭگىل ، ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات ساددا - سەمىمىي بولۇپ ، ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى خەلق سەنئەتكارلىرى ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ .

قۇربان ئىمىننىڭ «تارىم غەزەللىرى» (1978 - يىل ) ، «قەشقەر ئاۋازى» (1981 - يىل ) ، «تاغ سۇلىرى» (بىرلەشمە توپلام ، 1993 - يىل ) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان .

**ئەلقەم ئەختەم** (مىلادىيە 1922 — 1990 - يىلى ) . بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى . ئۇ 1922 - يىلى 8 - ئايدا تۇغۇلغان . 1939 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇغان . مىلادىيە 1942 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . مىلادىيە 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا ئۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتىدە مۇخبىر ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . 1947 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ھەربىي مۇخبىر بولۇپ ، جەنۇبىي



شىنجاڭغا كەلگەن .

ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى مىلادىيە 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا باشلانغان بولۇپ ، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ، ئاھ - زارلىرىنى ، شۇنداقلا كۈرەش قىلىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن «بىر ئىز» ، «دىلبەر» ، «سىڭلىمغا» ، «قەشقەر قىزى» ، «باھارنى سېغىندىم» ، «قىش» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بىلەن شۇ يىللاردا چوڭ تەسىرلەرنى قوزغاپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مۇنەۋۋەر شائىرلاردىن بولۇپ قالغان ئىدى .

ئەلقەم ئەختەمنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتى ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئىجادىيىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە قايتىدىن جانلاندى . شائىر دەۋر رېئاللىقىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنى ، چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ، خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى ئالقىش - تەنتەنىلەرنى ھاياجان بىلەن ئىپادىلەپ ، شۇ دەۋرنىڭ ھەقىقىي كۈيچىسىگە ئايلاندى ۋە ئاز بولمىغان ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى . ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭىچە ھايات شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئىلھام بۇلىقىغا ئايلىنىپ ، كونا جەمئىيەت بىلەن يېڭى جەمئىيەت سېلىشتۇرۇلۇپ ، يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئەۋزەللىكلىرى كۈيلەنگەن ، ئازادلىققا ئېرىشىپ قەد كۆتۈرگەن كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى ئىپادىلەنگەن ، داھىي ، كومپارتىيە ، سوتسىيالىستىك تۈزۈم مەدھىيىلەنگەن «تاڭ» ، «ئاتقاندا تاڭ» ، «كۆكۈللەر كۈلدى» ، «كومپارتىيىگە» ، «خەنزۇ خەلقىگە» قاتارلىق كۆپلىگەن جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ ، ئاشۇ يىللاردىكى جەڭگىۋار ھاياتنى زوق - شوق بىلەن كۈيلىدى . ئۇنىڭ :

داھىي ماۋزېدوڭ ،
قىلغاندا جاكا ،
سۈرۈلۈپ بۇلۇت ،

يۈز ئاچتى ئاسمان .
بېيجىڭغا شۇدەم
تىكلەنگەندە تۇغ ،
جۇڭخۇا ئېلىگە
ياغدى شەرەپ ـ شان .
. . . . . .
شۇ چاغ ئۆلكىمىز
باشنى كۆتۈرۈپ ،
خۇشاللىقىدا
ئويناتتى داپنى .
قەشقەر : «كەڭتاشا
تاپتۇق نىجات» دەپ ،
يېڭى مۇقامغا
چالدى راۋابنى .
ئالتاي ھەم چۆچەك ،
غۇلجا ئايلانسۇن .
تەشەككۇر ئېيتىپ
كۈلدى دىلىدا .
ئاتقاندا شۇ تاڭ ،
داھىي ماۋ جۇشى ،
شائىرىڭ يازدى ،
داستان ئىلىدا .

دېگەن مىسرالاردىن تۈزۈلگەن «ئاتقاندا تاڭ» ناملىق شېئىرى بۇ جەھەتتە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، ئەينى يىللاردا ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇلۇپ ، خەلقىمىز ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان . ئۇنىڭ شۇ يىللاردىكى شېئىرىيەتتە بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدىغان «سائا-



دەتخان» ناملىق داستانىدا ، كونا جەمئىيەتتە ئۆلگۈدەك جەبىر - زۇلۇم تارتقان كىشىلەرنىڭ يېڭى دەۋردە بەختىيار ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىدەك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلىنىپ ، خەلقنى ئازادلىققا ، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەن يېڭى دەۋر قىزغىن مەدھىيىلەنگەن . ئەلقەم ئەختەمنىڭ بۇنداق مەزمۇندىكى شېئىرلىرى ئەينى يىللاردىكى شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن بىر خىل ئومۇمىي خاھىش بولۇپ ، ئەلقەم ئەختەم مۇشۇ خىل خاھىشتىكى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى .

مىلادىيە 1950 - يىللاردا ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئىجادىيىتى ناھايىتى جانلانغان ھەم ئالاھىدە ئېتىبارلىق بولغان ئىدى . 1951 - يىلى قازاقىستان پايتەختى ئالمۇتىدا ئۇنىڭ «ئۈمىد دولقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان ، 1957 - يىلى ئۇنىڭ «كۈرەش دولقۇنلىرى» ناملىق 2 - شېئىرلار توپلىمى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ، بۇ توپلامنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى مىلادىيە 1958 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان . مىلادىيە 1959 - يىلى ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغان .

ئەلقەم ئەختەم كېيىنكى يىللاردىمۇ ئىجادىيىتىنى توختىتىپ قويماي ، 1960 - ، 1970 - يىللاردا «ۋەتەن» ، «زەپ ئەلەم چەكتىم بۇ كۈن» ، «دەر ماڭا تارىم شۇ دەم» قاتارلىق لىرىكىلارنى ، 1980 - يىللاردا «چوڭ يۈرۈشكە تەنتەنە» ، «ئەيىبىم سادىر ئەمەس» ، «بەردىم جاۋاب» قاتارلىق شېئىرلارنى يازغان . 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «يېڭىش دولقۇنلىرى» ناملىق 3 - شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان .

ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرلىرى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا قوللىنىلغىنى : «بارماق ۋەزنىنىڭ ئون بوغۇملۇق ، بەش بوغۇمدىن بۆلۈنىدىغان ئىككى تۇراق-

لىق شەكلى . . . . ئىككى تۇراقلىق ئون بوغۇملۇق شېئىر شەكلى بىلەن بىر تۇراقلىق بەش بوغۇملۇق شېئىر شەكلىنى ۋە ئۇلارنىڭ بېيىت تۈرىنى يازما شېئىرىيەتكە قايتىدىن ئېلىپ كىرىش ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىزچىل ، ئۆمۈرۋايەتلىك شېئىر شەكلى قىلىپ تاللىۋېلىشىنىڭ ئۆزىدىلا شائىر ئۆزىنىڭ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان خاسلىقىنى يارىتقان» (قۇربان بارات : «شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى خاس ئۇسلۇبى توغرىسىدا» . «قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 5 ـ توم ، 153 ـ بەت ) . ئۇندىن باشقا ئەلقەم ئەختەم شېئىرلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر ـ ئىدىيىلەر جانلاندۇرۇش ، مۇبالىغە قىلىش ، ئوخشىتىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنى بىر گەۋدە قىلىپ ، پىكىرگە ماس كەيپىيات يارىتىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەلقەم ئەختەم شېئىرلىرىنىڭ تىلىمۇ روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ ، كۆپىنچە خەلقنىڭ ئاممىباب ، ئىپادىلىك ، يېقىملىق تىلى كۆپرەك قوللىنىلغان .

ئەلقەم ئەختەم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا ۋە ئۇندىن كېيىنكى يېقىن دەۋر باسقۇچىدىمۇ قەلىمىنى توختاتماي ، دەۋر رېئاللىقىنى ، كىشىلەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان كۆپلىگەن لىرىكىلارنى يازغان بولسىمۇ ، ئەمما 1950 ـ يىللاردىكىدەك ئۇنداق چوڭ تەسىر قوزغىيالمىغان . شۇنداق دەپ ئېيتىش كېرەككى ، ئەلقەم ئەختەم ئىجادىيىتىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى 1950 ـ يىللار بولغان .

قىسقىسى ، ئەلقەم ئەختەم ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە جەڭگىۋار سىياسىي لىرىكىلىرى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى .



# ئىمىن تۇرسۇن ، ئابلىز نازىرى

**ئىمىن تۇرسۇن** (مىلادىيە 1925ـــ          ) . بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئورۇنغا ۋە تەسىرگە ئىگە شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . ئەمما ئۇنىڭ ئىجادىيىتى نوقۇل شېئىرىيەت بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ . ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس ، ئەدەبىي تەرجىمان ، شۇنداقلا تونۇلغان ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى .

ئىمىن تۇرسۇن مىلادىيە 1924 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ، ئەرەب ـ پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەن . مىلادىيە 1938 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك گىمنازىيىدە ئوقۇغان . مۇشۇ يىللاردا سىرتتىن ئوقۇپ ، خەنزۇ ۋە رۇس تىللىرىنى ئۆگەنگەن . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دەسلەپ ئۈرۈمچىدە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ، كېيىن خوتەننىڭ چىرىيە ناھىيىسىدە ھاكىم بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1950 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن .

ئىمىن تۇرسۇننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1940 ـ يىللاردا باشلانغان ۋە شۇ يىللاردا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن . ئىمىن تۇرسۇن ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان باسقۇچىدا خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ، ئۇلارنىڭ ئازادلىققا ، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشى ئىپادىلەنگەن خەلقچىللىق روھىغا باي «گۈلۈم» ، «ئۈرۈمچىگە ئىككىنچى مەكتۇپ» ، «كەتمەيدۇ» قاتارلىق بىر تۈركۈم جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ ، شۇ دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بولۇپ قالغان ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە دراما ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىي

تەنقىدچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن .
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۈگۈنكى زامان دەۋرىگە قەدەم قويغان دەسلەپـ
كى مەزگىللەردە شائىر دەۋرداش قەلەمكەشلەر قاتارى ئۇيغۇرلار هايا ـ
تىدا يېڭى دەۋر ئاچقان ئازادلىق تېڭىنى كۈتۈۋالغاندىكى هاياجىنىنى
ئىپادىلەپ مۇنداق مىسرالارنى يازدى :

ئەركىن نەپەس ئالۇر ئەمدى بوغۇلغان ئېلىم مېنىڭ ،
سەير قۇياش نۇر چاچار ، سۇرگىل دەۋران يار ـ جان .
مەن قورۇقچۇڭ لالەزارىم ـ هەق ئۇچۇن ئانتىم مېنىڭ ،
ئوغلانىڭغا خۇش بۇر چېچىپ ، ئېچىل ئەلۋان ، يار ـ قان !

ئىمىن تۇرسۇن ئاشۇ يىللاردا يەنە «ئازادلىق جەڭچىلىرىگە» ،
«نورۇزغا ئەقىدە» ، «يېڭى ئاڭ» ، «يەر ئىگىسىنى تاپتى» قاتارلىق
بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ ، قاينام ـ تاشقىنلىق شۇ يىللارنىڭ
مەنزىرىسىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەردى . ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىيىتىـ
دىكى بىر قىممەتلىك تەرەپ شۇكى ، ئۇ ئىجادىيىتىنى نوقۇل مەدهىـ
يە ، قۇرۇق شوئارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىپ ، شېئىرلىرىـ
دا دەۋر ئاتا قىلغان هېسسىياتنى ئىپادىلەشكە شۇنداقلا شېئىرلاردا
مىللىي ئالاهىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەهمىيەت بەردى .
شائىرنىڭ 1950 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە «چىمەنگۈل» نامـ
لىق لىرىكىسى مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ لىرىكا مۇنداق تۆت كۇپـ
لېتتىن تەشكىل تاپقان :

چىمەنگۈل ئۇ ، گۈل چىمەن
مەيدانىدا مەرغۇپ چېچەك ؛
ئاشىقىڭمەن ، گۈلچىمەن ،
ئالدىڭدا ئۆزگە بوپ پۇچەك .



چىراي بازاردا يەك سەن ،
جاهان غەۋغاسىدىن ساق سەن ،
چىداشلىق بەيگىدە بەك سەن ،
قىزىل سەن ، سۈتتىنمۇ ئاقسەن .

كۆڭۈل بەردىم ساڭا چىندىن ،
نىمە دەر مەيلى هەر كىشى .
تۇتىيا هەم تۇپرىقىڭ چىمدىم ،
سېنى ئاسراش ۋىجدان ئىشى .

گۈلدىن گۈلگە قونۇپ يۈرەر ،
چىپار كېپىنەك ئەمەسمەن ؛
كى هۆسنىڭگە هۆسۈن بېرەر ،
ياپرىغىڭمەن ، ساڭا خاس مەن .

شائىر بۇ لىرىكىسىدا كۈچلۈك هېسسىياتى بىلەن لىرىك قەهرىـ
مان چىمەنگۈلگە بولغان ئوتلۇق مۇهەببىتىنى ، ئۇنىڭغا بولغان هۆرـ
مىتى ۋە ئېتىقادىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن . شائىر
مەدهىيىلەۋاتقان چىمەنگۈل بىر خىل گۈلمۇ ؟ ئەلۋەتتە ئەمەس ، بىر
گۈزەل قىزمۇ ؟ ئۇمۇ ئەمەس . ئەمىسە ئۇ نېمە ؟ ئۇ شۇ دەۋر شېئىرىـ
يىتىنىڭ سەۋىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا هەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك
يارىتىلغان بىر هېسسىي ئوبراز ، بۇ هېسسىي ئوبراز ئەمەلىيەتتە
ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەسلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر
بەدىئىي ئوبراز . شائىر بۇ ئوبرازغا نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى
مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان هەم
يۇقىرى كۆتۈرگەن . قىسقىسى ، «چىمەننەگۈل» «50 ـ يىللاردا

مەيدانغا كەلگەن ياخشى شېئىرلارنىڭ بىرى ، ھەممە ئادەمنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئانا تۇپراققا ، شۇ تۇپراقنى گۈللەندۈرۈۋاتقان مىليونلىغان خەلققە ئوقۇلغان مەدھىيە» («ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» 122 ـ بەتتىن) .

ئىمىن تۇرسۇننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئاپەتلىك يىللىرىدا توختاپ قالدى ، بۇ يىللاردا ئۇنىڭغا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى . پەقەت 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنلا ئاندىن قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ غەزەلخانلىق قىلدى . ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىجادىيىتى 1978 ـ يىلى يېزىلغان «قىزىل گۈل» ناملىق باللاداسى بىلەن باشلاندى .

ئادالەت بۇلىقىدىن كۆڭۈل سۇ ئىچتى ،
گۈلگۈنگە بولۇپ زوقمەن بىر ئىلھام كەچتى .

دەپ باشلىنىدىغان بۇ باللاداسىدا شائىر ، بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق سۆزلەپ ، ئاشۇ ئالاھىدە تارىخىي دەۋردىكى ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن . شائىر ئىجادىيىتىنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى شۇكى ، ھامان بەدىئىي ۋاستىلەر ، بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . ئۇ شېئىرلىرىدا يېڭى دەۋردىن سۆيۈنۈشلىرىنى ئىپادىلىگەن ، ئەمما ئۇنى قۇرۇق قەسىدە شەكلىدە ئەمەس ، بەلكى ، ھاياجانلىق ھېس ـ تۇيغۇلار ، نەپىس شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان . شائىر گەرچە مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئازابنى ھەممىدىن بەك تارتقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ يېڭى دەۋردە ئۆتكەنكى دىل جاراھىتىنى ھەممىدىن ئاز يېزىپ ، جاراھەتنى تاتىلاشتىن كۆرە يېڭى دەۋرنىڭ قەدرىگە يېتىشنى كۆپرەك تەكىتلىگەن . بۇ پىكىر باللادادا مۇنداق ئىپادىلەنگەن :



گۈل سۇلىمىدى ھېچقاچان ئاياز قەھرىدىن ،
ئۈمىدىنى ئۈزمىدى كۆكلەم مېھرىدىن .

. . . . . . . . . . . . . . . . . .

كۆرسىتىپ گۈل ھۆسنىنى چېچەكلىدى جان ،
سارغايغان بۇ يۈزلەرگە يۈگۈردى ھەم قان .

. . . . . . . . . . . . . . . . . .

گۈلنى ئاسرا ، گۈل ئۈچۈن جاننى پىدا قىل ،
چىمەنزاردا بۇرچۇڭنى دائىم ئادا قىل .

گۈل چىللايدۇ :سورۇننى ئەمگەك بىلەن تۈز ،
دەرياسىدا ھاياتنىڭ غۇلاچ تاشلاپ ئۈز .

مۇنداق ئىدىيەۋى ھېسسىيات شۇ دەۋردىكى بىر تۈركۈم زىيالىيلىرىمىز ، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئورتاق ھېسسىياتى ئىدى ، ئۇلارنىڭ تازا قىران ، تازا ئىجادچان يىللىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ زىيادىكەشلىكى بىلەن ئازابلىق ، مەنىسىز ، شۇنداقلا ھوسۇلسىز ئۆتۈپ كەتتى . ئەمدىكى يېڭى دەۋرنىڭ قەدرىگە يېتىپ ، ھاياتنىڭ ئاخىرقى دەملىرىنى مەنىلىك ئىجاد بىلەن ئۆتكۈزۈش ئۇلارنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ئىدى . مۇشۇنداق ئىرادىنىڭ ھوسۇلى سۈپىتىدە ئەدەبىياتىمىزدا كۆپلىگەن ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەمگەكلەر قىلىنىپ ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ شانلىق بىر دەۋرى يارىتىلدى . جۈملىدىن ئىمىن تۇرسۇنمۇ «مەن تەسەددۇق» ، «ئەجەب ئوبدان زامان كەلدى» ، «بۇلبۇل بىلەن تۇتى» ، «كەلدى نورۇز ، كۈلدى غۇنچە» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ، ئەدەبىياتىغا ، تارىخىغا دائىر كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىجادىيىتىدىن مول ھوسۇل بەردى . ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىلدە يازغان شېئىرلىرى ئىچىدە «كەلدى نورۇز ، كۈلدى غۇنچە» ناملىق شېئىرى مۇھىم ئورۇن

تۇتىدۇ .

«كەلدى نورۇز ، كۈلدى غۇنچە» ناملىق بۇ شېئىرىدا ، شائىر ئۇتلۇق ھاياجان بىلەن تەبىئەت ئالىمىنىڭ يېڭى باھارى بولغان نورۇزنى كۈيلەپ مۇنداق مىسرالارنى يازدى :

كۆك قەھرىدە تاڭ چولپىنى تۇغدى - پارلىدى ،
كۈن لەشكىرى مەۋجۇداتنى تۈندىن ئايرىدى ؛
يىل باھارنى تۆت پەسىلگە رەئىس سايلىدى ،
تەبىئەتكە ھايات سۈيى كەلدى - يامرىدى .
كەلدى نورۇز ، كۈلدى غۇنچە ، كۆڭۈل يايرىدى ،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى .

. . . . . . . . . .

دىدى نورۇز : كۈنۈم ئۆتمەس سەنسىز - ئاشناسىز ،
غۇنچە يۈزۈڭنى كۆرمىسەم ، يۈزۈم رەناسىز .
دېدى غۇنچە : نورۇز كەلمەي ھايات مەناسىز ،
جېنىم سەندە ، بولمىساڭ گەر جانىم پاناھسىز .
كەلدى نورۇز ، كۈلدى غۇنچە ، كۆڭۈل يايرىدى ،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى .

. . . . . . . . . .

نورۇز ئوقۇپ كەلدى ناخشا ”ھاي - ھاي ئۆلەن“ ۋاي ،
غۇنچە ئوتقاشتەك ياساندى ، تاڭ قالدى كۈن - ئاي .
چالدى زامان شادىيانغا ناغرا ھەم سۇناي ،
چۈشتى بارچە ھۆر بەزمىگە تۇتۇشۇپ قەن چاي .
كەلدى نورۇز ، كۈلدى غۇنچە ، كۆڭۈل يايرىدى ،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى .

بۇ شېئىردىكى ھېسسىيات ناھايىتى كۈچلۈك ، نورۇزغا بولغان



تەشنالىق ، نورۇزغا بولغان مەدھىيە قىزغىن ھېسسىيات ، چىرايلىق سۆز ، چوڭقۇر مەنىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن . گەرچە بۇ شېئىردا تىلغا ئېلىنىۋاتقان «نورۇز» ، «باھار»لارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن كۆرە دەۋر بىلەن ، شۇ دەۋردىكى يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇقراق بولسىمۇ ، ئەمما قىممەتلىك بولغىنى شۇكى ، شۇ دەۋردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ شېئىر بىر تەرەپتىن سەممىي ھېسسىيات ، چوڭقۇر پىكىر ، پاساھەتلىك تىل بىلەن نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىدە يېزىلغان ، ئۇزۇن مەزگىل شوئارۋازلىق ، قۇرۇق مەدھىيە ئاساسىي ئېقىم بولۇپ ، سۆز - جۈملىلىردىن تارتىپ ، ئىدىيە - ھېسسىياتىغىچە قېلىپلىشىپ كەتكەن شېئىرىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ شېئىرنىڭ مەيدانغا كېلىشى شېئىرىيىتىمىزدىكى يۈكسىلىشنىڭ بەلگىسى ، شۇنداقلا شۇ يىللاردىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلانغان ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، بۇ شېئىردا شائىر تەبىئەتنى ، كىشىلەر قەلبىنى ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى بىر گەۋدە قىلىپ يېزىپ ، ئەسەر مەزمۇنىنى كۆپ قاتلاملىققا ئىگە قىلغان ؛ ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن ، ھەممىسىلا جاراھەت ئەدەبىياتى ، ھەممىسىلا مەدھىيە ئەدەبىياتى بولۇپ كەتكەن ئاشۇ يىللاردا شائىرنىڭ تەبىئەتنى ، يەنە كېلىپ ئۇزۇن مەزگىل ئىجادىيەتتە تىلغا ئېلىشقا بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە ئاز قالغان نورۇزنى تىلغا ئېلىپ ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ يادىغا سېلىپ بېرىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر يېڭىلىق ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، شائىرنىڭ بۇ شېئىرى تەبىئەت لىرىكىسى ئەمەس ، بەلكى ناھايىتى ئېنىقلا بىر پارچە سىياسىي لىرىكا بولۇپ ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ يېڭى دەۋرگە بولغان ئالقىشى ، يېڭى دەۋردىن سۆيۈنۈشى ئىپادىلەنگەن ، ئەمما شائىر بۇنداق ئىدىيە - ھېسسىياتىنى بىۋاسىتە ئەمەس ، بەلكى نورۇزنى دەۋرگە ، كىشىلەر كۆڭلىگە تەققاسلاش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن . بۇ

جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەزكۇر شېئىرنى بىر پارچە نورۇزنامە دېسەكمۇ بولىدۇ. شائىر شېئىرىدا نورۇز ھەققىدىلا يازىدۇ، نورۇز بىلەن غۇنچىنىڭ دېئالوگى ئارقىلىق، پىكىر ـ ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈردۇ. بۇنداق دېئالوگلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئىمىن تۇرسۇننىڭ بىر خىل ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى. شېئىردىكى ”كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆڭۈل يايرىدى، / گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى“ دېگەن مىسرالارنىڭ تەكرارلىنىپ كېلىشى شېئىردىكى ھېسسىياتنى، پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈش، كىتابخاندا قىزغىن كەيپىيات پەيدا قىلىش رولىنى ئوينىغان.

ئىمىن تۇرسۇن كېيىنكى مەزگىللەردە يازغان «ئۈچ خىسلەت»، «ئوۋچى ۋە شائىر»، «ئەل ئوغلى — ‹ئۇيغۇر›»، «ئاپپاق خوجا»، «ئىپارخان» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا ئالىملارغا خاس شېئىرىي نۇتۇق بىلەن پىكىر بايان قىلىپ، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىنسانىي كامىللىق، شۇنداقلا تارىخ ۋە ئۇدۇم ھەققىدە چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىمىن تۇرسۇن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە دراما ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، مۇقامشۇناس، شائىرە ئاماننىساخاننىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى توپلاش، رەتلەش، ساقلاپ قېلىش جەھەتتىكى كاتتا تۆھپىسى تەسۋىرلەنگەن ئالتە پەردە، سەككىز كۆرۈنۈشلۈك «مۇقام مەلىكىسى» ناملىق تارىخىي درامىنى يازدى. ئىمىن تۇرسۇننىڭ ھازىرغىچە «ھەۋەس» (1985 ـ يىل) ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «سەپەر سەزگۈلىرى» (1988 ـ يىل) ناملىق ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇنىڭ «تارىمدىن تامچە» (1990 ـ يىل) ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، «بۇلاقتىن بىر ئوتلام» (1999 ـ يىل) ناملىق ماقالىلار توپلىمى، «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» (1999 ـ يىل)، «نەۋائى ھەققىدە» (2000 ـ يىل) قاتارلىق مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرى



نەشر قىلىندى.

**ئابلىز نازىرى** (مىلادىيە 1925 ـ 1994 ـ يىلى). ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، ئۇنىڭ خەلقىمىزنىڭ دەرد ـ مۇڭلىرىغا مۇڭداش بولۇپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كۈيلەپ يازغان شېئىرلىرى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئابلىز نازىرى مىلادىيە 1925 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان بولۇپ ئەسلىي يۇرتى تۇرپان. مىلادىيە 1942 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، پىچان قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. مىلادىيە 1946 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە چىقىپ، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «مەدەنىيەت» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. مىلادىيە 1947 ـ يىلى «ئونبىر بىتىم» بۇزۇلغاندا غۇلجىغا قېچىپ بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتىدە ۋە «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1945 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «سىڭلىمغا» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ناھايىتى گۈللىنىپ، «سالام دەڭلار»، «گۈلۈمگە»، «خەت»، «كۆڭلۈم سەندىدۇر» قاتارلىق شېئىرلارنى؛ «مۇڭلۇق ئالچۇق»، «بىر پارتىزاننىڭ خاتىرىسى»، «مۇجۇلغان يۈرەكلەر» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتقان جەنۇب ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى، ئازادلىققا بولغان تەلپۈنۈشىنى، كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن. ئابلىز نازىرىنىڭ بۇ ھېكايىلىرى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرى بولۇپ، بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1950 ـ يىلىدىن كېيىن ئابلىز نازىرىنىڭ ھاياتىي ۋە
ئىجادىيىتىدە يېڭى بىر دەۋر باشلاندى . شۇ يىلىدىن باشلاپ شائىر
«شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇھەررىر ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدى-
رى ، گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن ؛
مىلادىيە 1979 ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن
سېكرېتارى ، بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، شىنجاڭ يازغۇچىلار
جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قا-
تارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى
ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تەشكىلىي جەھەتتە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوش-
قان . مىلادىيە 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە
ئالەمدىن ئۆتكەن . 1981 ـ يىلى شائىرنىڭ «چېچەك پەسلى» ناملىق
شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان .

ئابلىز نازىرىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجا-
دىيىتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئۇنىڭ 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يازغان
بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ
ئالدىنقى قاتاردىكى نەتىجىلىرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغان ، ئۆزگە
خاس ئۇسلۇبى ، تىل پاساھىتى ، شېئىرىي پىكىرلىرىنىڭ تېرەنلىكى ،
شېئىرىي ئوبرازىنىڭ يارقىنلىقى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قىممىتىنى
ئاشۇرۇپ ، كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان ئىدى .

قىرغاقلارغا ئۇرغان ئۇلۇغ دولقۇنغا
مانا ئەمدى دادىل غۇلاچ تاشلىدىم .
تامچە بولۇپ
شۇ دولقۇنغا قېتىلىپ
كونىلىققا قارشى ئىسيان باشلىدىم . . .
تولا ھاي بەرمە ، ئەي كونا دوستۇم



كۆپ زامانلار رايىڭغا باقتىم ،
شۇ باققىنىم يېتەرلىك
تاپتىم ئۆزۈڭدىن كۈتكەن يېڭى دوستلارنى
ئەنە ، ئۇلار قىچقارماقتا ـ
«جۇرە ئابلىز كېتەيلىك»
خەير بىز كەتتۇق
بىز كەتتۇق ئەمدى يېڭى دۇنياغا .
بىز كەتتۇق ئەمدى ،
دېھقان كۆڭلىدەك ساپ ، يېڭى باغلارغا .
«يېڭى دوست تاپتىم» شېئىرىدىن .

مىلادىيە 1951 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بۇ شېئىردا روشەن
سىياسىي تىندىنسىيە ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، كونا جەمئىيەتتىن قۇتۇ-
لۇپ ، ئازادلىققا ئېرىشكەن خەلقنىڭ رايى ، ئىدىيىسى ئەكس ئەتكەن .
شېئىرنىڭ گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ جەلپكارلىقىدا كۆرۈل-
دۇ . شېئىردە ئىپادىلەنگەن كونىلىقنى تاشلاپ ، يېڭىلىققا قەدەم تاش-
لاش ئىستىكى ۋە ئىرادىسى ، ئاممىنىڭ ھۆرلۈكنى ، ئازادلىقنى ئۇ-
لۇغلاش ھېسسىياتى بۇ مەزگىلدىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئاساسلىق
مېلودىيىسى بولۇپ ، مەزكۇر شېئىر بۇ ئاساسى كۈيگە جۆر بولغان .
لېكىن ، شېئىرنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى ، شېئىر بۇ پىكىرنى
ئاددىلا تەكرارلاپ قويمىغان ، بەلكى قىزغىن كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ،
ئىنتايىن نەپىس شېئىرىي كومپوزىتسىيە ئارقىلىق ئەپچىل قۇرۇلما
ئىچىدە ئىزھارلانغان . كونا ۋە يېڭىنىڭ توقۇنۇشى قىزىقارلىق ۋە
ئاددى دىئالوگ ئارقىلىق تولىمۇ تەبىئى يورىتىلغان . بۇ شېئىرنى
ئەينى دەۋردىكى شۇئارۋازلىق كۈچلۈكرەك بولۇۋاتقان سىياسىي لىرد-
كىلارغا سېلىشتۇرساق ، بۇ پىشقەدەم شائىرنىڭ شېئىرىي تالانتىغا ۋە
ئىجادكارلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز . گەرچە ئۇ ئازادلىقتىن
كېيىن پۈتۈن زېھنى بىلەن مەتبۇئات ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلا-

تچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تاشلاپ قويماي «ئارزۇ» ، «خەير ، ئىلى» ، «سەھەردە» ، «قەشقەر قىزىغا خەت» ، «ئازادخان» ، «كىچىك دوستلارغا» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ، ئازادلىققا ئېرىشكەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەتكە بولغان ئالقىشىنى ئىپادىلىدى ، يېڭى دەۋرنى قىزغىن كۈيلىدى . ئۇنىڭ بۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرى ئىچىدە شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدىكى چوڭ تېما بولغان ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى تېما قىلىپ يېزىلغان «خۇاڭخې دولقۇنى» ، «لۇ شىڭجاۋ» قاتارلىق شېئىرلىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ شېئىرلاردا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى جان پىدالىق بىلەن قوغداش ئىرادىسى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ، شۇنداقلا ئۇرۇش قەھرىمانلىرى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن .

ئابلىز نازىرىنىڭ 1950 - يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە «شانلىق قۇربان» (1950) ناملىق داستانى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . شائىر بۇ داستاندا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ۋەقەلىككە مۇراجىئەت قىلىپ ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئالاقىچىسى يۇ لەن قىزنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ قىلچە باش ئەگمەي ، دۈشمەنلەر بىلەن قەيسىرانە ئېلىشىپ ، ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ، نۇرغۇن دۈشمەننى يەر چىشلەتكەنلىكىدەك تەسىرلىك ۋەقە يېزىلىپ ، بۇ ئارقىلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق ، پىداكارلىق روھى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن .

1980 - يىللاردىكى يېڭى دەۋر شائىرغا يېڭى ئىلھاملارنى بەخش ئەتتى . شۇنىڭ بىلەن شائىرمۇ قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ ، «چېچەك پەسلى» ، «قار ۋە مايسا» ، «مەن ۋە نەۋرەم» ، «پەرھات بول» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ، ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى دەۋرنى كۈتۈۋالدى . شائىرنىڭ «پەرھات بول» ناملىق شېئىرىدا ۋەتەن ھۆسنىگە



ھۆسن ، باھار پەيزىگە پەيزى قوشۇش ئۈچۈن پەرھات بولۇپ «تەر ۋە ئەجىر» ئارقىلىق «ئىلىم چارباغى» بىنا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياشلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ، ئىلىم - پەن دۇلدۇلىغا مىنىپ پەرۋاز قىلىشقا چاقىرغان . «مەن ۋە نەۋرەم» ناملىق شېئىرىدا بولسا :

يەنە ئۆتتى ئۇزىدى بىر يىل ،
كالېنداردىن يىرتىلىپ ۋاراق .
يىل ، قىلغىنىڭ شۇمۇ ، نىھايەت ،
ساقلىمغا سانجىلىپتۇ ئاق .

لېكىن نەۋرەم ، ئايىغى چىقىپ ،
ئۆيگە پاتماي قالدى شۇ كۈنى ،
يۈگۈرىدۇ ئويناقلاپ تىنماي ،
مىسالى بىر دۇلدۇل قۇلۇنى .

شۇڭا دەيمەن :كۆرەڭلىمە يىل ،
قېرىتتىمغۇ ، دەپ سېنى بىر ياش ،
قېرىساممۇ مەن ،
قېرىماس ئىنسان ،
ياشلىق ئاڭا تائەبەت يولداش .

ساقاللىرىم ئاقارسۇن ئۈچتەك ،
نەۋرىلىرىم يېتىلەر ھامان .
يىل بويىنغا ئاسىدۇ زۇننار ،
مەندە ئۇ چاغ قالار نە ئارمان ؟ !

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ، كەلگۈسىگە، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولىدىغان ياش ئەۋلادلارغا بولغان ئۈمىدۋارلىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇ بىر قاتار شېئىرلاردا شائىر «يېڭى دەۋردىكى تۇرمۇش قايىنىمىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى جۇشقۇن ھېسسىيات ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋاستىسى بىلەن جانلىق ئىپادىلىدى. بۇ شېئىرلار ئىخچام، مېغىزلىق يېزىلغانلىقى، تىلى راۋان، يېنىك ھەمدە لىرىك ھېسسىياتقا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يېڭى قان بولۇپ قوشۇلدى». ①

## رەھمىتۇللا جارى، مۇھەممەت رېھىم

**رەھمىتۇللا جارى** (مىلادىيە 1926 — 1999 - يىلى). ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدە مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ مىلادىيە 1926 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. مىلادىيە 1942 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە ئىشلىگەن. مۇشۇ يىللاردا يەنە رۇس تىلى ئۆگەنگەن. 1946 - يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ بېرىپ، دەسلەپ مەدەنىيەت نازارىتى قارمىقىدىكى «مەدەنىيەت كىتابخانىسى»نىڭ دەرسلىك بۆلۈمىدە، كېيىنچە «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. مىلادىيە 50 - يىلىدىن كېيىن «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى» قارمىقىدىكى «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئىشلىگەن. مىلادىيە 1999 - يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

① ئا. ئىسمايىل، م. ئىسلام: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى»، 144 - بەت.



رەھمىتۇللا جارىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى مىلادىيە 1946 - يىلى باشلانغان. 40 - يىللاردا ئۇ «بىزنىڭ باغ»، «كۆرمىدىم»، «ۋاقىت ۋە ئۆمۈر»، «قەدىمىك قۇتلۇق سېنىڭ»، «كاشغەر»، «يىللارغا سوئال» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى، خەلقنىڭ زۇلۇم - زورلۇقلاردىن قۇتۇلۇش، ئەركىن ھاياتقا ئېرىشىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

50 - ، 60 - يىللاردا رەھمىتۇللا جارى «ئۇلۇغ لېنىنغا»، «1 - مايغا»، «ياشا پارتىيە»، «غەلىبە بايرىقى»، «ئۇلۇغ تاڭ»، «باھار ھەققىدە غەزەل»، «دېھقان قىزى» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنى ئازادلىققا، ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرگەن پارتىيىگە، داھىيغا بولغان رەھمىتىنى، خەلقنىڭ بەختىيار ھاياتىنى، ئاشۇ يىللاردىكى جۇشقۇن كەيپىياتىنى، دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى - دوستلۇقىنى، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتقان شائىر، ھاياتقا يېڭىچە ئەركىنلىك ۋە خۇشاللىق، ئىجادقا چەكسىز مۇمكىنچىلىك ئېلىپ كەلگەن يېڭى دەۋرنى،

سايرىدى شاد قايتا بۇلبۇل گۈل - گۈلىستان ۋاقتىدا،
ياڭرىتىپ شوخ كۈينى ئەركىن، ئۇردى خەندان ۋاقتىدا.

زوق - ھاياجانغا سېلىپ، يۈز ناز بىلەن مەپتۇن قىلىپ،
چاڭقىغان تەشنا يۈرەكنى قىلدى مېھمان ۋاقتىدا.

ئېھ، يەنە كەلدى باھار، قوغلاندى مەڭگۈ جۇت - تۇمان،
باغ يەنە پۈركەندى گۈلگە، قۇتلۇق دەۋران ۋاقتىدا.

—— «بۇلبۇل قايتا سايرىدى» شېئىرىدىن

دېگەن مىسرالار بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ مۇشۇ يىللاردا قەلىمىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ، «ئوغلۇمغا»، «ۋەتەنگە»، «شائىر نىمشىپ-ھىتقا»، «ئۇلۇغ توي»، «ئۆرلەش يىلى»، «قەلىمىم»، «شىمالغا سەپەر» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، يېڭى دەۋردىن سۆيۈنىشىنى، يېڭى دەۋردىكى گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى، يېڭىچە ھېس-ھاياجانلارنى ئىپادىلىدى.

شائىر 1983-يىلى يازغان «كۆڭلۈمدە قالماس ئارمىنىم» ناملىق شېئىرىدا ئۆز ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇنداق يازغان ئىدى:

كىردىم مەن گۈلزارغا گۈللەردىن ئۈزدۈم،
ھىد بەرسە، كۆڭلۈمدە قالماس ئارمىنىم.
زوق بىلەن خەلقىمگە گۈلدەستە تۈزدۈم،
خۇش كۆرسە، كۆڭلۈمدە قالماس ئارمىنىم.

ئىجادتا غۇبارسىز يولنى ئىزدىدىم،
"ناتىقلىق" قىلمىدىم، ساددا سۆزلىرىم،
سەممىي بولۇشنى ھەرئان كۆزلىدىم،
ئەل بىلسە كۆڭلۈمدە قالماس ئارمىنىم.

شائىر ئۆزىمۇ ئېيتقىنىدەك، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ساددا-سەممىي ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپ شېئىرلاردا شائىرنىڭ رېئاللىقتىن، رېئاللىقتىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئالغان تەسىرات-تۇيغۇلىرى ئىپادىلەنگەن. شېئىرىي تىل جەھەتتىمۇ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك سۆزلەرنى قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن، شائىر ئەرەب-فارس تىللىرىغا شۇنچە ئۇستا بولسىمۇ، ئەمما شېئىرلىرىدا خەلق تىلىدىكى سۆزلەرنى قوللىنىشقا دىققەت قىلغان. شائىرنىڭ 90-يىللاردىكى ئىجادىيىتى مەلۇم جەھەتلەردە خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇ مۇشۇ يىللاردا يازغان «قالمىدى»، «يۈرەك سۆزى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئىلگىرىكى ئىجادىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ھەر خىل ئىللەتلەر ۋە ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى، ياخشى ئادەتلەرنى تەشەببۇس قىلىشتەك بىر قاتار ئاكتىپ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.



ئويلىساق بىزدە بۇرۇنقى ياخشى ئادەت قالمىدى،
نەپسى شەيتان جانلىنىپ، ئىنساپ-دىيانەت قالمىدى.

پۇل بۈگۈن مەيدانغا چىقتى قىپقىزىل ئىبلىس سۈپەت،
ئازدۇرار ئىنساننى توۋا، گەپكە ھاجەت قالمىدى.

پۇل ئۈچۈنلا بەزىلەر ۋىجدان، نومۇستىن كەچتىلەر،
پۇلغا ئامراق بەندىدە، ئەپسۇس ئادالەت قالمىدى.

شائىرنىڭ «قالمىدى» ناملىق بۇ غەزىلىدە گەرچە ئەنئەنىۋى قىممەت چۈشەنچىسى ۋە ئەخلاق قارىشىغا ئىگە شائىرنىڭ ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەن ۋە ئۆزگىرىۋاتقان رېئاللىق ئالدىدىكى گاڭگىرىشى ئىپادىلەنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ شېئىردا شائىرنىڭ كىشىلەرنى ياخشىلىققا، ئادىمىيلىككە، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە چاقىرىپ تولغان چۇقانى ئىپادىلەنگەن.

رەھمەتۇللا جارىنىڭ «قەلب سۆزى» (1983-يىل)، «بىزنىڭ باغ» (2000-يىل) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان.

رەھمەتۇللا جارىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە ئەدەبىي تەرجىمە جەھەتتىكى ئەمگىكى ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، «مۇھەببەتنامە-مېھنەتكام»، «پەرھاد -

شېرىن» (ئا . نىزارى ) ، «خەمسە نەۋائى» ، «نەۋائى غەزەللىرىنەشقەر شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا ۋە ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە
«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» قاتارلىق كلاسسىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ ؛ كېيىنچە ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ «تارىم» ، «شىنـ-
سەرلەرنى نەشرگە تەييارلىدى ياكى ئۇلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىلاك سەنئىتى» ژۇرناللىرىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن .
نى ئىشلىدى . نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن سابىق سوۋ مۇھەممەت رېھىمنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى 1947 ـ يىلى
ئىتتىپاقى يازغۇچىسى مىخائىل شولوخوپنىڭ 4بۆلۈم 8 قىسىملىاشلانغان . شائىر شۇندىن بېرى ئىزچىل تۈردە شېئىرىيەت ئىجادىيە-
دۇنياۋى مەشھۇر ئەسىرى «تېنچ دون» رومانىنى ، ئىتالىيە يازغۇچى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، پىكرى يېڭى ، مەزمۇنى چوڭقۇر ، شەكلى
سى جۇۋەنئولىنىڭ مەشھۇر تارىخىي رومانى «سپارتاك» نى ، ئوتتۇرەڭدار كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەق-
ئەسىر فارس ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى . ئۇنىڭ ھازىرغىچە
شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق كلاسسىك ئەسىرىنى ئۇيغ«بەخت ناخشىلىرى» (1962 ـ يىلى ) ، «گۈلباھار» (1980 ـ يىل ) ،
تىلىغا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىـمە قىلـىپ نەشر قى«ئايدىڭ كېچە» (1987 ـ يىل ) ، «سېغىنىش» (1993 ـ يىل )
دۇردى . ئۇنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە جەھەتتە قىلغان بۇ ئەمگەكلىقاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى .
خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق بېرىش جەھەتتە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي مۇھەممەت رېھىمنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۇ باشتىن كە-
تىدىن كۆپ ئۇستۇن تۇرىدۇ . ۈرگەن ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ دەۋر رېئاللىقى ۋە شۇ
ەۋرلەردىكى ئىجادىيەتنىڭ ئاساسلىق خاھىش ـ ئالاھىدىلىكلىرى

**مۇھەممەت رېھىم** ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە شېئىرلەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . ئەمما ، مۇھەممەت رېھىمنىڭ
رى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بەلگىلىك تەسەۋۋرداش شائىرلاردىن پەرقلىنىدىغان روشەن ئىجادىيەت ئالاھىدىلىك-
قوزغىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ مىلادىيە 1926 ـ يىلىرى بار . ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرى تۇرمۇشقا ناھايىتى يېقىن
11 ـ ئايدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىولۇپ ، كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن پىكىر ـ تۇيغۇلارنىڭ
1933 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرمەمىسى دېگۈدەك كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ئىشلاردىن ، ئۇش-
ئوقۇغان ، ئۇندىن كېيىن بىر مەزگىل رۇس تىلى كۇرسىدا ئوقۇغارشاق تەپسىلاتلاردىن كەلگەن . كۈندىلىك تۇرمۇشتىن تېما تاللاش ،
1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ، ھەربىۈرمۇشتىكى باشقىلار ئۈچۈن ئادەتتىكىچە تۇيۇلىدىغان شەيئى ـ ھادى-
خىزمەت ئۆتىگەن . 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن ئالمىسلەردىن ، تەپسىلاتلاردىن شېئىرىي پىكىر تېپىش ئۇنىڭ ئەڭ گەۋ-
شىپ ، غۇلجىدىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىدا ئىشلىگەن . مىدىلىك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ شېئىر-
دىيە 1948 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە غۇلجىدىكى تېببىي تېخنىلىرىنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇيدىغان بولساق ، ھاياتلىقنىڭ تەرەققىيات
كومدا ئوقۇغان . مىلادىيە 1951 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە ئىلگقانۇنىيىتى ھېسابلىنىدىغان ياشلىقنىڭمۇ ، قېرىلىقنىڭمۇ ؛ ھاياتتا
رى ـ ئاخىر بولۇپ «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمساقلانغىلى بولمايدىغان كېسەللىك ـ ساقسىزلىقنىڭمۇ ؛ تۇرمۇشنىڭ
قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىدئايرىلماس ھـەمراھلـىرىدىن بولغان يىغا ـ كۈلكىنىڭمۇ ؛ ھـەتـتا

ئويۇن – چاقچاقلارنىڭمۇ شائىردا شېئىرىي پىكىر پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز . شائىرنىڭ «قېرىلىق» ، «دۈشمەن» ، «ھەسرەت» ، «مەنمۇ بىلدىم» ، «ياغاچ قازان» قاتارلىق شېئىرلىرى مانا مۇشۇ تۈركۈمدىكى شېئىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شائىرنىڭ بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقىنى ، چىنلىق تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش ، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ .

مۇھەممەت رېھىمنىڭ يەنە بىر ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ تۇرمۇشتىكى شەيئى – ھادىسىلەرنى ، تەپسىلاتلارنى يازغاندا ، ئۇنىڭ كۆرۈنۈش – ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنى كىشىلىك ھاياتقا تەتبىقلاپ ، ھايات ھەققىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . بۇ جەھەتتە كىشىلەر ئارىسىدا تەسىر قوزغىغان «شاھمات ئويۇنى» ناملىق شېئىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە .

قارا پەرزىن چىقتى ئالغا شاھىدىن رۇخسەت ئېلىپ ،
بىر قاراپلا ، يان تەرەپتىن «شاھ !»دېدى تەھدىت سېلىپ .
بىر بېسىپ ئاق پىچكا شۇئان «شاھ»قا بەرگەندە جاۋاب ،
«شاھ !» دېدى پەرزىن يەنە تەكرار ھۇجۇمغا ئالدىراپ .
قوغدىدى ئاق پىل چىقىپ قالقان بولۇپ شاھ ئالدىنى ،
شۇندا پەرزىن توپنى كۆزلەپ ئاچتى ئالدام خالتىنى .

«گەردى !» دەپ چۈشكەندە ئاق ئات ، قارىدى ئەتراپىغا ،
تاپتى بىر پىنھاننى ئۇ ، دەرھال چېكىندى ئارقىغا .
يەنە بىر ئاق ئات كېلىپ : «گەردى !» دېدى ھەم «شاھ !» دېدى ،
شاھ قۇتۇلدى بىر بېسىپ ، پەرزىن يىقىلدى ، ئاھ دېدى .
پىشكىلار ئىنتىلىپ بۇلۇڭغا «شاھ !» دېيىشتى قاتمۇقات ،
توختىماي قىلغان ھۇجۇمدىن قىستىلىپ شاھ بولدى مات .



بۇ ھاياتلىق ئالىمى گوياكى شاھمات تاختىسى ،
زىددىيەتلەر جان تىكىپ ئوينايدىغان جەڭ سەھنىسى .

شائىر بۇ شېئىرىدا شاھمات ئويۇنىنى ، ئويۇندىكى كەسكىن ئېلىششلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىگەن ، شۇنداقلا بۇ تەسۋىرلەرنى كىشىلىك ھاياتقا تەتبىقلاپ ، ھاياتلىقنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە بىر مەيدان كەسكىن جەڭ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن .

مۇھەممەت رېھىمنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى يۇمۇرلۇق بولۇپ ، قىزىقچىلىق بىلەن تولغان . ئۇ تۇرمۇشنى بىر خىل سوغۇق نەزەردە ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ قىزىقارلىق ، يۇمۇرلۇق تەرەپلىرىنى ئىزدىگەن ئاساستا كۆزىتىدۇ ۋە تەسۋىرلەيدۇ . ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا ، ئۇ تۇرمۇشنى ، تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى قىزىقارلىق ، ھەجۋىي قىلىپ تەسۋىرلەپ ، شۇ ئارقىلىق شېئىرنىڭ رولىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ .

ئاھ چىشىم ، ئاغرىڭ چىشىم ، ئاغرىڭ تازا ، ئاغرىڭ چىشىم ،
ھېچ ئۇيالماي بارچىدىن ، تارتماي ئىزا ئاغرىڭ چىشىم .

ۋاقتىڭىز يەتسە يەنە ئاغرىڭ ئارام بەرمەي ماڭا ،
«شادلىقىمدىن» قىچقىراي مۇڭلۇق سازا ، ئاغرىڭ چىشىم .

دەيدىكەن : «چىش ئاغرىقى ئاغرىق ئەمەس ، ئۆلمەس كىشى» ،
ئۆلمىگەنگە دەي شۇكۇر ، سىزدىن رىزا ، ئاغرىڭ چىشىم .

شائىرنىڭ «ئاغرىڭ چىشىم» ناملىق بۇ شېئىرىدا ئۇنىڭ ئىجادى-

يەت ئالاھىدىلىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ ، شېئىرنىڭ تېمىسى
كۆندىلىك تۇرمۇشتىن ، ئۆزىنىڭ ئاغرىقىدىن ئېلىنغان . شائىر ئۆزى-
نىڭ يۇمۇرلۇق تىلى بىلەن چىش ئاغرىقىنىڭ ئازابلىرىنى تەسۋىر-
لەپ ، ئاغرىقتىن ئىبارەت بۇ ئازابلىق كۆرۈنۈشنى بىر خىل قىزىقچى-
لىق - كۈلكىگە ئايلاندۇرغان . بۇنداق ئەھۋال شائىرنىڭ شېئىرلىرى-
دا كۆپ ئۇچرايدۇ . مۇھەممەت رېھىم شېئىرلىرىنىڭ تەسىرىنى كې-
ڭەيتكەن مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكمۇ دەل مانا مۇشۇ . قىسقىسى ،
مۇھەممەت رېھىم بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزىنىڭ مانا
مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكىنى باشتىن - ئاخىر داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى
ۋە شۇ ئارقىلىق شېئىرىيىتىمىزگە روشەن بىر ئۆزگىچىلىك قوشتى .

# تېيىپجان ئېلىيېۋ

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

تېيىپجان ئېلىيېۋ — ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئەڭ
داڭلىق شائىرلىرىنىڭ بىرى . بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى-
نىڭ تەرەققىيات جەريانى ، ئاساسىي خاھىشى ، مۇۋەپپەقىيىتى ۋە
تەسىرى ئۇنىڭ نامى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن . ئۇ ھەقىقەتەن مول
ھوسۇللۇق شائىر ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاز بولمىغان ئېسىل شېئىرلىرى
بىلەن بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ سەركەردىسىگە ئايلانغان ،
خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ، ئەدەبىيات ساھەسىدە يۇقىرى ئابرۇي
تىكلىگەن . تېيىپجان ئېلىيېۋ تۆھپىكار شائىر بولۇپ ، ئۇنىڭ بۈگۈن-
كى زامان شېئىرىيىتىمىزگە قوشقان تۆھپىسى كۆپ تەرەپلەردە ئىپا-
دىلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىمۇ ناھايىتى يۇقىرى .
تېيىپجان ئېلىيېۋ مىلادىيە 1930 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 -
كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائى-



لىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1938 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە قور-
غاس ناھىيىسىدىكى دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان . 1948 -
يىلى يېڭى مەدەنىيەت ، جۈملىدىن ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق مەركەزلى-
رىدىن بولغان غۇلجىغا كېلىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق
ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «ئالغا» گېزىتىدە مۇھەررىر
بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1950 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ
1955 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى
ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان . 1953 - يىلى
ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى مەزگىلى-
دە ئالدىنقى سەپتىكىلەردىن ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەن-
گە بارغان . 1955 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن باشلىقى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمى-
سى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ، شىنجاڭ يازغۇچى-
لار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش
مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى» مەزگىللىرىدە باشقا نۇرغۇن يازغۇچىلارغا ئوخشاش كۆپ سورۇق-
چىلىقلارنى تارتقان . 1979 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ
3 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى-
نىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان . جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى-
نىڭ 1985 - يىلىدىكى 4 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا يەنە بىر قېتىم
مۇئاۋىن رەئىسلىككە ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا سايلانغان .
1980 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەت-
چىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا بىرلەشمىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسلىكىگە سايلانغان . 1982 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى

ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ يۇگوسلاۋىيىگە بېرىپ ، 21 ـ نۆۋەتلىك
دۇنيا شېئىرىيەت بايرىمىغا قاتناشقان ھەم ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى
دۇنيا سەھنىسىدە جاراڭلاتقان . بۇلاردىن باشقا ئۇ يەنە تۈركىيە ،
قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئەللەردە زىيارەت ۋە ئىلمىي
مۇھاكىمىلەردە بولغان ۋە ئەدەبىي ئالاقىلەرنى ئىلگىرى سۈرگەن .
تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۇزۇن مەزگىل ئەدەبىيات ساھەسىدە تەشكىلاتچى-
لىق خىزمەتلىرى بىلەن ۋە كەسپىي يازغۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان .
1989 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن
ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى-
نىڭ ، جۈملىدىن شېئىرىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە بېغىشلانغان .
شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى
1945 ـ يىلى يېزىلغان «جەڭچى ئاكامغا» ناملىق شېئىرى بىلەن
رەسمىي باشلانغان . ياش يىگىتنىڭ ئىنقىلابىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ ،
ۋەتەن ، خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن جەڭ قىلىش ئىرادىسى سەمىمىي
ھېسسىيات ، ئاممىباب تىل ، ئىخچام قۇرۇلما ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن
بۇ شېئىر كەڭ كىتابخانلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان . شائىر
ئاشۇ مەزگىللەردە شېئىر ئىجادىيىتىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ ،
بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېزىپ ئېلان
قىلدۇرۇپ ، ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان . ئاشۇ
شېئىرلىرى ئىچىدە يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى
ئىپادىلەنگەن «جانان ئۈچۈن» ، گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىش
ئىپادىلەنگەن «گۈلۈمگە» ، كونا جەمئىيەتنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇقەر-
رەرلىكى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن «قىش كەتتى» ، ۋەتەن ، خەلق
ئۈچۈن يېڭى تاڭ تىلەنگەن «كۆكلەم جىلۋىسى» ، «ئاداققى سۆزۈم» ،
كۈرەش قىلىش ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن «كۈرەش» ، «كۈت مېنى»
پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى لېنىنىنىڭ ئىنقىلابىي روھى ئىپادى-
لەنگەن «لېنىن ئۆلمىدى» ، تاڭ ئالدىدىكى تەلپۈنۈش ئىپادىلەنگەن



«تاڭمۇ يېقىن» ، «تاڭ ناخشىسى» ، «خىتابىم» قاتارلىق شېئىرلى-
رى داڭلىق بولۇپ ، بۇ شېئىرلار تېيىپجاننىڭ شېئىرىيەت ساھەسى-
دىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن . ئازادلىق تېڭى ۋە شۇ سەۋەبتىن
پەيدا بولغان يېڭىچە ھايات خۇشاللىقى شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن
ئىلھام بۇلىقى بولغان . 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ شائىر دەۋر رېئال-
لىقى ئىپادىلەنگەن «بۇگۈن» ، «توي» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ،
خەلقىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى تۇرمۇشىنى ، خۇشاللىقىنى تەسۋىرلى-
گەن . «دېھقان قىزنىڭ ناخشىسى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا سوتسىيا-
لىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن جان پىداكارلىق ئىپادىلەنگەن . شائىر بۇ
يىللاردا يەنە «كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا» ، «باھار شامىلى» قاتارلىق
مۇھەببەت ، تەبىئەت لىرىكىلىرىنى يازغان . 1953 ـ يىلىدىكى ئامې-
رىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى شائىر ئىجا-
دىيىتىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتقان . شائىر بۇ ئۇرۇش تېمىسىدا
«تاغنى كۆرسەم» قاتارلىق شېئىرلارنى ، «ئوغۇلنىساخان جەڭدە»
ناملىق داستانىنى يازغان . بۇ شېئىرلاردا پىدائىيلارنىڭ كۈرەش قى-
لىش ئىرادىسى ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىرلىكى ئىپادىلەنگەن .
شائىر 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا «بەخت» ، «يۈرەك سۆزى» ،
«مەن سوتسىيالىستىك شەھەر ئادىمى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىر-
لارنى يېزىپ ، يېڭى زامانغا بولغان تەنتەنىسىنى ، ئازادلىق ئارمىي-
نىڭ ، كوممۇنىستلارنىڭ ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى-
نى بايان قىلغان . 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرى شائىر ئىجادىيىتى-
نىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر مەزگىلى بولۇپ ، «ۋالاقتەڭكۈرۈپ-
نىڭ ئۆلۈمى» ، «ۋەتىنىم» ، «تۈگىمەس ناخشا» ، «ساڭ مۇدىرنىڭ
زىياندashقا قارشى ، ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» قاتارلىق
داڭلىق شېئىرلار مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان . بۇ مەزگىللەردە شائىر
يەنە خەلقئارالىق تېمىلارغا بېغىشلانغان «ئاۋرودا» ، «مىلتىقىمنى
بەرگىن قولۇمغا» ، «سارىيە» قاتارلىق شېئىرلارنى يازغان . شائىر-

نىڭ 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان «سۇ كەلدى» ، «ئامىرد-
قىم» ، «ئورچۇق باتۇر» قاتارلىق ئىگىلىك تىكلەش يولىدا ئېلىپ
بېرىلغان كۈرەش تەسۋىرلەنگەن شېئىرلىرىدىن باشقا يەنە ، ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك تېمىسىدىكى ئېسىل لىرىكىسى ـ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ،
مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئېسىل لىرىكىسى «يوللۇق ئالما» قاتارلىق
شېئىرلىرىمۇ بار ، « ‹ئاساسەن › نىڭ شىكايىتى» ناملىق داڭلىق
ھەجۋىيسىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»
مەزگىللىرىدە يېزىلغان شېئىرلارغا شۇ دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلغان
بولۇپ ، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى گۈللەنگەن
دەۋرى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشلانغان . 1970 ـ
يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ شائىر يېڭى بىر تارىخىي دەۋرنىڭ
باشلانغانلىقىغا تەنتەنە قىلىدىغان «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» ،
«سەنئەت باھارى» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ، شېئىرىيەت ئىجادىي-
تىدىكى يېڭى دەۋرنى باشلىغان . 1980 ـ يىللار شائىر ئىجادىيىتى-
نىڭ ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرى بولۇپ ، بۇ دەۋردە شېئىرلارنىڭ
تېما دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن ھەم شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسىمۇ ئۈس-
تۈن بولغان . شائىرنىڭ بۇ يىللاردا يازغان «ئارچا» ، «تىنۋىلغا» ،
«چۈغلۇق يېنىدا چاقىقاق بار ئىكەن» ، «يانتاق ھەققىدە پاراڭ» قاتار-
لىق شېئىرلىرىدا ھايات ھېكمەتلىرى بايان قىلىنغان بولسا ، «تەۋەر-
رۈكنى كۆرگەندە» ، «مۇقام» ، «تۇرپان مېھمانخانىسى» ، «مۇقام
ئاڭلاپ» ، «بېزەكلىكتە» ، «ئانا تىلىم» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ، مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيىتى ، سەنئىتى-
گە بولغان چەكسىز ھۆرمىتى ۋە قىزغىن مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن .
شائىر بۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرىدا يەنە ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىز-
دىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش جەريانىدا
قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مەدھىيىلىگەن . شائىرنىڭ بۇ يىللار-
دىكى ئىجادىيىتىدە غەزەل قاتارلىق كلاسسىك شېئىر شەكىللىرىنى



قوللىنىپ مۇھەببەت ھەققىدە يازغان لىرىكىلىرىمۇ ناھايىتى مۇھىم
ئورۇن تۇتىدۇ .

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ 1944 ـ يىلىدىن ۋاپات بولغۇچە بول-
غان 44 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا مىڭ پارچىدەك شېئىر ۋە داستان-
لارنى يازدى . بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى «شەرق ناخشىسى» (ئال-
مۇتا «يېڭى ھايات نەشرىياتى» 1951 ـ يىل ) ، «تىنچلىق ناخشىسى»
( 1954 ـ يىل ) ، «تۇگىمەس ناخشا» (1957 ـ يىل ) ، «ۋەتىنىمنى
كۈيلەيمەن» (1963 ـ يىل ) ، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى
باھار» (1980 ـ يىل ) ، «باھار ئىلھامى» (1984 ـ يىل ) ، «ياد-
تاق» (1989 ـ يىل ) قاتارلىق توپلاملىرىغا ، بىر قىسىم خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلىنغان شېئىرلىرى «تېيىپجان شېئىرلىرىدىن تاللانما»
( «خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى» 1982 ـ يىل ) ناملىق توپلاملىرىغا
كىرگۈزۈلدى . 1997 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2
توملۇق «تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرى» نەشر قىلىندى . بەزى
شېئىرلىرى ئىنگلىز ، فرانسۇز ، رۇس ، تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە
قىلىنىپ ، چەت ئەللىك كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇلدى . ئۇنىڭ ئەدەبىي
ئەمگەكلىرى نوقۇل شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ . ئۇ يەنە
ئاز بولمىغان پۇبلىستىكىلىق ماقالە ـ ئوبزورلارنى يېزىپ ئېلان
قىلىشتىن سىرت يەنە «نەۋائى غەزەللىرى» ، «ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ، «نىزارى داستانلىرى» قاتارلىق كلاسسىك
ئەسەرلەرنى رەتلەپ نەشرگە تەييارلىدى . مەشھۇر قەدىمكى زامان
شائىرى چۈي يۈەننىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولغان «جۇدالىق زارى»
ناملىق داستانىنى تەرجىمە قىلدى . «ماۋجۇشى شېئىرلىرى» ، «تيەن-
ئەنمېن شېئىرلىرى» نى تەرجىمە قىلىش ، نەشرگە تەييارلاش خىز-
مەتلىرىگە قاتناشتى . «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تېكىستلىرىنى رەت-
لەش ، نوتىغا ئېلىش ئىشلىرىدا ئالاھىدە رول ئوينىدى . ئۇنىڭ ۋە-
كىللىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «مۇھەببەت لىرىكىلىرى»

1981 ـ يىلى مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات-
قا ، «يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم» ناملىق شېئىرى 1983 ـ
يىلىدىكى مەملىكەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي
ئىجادىيىتىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا
ئېرىشتى .

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرى ناھايىتى مول بو-
لۇپ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى شېئىر ئىجادىيىتىدە كۆرۈلىدۇ . ئۇنىڭ
زور بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان شېئىرلىرى خەلقىمىزنىڭ قىممەت-
لىك مەنىۋى بايلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېغىزدىن چۈشمەي ،
يادلىنىپ كەلمەكتە .

## تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى تەبىئىي ھالدا تۆۋەندى-
كىدەك تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ :

مىلادىيە 1945 ـ يىلىدىن شىنجاڭ ئازاد بولغان 1950 ـ
يىلىغىچە بولغان بۇ جەريان ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى .
ئۇ بۇ باسقۇچتا «جەڭچى ئاكامغا» شېئىرى بىلەن شېئىرىيەت سەھنى-
سىگە كىرىپ ئارقا ـ ئارقىدىن «جانان ئۈچۈن» (1946 ـ يىل) ،
«گۈلۈمگە» ، «قىش كەتتى» (1947 ـ يىل) ، «كۆكلەم جىلۋىسى» ،
«كۈت مېنى» ، «كۈرەش» (1948 ـ يىل) ، «لېنىن ئۆلمىدى» ،
«ختابىم» (1949 ـ يىل) قاتارلىق سىياسىي لىرىكىلىرى ۋە
مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئېلان قىلدى . شائىر بۇ شېئىرلىرىنى ئاسا-
سەن ئاشۇ كۈرەشچان يىللارغا بېغىشلىغان بولۇپ ، خەلقنىڭ ھۆر-
لۈك ، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى ، كۈرەش ئىرادىسىنى ئەكس
ئەتتۈردى . شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك سىياسىي خاھىشىنى نامايان



قىلىپ شېئىرىيەت سەھنىسىدە تونۇلۇشقا باشلىدى .

ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىمىزدە جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا
يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەر تەبىئىي ھالدا شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە-
مۇ تەسىر كۆرسەتتى . ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلھام بېغىشلاپ ،
ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۇلغايتىۋەتتى .

مىلادىيە 1950 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە بولغان جەرياننى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجادىيەتنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا تېيىپجان
دەۋرنىڭ قەدىمىگە جور بولۇپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر
بىر تىنىق ـ نەپەسىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى .

ئۆز بېشىدىن ئىككى دەۋرنى ئۆتكۈزگەن تېيىپجان ئەڭ دەسلەپتە
يەر ـ زېمىنغا ئېرىشكەن دېھقانلارنىڭ شادلىقىنى چوڭقۇر ھېس
قىلدى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ داھىيغا ، كومپارتىيىگە بولغان مىننەتدار-
لىق ھېسسىياتىنى ، ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزلىرىنى ئات ـ
ئېشەك ئورنىدا ئەزگەن زومىگەرلەر ئۈستىدىن تۆككەن دەرد ـ ئەلەم-
لىرى ، شكايەتلىرىنى «شكايەت» ، «ئويغىنايلى دېھقانلار» ، «ئەمە-
دى كەلدى پەيتىمىز» ، «دەرد» قاتارلىق شېئىرلارنى ، جۇملىدىن
پاختەكلى دېھقانلىرى نامىدىن يېزىلغان «ماۋجۇشىغا خەت» قاتارلىق
شېئىرلىرىدا ئېنىق ، تەپسىلىي ، ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەپ بەردى .

... ... ... ...
يېڭى كۆكلەم پەسلى كەلدى ،
ياشنىدى ئەتراپ بۈگۈن .
باش كۆتۈردى مايسىلارمۇ ،
ۋادىنى قاپلاپ بۈگۈن .
... ... ... ...
ئەي گۈلۈم سەنمۇ ئېچىل ،
بەرگىڭنى ياي ياپراق بۈگۈن .

گۈل ئۈچۈن بەخشەندە بولدى ،
مەڭگۈلۈك ئاپتاپ بۈگۈن .

مىلادىيە 1950 ـ يىلى يېزىلغان «بۈگۈن» ناملىق بۇ لىرىكىدا
شائىرنىڭ ھېسسىياتى ۋاستىلىك ئىزھار قىلىنغان بولۇپ ، بۇ ئار-
قىلىق خەلقنىڭ شادلىقى ، غەلىبە تەنتەنىسى ، شۇنىڭدەك كەلگۈسگە
بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچىسى ئىپادىلەنگەن .
مىلادىيە 1953 ـ يىلى يېزىلغان «تاغنى كۆرسەم» ناملىق
شېئىرى ئەينى دەۋردىكى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە يار-
دەم بېرىش كۈرىشىگە بېغىشلانغان بولۇپ ، جۇڭگو پىدائىي قىسىملى-
رى بىلەن چاۋشيەن خەلقىنىڭ كۈرەش غەلىبىسى ئارقىلىق ئادالەتى-
نىڭ ، ھەقىقەت كۈچىنىڭ ھامانەم غەلىبە قىلىدىغانلىقىدەك پىكرىنى
يورۇتۇپ بەرگەن . بۇ شېئىر شۇ چاغدا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلى-
نىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ناھايىتى كۈچلۈك ئىنكاس
قوزغىغانىدى .
تېيىپجان ئېلىيېۋ مىلادىيە 1953 ـ يىلى چاۋشيەن ئالدىنقى
سېپىدە يەنە «ئوغۇلنىساخان جەڭدە» ناملىق داستاننى يېزىپ چاۋشى-
يەن فرونتىدىكى ۋە ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ، چاۋشى-
يەنگە ياردەم بېرىۋاتقان ۋەتىنىمىزدىكى ئارمىيە ۋە خەلقىنىڭ بىر
نىيەت ۋە بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى تەسىرلىك
تەسۋىرلەيدۇ .
داستاندىكى قەھرىمان كوماندىر جەڭ ئالدىدىكى سەپەرۋەرلىك
نۇتقىدا مۇنداق دەيدۇ :

... ... ... ...
بۈگۈن كەلگەن گېزىتنى كۆردۈم ،
يېزىپتۇ شىنجاڭ توغرۇلۇق .



بىر خەۋەر بار ئىكەن ئۇنىڭدا ،
چىن زوق بىلەن تىلغا ئالغۇلۇق .
ئوغۇلنىساخان دېگەن بىر موماي ،
يېشى ئۇنىڭ ئاتمىشتىن يۇقىرى .
ئېگىزلىكتا باش تېرىپ يۈرۈپ ،
سوۋغات يوللاپتۇ ھال سوراپ بىزدىن .
ئۇنتۇماپتۇ بىزنى بىر مىنۇت ،
ئاشۇ قېرى ئۇيغۇر ئانىسى .
دەپتۇ موماي :
«ياۋغا ئوق بولسۇن
شۇ بۇغدايىنىڭ ھەربىر دانىسى... »
... ... ... ...
ئاتلىنايلى ھۇجۇمغا ھازىر
باشقىدىنلا تۇرۇپ يەڭنى بىز .
«ئوغۇلنىساخان ئانىمىز ئۈچۈن»-
دەپ باشلايلى مۇشۇ جەڭنى بىز .

شائىر بۇ داستاندا قانلىق جەڭلەرنى ، ئاجايىپ جەسۇرلۇق -
قەھرىمانلىقنى ، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز بولغان پىدائىي قىسىم
جەڭچىلىرىمىزنى چىن مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن
بىللە ئۇلارنىڭ جاسارەت ـ قەھرىمانلىقىنىڭ يىلتىزى ۋەتەندە . خەل-
قىمىزنىڭ يۈرىكىدە ئىكەنلىكىنى ، جەڭچىلىرىمىز شۇنداق مۇستەھ-
كەم مەدەتكارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا شانلىق غەلىبىلەرنى قۇچقاز-
لىقىنى يازىدۇ . بۇ داستان گەرچە ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى كۆپ
ئەدىبلەر يازغان تېمىغا بېغىشلانغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ھېس-
سىياتنىڭ قايناقلىقى ، شېئىرىي ئوبرازلارنىڭ تىپىكلىكى ، شەكلىدى-
كى ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى .

ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر ، خەلقىـ
ـمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىشلار تېيىپجاننىڭ شېئىر-
لىرىدا مۇناسىپ ھالدا ئىنكاسىنى تېپىپ كەلدى . سوتسىيالىستىك
ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش مۇساپىسىدىكى ئەگرى ـ توقايلىقلار ، خەلقىـ
ـمىزنىڭ يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ ، بەختىيار ھاياتنى بەرپا قىلىش يولىـ
ـدىكى كۈرەشلىرى ھەرخىل شەكىللەردە ئەكس ئەتتۈرۈلدى . «يېڭى
يىل تۇيغۇسى» ، «سۇ كەلدى» ، «ئۆستەڭدىن خەت» (1960 ـ
يىل ) ، «ئۆتكەل» (1961 ـ يىل ) ، «ئۇرچۇق باتۇر» ، «ئىگىلىك
سۇ» (1962 ـ يىل ) ، «مەھەللىمىز ئالدىدىن پويىز ئۆتىدۇ» ،
«پولات دۇلدۇل» (1963 ـ يىل ) قاتارلىقلار مانا مۇشۇنداق شېئىر-
لاردىندۇر . بۇلاردىن دەۋرىمىز تەرەققىياتىنىڭ ھەر تىنىق ۋە نەپەسـ
ـلىرىنى تىڭشاشقا بولىدۇ .

تېيىپجان ئېلىيېۋ بىر ئۆمۈر خەلقىنىڭ كۈيچىسى بولۇش ئۈچۈن
ئىزدەنگەن شائىر . ئۇ «خەلقىنىڭ كۈيچىسى بولۇش مېنىڭ ئەڭ كۈچـ
ـلۈك ئارزۇيۇم» دېگەن سۆزنى كۆپ قېتىم ئېيتقان . ئېيتىپلا قالماي
شۇ ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشقان . ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا خەلقىنىڭ
مۇھەببەت ـ نەپرىتى ، ئارزۇ ـ ئارمىنى ، غەم ـ ئەندىشىسى ، شادلىـ
قى ـ كۈلكىسىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈردى . قىسقىسى ، خەلقىنىڭ
ساداسى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى بولۇپ كەلگەنـ
ـدى . دەۋەقە ، ئىجادىيەت تۇرمۇشنى كۆزىتىش ، ئۇنىڭدىن پىكىرلەرنى
سۈزۈلدۈرۈپ چىقالايدىغان بولۇش ، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن تاكاـ
مۇللىشىش ، پىشىپ ۋايىغا يېتىشتەك جەريانلارغا ئىگە بولغاچقا ،
يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي كۈچى ۋە قىممىتى
ئاشۇ تەرەققىيات باسقۇچلىرى بىلەن باغلانغان بولىدۇ . تېيىپجان
ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى شېئىرلىرىدا تۇرمۇشتىن
ئالغان بىۋاسىتە تەسىراتلىرىغا سادىق بولۇپ ، ئەينى يىللاردىكى خەلـ
قىمىزنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچىسى ، جان پىدالىق



بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ ، جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدىغان جۇشـ
قۇن روھىي ھالىتى ، پارتىيىگە ، داھىيغا ، سوتسىيالىزمغا بولغان
مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەنىدى . ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى شېـ
ئىرلىرىدا رەڭ قېنىق ۋە قويۇق ، ھېسسىيات كۈچلۈك ۋە كۆتۈرەڭـ
گۈ ، ئاھاڭ جاراڭلىق ئىدى . 1955 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە
يېزىلغان شېئىرلىرىدا ئاھاڭ ، ھېسسىيات ، كەيپىيات ۋە تېمىلاردا
كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولدى . ئەلۋەتتە ، بۇ ئۆزگىرىشـ
ـلەرگە تۈرتكە بولغىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ
روھىي دۇنياسىدىكى ئەزگۈ سادا ـ چۇقانلار ئىدى . ئاشۇ مەزگىللەردە
شائىر تۇرمۇشنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر نۇقتىلىرىنى كۆزىتىپ ، بەزى
ئاپەت كەلتۈرۈش ئېھتىمالى بار بولغان يوشۇرۇن خەۋپلەرنى ، مۇسـ
ـكۇللىرىمىزنى چىرىتىۋاتقان كېسەللىك ۋىرۇسلىرىنى كۆرگەن ۋە
ھېس قىلالىغانىدى .

شېئىر يېزىشنى ۋىجدان ئىشى دەپ بىلىدىغان شائىر تېيىپجان
ئېلىيېۋ خىلمۇ خىل زىددىيەتلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمىدى ، بەلكى
شۇ يىللاردا بىخلىنىۋاتقان «سول» چىللىقنىڭ ئۇندۇرمىلىرىنى ،
قۇرۇق گەپ سېتىپ ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان شوئارۋازلىقنى ،
خەلقىنىڭ ھالى بىلەن كارى بولمايدىغان تۆرىچىلىكنى ، كۆزىنى يۇمۇـ
ۋېلىپ ئەمەلىيەت بىلەن ھېسابلاشمايدىغان دوگمىچىلىق ، رەسمىيەتـ
ـچىلىكنى ، كونسېرۋاتىپلىق قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللارنى قامچىلاپ ،
كۈچلۈك تەنقىدىي كۈچكە ئىگە بىر قىسىم ھەجۋىيلەرنى يازدى .
«ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» (1955 ـ يىل ) ، «ساڭ مۇدىرىـ
ـنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى › توغرىسىدا قوشاق»
(1957 ـ يىل ) ، « ‹ئاساسەن › نىڭ شىكايىتى» (1962 ـ يىل )
قاتارلىق ھەجۋىيلەر مانا مۇشۇنداق ھەجۋىي شېئىرلار جۈملىسىدىنـ
ـدۇر . بۇ شېئىرلار ئۇشتۇمتۇت قوزغالغان تاسادىپىي ئىلھامنىڭ
ئۇچقۇنلىرى ئەمەس ، بەلكى ئىنچىكە كۆزىتىش ، چوڭقۇر تەپەككۇر ،

مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل ، شۇنىڭدەك خەلق ئىشلىرىغا بولغان يۈك-
سەك مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ مەھسۇلاتى .
ساتىرا تۇرمۇشتىكى خۇنۇك ، رەزىل ، يىرگىنچلىك ئىللەتلەرنى
ھەجۋىينىڭ كۈچلۈك يالقۇنىدا ئۆرتەپ گۈزەللىكنى تەرغىب قىلىد-
غانلىقى بىلەن ئەھمىيەتلىك ، تېپىپچان دەل شۇ مەقسەتتە ساتىرا
شەكلىگە مۇراجىئەت قىلغان . ئۇ قۇرۇق گەپكە ، قۇرۇق شوئارغا
ئامراق ، ئەمەلىي ئىش بىلەن خۇشى يوق ۋالاقتەگكۇرۇپنىڭ بەدىئىي
ئوبرازىنى تىپىك مۇھىت ئىچىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ . ئۇنىڭ تۈگىمەس
مەجلىسلەرنى ھەتتا ئۆيىدىمۇ ئېچىپ تۈگىتەلمەسلىكلىرى ھەم كۈل-
كىلىك ، ھە تېتىقسىز بولۇپ تۇيۇلسا ، ئوت كېتىشتىن ئىبارەت
ئالاھىدە مۇھىت ئىچىدىكى ۋالاقلاشلىرى كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايند-
تىدۇ . بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ مەسىلە-
نىڭ زىيانلىق تەرىپىنى تونۇتىدۇ ۋە ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەيدۇ .
بۇ شېئىر ئېلان قىلىنغاندا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغى-
غانىدى . ھازىر ئارىدىن ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى .
لېكىن ، بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ بۇ شېئىر
ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمىدى . ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ساۋاق بولۇش-
تەك ئەھمىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە . بۇ شېئىرنى ئۇيغۇر بۈگۈنكى
زامان شېئىرىيىتىدىكى ئۈلگىلىك ساتىرا دېيىشكە بولىدۇ .
1957 ـ يىلى ئېلىمىزدە «سولچىل» پىكىر ئېقىمى تۇپەيلىدىن
ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەت كېڭەيتىلىپ ، دوستلارنى يىغلىتىپ ،
دۈشمەنلەرنى كۈلدۈرىدىغان ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلار يۈز بەردى . بۇن-
داق خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرى مۇرەككەپ بولسىمۇ ، ئەمما
بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىزنىڭ ۋەزىيەتنى توغرا كۆزىتەلمەسلىك ، توغرا
يەكۈن چىقىرالماسلىق ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىمەي ، سۇب-
يېكتىپ پىكىرلەرگە ئېسىلىۋېلىش قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللىرىنىڭ
ئوينىغان رولىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ . «ساڭ مۇدىرىنىڭ


«زىياندىشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى ، توغرىسىدا قوشاق» ناملىق
ساتىرا دەل مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا يېزىلغان . ساڭدىكى
ئاشلىقنىڭ كېمىيىشىدە غازلارنىڭ نېمە گۇناھى بولسۇن ؟ لېكىن ،
«ئادىل چوڭ» دېگەن نادان رەھبەر مەسئۇلىيەتنى غازلارغا دۆڭگەيدۇ
ۋە ئۇلارنى بىگۇناھ جازالايدۇ .
شائىر :

بۇ مەلىدە نېمە تولا
غاقىلدىغان غاز تولا .
ئىككى مىڭ جىڭ بۇغداينى
يەپ بولغانمۇ نەق شۇلا .
... ... ... ... ...
يا غازلارنىڭ بىرىگە ،
ئاچقۇچۇڭنى بەرگەنمۇ ؟
ياكى سەن بىرەر غازنىڭ ،
تام تەشكىنىنى كۆرگەنمۇ ؟... !

دەپ كېلىپ «ئادىل چوڭ» دەپ ئاتالغىنى بىلەن ئادالەتسىز بۇ
رەھبەرنىڭ ئىشەككە كۈچى يەتمەي توقۇمىنى ئۇرۇۋاتقان نەپرەتلىك
ۋە بىچارە ھالىتىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ .
بۇ شېئىرنىڭ كېيىنكى يىللاردا قاتتىق تەنقىدكە ئۇچراپ كەت-
كەنلىكى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس ، ئۇنىڭ دەل «ئېچىشقان يەرگە
تەگكەنلىكىنى» كۆرسىتىدۇ .
1962 ـ يىلى يېزىلغان « ‹ئاساسەن › نىڭ شىكايىتى» نى ئېلىد-
مىزدە بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن چوڭ سۆزلەيدىغان ، مۇبالىغىچى-
لىك شامىلى ئۈستىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە دېيىشكە بولىدۇ . شائىر
بۇ شېئىرىدا «ئاساسەن» دىن ئىبارەت ئابستراكت ۋە مەۋھۇم چۈشەن-

چىنى قاناتلاندۇرۇپ كونكرېت ، جانلىق بىر شېئىرىي ئوبرازغا ئايلاندۇرىدۇ . ئۇنى ئادەملەشتۇرۇپ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىتىش ئارقىلىق ئاشۇ يىللاردىكى يالغانچىلىق ، ئالدامچىلىق ، پوچىلىق ، تەخسكەشلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ خەلقىمىزگە ، پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ئەكەلگەن زىيانلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ ھەمدە شائىرنىڭ ھەق ـ ناھەق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن سىياسىي ۋەزىيەتكە قارىتا نارازىلىقىنى روشەن ئىپادىلەيدۇ .

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ھەجۋىي شېئىرلىرى كۆپ ئەمەس . لېكىن ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى ، ئىجتىمائىي رولى ناھايىتى كۈچلۈك . ئۇلار ئۆتكۈر خەنجەرگە ئوخشاش جەمئىيەتتىكى يارىماس قىلىق ، ناتوغرا ئىستىللارنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلايدۇ . نىشانغا ئېتىلغان ئوققا ئوخشاش شائىر ۋە خەلق نەپرەتلىنىدىغان شەخسلەرنىڭ ئەجەللىك يېرىگە بېرىپ تېگىدۇ . شىپالىق دورىغا ئوخشاش كېسەللىكنى داۋالاپ كىشىلەر قەلبىنى پاكلاشتۇرىدۇ .

بىراق ، خەلققە سادىق قەلبىنىڭ ساداسى بولغان بۇ ھەجۋىي شېئىرلار كېيىنكى چاغلاردا قارىلىنىپ شائىرنىڭ جىنايەت پاكىتلىرىغا ئايلاندۇرۇلدى ، شائىر بىگۇناھ ئەيىبلەندى . شائىر تېيىپجان 1959 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى . يەنە مۇشۇ شېئىرلىرى تۈپەيلىدىن 1963 ـ يىلىدىن باشلاپ قايتا پىپەن قىلىندى . مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا كەلگەندە تېخىمۇ ئېغىر زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىدى .

تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى . بېشىدىن كۆپلىگەن ئاچچىق قىسمەتلەرنى ئۆتكۈزدى . پاك ھېسسىيات ، ساپ تىلەكلەر بىلەن يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ پۈتتۈرگەن ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشى ، يوق بەتناملار بىلەن قارىلىنىشى تېيىپجان ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادالەتسىزلىك ئىدى . بىراق ، شائىر بۇنىڭلىق بىلەن قەلىمىنى تاشلىۋەتمىدى ياكى ھەسرەت



چېكىپ ، شىكايەت قىلىپ ئولتۇرمىدى . ئۇنىڭ مۇشۇ چاغلاردا ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆز بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازالارنى يېڭىپ كېتەلىشىدىكى روھىي كۈچ ، مەنىۋى تىرەك ۋەتەنگە ، خەلققە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئىدى .

ئۇ 1956 ـ يىلى يازغان «ۋەتىنىم» دېگەن شېئىرىدا ۋەتەن توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ :

سەندە سەزدىم قىش بىلەن يازنى ،
ئىسسىق ـ سوغۇق ، ئاچچىق ـ چۈچۈكنى .
سەندە بايقىدىم راست ـ يالغاننى ،
ياخشى ـ يامان ، چوڭ ھەم كىچىكنى .

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ بۇ بىر كۇپلېت شېئىرىدىكى مەزمۇن خېلىلا مۇرەككەپ . بۇ مىسرالار شائىرنىڭ مول تۇرمۇش جۇغلانمىسى ، كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئىخچام تەسۋىرىدۇر . ساددا ، ئاددىي پىكىرلىك مەدھىيە ـ قىسمەتلەرنى خېلى كۆپ يازغان شائىر بۇ چاغلاردا تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى خېلى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى . لېكىن ، شائىرنىڭ كەچۈرمىشلىرىدە ، پىكىرلىرىدە ، ھېسسىياتىدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋەتەن ساداقىتى ، ۋەتەن مۇھەببىتى ئۈزۈلمەس رىشتىدەك ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىزچىل ئىپادىلىنىپ كەلدى . مەيلى قانداق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر خەلقنىڭ كۈيچىسى بولۇش ئارزۇسىنى ئۇنتۇپ قالمىدى . ۋەتەن ئالدىدىكى بۇرچىنى ، قەرزىنى يادىدىن زادى چىقارمىدى . ۋەتەن تېمىسىدىكى شېئىرلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە بولالايدىغىنى «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق شېئىرىدۇر . بۇ شېئىر 1962 ـ يىلى يېزىلغان . بۇ چاغلاردا ۋەتىنىمىز ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت تۇغدۇرغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۇسـ

تىگە ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەن كۈچلەر جور بولۇشۇپ بوپاڭ كۆتۈرۈ-
ۋاتاتتى . بۇ هال بىر قىسىم كىشىلەرنى ئىستىقبالدىن گۇمانلاندۇر-
دى . ئۇلار ئىشەنچىسىنى يوقىتىپمۇ قويۇشتى . مانا مۇشۇنداق ئارقا
كۆرۈنۈش ئاستىدا تېيىپجان ئۆز قەلبىنى ئاشكارىلاپ ئۆز قەسىمىنى
كۈچلۈك ساداغا ئايلاندۇردى . ئۇ :

... ... ... ... ... ... ... ...

ئانجان تۇغقان ئېلىم جۇڭگو ، ئۇنىڭ پەرزەنتىمەن ،
رىشتىگە جىسمىم بىلەن ، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن .
... ... ... ... ... ... ... ...
بار ئۇچۇن سەن مەنمۇ بار ، سەنسىز هاياتىم يوق مېنىڭ ،
چۈنكى مەن سېنىڭ بىلەن بىر جاندىمەن ، بىر تەندىمەن .
... ... ... ... ... ... ... ...
يۈكلىگىن يۈكنى ئانا مەن تاڭشۇرۇلغان تۇلپىرىڭ ،
سەن ئۇچۇن يۈكلەشكە رازى تاغنىمۇ يەلكەمگە مەن .

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق قەلبىدە ئۆركەشلەۋاتقان يالقۇنلۇق
مۇهەببەتنى ئىزهار قىلىپ ئۆز جىسمىنى ، ئىشقىنى ، قىسقىسى بار-
لىقىنى ئانا ۋەتەنگە چەمبەرچاس باغلىدى ۋە ۋەتەن ئالدىدىكى قەسىمى-
نى جاكارلىدى .
تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا يۇ-
قىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇنەۋۋەر ھەجۋىي شېئىرلارنى ، ۋەتەن تېمىسىدا
ئاز بولمىغان نادىر ئەسەرلەرنى يازغاندىن تاشقىرى يەنە كەڭ كىتابخان-
لارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان نۇرغۇن مۇهەببەت لىرى-
كىلىرىنى يازدى . «كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا» (1952 - يىل ) ،
«سېغىنىش» (1953 - يىل ) ، «ئالدانغان قىزغا» (1954 - يىل ) ،
«مۇهەببەت» ، «يىگىت ئارزۇسى» ، «هەسرەت» ، «تۇگىمەس



ناخشا» ، «بىرىنچى خەت» ، «بىلمەپتىمەن» (1956 - يىل ، «سې-
غىنىپسەن» ) (1957 - يىل ) ، «ئامرىقىم» (1960 - يىل ) ،
«ئالما» ، «يوللۇق ئالما» ، «بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسى» ، «لەۋلى-
رىڭنى شۇ ئۇزۇمگە ئوخشاتتىم» (1961 - يىل ) قاتارلىق لىرى-
كىلارنىڭ ھەممىسى مۇهەببەت تېمىسىدا يېزىلغان .
شۇنداق جەزملەشتۇرۇشكە بولىدۇكى ، ئازادلىقتىن كېيىنكى 17
يىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇهەببەت تېمىسىدا تېيىپجاندەك كۆپ
يازغان ، ئوچۇق يازغان ، قىزغىن ۋە ياخشى يازغان شائىر تېپىلمايدۇ .
مۇهەببەت تېمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قەدىمدىن تارتىپ هازىر-
غىچە ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئەبەدىيلىككە ئىگە تېما ، لېكىن ئوخشاش-
مىغان دەۋرلەردە مۇهەببەت تېمىسىنىڭ مەزمۇنىدا ، تەكىتلىگەن پى-
كىرلىرىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەلگەن . فېئودالىزم ،
خۇراپاتلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدىكى تۇرمۇش رېئاللىقىغا باغلانغان دەۋر-
لەردە ھەممىدىن ئەلا ، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇهەببەتنىڭ
تەسۋىرلىنىشى ئىلغارلىق بولۇپ ئىنسان روهىنى ئۇرغۇتۇپ ، تەڭ-
سىزلىككە قارشى كەيپىياتنى كۈچەيتىشتە ، ئىسكەنجىلەرنى پا-
چاقلاپ ، هۆرلۈك - ئەركىنلىككە ئىنتىلىشتە زور رول ئويناپ كەلگەندى .
تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى مۇهەببەت لىرىكى-
لىرى مۇهەببەتنى ئەمگەك ، غايە ۋە يېڭى ئىزدىنىشلەر بىلەن بىرلەش-
تۈرۈپ ، مۇهەببەت كۆز قارىشىدىكى ئۆزگىرىشنى ، ئۆزىنىڭ مۇهەب-
بەت توغرىسىدىكى يېڭى پىكىرلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە يورۇتۇپ
بەردى . ئۇ شېئىرلىرىدا ئەمگەكنى مۇهەببەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ
ئوتتۇرىغا قويدى .

ئامرىقىم كۆڭۈل شادى ،
ساڭا بىر گېپىم باردى .
كۆڭلۈمگە ئارام يوقكەن ،

بۇنى ئېيتمىسام زادى .
كۆردۈم سېنى تومۇزدا ،
ئىش قاينىغان ئېتىزدا .
يەلكەن بولۇپ ئۈزۈپسەن ،
ئاق ئالتۇنلۇق دېڭىزدا .
يۈرىكىڭنى كۆردۈمەن ،
پېشانەڭدىكى تەردىن .
ئۆمرۈمگە بىلىپ ھەمدەم ،
كۆڭلۈمنى ساڭا بەردىم .

بىز نەقىل ئالغان بۇ شېئىر 1960 - يىلى يېزىلغان ، ناخشا
قىلىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «ئامرىقىم» ناملىق لىرىكىنىڭ تولۇق
تېكىستى . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، شېئىر ناھايىتى ئاددىي ، ئوچۇق
ۋە قىزغىن ، شېئىر يىگىت ۋە قىزنىڭ ئىشق - مۇھەببىتىنى تەسۋىر-
لىگەن . ئەڭ مۇھىمى ، مۇھەببەتنى زامانىمىز ياشلىرىنىڭ ئەمگەكنى
قىزغىن سۆيىدىغان ، غايىگە باي پەزىلىتى بىلەن يۇرۇتۇپ دەۋر روھى-
دىن دېرەك بەرگەن .
«لەۋلىرىڭنى شۇ ئۈزۈمگە ئوخشاتتىم» شېئىرىدا بولسا ، ئەم-
گەكچان قىز ئەجىر قىلىپ شىرىن - شەربەت ئۈزۈملەرنى يېتىلدۈر-
گەنلىكى ئۈچۈن يىگىت تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ . شېئىردا
ئەمگەك مېۋىسى مۇھەببەتنىڭمۇ مېۋىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن .
«كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا» شېئىرىدا :

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا ،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن .
قاراپ كۆزۈم تېشىلدى ،
بىر قارىساڭ ئۆلەمسەن ؟



دەپ باشلىنىپ يىگىتنىڭ قىزغا بولغان مۇھەببەتلىك ھېسسىياتى
ناھايىتى جانلىق ئىپادىلىنىدۇ ۋە يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدىكى قىز بولسا
كەتمەن كۆتۈرۈپ سۇ باشلىغىلى ماڭغان ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ . يە-
گىت بۇ قىزغا ھېچ قىزنى تەڭ قىلمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ ھېچ قىزغا
ئوخشىمايدىغان ئىشچان بىر قىز ، شۇڭا يىگىتنىڭ ھېسسىياتى :

زوقۇم كېلىپ ئىشچانغا ،
بارغۇم كەلدى قېشىڭغا .
بىر گەپ قىلغۇم بار ئىدى ،
تەگمەي دېدىم چىشىڭغا .

دەپ تەسۋىرلەنگەندەك بولىدۇ . يىگىت قىزنىڭ ئەمگەكتىن مېھ-
رىنى ئۈزمەي ئىشلەۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنىدۇ ھەم چىن كۆڭلىدىن
قايىل بولىدۇ . دېمەك ، يىگىتنىڭ قىزغا كۆيۈپ قېلىشى قىزنىڭ
ئىشچانلىقىدىن بولىدۇ .
تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇھەببەت كۆز قارىشى ئىل-
گىرى سۈرۈلگەن لىرىكىلىرىدا ئەمگەكنى سۆيۈش ۋە سۆيمەسلىك
مۇھەببەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىنىدۇ . قىز - يىگىتلەرنىڭ ئىشچاد-
لىقى ئۇلاردىكى گۈزەل پەزىلەت دەپ قارىلىدۇ . قىز - يىگىتلەر
مۇھەببەتكە تەڭ ئورۇندا ، باراۋەر ھالەتكە قويۇپ تەسۋىرلىنىدۇ . شۇ
ئارقىلىق خوتۇن - قىزلارنىڭ مۇھەببەتتىكى باراۋەرلىك ئورنى ،
ھوقۇق ۋە تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . مانا بۇلار تېيىپجاننىڭ
يېڭىچە مۇھەببەت قارىشىنىڭ مەزمۇنلىرىدۇر .

... ... ... ...
مۇھەببەت تىلى يۈرەككە تالىق ،

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن .
بىۋاپا يىگىت دەپ رەنجىمە مەندىن ،
قورقىمەن سۆيگۈنىڭ ئەرزانلىقىدىن .

شائىر مۇھەببەتنى ئىنسانلارغا ، جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ ، ساغلام ئەخلاقىي قاراش ، گۈزەل ئېستېتىكىلىق قاراش نۇقتىسىدا تۇرۇپ پىكىر قىلىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئىنچىل تۇردە ساغلام ۋە يېڭىچە مۇھەببەت قارىشى ، ئاكتىپ تۇرمۇش قارىشى سىڭدۇرۇلگەن .

يۇقىرىقىدەك مۇھەببەت لىرىكىلىرى دەۋر روھى ، تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا زىچ باغلانغان ئىلغار پىكىرلەرنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى ئۈچۈن ، ئەڭ مۇھىمى بۇ خىل ئىدىيىۋى قاراش تۇرمۇش ۋە مۇھەببەتنىڭ شۇنداقلا شېئىرىي ئوبرازلارنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولالىغان . تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ تەڭلىككە قاراپ يۈزلەندى . بۇ چاغدا شائىر مۇھەببەتنىڭ تاشقى ئامىللىرىنىلا ئەمەس ، بەلكى مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل شەيئىنىڭ ئىچكى قىسمىنى ، ئېنىقىنى ئېيتقاندا ، مۇھەببەتنىڭ ئۆزىنى دادىللىق بىلەن ئىنچىكە ئوپېراتسىيە قىلدى . «تۆگمەس ناخشا» ، «يوللۇق ئالما» مانا مۇشۇ خىلدىكى شېئىرلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئېسىللىرىدۇر .

يوللۇقۇم بولسۇن ساڭا ،
قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى ،
ھەر سىغىنغاندا پۇراپ ،
يادىڭغا يارىم ئال مېنى .
بۇزمىغىن كۆڭلۈڭنى سەن ،



يوق دەپ غېرىبلىق دارىسى .
كەتتىغۇ سېنىڭ بىلەن
بىللە يۈرەكنىڭ پارىسى .
( «يوللۇق ئالما» دىن )

بىر جۈپ يۈرەكنىڭ ئايرىلىش پەيتىدىكى نازۇك ھېسسىياتى ، پىسخىكىلىق تەۋرىنىشلىرىنى ئاجايىپ ئىخچام ، توغرا ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بەرگەن بۇ لىرىكىدا ناھايىتى كۈچلۈك ، گۈزەل مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن . كونكرېت ئېيتقاندا ، مۇھەببەت مەۋسۇمىدىكى قىسقا بىر دەقىقە ، نازۇك بىر ھېسسىيات دەل جايىدا ئىگىللىۋېلىنغان . بۇ دەقىقە ئايرىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانى ئەمەس ، بەلكى ئايرىلىش ئازابلىرىنىڭ راۋاجىدىكى بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىش ، ۋىسال شادلىقىنىڭ چوقۇملۇقىغا ئىشەندۇرۇش باسقۇچىدۇر . ھاياتتا ئايرىلىش ھامان بولىدۇ . بىراق ، جىسمى ئايرىلغان بىلەن رىشتىسى ئايرىلمىغان بىر جۈپ يۈرەك ئۈچۈن يول ئارىسى مەۋجۇت ئەمەس ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئايرىلىش مەۋجۇت ئەمەس . شېئىر گەرچە ئايرىلىش ھېسسىياتىدىكى بىر دەقىقىنى سۈرەتلىگەن بولسىمۇ ، ئەمما مەڭگۈلۈك مۇھەببەتتىن ئىبارەت چوڭ تېمىنى شېئىرنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس .

تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىر ھەۋەسكارلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە : «رېئال تۇرمۇش شېئىرنىڭ تۆرىلىش زېمىنى ، شېئىر شۇ زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدۇ» دېگەنىدى .

بىز شائىرنىڭ «تۆگمەس ناخشا» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى رېئال تۇرمۇشتىن ، مىللىي تۇرمۇش زېمىنىدىن ئۈنۈپ چىققان ، دېيىشكە ھەقلىقمىز . رېئال تۇرمۇش ۋە چىن ھېسسىيات بۇ شېئىرنىڭ جېنى . مىللىي ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ قانىتى . شۇڭا بۇ شېئىر ئېلان قىلىنغان 1956 ـ يىلدىن تارتىپ مۇشۇ ۋاقىتقىچە ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ زوقلىنىش ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى . شېئىرنىڭ كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچى زادى نەدە ؟ سېھرىي كۈچ ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا مۇھەببەت مەڭگۈلۈكتۇر ، دېگەن ھايات ھەقىقىتىنىڭ بولغانلىقىدا .

ھاياتنى چۈشىنىدىغان ، ھاياتنى سۆيىدىغانلىكى ئىنسان شېئىرنى چۈشىنىدۇ . شېئىردىكى ئاددىي ، ئەمما مەڭگۈلۈك ھەقىقەتتىن شەك-لەنمەيدۇ . شۇڭا «تۈگىمەس ناخشا» مۇھەببەت ناخشىسى ، ھايات ناخشىسىدۇر .

ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە :

ھەر ئاخشىمى ناخشا ئېيتىمەن ،
شۇ كوچىدىن ئەگىپ كېتەلمەي .
بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن ،
ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي .

بۈگۈن ئاخشام ئۆتكەنتىم يەنە ،
ناخشام بىلەن دېرىزە قېقىپ .
قەيەردىندۇر ئىشىك غىچىرلاپ ،
كايىپ كەتتى بىر بوۋاي چىقىپ .

— جارقىرايسەن ھەر كۈنى شۇنداق ،
ساراڭمۇ سەن ئۇڭشالمايدىغان ؟
يا ئادەمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن ،
قانداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان ؟ !

كايىما بوۋا سەنمۇ بىر چاغدا ،
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان .



سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن ،
شۇنداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان .

شېئىردىكى ھەر ئاخشىمى ناخشا توۋلاپ ، كوچا كېزىپ يۈرىدى-غان يىگىت — «مەن» مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان شېئىرىي ئوبراز بولۇپ ، ئۇ شېئىردا مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى قىلىنغان . ئۇ مۇھەببەتكە تەلپۈنىدۇ . بىر پەللىنى كۆزلەپ ھارماي ئىزدىنىدۇ . ئۇنىڭ ئىزدەپ ماڭغىنى مەلۇم بىر كونكرېت سۆيگۈ ئوبيېكتى ئەمەس ، بەلكى تېپىك-لەشتۈرۈلگەن مۇھەببەت مەنزىلىدۇر . يىگىتنىڭ سۆيگۈگە ئىنتىلىش-لىرى قەلبىدە مۇھەببەت يالقۇنى ئۆچكەن ياكى ئۆچۈشكە باشلىغان بوۋاينىڭ تەنبىھىگە ئۇچرايدۇ . شائىر ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان توپ پە-كىر شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە شەكىللەنگەن دراماتىك توقۇنۇش ئار-قىلىق ناھايىتى تەبىئىي يورۇتۇلىدۇ . ئىنسان مەۋجۇتلا بولىدىكەن ، مۇھەببەت ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ . بۇ مەڭگۈ ئۈزۈلمەس بىر دولقۇن ، مەڭگۈ تۈگىمەس بىر ناخشا . ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنى كۆ-رۈش ئۈچۈن ئۇنى كۆرەلەيدىغان كۆز كېرەك ، بۇ تۇيغۇنى سېزىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇناسىپ يۈرەك كېرەك . بۇنداق كۆز ۋە بۇنداق يۈرەك مۇھەببەتكە تەلپۈنگەن ، گۈزەللىك ئىزدەيدىغان ئىنسانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ .

مانا بۇ «تۈگىمەس ناخشا» نىڭ مەزمۇن كۈچىدۇر . مانا شۇ قۇدرەتلىك كۈچ خەلقىمىزنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ، ئۇلارنى ھايا-جانلاندۇردى ، زوقلاندۇردى ۋە شۇنداق قىلىپ كەلمەكتە . شېئىرنىڭ ئېغىزدىن چۈشمەي كەلگەنلىكى ، ھەر خىل ئاھاڭلارغا سېلىنىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ كەلگەنلىكى مانا شۇ سەۋەبتىندۇر . «تۈگىمەس ناخشا» تېيىپجان ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . «تۈگىمەس ناخشا» مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ .

مىلادىيە 1964 — يىلىدىن 1978 — يىلىغىچە بولغان ئارىلىقنى

تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىدىكى ئۈچىنچى باسقۇچ دەپ قاراشقا بولىدۇ .

ھېلىمۇ ئېسىمىزدە ، ئېلىمىز ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مەدەنىيەت تراگېدىيىسى ئوينالغانىدى . بۇ تراگېدىيە گەرچە 1966 - يىلىدىن باشلاپ ئوينالغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ پائۇزى خېلى ئىلگىرىلا چېلىنغانىدى . چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل پىكىر ئېقىملىرى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىبارەت تراگېدىيىنىڭ ئوينىلىشىغا قۇلايلىق ئىمكانىيەت ۋە شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى . مانا مۇشۇنداق پۈرسەتلا تاپسا باش كۆتۈرىدىغان «سول» چىللىق كاساپىتىدىن تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەسەرلىرى 1957 - يىلى ، 1959 - ۋە 1960 - يىللىرى تەنقىدلەندى . 1963 - يىلىدىن كېيىن نۇقتىلىق پىپەن قىلىندى . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىگە كەلگەندە تېيىپجان ئېلىيېۋ ئېغىر زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىدى . تاكى 1976 - يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەلتۆكۈس يوقىتىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا تېيىپجان ئېلىيېۋ كۆپ يازالمىدى ۋە ئانچە ياخشى يازالمىدى . ئۇ 1971 - يىلى خاتىرىسىگە يېزىپ قويغان «گاڭگىراش» ناملىق شېئىرىدا مانا مۇشۇ ئاپەتلىك يىللاردىكى ئۆز ئەھۋالى ئۈستىدە مۇنداق يازىدۇ :

بەستىم بىلەن تەڭ تەلپىكىم ،
چوغدەك قىزاردى تەستىكىم .
تاپقان مۇكاپىتىم شۇمۇ ،
مۇنداق ئەمەستى ئىستىكىم .

رەڭگىرويىمنى ئاق دېسەم ،
ھازىر سۈرەتتە باشقىچە .



بۇ ھەقتە شۇنداق دېگۈلۈك ،
«ئالداپتۇ كونا ئەينىكىم .»

بۇغداي تېرىپ كەلدىم دېسەم ،
قارىمۇق دېيىشتى باشقىلار .
كىم بىلدى بۇنداق خەيلىنى ،
ۋاي - ۋاي ئىست ، تەر - ئەمگىكىم .

ئېيتقان مۇقامىم ياقمىدى ،
قالدىم ئۆزۈممۇ گاڭگىراپ .
ئۈزدى راۋابىم تارىنى ،
نەلەردە قالدى زەخمىكىم .

ئۇ 1964 - يىلىدىن كېيىن خەلق گوڭشىسىنى ، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى ، داھىينى مەدھىيىلەيدىغان بىرقىسىم شېئىرلارنى يازدى . بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىدە شائىر ئۆزى كۆيلىمەكچى بولغان مەزمۇننى شېئىرىي ئوبرازغا ئايلاندۇرالمىغاچقا ، شېئىردىكى پىكىر ۋە ھېسسىياتمۇ شۇ مەزگىللەردە بازارنى قاپلاپ كەتكەن نورمالسىز كەيپىياتتىن تۇغۇلغاچقا قېلىپبازلىقتىن ، شوئارۋازلىقتىن خالىي بولالمىغان . شۇ بىر مەزگىللىك ئىجادىيەتنى تولىراق چوڭ ئىشلارغا ، سىياسىيغا باغلاپ قويىدىغان ، سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كۆيلەش ، شەخسكە چوقۇنۇش دېگەندەك ئىدىيىۋى چەكلىمىلىك ۋە تارىخىي چەكلىمىلەر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئىجادىيىتىدە مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلدى . بىراق ، بۇ يالغۇز تېيىپجاندىلا كۆرۈلگەن ئەمەس ، تېما شائىرنىڭ قولىدا ئەمەس ، شائىر تېمىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدىغان ھادىسە جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن ، خېلى ئومۇمىي تۈس ئالغان مەسىلىدۇر . تارىخىي ساۋاقلار-

دىن ئىبرەت ئېلىش ئاقىللارنىڭ ئىشى . تەجرىبە – ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەندىلا ئالغا باسقىلى بولىدۇ . تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى ئەپسۇسلىنارلىق بۇ بەتنى كۆردى ، ئەپسۇسلاندى ۋە چوڭقۇر تونۇش ھاسىل قىلدى .

تېيىپجان ئېلىيېۋ 1969 – يىلى يازغان «تۆت مۆچەل كەتتى ئۆتۈپ» دېگەن شېئىرىدا ئۆز نەتىجىلىرىنى ۋە نۇقسانلىرىنى تارازىغا قويۇپ باھالايدۇ . نەتىجىلىرىنى كۆرۈش بىلەن بىللە نۇقسانلىرىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ .

مەنىسىز تەنتەكلىكىممۇ ئاز ئەمەسكەن ، ئەسلىسەم ،
ئەل ئىچىدە كۈلكە بوپتۇ بەزى بىئەپ قايىنىشىم .
جىلىڭ ۋە جانى ئايرىماي نادان ساداقەت ئىلكىدە ،
يەتكۈچە تارتتىم ئەلەم ئەبلەخنىمۇ دەپ سەپدىشىم .
... ... ... ... ... ...
... ... ... ... ... ...
ئەگرى – توقاي يول مېنىڭ ئەقلىمنى خېلى تۈزىدى ،
كۆزلىرىممۇ نۇرلىنىپ بولماقتا روشەن بايلىقىم .

تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆز ئىدىيىسىدە ، ئىجادىيىتىدە كۆرۈلگەن نۇقسانلىرىدىن ئەپسۇسلاندى ، قاتتىق ئىبرەت ئالدى .

تېيىپجان ئېلىيېۋ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 – نۆۋەتلىك 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنى قايتا چۈشىنىشتىن دۇنيانى بىلىش ، تۇرمۇشنى قايتا چۈشىنىشكە ئۆتتى . ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىدى ، شائىردا پەيدا بولغان يېڭى ئويغىنىش ئۇنىڭ شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ :



تاپايلى پۇشايماندىن ساۋاق – ئەقىل ،
زىيانىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلايلى .
چوڭ ئىشلار ئالدىمىزدا ،
ئالدى بىلەن
كۆڭۈلدىن خۇراپاتنى ئېرىغدايلى .
(«تاپايلى پۇشايماندىن ساۋاق – ئەقىل» دىن)

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى . مانا بۇ تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىنىڭ تۆتىنچى باسقۇچىدۇر . بۇ باسقۇچتا يېزىلغان «تۆت مۆچەل كەتتى ئۆتۈپ» ، «گۇناھ كىمدە؟» ، «‹تۇتقا› نى تۇتقانسېرى» ، «ئىبرەت» ، «پەسپەن ھەم تاغار» ، «سىياسەت يەرگە چۈشتى» ، «دۇيجاڭنىڭ يوق نېمىشقا ئىناۋىتى» ، «كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا» ، «يارايسەن شۇجى» ، «سېكرېتار ئوقۇيدۇ نەۋائىنىمۇ» قاتارلىق ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى بىر قىسىم شېئىرلاردىن ئىلگىرى ئاز ئۇچرايدىغان ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقنى ، يېڭى ۋە ئىجادىي پىكىرلەرنى كۆرەلەيمىز . مەزمۇندىكى چوڭقۇرلۇق بولۇپمۇ ئۇنىڭ «باھار ئىلھامى» ، «يوقال ئەمدى تۆھمەت دەستىكى» ، «ئاتمىش يىلىمىز» ، «ئارچا» ، «مىللەت ھەققىدە» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ، شۇنىڭدەك كېيىنكى مەزگىللەردە يازغان رۇبائىيلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ .

... ... ... ...
پۈت – قولىمىز كىشەندىن ئازاد ،
بولغانغىلا شۈكۈر دەپتىمىز .
خۇراپاتنىڭ ئاسارىتىدىن
قۇتۇلماپتۇ بىراق ئەقلىمىز .
(«يوقال ئەمدى تۆھمەت دەستىكى» دىن)

... ... ... ...

ئۆزگىنىڭ غەيۋىتى سۆزلىمەك ئاسان ،
ئاسان ئەمەس سۆكۈش ئۆزىنى ئانچە .
دۇنيادا بولمايتتى نا ئادىل كىشى
ئۆز پېشانىسىنى سىلىسا بارچە .
(«پارچىلار» دىن)

... ... ... ...

قورقمىغىن كېسەلنى ئەملىسە ،
«خەق بىلسە سەت» دېگەن گەپمىكەن ؟
ھەركىملەر «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ،
ئۆلۈمۈڭ ئاشكارا» دەپتىكەن .
(«ئادەم بىز ، مەلھەمگە موھتاجمىز» دىن)

... ... ... ...

ئۇ مىللەت پۇتۇنلەيلا داشغال بولۇپ ،
بۇ مىللەت كەم - كۇتىسىز ئالتۇن ئەمەس ؛
ئۇ مىللەت پەگاھتىكى پالاس بولۇپ ،
بۇ مىللەت تۆرگىلا خاس دۇردۇن ئەمەس .

... ... ... ...

مېغىزى ، شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ ،
ئەي ئەقىل ، شۇنداق چۈشەن مىللەتنىمۇ ،
بېيىيدۇ مىللەتنىڭ پەزىلىتى ،
چۈشەنسە ئۆزىدىكى ئىللەتنىمۇ .
(«مىللەت ھەققىدە» دىن)

... ... ... ...

ھاقارەت تۆھمەتى كەلسە ھەرقاچان ،
ئۇنى قاراقچىدەك سېزىسەن ھامان .



مېھماندەك كېلىدۇ ماختاش تۆھمىتى ،
لېكىن قاراقچىدىن مىڭ ھەسسە يامان .

... ... ... ...

كىمكى مەستانە بولسا شۆھرەتكە ،
بولىدۇ موھتاج شۇ خۇشامەتكە .
ساختا شۆھرەتتىن ئالتۇن تاپقانلار ،
ئايلىنار ئاخىرى ئۆزى ئەخلەتكە .
(«رۇبائىيلار» دىن)

كۆرۈشكە بولىدۇكى ، يۇقىرىدا مىسال ئېلىنغان بۇ شېئىرلاردا كۈچلۈك دەۋر روھى ، مول تارىخىي مەزمۇن ، پەلسەپىۋى ھېكمەتلەر چاقناپ تۇرىدۇ . بۇلار شائىرنىڭ پىكىر دۇردانىلىرى بولۇپ كۈچلۈك بىلىش قىممىتىگە ، تەربىيىۋى قىممەتكە ، شۇنداقلا ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە .

تېيىپجان ئېلىيېۋ مەنىۋى كىشەنلەردىن ئازاد بولغان ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشكەن بۇ پۇرسەتلىك چاغلارنى ”سەنئەت باھارى“ دەپ ئاتىغانىدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇنەۋ باھار پەيتىدىن تويۇنغان ئىلھامىنى ، يېڭىلانغان جۇشقۇن كەيپىياتىنى رۇبائىي شەكلىدە مۇنداق ئىزھار قىلغانىدى :

ساقاللىرىمغا خېلى ئاق كىردى ،
رەڭگىمگە ياشلىقتا يات سىياق كىردى .
بىراق توۋلاش ئۇچۇن يېڭى ناخشىنى ،
كۆڭلۈمگە تېخىمۇ ئىشتىياق كىردى .

ھەقىقەتەن ئۇنىڭدا يېڭى تۇيغۇ ، يېڭى ھېسلار ئويغانغانىدى . بۇ مەزگىلدە مەيلى ئۇنىڭ سىياسىي لىرىكىلىرى بولسۇن ، مۇھەببەت

لىرىكىلىرى بولسۇن ياكى ھەجۋىي تۈستىكى ساتىرالىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەزمۇن ۋە بەدىئىي ياقتىكى يېڭى ئىزدىنىشلەر بىلىنىپ تۇرىدۇ .

بىراق ، كېسەللىك ئازابى ئۇنى بىرقانچە يىلغىچە كارىۋاتقا بەند قىلىپ قويىدى ، شائىر ئەجەللىك كېسەل ئالدىدىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى . ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالغان چاغدا يەنىلا قەلەم تەۋرىتىپ «ئەزرائىل ئالدىدا» ناملىق شېئىرنى يازدى .

... ... ... ... ... ...
ئەزرائىل ،
قۇرۇق قايتىمەنمۇ دەپ ،
كېتىشكە ئانچە رايىڭ بارمىدى ،
ئېپ كەتمە ، دېسەم
قورقتى دېمىگىن
مېنىڭ بىر ئاز ئىشىم بار ئىدى .

ئۇنىڭ يەنە ئىشى بار ئىدى ، خەلق ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا تەشنا ئىدى . تالاي خىزمەتلەر ئۇنىڭغا موھتاج ئىدى . ئەپسۇس ، شۇم ئەجەل ئاخىر ئۇنىڭغا چاڭگال سالدى . بىراق شۇ نەرسە ئېنىقكى ، ئەجەلنىڭ ئېلىپ كەتكىنى پەقەتلا ئۇنىڭ تېنى ، خالاس .

ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ، تىنىم تاپمايدىغان ئىجادكارلىق روھى كېيىنكىلەرگە مىراس بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچمەيدۇ . تۈگىمەس ناخشىلىرى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياڭرايدۇ .



## تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق روشەن ئۇسلۇب شەكىللەندۈردى .

تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ، پىكىرلىرىنىڭ يېڭى ۋە ئىجادىيلىقى ، ھېسسىياتىنىڭ قايناق ۋە چىنلىقى ، تەسەۋۋۇرىنىڭ بايلىقى ، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى ، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىكلىكى ، تىلىنىڭ ئاددىي ، ئاممىباب ، توغرا ۋە يۇمۇرلۇقلۇقى قاتارلىقلار تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىندۇر .

تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز .

1 ) ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتىمىزغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە .

تېيىپجان ئېلىيېۋ كىچىكىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قويۇق بەدىئىي مۇھىتىدا ئۆسكەن بولغاچقا ۋە كلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغاچقا شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىزچىل تۈردە كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگىنىش ، نەشرگە تەييارلاش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاچقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات جەھەتتە پۇختا ئاساسقا ئىگە ئىدى . ئۇ ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن كېيىن مۇشۇ ئاساسقا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئىجادىيىتىنى قاناتلاندۇردى .

تېيىپجان ئېلىيېۋ «خەلق قوشاقلىرى قەلەمنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدىغان خاسىيەتلىك بىلەي» دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن «يوللۇق ئالما» ، «ھەسرەت» ، «يىگىت ئارزۇسى» ، «ساڭ مۇدىرىنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى› توغرىسىدا قوشاق» ، «بىرىنچى خەت» قاتارلىق خېلى نۇرغۇن شېئىرلىرىنى قوشاق شەكلىدە يازدى . شەكىل

ياقتىنلا ئەمەس ، شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جە-
ھەتتىن ھەم تىل ئىشلىتىش جەھەتتىن خەلق قوشاقلىرىدىن ئۆگەن-
دى . شۇڭا ئۇنىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرى ۋە تىلغا ئېلىنمىغان يەنە
باشقا بىر قىسىم شېئىرلىرى خەلقىمىز ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان
سەر خىل قوشاقلاردەك يېقىملىق ، جانلىق ۋە ئاممىباب .
تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتىمىزدىن ، مىللىي مەدەنى-
يىتىمىزنىڭ خەزىنىسىدىن ئوزۇق ئېلىشقا ماھىر شائىر .
ئۇنىڭ «بۇيلۇقنىڭ تويى» ناملىق شېئىرىدا :

يېگەن چاغدا ياقۇت رەڭلىك شىلدىر شېكەردىن ،
مىننەتدارمىز باغۋەن تۆككەن ئۇنچىدەك تەردىن .

دېگەن مىسرالار بار . بۇ مىسرالارغا شائىر تۇرپان رايونىدا ئۈزۈم
ھەققىدە تارقىلىپ يۈرگەن «ئانىسى لابدۇر خوتۇن ، بالىسى شىلدىر
شېكەر» دېگەن تېپىشماقنى سىڭدۈرۈۋەتكەن .

... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
ئۈمىد شېرىن بىراق ئەجىرسىز بەرمەيدىكەن مېۋە ،
شۇڭا جانانغا يەتمەك يوق دېدۇق كەچمەي تۇرۇپ جاندىن .
... ... ... ... ... ...
كۆرۈندى تاغ «كۆرۈنگەن تاغ يېقىن» ئۇ قاچمىغاي زادى ،
بېلى مەھكەم ، دىلى نۇرلۇق ئۈمىدۋار بارچە مەردانىدىن .
... ... ... ... ... ...
(«پېشقەدەم جەڭچىنىڭ نەسىھتى» ناملىق شېئىردىن )

بۇ مىسرالاردا «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يېتەلمەس» ، «كۆ-
رۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر ناھايىتى



ئەپلىك يۇغۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ ، ماقال - تەمسىللەر ئىزھار قىلىۋات-
قان مەنىلەر شېئىرنىڭ پىكىر قاتلاملىرىنى شەكىللەندۈرگەن .
تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ يەنە بىرقىسىم شېئىرلىرى ئەنئەنىۋى
شېئىر شەكىللىرىدە يەنى ئارۇز ، غەزەل شەكىللىرىدە يېزىلغان ،
ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا شەكىل پىكىرنى چۈشەپ قويىدىغان ھالەت زادى
كۆرۈلمەيدۇ .
شائىر بۇ شەكىللەرنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىگىلەپ دەۋر
روھىغا باي شېئىرىي مەزمۇن ۋە شېئىرىي ئوبرازلارنى يورۇتۇپ
بەرگەن ، شۇڭا ئۇنىڭ بۇنداق شېئىرلىرىمۇ خۇددى كلاسسىك شائىر-
لىرىمىزنىڭ نەمۇنىلىك شېئىرلىرىدەك پاساھەتلىك بولۇپ نەپىسلىك-
كە ، مۇزىكىلىقا (ئاھاڭدارلىققا ) ئىگە . «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»
بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ .
2 ) ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى خىلمۇخىللىق .
تېيىپجان ئېلىيېۋ تەلەپچان ، تىنماي ئىزدىنىدىغان شائىر . شۇڭا
ئۇ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا كۆپ ئەھمىيەت بېرىدۇ . مەزمۇننىڭ
ئېھتىياجى بويىچە كۆپ خىل ئۇسۇللارنى ئىشلىتىدۇ .
(1 ) ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مەزمۇن ھەمىشە «ماس ماددا» ئارقى-
لىق ۋاستىلىك ئىپادىلىنىدۇ : پىكىرنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ، بىۋاستە
ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ساقلىنىدۇ . تولىراق كىچىك كۆرۈنۈشلەرنى ،
ھادىسىلەرنى ، ۋەقەلەرنى پىكىرنى يورۇتىدىغان ، ھېسسىياتنى ئىپادى-
لەيدىغان «ماس ماددا» قىلىدۇ .
مەسىلەن : «ئىبرەت» ناملىق شېئىردا چېكەتكە ۋە ئۇنىڭ سەك-
رىشى ئارقىلىق چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىللىرىدىكى كاللا
قىزىپ كېتىپ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە قارىماي ، قارىغۇلارچە ھە-
رىكەت قىلىدىغان بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى تەنقىد قىلىغان بولسا ، «ھە-
پىرەڭگە نەزەر سالغاندا» شېئىرىدا ھەپىرەڭگۈل ئارقىلىق ئىن-
سانلار ئارىسىدىكى يۈزسىزلىك ، تۇزكورلۇقتەك يارىماس

خۇلقىنى سۆكىدۇ .

... ... ... ...

«سەن» دېيىدىڭ ئىشق شارابىنى ،
ئىچتىم گويا ۋىسال جامىدا .
سەندىن ئالغان ئۇنۋان شۇ ئىدى ،
مۇھەببەتنىڭ ئىمتىھانىدا .
نەچچە ۋاقىتتىن «سەن» دېگەن تىلىڭ ،
ئەجەب بۈگۈن «سىز» گە بۇرالدى .
بىلسەڭ ئىدىڭ شۇ تاپتا مېنىڭ ،
يۈرىكىمگە قايغۇ ئورالدى .
(«ھەيرانمەن» دىن)

«سەن» دېگەن سۆزنىڭ «سىز» بولۇپ قېلىشى كىچىككىنە بىر ئۆزگىرىش . بىراق ، بۇ كىچىككىنە ئۆزگىرىش سۆيگۈ شارابىنى تەڭ ئىچكەن يىگىت ۋە قىزنىڭ مۇھەببەت سەپىرىدە كۆتۈرۈلگەن دەھشەتلىك بوراندىن دېرەك بېرىدۇ . شائىر تىلدىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىشنى تۇتۇۋېلىپ يىگىت ۋە قىزنىڭ قەلب دۇنياسىغا شۇڭغۇيدۇ . بۇلارنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى ئەگرى ـ توقايلىقلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ .

دېمەك ، شائىر شېئىرىي ئوبرازلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى قېزىشتا ناھايىتى كىچىك دېتاللاردىن پايدىلىنىپ زور بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن . بۇ جەھەتتە «ۋالاقتەگكۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» ، «ساڭ مۇدىرنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى› توغرىسىدا قوشاق» ، «غۇنان بەيگىسى» ، « ‹قىز قۇۋار› دا» ، «باياندايدىن ئۆتكەن چېغىمدا» ، «يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم» ، «يارايسەن شۇجى» ، «كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ .

(2) لىرىكا بىلەن باياننىڭ تەبىئىي بىرىكىشى ، تېيىپجاننىڭ



قايناق ۋە چىن ھېسسىياتى كۈچلۈك لىرىكا شەكلى بىلەن ئىپادە قىلىنغان شېئىرلىرى ئاز ئەمەس . لېكىن ، بايان شەكلىدىن ئەپلىك پايدىلانغان خېلى كۆپ شېئىرلىرىمۇ بار .

بۇنداق شېئىرلاردا شائىر ھەمىشە لىرىكا بىلەن باياننى زىچ ۋە بەدىئىي بىرلەشتۈرىدۇ . بايان ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تىپىك ۋەقە ، كۆرۈنۈشلەرگە سىڭدۈرۈلگەن شېئىرىي پىكىر لىرىكا شەكلى ئارقىلىق كۈچەيتىلىدۇ . چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ .

(3) قويۇق كومېدىيىلىك كەيپىيات . تېيىپجاننىڭ شېئىرلىرى مەيلى لىرىكىلىرى بولسۇن ياكى ساتىرالىرى بولسۇن قىزىقارلىق ، يۇمۇرلۇق ، جەلپكار بولۇپ ، كومېدىيىلىك تۈسى قويۇق . مەسىلەن : « ‹ئاساسەن› نىڭ شىكايىتى» دىكى «ئاساسەن» ، «ۋالاقتەگكۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» دىكى «ۋالاقتەگكۇروپ»، «ساڭ مۇدىرنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى› توغرىسىدا قوشاق» تىكى «ئادىل چوڭ» لار تىپىك مۇھىتتىكى شېئىرىي ئوبرازلار بولۇپ ، ئاپتور ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى تىپىكلەشتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى قويۇق كومېدىيىلىك مۇھىت ئىچىدە يورۇتىدۇ . بۇ كۈلكىلىك ، ئەخمىقانە ، بىمەنە سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆرۈپ يۈرگەن ، ئاڭلاپ تۇرغان بولساقمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلايمىز . دەل مۇشۇ كۈلكىدە ھەقىقەتنىڭ كۈچى پۈتۈلگەن بولغاچقا بارلىق يارىماس ئىللەتلەر ، يىرگىنچلىك قىلىقلار ئىنكار قىلىنىدۇ . دېمەك ، ئۇنىڭ ھەجۋىيلىرىنىڭ دۈشمەنگە تاياق ، دوستلارغا ساۋاق بولىدىغان بەدىئىي ئۈنۈمى قويۇق كومېدىيىلىك كەيپىيات ئىچىدە شەكىللەنگەن .

مىلادىيە 1980 ـ يىلى يېزىلغان «چال ئوغلۇم» شېئىرىدا «مەن» نىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان . شائىر سۇناي چېلىش ، كېيىن چالماسلىقتەك كى-

چىككىنە ئىشنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ
جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان . بۇ شېئىردا دادىسىنى قالـ
پاق كىيدۈرۈپ سازايى قىلسا ئوغلى سۇناي چېلىپ تەنتەنە قىلىدىغان
پاجىئە كومېدىيىلىك تۇستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ
تېگىدىكى ئاچچىق ھەسرەت ۋە شىكايەت كىشىگە تېخىمۇ كۈچلۈك
تەسىر قىلىدۇ . كومېدىيىلىك تۇسنى يالغۇز ھەجۋىي شېئىرلاردىلا
ئەمەس ، تۇرمۇش خۇشاللىقلىرى ، ئىنسانىي گۈزەللىكلەر تەسۋىر-
لەنگەن شېئىرلاردىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن . بۇنىڭغا بىز
« ‹قىز قۇۋار › دا» شېئىرنى مىسال ئالايلى :

نۇرتايىنى تارتتى كۈلەش قىز قۇۋارغا ،
ئاتلاندى ھەر ئىككىسى قۇشتەك ئۇچۇپ .
كۆرۈندى يىراقلىشىپ بىر گەۋدىدەك ،
كىم بىلسۇن ، كېلىشتى كىم كىمنى قۇچۇپ .
بىر چاغدا بۇرالدى ـ دە ، قاچتى نۇرتاي ،
كەينىدىن قامچا ئوينىتىپ كۈلەش سۇردى .
گوياكى قىساسكاردەك تۇسكە كىرىپ ،
يىگىتنىڭ دۈمبىسىگە قامچا ئۇردى .
كۈلەشنىڭ ئۇرغىنىدىن يايراپ ، كۈلۈپ ،
بىر تەرەپ چۇرقىراشتى «تازا سال» دەپ .
بىر تەرەپ ئىچ ئاغرىتتى نۇرتاي ئۇچۇن ،
«بولدىغۇ بىچارىگە بەك ئۇۋال» دەپ .
شۇ تاپتا مەلۇممىدۇر كۈلگەنلەرگە ،
كۈلەشنىڭ يۈرىكىنىڭ ئېچىشقىنى .
يۈرمەكلار نۇر تايغىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ ،
بېسىلدى دۈمبىسىنىڭ قىچىشقىنى .



چىن مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن بۇ شېئىر ناھايىتى قىزىقارلىق .
ئۇنىڭدا ھەرىكەت بار ، سۇژىت بار ، پسىخىكىلىق پائالىيەت بار .
تۇرمۇش چىنلىقىغا ئىگە بۇ ئىنچىكە تەسۋىرلەر كىتابخاننى شۇ كومېدى-
يىلىك كەيپىيات ئىچىگە سۆرەپ كىرىدۇ ـ دە ، مۇھەببەتكە سادىق
يىگىت ۋە قىزنىڭ كومېدىيىلىك مۇھىتتىكى روھىي ھالىتىنى چۈشى-
نىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ .

(4 ) مىللىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە : ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى بۇ
خىل ئالاھىدىلىك ئەلۋەتتە شېئىرلىرىنىڭ شەكلى ، تىلى ، ئىپادىلەش
ئۇسۇللىرى ، شېئىرىي ئوبرازلىرى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار
ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ .

شائىر قايسى مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى يازسا شۇ مىللەتنىڭ مىل-
لىي خاراكتېرى ، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى ، تىل ئىشلىتىشتىكى
ئۆزگىچىلىكلىرىنى نۇقسانسىز ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ . مەسىلەن :
«ئاھ ، دوستۇم» داستانىدا ، «كەۋسەر» ناملىق شېئىرىدا ، «ئالتاي
ناخشىلىرى» ناملىق سىكلىدە ۋە باشقا شېئىرلىرىدا مەيلى خەنزۇ
خەلقىنى يازسۇن ياكى قازاق ۋە قىرغىز خەلقىنى يازسۇن ، شۇ
مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئۇنىڭ
ئەڭ كۆپ يازغىنى ئۇيغۇر خەلقى بولدى . ئۇيغۇر خەلقى ھەققىدە
يېزىلغان قايسىلا شېئىرىنى ئالساق ھەممىسىلا مۇشۇ زېمىن ، مۇشۇ
خەلقنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى ، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ناھايىتى
روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . قىسقىسى ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يۇرتى-
مىزنىڭ گۈپۈلدەپ يارقىن كۆرۈنۈپ تۇرغان توپىسىنىڭ ھىدى بار .
تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدا يۇرتىمىزنىڭ گۈپۈلدەپ تۇرغان تارى-
خىنىڭ ئىزناسى بار . تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدا ھېسسىياتچان ،
خۇش چاقچاق ، ئوچۇق ـ يورۇق ، تۇرمۇشنى سۆيىدىغان خەلقى-
مىزنىڭ سىيماسى بار .

تۆۋەندە «ۋەسىيەت» ناملىق بىرلا شېئىرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى :

مەن ئۆلسەم ئەگەر ،
ئېڭىكىمنى لەغمەن بىلەن چېتىپ قويۇڭلار ،
جەسىتىمنى مەنتىگى بىلەن يۇيۇڭلار .
يەرلىكىمنى سادىر سوققان ئەسۋابتا ،
ئېگىز دۆڭدىن ئويۇڭلار .
يۇزۇمنى خانتەڭرىگە قارىتىپ ياتاي ،
قىلۋە - پىلۋە دېگەن گەپنى قويۇڭلار .

كۆرۈشكە بولىدۇكى ، تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرى قويۇق ۋە چىن تۇرمۇش مۇھىتىدىن ئېلىنغان بولغاچقا ، مىللىي ئالاھىدىلىك كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن .

(5 ) تىل ئىشلىتىشتىكى ماھارەت جەھەتتە : تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۇيغۇر ئەدەبلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى يۇقىرى ماھارىتى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ .

تېيىپجان ئېلىيېۋ كىچىكىدىنلا خەلقنىڭ «زاغرا» تىلىنى ئۆگىنىشكە ئەجىر سىڭدۇرگەن ۋە كلاسسىكلىرىمىزنىڭ تىلىدىن نۇرغۇنلىغان پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنىڭ شېئىرىي تىلىنى بېيىتىپ كەلگەن شائىر . ئۇ تىلىنىڭ ئاممىباب ، چۈشىنىشلىك بولۇشىنى قوغلىشىدۇ .

تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆز شېئىرلىرىدا ئاجايىپ - غارايىپ ، دەبدەبىلىك سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىدۇ . زىيالىيلاردىن تارتىپ ئاددىي ، دېھقان - چارۋىچىلارغىچە چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي ، چۈشىنىشلىك خەلق تىلىدا يازىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئارىسىغا مۇشۇنچىلىك كەڭ تارقىلالىشى ، خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشى ، ناخشا قىلىپ ئېيتىپ يۈرۈشلىرىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر .

تۆۋەندە بىر نەچچە مىسال ئارقىلىق ئۇنىڭ شېئىرىي تىلىنىڭ بەزىبىر ئۆزگىچىلىكلىرىنى چۈشەندۈرىمىز :



... ... ... ...

جاۋاب بەردى ئارچا شىۋىرلاپ ،
ياشايمەن تۆرەلگەن يەرنى قۇچاقلاپ .
( «ئارچا» دىن )

... ... ... ...

ناخشىمۇ ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى ،
سۆزىمۇ دانە - دانە ساپ ئۇگۇتتەك .
( «كانايدىن ئۇن چىقامدۇ ياغلىمىسا» دىن )

... ... ... ...

يېتىپ كەلگەن دىدار پەيتىدە ،
ئانام ئالدىغا كىردىم «سالام» دەپ .
مەن «ئانا» دەپ باغرىمغا باسسام ،
ئۇمۇ باغرىغا باستى «ئانام» دەپ .
( «ئانام قۇچاقلىدى ئانام دەپ مېنى» دىن )

... ... ... ...

شۇ تاپتا مەلۇممىدۇر كۆلگەنلەرگە ،
كۆلەشنىڭ يۈرىكىنىڭ ئېچىشقىنى .
يۈرمەڭلار نۇرتايغىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ ،
بېسىلدى دۇمبىسىنىڭ قىچىشقىنى .
( « ‹قىزقۇۋار › دا» دىن )

1 - مىسالدىكى «شىۋىرلاپ» ، «قۇچاقلاپ» دېگەن سۆزلەر ئادەملەشتۈرۈش (مەجاز ) شەكلىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر بولۇپ ، ناھايىتى توغرا ، جايىدا ئىشلىتىلگەن . ئارچا شامالدا شىلدىرلايدۇ ،

تاراق ـ تۇرۇق ، گۈلدۇر ـ قاراس ئاۋازلارنى چىقارمايدۇ ، ئۇنىڭغا توۋلاپ ، ۋارقىراپ دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتكەن بولسا توغرا بولمايتتى .

«قوچاقلاپ» سۆزى ئادەملەشتۈرۈلگەن ئارچىنىڭ زېمىنغا بولغان مۇھەببىتى دەل جايىدا ئىپادىلەنگەن . ئارچا پەرزەنتىنىڭ ، زېمىن ئانىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان بۇ شېئىردا پەرزەنت بىلەن ئانىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە «قوچاقلاپ» سۆزىدىن باشقىسى توغرا كەلمەيدۇ .

2 ـ مىسالدىكى «ساپ ئۈگۈتتەك» دېگەن سۆز مۇسانىڭ سۆزلىرىگە قىلىنغان ئوخشىتىش بولۇپ ، بۇ سۆز ھەم جايىدا ، ھەم ئوبرازلىق . چۈنكى مۇسا بىر دېھقان . شېئىرنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ سول ئېلىپ بۇغداي ئورۇشى سۆزلەنگەن . ئاخىردا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ساپ ئۈگۈتكە ئوخشىتىش ئۇنىڭ ئوبراز تەسۋىرىدىكى ئىزچىللىقنى ھاسىل قىلغان . ئۇنىڭدىن باشقا سۆزنىڭ دانە ـ دانە ، جايىدا ، ۋەزنىلىك ئىكەنلىكىنى ساپ ئۈگۈتكە ئوخشىتىش تولىمۇ ئوبرازلىق بولۇپ كىشىدە كونكرېت ۋە ئېنىق تەسىرات قالدۇرالايدۇ .

3 ـ مىسال شائىرنىڭ كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئانىسىنى كۆرگىلى يۇرت ئاتلاپ بارغانلىقى ئانا ـ بالىنىڭ دىدارلاشقان پەيتىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى . بالىغۇ ئانىسىنى «ئانام» دەپ قۇچاقلايدۇ . لېكىن ، ئانىنىڭ ئۆز بالىسىنى «ئانام» دېيىشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس . چۈنكى ، مىللىتىمىزدە بالىلىرىنى «ئانام» دەپ چوڭ كۆرۈپ ئەركىلىتىدىغان يوسۇن بار . ئاپتور دەل مۇشۇ تۇرمۇش ئادىتىنى تىل ئارقىلىق ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلىگەن . بۇ ئارقىلىق دىدارلىشىش پەيتىدىكى كۈچلۈك مېھىر ـ مۇھەببەتنى تىل ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەردى . بۇ مىسال شائىرنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ماھارىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىغا پاكىت بولالايدۇ .

4 ـ مىسالدىكى «قىچىشقىنى» دېگەن سۆز ئالدىنقى مىسرادىكى



«ئېچىشقىنى» دېگەن سۆزنىڭ قاپىيە ئېھتىياجى ئۈچۈنلا قىستۇرۇلغان ئەمەس . بۇ سۆز مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈۋاتقان يىگىت ئۈچۈن قىزنىڭ قولىدىن قامچا يېيىش ئازاب ئەمەس ، ئەكسىچە ئەڭ ئالىي مۇكاپات بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئەپلىك ئىپادىلەپ بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن سىرت بۇ شېئىردىكى كومېدىيىلىك كەيپىياتقا شۇنداق باپ كەلگەنكى ، شېئىرنىڭ كومېدىيىلىك تۈسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ، شۇنداقلا قازاق يىگىتلىرىنىڭ شوخ ، خۇش چاقچاق ، يۇمۇرلۇق خاراكتېرىگىمۇ ماس كەلگەن . يۇقىرىقى مىساللار تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق دەلىللەپ بېرەلەيدۇ .

(6) شەكىلدىكى خىلمۇ خىللىق جەھەتتە : تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرىي شەكىل ئۇستىدە كۆپ ئىزدىنىدىغان شائىر . ئۇ شەكىلنى مەزمۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللايدۇ .

تېيىپجان ئېلىيېۋ دەسلەپتە ئىجادىيىتىنى بارماق ۋەزنىنىڭ قوشاق شەكلىدە يېزىش بىلەن باشلىغان بولسا ، كېيىنچە تەدرىجىي ئىزدىنىش ئارقىلىق كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ھەر خىل شەكىللەردە تولىمۇ نەپىس ۋە يارقىن شېئىرلارنى يازدى . بۇ ئىككى شەكىلنى ئاجرىتىپ ئارىسىغا پاسىل ھاسىل قىلىپ قويمىدى . ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدىكى ھەم كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى شەكىللەردە يېزىشنى تەڭ تۇتتى . ھەممىشە شېئىرىي پىكرىنىڭ دەخلىسىز يورۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئەڭ باپ كېلىدىغان شەكىلنى تاللىۋالدى . باللادا ، داستان ، رۇبائىي ، تۇيۇق شەكىللىرىدە بولسۇن ۋە ياكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر قايسى بەھرىلىرىدە بولسۇن ئۆرنەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە شېئىرلاردىن يېزىپ قالدۇردى . بولۇپمۇ نادىر شېئىرلىرى ئارقىلىق كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان بەزى شەكىللىرىگە جان كىرگۈزدى . تېيىپجاننىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ ، ئەلۋەتتە .

# ئابدۇكېرىم خوجا

## هاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، ئاتاقلىق شائىر ۋە تەرجىمشۇناس ئابدۇكېرىم خوجا (مىلادىيە 1928 ـ 1988 ـ يىلى) ئۆزىنىڭ 40 يىلغا يېقىن ئىجادىيەت هاياتىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئىجادىيەت رولىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۇردى. ئۇنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاقىلانە باها بېرىش، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، قىسقىسى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ـ نۆۋەتتە ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىزنى شۇنىڭدەك ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئابدۇكېرىم خوجا مىلادىيە 1928 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئالتۇنلۇقۇم يېزىسىدا كەمبەغەل ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1931 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى جىڭ شۇرېن تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر قىسىم يۇرتداشلىرى بىلەن گەنسۇغا قېچىپ بېرىپ، ئەنشى، دۇنخۇاڭ، جيۇچۈەن، جاڭيې قاتارلىق جايلاردا بىر نەچچە يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى جيۇچۈەن ۋىلايىتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئابدۇكېرىم خوجا باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى مىلادىيە 1937 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە جيۇچۈەندە ئوقۇپ تاماملىغان. مىلادىيە 1946 ـ يىلى كۈزدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن. مىلادىيە 1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەنجىڭگە بېرىپ، «نەنجىڭ دۆلەتلىك چېگرا رايون مەكتىپى»گە كىرىپ ئوقۇغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن ۋە خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان. مىلادىيە 1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، شۇلار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. مىلادىيە 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي بيۇرونىڭ يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلغان. مىلادىيە 1953 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت باشقارمىسىدا ئىشلىگەن. 1953 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە بېرىپ، پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىدىن ھال سوراش پائالىيىتىگە قاتناشقان. مىلادىيە 1957 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە مۇئاۋىن باش كاتىپ، ئەدەبىي تەرجىمانلار گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. مىلادىيە 1980 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان ژورنىلى بولغان «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ، تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن.

بارلىقىنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەسىرىگە بېغىشلىغان بۇ شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا مىلادىيە1988 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 60يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى دەسلەپتە ئەدەبىي تەرجىمىدىن باشلانغان . ئۇ مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى تۇنجى بولۇپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان . ئۇ تەرجىمە قىلغان «ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» 1957 - يىلى يازغۇچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان . ئابدۇكېرىم خوجا 1950 - يىللاردا ل . مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندىن تاشقىرى يەنە نىمشېھىت ، ئەلقەم ئەختەم ، تېيىپجان ئېلىيېۋ ، ئابلىز نازىرى قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىمۇ خەنزۇ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۆگىنىشىنى قولايلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ئابدۇكېرىم خوجا تەرجىمە ساھەسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش يولىنى تۇنجى بولۇپ ئاچقان ئەدەبىي تەرجىماندۇر .

خەنزۇ كلاسسىكلىرى ۋە ھازىرقى زامان ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتىمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسى زور .

ئۇ كلاسسىك شائىرلاردىن لى بەي ، دۇفۇ شېئىرلىرىنى ھەم ھازىرقى زامان شائىرلىرىدىن گومورو ، ئەي چىڭ ، گوشياۋ چۈەن ، ۋېن جيې ، خې خىجىڭجى قاتارلىقلارنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى .

ئۇ تەرجىمە قىلغان «دۇفۇ شېئىرلىرى» ناملىق توپلام نەشر قىلىندى ، «ماۋجۇشى شېئىرلىرى» ، «جۇئېنلەينىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى شېئىرلىرى» ، «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى» نى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى . باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «قىزىل قىيا» ، «باھادىر شاھ لى زىچېڭ» رومانلىرىنى تەرجىمە قىلدى . مەشھۇر كلاسسىك رومان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشتى .

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى 1950 - يىللارنىڭ



ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ ھەقىقىي باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇ ئاساسەن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» ناملىق كىنو سېنارىيىسى ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەدەبىي تەرجىمىلىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى .

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېلىمىزدە ، ئېلىمىزدىلا ئەمەس ھەتتا چەتئەللەردىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى . نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ، ئوبزورچىلار ماقالىلەرنى يېزىپ ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلدى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى .

ئۇنىڭ پەلسەپۋى پىكىرلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن «پارچىلار» ۋە «شارلار تېغى» ناملىق شېئىرلىرى 1981 - ، 1985 - يىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 - ۋە 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى .

ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «ئونىنچى باھار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1959 - يىل ) ، «باھار ناخشىسى» (مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 - يىل ) ، «تۇپراق ، باھار ۋە مەن» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل ) ، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل ) ، خەنزۇچە «ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 - يىل ) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى .

1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 1960 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان مەزگىل ئابدۇكېرىم خوجا ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ چاغلاردا ، بولۇپمۇ 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1960 - يىللارنىڭ بېشىغىچە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيە-

تى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە يازغان «يول ئۈستىدە» (1957 ـ يىل ) ، «خۇش كەپىسلەر» ، «ئاققۇ» (1961 ـ يىل ) ، «ئورۇق» ، «جەننەت نەدە دېسەڭلار» ، «ئايخان» ، «شىنا قىز» ، «چوپان» ، «رىۋايەت ۋە رېئاللىق» ، «ۋەتىنىمنىڭ كۆزى ئۇ» ، «قۇمۇل توغرىسىدا ئىككى غەزەل» ، «ئانىلارنىڭ ياخشىسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن ۋەتەن قىياپىتىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەيدۇ . بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان زامانىمىز قەھرىمانلىرى ، ئاددىي ، شۇنداقلا ئۇلۇغ ئەمگەكچىلەرنى مەدھىيىلەيدۇ ، ئەمگەكنى ئۇلۇغلايدۇ . بەختىياز ھاياتنىڭ كاپالىتى بولغان پارتىيىگە ، داھىيغا ، ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ .

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن كونكرېت ماكان ـ يېشىللىققا پۈركەنگەن تارىم ۋادىسى ، رەت ـ رەت ئىمارەتلەر سېلىنىپ كۈنسېرى تەرەققىي تېپىۋاتقان شەھەرلەر ، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ بەركىتىدىن گۈللىنىۋاتقان يېزا ـ قىشلاقلار ، جەننەتكەبى يايلاق ۋە باغۇ بوستانلارنىڭ كۆركەم ، رەڭدار كارتىنىسى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن . مانا مۇشۇ تۇرمۇش سەھنىسىدە قايناۋاتقان ئىنسانىي تۇرمۇش كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ .

ئوتلاپ يۈرگەن ئاپئاق قويلاردەك ،
كەڭ ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار ئۈزەتتى .
تاڭ شاملى قوي ھەيدىگەن قويچىدەك ،
بۇلۇتلارنى نەلەرگىدۇر سۈرەتتى .

دۇپدۇگىلەك يالقۇنجىغان قىزىل شار ،
تاغدىن دومىلاپ مەن تەرەپكە كېلەتتى .



سەپسالدىم ئۇ ، شار ئەمەسكەن قۇياشكەن ،
تەبىئەتنى قۇچىقىدا سۆيەتتى .

ئاخشامقى ئۇ قۇش ئۇۋىسى ـ تۇرغۇندا ،
بۈگۈنگىچۇ ھە ، ئاق مودەنگۈل كۈلەتتى .
غۇلاچ ئېتىپ ئالتۇن دېڭىز لاچىنى ،
دولقۇنلارنى ئىككى ياققا بۆلەتتى .

مەنمۇ چۈشتۈم ئالتۇن دېڭىز قوينىغا ،
دولقۇنلىرى ئۈنچە ـ مارجان چاچاتتى .
مەلۇم خۇددى دېڭىزدىكى بىر ئارال ،
كۈلۈپ ماڭا قوينىنى ئاچاتتى .

شائىرنىڭ مىلادىيە 1957 ـ يىلى قۇمۇلدا يازغان «تاڭ سەھەر»
ناملىق بۇ شېئىرى ئانا تەبىئەتكە بېغىشلانغان گۈزەل لىرىكا .
بىراق ، بىز سۈرەت گۈزەللىكى ئەكس ئېتىلگەن بۇ تەبىئەت لىرىكىسىدا ھەرگىز قېتىپ قالغان ، تۇرغۇنلۇق ئىلكىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرمەيمىز . بۇ «سۈرەت» تە تەبىئەت ۋە تۇرمۇش تەبىئىي يۇغۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇلار ھاياتلىق كۈچىدە ، ياشاۋاتقان ھالەتتە ، ھەركەت ئىچىدە جىلۋىلىنىپ كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ . شەك ـ شۈبھىسىزكى ، شېئىردا شائىرنىڭ ساغلام ھايات قارىشى ۋە ئىستېتىكىلىق ئىدىيىسى ئەكس ئېتىلگەن .

ۋەتەننىڭ يېڭى قىياپىتىنى تەسۋىرلەشنى مەقسەت قىلغان «بۇ قانداق مۆجىزە ؟ !» شېئىردا بۈگۈن بىلەن ئۆتمۈشنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ئۆزگىرىشلەرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ .

تۈنۈگۈن مەشەدىن ئۆتكەندە كارۋان ،
نەپسىنى بوغاتتى ئەجەل پۈرىقى .

بۈگۈن مەن كۆز تاشلاپ قارىسام ھەريان ،
ئۆلۈمنى قوغلاپتۇ ھايات چىرىغى .

تۈنۈگۈنكى كارۋان يولىدا ئۆلۈمنى قوغلىغان «ھايات چىرىغى» باشقا نەرسە ئەمەس ، بەلكى يولنى ئاسان قىلغان پويىز ۋە پويىز ئىستانسىسى . ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزغا قوشۇلغان بۇ يېڭى شەيئى جەمئىيەت تەرەققىياتىمىزنىڭ قەدەملىرىدىندۇر .

شائىر مۇشۇنداق رېئاللىقتا يۈزلىنىپ تۇرۇپ كېلەچەكنى تەسەۋۋۇر قىلماي تۇرالمايدۇ .

چۈنكى شۇ تاپتا :
كەڭ دالا پۇشۇلداپ ئۇخلايدۇ بىراق ،
قەلبىم شوق ئات بولۇپ چاپىدۇ ھەر يان .

پايانسىز دالىنىڭ گۈزەل كەلگۈسى ،
خىيالىم ئەينىكىدە ئەكس ئېتىدۇ .
ئەتىكى مەنزىلىنىڭ يېقىن شەپىسى ،
دىلىمغا يالقۇنلۇق ئوت سېپىپ ئۆتىدۇ .

شائىرنىڭ گۈزەل بىر شېئىرىي مۇھىت بەرپا قىلىشقا تىرىشقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرغان يۇقىرىقى مىساللاردىن ۋە بىز تىلغا ئالغان بىر تۈركۈم شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىنىڭ 1950 - ، 1960 - يىللاردىكى ئومۇمىي خورغا قىستۇرما كۈي بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس .

سوتسىيالىستىك تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ، دەۋرنىڭ ئەدەبىياتقا يۈكلىگەن ۋەزى-



پىسى بولۇپ ، ئەينى يىللار ئەدەبىياتىدىكى چوڭ تېمىلارنىڭ بىرى ئىدى . ئابدۇكېرىم خوجا دەۋرنىڭ كۈيچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شېئىرلىرىدا يېڭى كىشىلەرنىڭ يېڭىچە قىياپىتى ، روھىي دۇنياسى ۋە خاراكتېرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئۇ مىلادىيە 1959 - يىلى ئېلان قىلغان «چىراغ ۋە مەن» ناملىق شېئىرىدا «مەن» بىلەن چىراغنىڭ دىئالوگىنى قىزىقارلىق بايان قىلىدۇ . خۇلاسە ئورنىدا بېرىلگەن مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق چىراغ كېچىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرالايدۇ . لېكىن ، چىراغنى چىراغ قىلغان ياغ ، پىلىك قاتارلىق تەركىبلەرنىڭ بىرىكمىسى . ئەگەر بۇ ئامىللار تەل بولمىسا چىراغ مەۋجۇت بولمايدۇ . بىراق ، ئەڭ مۇھىمى چىراغنى ياراتقان يەنىلا ئادەم دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، تۇرمۇش ھەقىقىتى بىلەن سۇغىرىلغان بۇ قىسقا شېئىردا دۇنيانى ئادەم ۋە ئادەمنىڭ ئەمگىكى يورۇتقان دېگەن پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن . شۇڭلاشقا ، بىر خىل كۆز قاراشتىكى شائىر نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئۆزى ياراتماقچى بولغان يېڭى كىشىلەرنى ئەمگەك ئىچىدە ، ئىجاد ئىچىدە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ . ئەمگەكنى سۆيۈش ، ئىشچانلىق ، ئىجادكارلىقنى بۇ خىل ئوبرازلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى دەپ بىلىدۇ . بۇ خىل نېگىزلىك خۇسۇسىيەت «چۇپان» شېئىرىدىكى چۇپاننىڭ ، «ئايخان» باللادىسىدىكى ئايخاننىڭ ، «ئانىلارنىڭ ياخشىسى» شېئىرىدىكى ئانىنىڭ ، «شىنا قىز» شېئىرىدىكى شىنا قىزنىڭ ، «ئورۇق» شېئىرىدىكى شۇجىنىڭ ، «تۇنجى دەرس» شېئىرىدىكى «مەن» نىڭ ھەم شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئوبرازلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن . ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ يېڭى كىشىلەرگە بېغىشلانغان شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە «ئايخان» باللادىسىنى خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ .

شېئىر دەسلەپىدىلا ئايخاننى ئىش قايىنىغان ئۈزۈملۈك ئىچىگە قويۇپ ، ئەمگەك ئۈستىدە تەسۋىرلەيدۇ .

ئۆرغۈپ - ئۆرغۈپ گويا بۇلبۇل ،
گۈل شېخىدا سايرىغاندەك ؛
تەك تۆۋىدە ئىشلەر قىزلار ،
تاغدا كېيىك يايرىغاندەك .

سېۋەت - سېۋەت ئۈزۈملەرنى ،
ئوخشىتىمەن ئۈنچىلەرگە ؛
ئايخان باشلار شۇ قىزلارنى ،
ئۈزۈم توشۇپ چۈنچىلەرگە .

ئاغزى سۆزدە ، قولى ئىشتا ،
ئەمما پات - پات كۆنگە قارار .
كۆچى يەتسە ئايخان كۆنگە ،
تىرەك قىلىپ قويسا مۇنار .

كۆن توختىسا ئولتۇرمىسا ،
ئايخان ئۈچۈن ئىش ئاۋۇسا .
مىنۇتىنىمۇ چىڭ يۈگەنلەپ ،
سېكۇنتىنىمۇ بوش قويمىسا .

ئايخاننىڭ ئەمگەكچانلىقىنىڭ يىلتىزى ، ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى نەدە ؟

شائىر ھۆرلۈك ، ئەركىنلىكنى ئايخاندىكى ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىشىدىكى كاپالەت دەپ قارىغاچقا ، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلىرىگە ئورۇن بېرىدۇ :



ئاياغسىزدىم ، ئاياغ ئەمەس ،
قانات بەردى ھۆر زامانەم .
تىلىم تۇرۇپ تىلسىز ئىدىم ،
تىلمۇ بەردى كومپارتىيەم .

كۆزۈم ئوچۇق قارىغۇ ئىدىم ،
قۇلىقىم پۈتۈك ساغرۇ ئىدىم .
چۆل - باياۋاندا تەمتىرەپ ،
قان يىغلىغان ئاھۇ ئىدىم .

زۇلۇم تەختىگە ئوت يېقىلغاچ ،
ئاپتاپ نۇرى تەڭ چېچىلغاچ .
يەتتىم ئاشۇ ئۇلۇغ يولغا ،
قۇلاق ، كۆزۈم تەڭ ئېچىلغاچ .

يېرىم مۇستەملىكە ، يېرىم فېئوداللىق تۈزۈم ئاسارىتىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ خۇددى كونا جۇڭگودىكى قېرىنداش مىللەت ئاياللىرىغا ئوخشاش «تۆت چوڭ ھوقۇق» تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ كەلگەنىدى . «چېچى ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقا» «تۆت خوتۇننىڭ توخۇچىلىك ئەقلى يوق ، ئەقلى بولسا توخۇ دېگەن يەمتى پوق» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەردە ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قىلىنغان تەڭسىز مۇئامىلە ، چىرىك قاراشلارنىڭ ئېغىر تىندۇرمىسى بار . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى شەرىئەت ، دىنىي قاراشلارمۇ ئاياللارنى مەنۋى كىشەنلەر بىلەن چۈشەپ كەلگەنىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ئايخاننىڭ تىلى ئارقىلىق قەد كۆتۈرگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئەركىنلىك ، ئازادلىق ئاتا قىلغان پارتىيىگە ، داھىيغا بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ . بىزگە مەلۇم ، شېئىردا ئاپتورنىڭ ھېسسىيا

تى چىن بولۇپلا قالماي ، شېئىرىي ئوبرازنىڭ ھېسسىياتىمۇ چىن ، زىمىستان كۆرگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىگە يەتكەندەك ، كونا جەمئىيەتتىكى خورلۇق ۋە زۇلۇمنى يەتكۈچە تارتقان ئايخاننىڭ ھېسسىياتىدا قىلچە سۈنئىيلىك يوق . شۇڭلاشقا ، ئايخان مۇخبىر يىگىتكە :

— ياق دېمەڭ ، ئىشلەش بۈگۈن ،
ھەممىمىزنىڭ ۋەزىپىسى .
قىستىمىدى بىزنى ھېچكىم ،
ۋەتىنىمنىڭ بىز ئىگىسى .

دەپ جاۋاب بېرىدۇ . شائىر ئايخان ئوبرازىغا ئازادلىققا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىشچان ، كەمتەر پەزىلەتلىرىنى سىڭدۈرگەندىن سىرت ، ئۇلارنىڭ دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىمۇ ئىپادىلەپ ، ئوبرازنى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە قىلىدۇ .

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئات ئوينىتىپ مال بېقىپ يۈرگەن چوپان يىگىت ( «چوپان» شېئىرىدا ) ، چارۋىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىپ پەرۋىش قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە ئۆستۈرگەن موڭغۇل قىزى شىنا ( «شىنا قىز» شېئىرىدا ) ، يەنئەندىن چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىپ كەلگەن ئۇزۇن سەپەرلەرگە قاتناشقان پېشقەدەم كوممۇنىست ( «ئورۇق» شېئىرىدا ) ، ئۆتمۈشتىكى مالاي بۈگۈنكى سېكرېتار ئايال ( «يول ئۈستىدە» شېئىرىدا ) ، مۇھەببىتىگە سادىق ، ئەمگەكچان قىز بىلەن يىگىت ( «ئاققۇ» شېئىرىدا ) ، ئاچچىق قىسمەتلەرنى يەتكۈچە تارتقان ، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ھالال ئىشلەپ روناق تاپقان ئەمەت بوۋاي ( «ئەمەت بوۋاي» شېئىرىدا ) قاتارلىقلار دەۋر روھىغا باي يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرىدىندۇر . ئاپتور يۇقىرىقى شېئىرلىرىدا ھەر قايسى سەپ ۋە ھەر قايسى ساھەلەردە خەلق ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان ، غايە بىلەن ياشاۋاتقان ئاددىي - ساددا تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارد-



ىتىپ ، ئۇلارنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن .

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ مەدھىيىنى ئاساس قىلغان لىرىكىلىرى ئاساسىي ياقتىن خەلقىمىز ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرىنچىدىن ئاق ، ئىككىنچىدىن كەمبەغەل قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پىداكارلىق بىلەن بېغىشلاۋاتقان چاغلاردا ، تەبىئىي ئاپەت ، رەھبەرلىكتىكى بەزى خاتالىقلار ۋە چەتتىن كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان جاپالىق يىللاردا يېزىلغان بولۇپ ، شائىرنىڭ ئىلھامى ئەينى يىللاردىكى رېئاللىقتىن كەلگەن . شۇڭا ، بۇ شېئىرلار ئەينى دەۋردە خەلقىنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە ، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش رولىنىمۇ ئوينىدى .

ئىلىم - پەن باغچىسىنى خانىۋەيران ، ئەدەبىيات غۇنچىلىرىنى غازاڭ قىلغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قارا بورىنى باغۇ بوستاننى ۋەيران قىلىش بىلەن بىللە باغۇ بوستانلارنىڭ باغۋەنلىرىگىمۇ تۈگىمەس رىيازەتلەر ئېلىپ كەلدى . «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپى دېگەن چىرايلىق نامى بار ئورۇنغا قامىلىپ ئىجادىيەت ھوقۇقىدىن ، ياشاش ئەركىنلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان ئابدۇكېرىم خوجا بۇ تەتۈر قۇيۇنلار ئالدىدا بويۇن ئېگىپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرمىدى . ئۇ جاسارەت بىلەن :

تىيما خوجا ، سەن تىلىڭنى ،
تىنماي ، سۆزلە راست گېپىڭنى .
گەر سۇندۇرسۇن ياۋ بېلىڭنى ،
سۆزلە دېمىڭ ئۈزۈلگۈچە .
( «بولما» شېئىرىدىن )

دەپ يېزىپ ، ئۆزىنىڭ يەنى دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلانغان

جەڭچىنىڭ ئىرادە قەسىمىنى جاكارلايدۇ ۋە ئەلگە كۈلپەت كەلتۈرگەن
مەلئۇنلارنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىدۇ .

بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىدا ئىلىمىز ئەدىبلى-
رى ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدە جاراھەتنى ، قايتا تەپەككۇر-
نى ، ئىسلاھاتنى يېزىپ ، مەزمۇن ۋە پىكىردىكى چوڭقۇرلۇقنى ئىپادى-
لەۋاتقان مەزگىلدە ئابدۇكېرىم خوجىمۇ شۇنداق قىلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ
«كىشەن» ، «قوڭغۇراق» ، «ساۋاق» ، «بۇلۇت» ، «قالغاي» ،
«ھاك تېشى» ، «ياڭاق» ، «مامكاپ بىلەن ئەنجۈر» ، «ماركا ۋە
تاۋار» ، «سۇنئىي چېچەك» ، «گۇگۇت» ، «يۇلتۇز» قاتارلىق نۇر-
غۇنلىغان پەلسەپۋى شېئىرلىرىدا شەيئىلەردىكى ئوخشاش خۇسۇسى-
يەتلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ تۇرمۇش ھەقىقىتىنى شەرھلىدى .
ئادەم ۋە ھايات توغرىسىدا ، ئادەم بىلەن ۋەتەن ، ئادەم بىلەن دەۋرنىڭ
مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ۋە شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر توغرى-
سىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ۋە ئىلمىي قاراشلىرىنى يورۇتۇپ ، ئۆزىدە
ھەقىقەت كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەلسەپۋى خۇلاسىلەرنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى .

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە
كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى ، ئۇ باشقى-
لارنىڭ قانداق چۈشىنىشىدىن قەتئىينەزەر يەنە ئوخشاشلا مەدھىيە
ناخشىسىنى ياڭرىتىۋەردى . «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن
كېيىن ھەتتا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزىلغان : «سۇمۇرغ
ئۇچقاندا» ، «سۇمۇرغ قونغاندا» ، «مانتىپەز دۇكىنىدا» ، «تۇمەن
دەرياسى بويىدا» ، «يارنىڭ قولى گوياكى بويىندا» ، «مانا شۇنداق
ياشىسا دېھقان دېگەن» ، «خاماندا» ، «ئەمەت بوۋاي» ، «تۇرمۇش
كارتىنىلىرى» ، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» قاتارلىق شېئىرلار
دەل شۇنداق شېئىرلار بولۇپ ، ئۇلار ۋەتەنگە ، خەلققە ، ئۆز يۇرتىغا
ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىلىرىدۇر . بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ۋەتەن



زېمىنىنى كۈلدۈرگەن ، خەلقنى شادلاندۇرغان باھاردىن سۆيۈنۈش
ھېسسىياتى ، ئۆز يۇرتىغا ، ئىشچان ۋە ئاق كۆڭۈل خەلقىگە بولغان
چىن ئەقىدە ۋە مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ . شائىر تېخىمۇ گۈزەل
ئەتىگە تەلپۈنىدۇ . ئىسلاھاتنىڭ غەلىبىلىرىگە تەنتەنە قىلىدۇ .

«ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى » ناملىق شېئىرمۇ ئالاھىدە
تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ياخشى شېئىرلارنىڭ بىرى .

بۇ شېئىر ئۇزۇن ئەمەس . جەمئىي ئۈچ كۇپلېت
(12 مىسرا) ، شائىر قىسقا ھەجىمدىكى بۇ شېئىردا ھەل قىلىشقا
تېگىشلىك ، ئەمما ھەل بولمىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا
دېيىشكە تېگىشلىك ، يېزىشقا تېگىشلىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان .

بەزى ئەدىبلەر ئادەتتە ئېھتىيات قىلىپ «چېقىلالمايدىغان» زىدى-
دىيەتلەرگە ، تېگىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان «قىزىق نۇقتا» لارغا
«چېقىلغان» ۋە «تەگكەن» بۇ شېئىرنىڭ ئوخشاشمىغان ئىنكاسلارنى
قوزغىشى تەبىئىي ، ئەسلىدە ئابدۇكېرىم خوجىمۇ بەزىبىر كەسپداش-
لىرىغا ئوخشاش زىددىيەتلەرنى ۋاقىت ۋە پۇرسەتنىڭ بوينىغا ئارتىپ
قويۇپ ئىسسىقمۇ ئەمەس ، سوغۇقمۇ ئەمەس شېئىرلارنى يېزىپ يۈرسە
بولىۋېرەتتى . ئەمما ئۇ ئۇنداق «بىخەتەر» يولنى تاللىمىدى . ئەمەلى-
يەتتە ئۇ پۈتۈن ئىجادىيەت ھاياتىدىمۇ «بىخەتەر» يولدا ماڭغان ئە-
مەس . چۈنكى ئۇ رېئاللىقنى ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن ، ئەقلى بىلەن
كۆرۈپ كۆزىتىپ ئۆزىنىڭ ئەقىل تارازىسىدا ئۆلچەپ مەدھىيىلىگەن
ياكى ئەيىبلەپ كەلگەنىدى . ئابدۇكېرىم خوجا مۇشۇنداق ئىجادىيەت
ئىستىلىدىكى شائىر ئىدى . دېمەك بۇ شېئىر بىزنىڭ ئابدۇكېرىم
خوجىغا بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرەلەي-
دۇ . شۇنداق جەزملەشتۈرەلەيمىزكى ، «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشى-
شى» شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ئىستىلىدىكى
ئىزچىللىقنىڭ مەھسۇلاتىدۇر . شائىرنىڭ ئىلھامى رېئاللىقتىن تۇ-
غۇلغان ، ھېسسىياتى ۋەتەن مۇھەببىتىدىن ، خەلققە بولغان ساداقىتى-

دىن تۇغۇلغان، خەلققە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، ھەققەت ئىزدەش روھى ئۇنى سۆزلەتكەن، يازدۇرغان. شېئىردا تۇرمۇش، مۇھەببەت ۋە سەمىمىيلىككە يات ھېچقانداق نەرسە يوق.

شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن شۇنداق يەكۇن چىقىرىشقا ھەقلىقمىزكى، تۇرمۇش، مۇھەببەت ۋە سەمىمىيلىك ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئىلھامىنىڭ مەنبەسى. مانا مۇشۇ ھەرىكەتلەندۇرگۇچ كۈچ ئۇنى خەلقنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى، ئەندىشىسىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شادلىق ۋە خوشاللىقىنى يېزىشقىمۇ رىغبەتلەندۇرگەن.

## ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرى يۇقىرىقىدەك مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەدىئىي جەھەتتىمۇ روشەن خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئابدۇكېرىم خوجا 35 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا توختىماي ئىزدىنىش ئارقىلىق پىشقان شائىرغا ئايلاندى ۋە بۇ جەرياندا ئەپچىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يارقىن شېئىرىي ئوبراز يارىتىدىغان، قايناق ۋە چىن ھېسسىياتى بىلەن كىتابخانلارنىڭ قەلبىگە كىرەلەيدىغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇردى. دەرۋەقە، دەۋرنىڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۇسلۇبىدىمۇ بەزىبىر ئۆزگىرىشلەر بولدى. مىلادىيە 1950 ـ، 1960 ـ يىللاردىكى ئوچۇق، قىزغىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىك ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە چوڭقۇر ۋە ۋەزىنلىك بولۇشقا يۈزلەندى. ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا:

بىرىنچى، ئۇنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتىنىڭ تۇرمۇشتىن تۇغۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش كېرەك. ئاتاقلىق رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىسى



بېلىنسكىي: ھېسسىيات بولمىسا شائىرمۇ بولمايدۇ، دەپ ئېيتقىنىدەك، ھېسسىياتسىز شېئىرلارنى شېئىر، دەپ ئاتىغىلىمۇ بولمايدۇ. بىراق، ئاغرىقى يوق تۇرۇپ ئىڭرىغاندەك، ھېسسىياتى يوق تۇرۇپ زورلاپ شېئىر يازىدىغان ئەھۋالغا قارىتا ئېيتقاندا ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ھېسسىيات ئامىلىنى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ كۆرسىتىش بىھۇدىلىك ئەمەس. چۈنكى، شائىر 1950 ـ، 1960 ـ يىللاردا خەلقىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىنقىلابقا، پارتىيىگە بېغىشلىغان ئەمەلىيىتىنى كۆرمىگەن بولسا «ئايخان»، «قۇمۇل تويغىرىسىدا ئىككى غەزەل» دېگەندەك ياخشى شېئىرلارنى يازالمىغان بولاتتى. ئەگەر مول تۇرمۇش جۇغلانمىسىغا ئىگە بولمىغان بولسا «قوڭغۇراق»، «كىشەن»، «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» قاتارلىق چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يازالمايتتى. بۇ شېئىرلاردىكى ھېسسىياتنىڭ يىلتىزى تۇرمۇش، جېنى چىنلىق بولغاچقا كىتابخانلارنى تەسىرلەندۇرۇپ، زور ئېستېتىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلالىدى.

ئىككىنچى، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن شەيئىلەر، كونكرېت ماددىي ئوبيېكتلارنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ، يەنى پىكىرنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكتلار لىرىكىنىڭ ۋاستىسى، ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىش بولسا لىرىكىنىڭ مەقسىتى قىلىنىدۇ. ئۇ نوقۇل ھالدا تەبىئەتنىلا ياكى مەلۇم بىر ماددا، ياكى ھادىسىنىلا تەسۋىرلەشتىن ساقلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئاققۇ» جەمئىي 13 كۇپلېتلىق لىرىك شېئىر. ئۇنىڭ ئالدىنقى 10 كۇپلېتى پۈتۈنلەي ئاققۇلار ئويناۋاتقان ماكان ۋە زاماننىڭ تەسۋىرىگە قارىتىلغان.

شېئىرنىڭ بىر قىسمى خۇددى:

... ... ... ...

ئاھ كۆرۈندى ئاسمانمۇ،  
كۆل تېگىگە پاتقاندەك.

ئاھ كۆرۈندى ئاققۇلار ،
ئاينى دەسسەپ چاققاندەك .
سۇ تېگىگە ساناقسىز ،
يۇلتۇزلارنى چاچقاندەك .

دېگەندەك مىسرالار ئارقىلىق ئاققۇلارنىڭ سۈرەتتەك گۈزەل ھەرىكەت سەھنىسىنى سىزىپ چىقىدۇ . بۇ كۇپلېتلار ئىختىيارسىز ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات نەزرىيىچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان شېئىردىكى «سۈرەت ، سۈرەتتىكى شېئىر» دېگەن پىكىرنى كىشىنىڭ يادىغا كەلتۈرىدۇ .

دەرۋەقە ، شېئىرىيىتىمىزدە بىر قىسىم پىزاژ لىرىكىلىرى بار . ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ بەدىئىي قىممەت ياراتقان . لېكىن ، ئابدۇكېرىم خوجا ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۇنداق نوقۇللا تەبىئەت تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنى يازمىغان .

«ئاققۇ» ناملىق بۇ شېئىردا مەنزىرە قانچە جىلۋىلىك ، ئانا تەبىئەت قانچە گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەنگىنى بىلەنمۇ ، ئۇ پەقەت مۇشۇ تەسۋىرلەر بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا شېئىرغا جان كىرمىگەن بولاتتى . ھازىرقىدەك ئېستېتىكىلىق پەللىگىمۇ يېتەلمەيتتى . شېئىرنىڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان :

... ... ... ...
سۇغا چۈشكەن جۈپ شولا ،
بەلكى بىزنىڭ چۈپپاندۇ .
بىرى تاغنىڭ بۈركۈتى ،
بىرى قىزىل چولپاندۇر .

بەلكى ئۇلار سىلەردەك ،



بىر - بىرىگە كۆيگەندۇ ؟
شەرت قويۇشۇپ ئۆز ئارا ،
سىناپ ئاندىن سۆيگەندۇ .

ئۇلارنىمۇ بۇ يەرگە ،
ئەپكەلگەندۇ مۇھەببەت .
ھاجەتسىزغۇ سىلەرگە ،
بۇندىن ئارتۇق ئىزاھات .

دەپ يېزىلغان ئۈچ كۇپلېتتىكى نۇرغۇن رىتورىك سوئاللار چۇپان يىگىت بىلەن ئۇنىڭ سۆيگەن قىزىنىڭ مۇھەببىتىدىن شەپە بېرىدۇ . بىر جۈپ ئاققۇنىڭ سۆيگۈسىنى ماھىرلىق بىلەن قىز - يىگىتلەرنىڭ گۈزەل ۋە ساغلام مۇھەببىتىگە باغلاپ لىرىكا قىلغۇچى سۈبيېكتىنىڭ تۇرمۇش قارىشى ، بولۇپمۇ مۇھەببەت قارىشىنى شېئىرغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ .

بۇنىڭلىق بىلەن كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى قاناتلىنىپ ، لىرىدىكى ھېسسىيات بىلەن گىرەلىشىپ ھېسسىياتنىڭ بۈژغۇنلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ .

ئۈچىنچى ، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدا بايان ۋە مۇھاكىمىلەر ھەمىشە ئوبراز ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ .

مەسىلەن : «باھار ناخشىسى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك شېئىردا يېقىنقى يىللاردا ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن زور ۋەقە ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تارىخىنىڭ قەدىمى سۈپىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان . بىراق ، بۇ بايانلار بەزىبىر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكىدەك ماقالىنىڭ بايانىغا ئوخشاش قۇرۇق - قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئەمەس ، بەلكى ئىچكى باغلىنىشلىقتا ئىگە ئوبرازلار ۋە ئوبرازلىق ئوخشىتىش ، ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان . شېئىردا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»

يوقىتىلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تاغدەك دۆۋىلە-
نىپ كەتكەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ، خاتا ئەنزىلەرنى ، «سول»
چىل پىكىر ئېقىملىرىنى ، قىسقىسى ، ناھايىتى كۆپ ۋە مۇرەككەپ
مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ توغرا ھەل قىلغانلىقىنى باھار بىلەن
ئاندىن ئىبارەت ئوبرازلىق ۋاستىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بايان
قىلىدۇ .

... ... ... ... ...

كەلدى باھار بۇ يىل بۆلەكچە تېز ،
ھەر قەدەمدە قالدۇرۇپ يېڭىچە ئىز .
كەلدى زەر تاغاقتا تاراپ چېچىنى ،
ئۆرۈدى چىقىرىپ ، تۈزەپ چىگىشنى .

بولدى غايىب قار - قىرولار چېچىدىن ،
ئەكس ئەتتى نەۋ باھارمۇ يېشىدىن . . .

بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ھەممىلا شېئىرلىرى-
دا دېگۈدەك روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بايان
ۋە مۇھاكىمىلەردىن باشقا شېئىرىي پىكىرلەرمۇ ۋاستىلىك ئوتتۇرىغا
قويۇلىدۇ ۋە يورۇتۇلىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مۇشۇنداق خۇسۇسى-
يەت بولغانلىقى ئۈچۈن ، شوئارۋازلىق ، قېلىپبازلىق خاھىشىدىن
يىراقتا تۇرالايدۇ . 1961 - يىلى يېزىلغان «ساۋاق» ناملىق شېئىرىدا
بۇ ئالاھىدىلىك روشەن ئەكس ئېتىلگەن . هارۋىغا قېتىلغان ئىككى
ئاتنىڭ ئىچىدە جەرەن ئات نېمىشقا قامچا يېمەيدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن قامچا
پەقەت قاشقا ئاتنىڭ قۇلاق تۇۋىدىلا ئوينايدۇ ؟ سەۋەبى قاشقا ئات گاھ
تېز يۈگۈرۈپ ، گاھ سۆرىلىۋېلىپ هارۋىنى ھەمىشە ئوڭشىغىلا ئەپقاچى-
دۇ . شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى ئەلۋەتتە هارۋىنىڭ قانداق ماڭ-



غانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئەمەس ، بەلكى سوتسىيالىستىك ئىنقى-
لاب ۋە قۇرۇلۇشتا گاھ ئوڭدىن ، گاھ سولدىن چىقىپ يولىمىزغا
توسالغۇ بولۇۋاتقان ئىدىيىۋى خاھىشلارنى ۋە شۇنداق كىشىلەرنى
قامچىلاش . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، شائىر ئالدىنقىسى كېيىنكى پە-
كىرلىرىنى يورۇتۇشنىڭ ۋاستىسى قىلغان بۇ شېئىردا پىكىرلەر
يالىڭاچ ھالەتتە ئەمەس ، بەلكى ئوبرازدىن تون كىيگەن . شۇڭا ،
شېئىر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان .
ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدىكى تەسۋىرلەر مەيلى ئۇ
پورترېت تەسۋىرى بولسۇن ياكى تەبىئەت تەسۋىرى بولسۇن ۋە ياكى
كەيپىيات تەسۋىرى بولسۇن ھەممىسىلا ئوبرازلىق بولغاچقا ، تەسۋىر-
لىمەكچى بولغان ئوبيېكت جانلىق ۋە يارقىن ھالدا يورۇتۇلىدۇ .
بۇنىڭغا مىساللار بەك كۆپ . بىز پەقەت «قۇلىقىمدا قالدى» دېگەن
شېئىرنىلا كۆرۈپ ئۆتەيلى .
بۇ شېئىردا گۈزەللىك شەيداسى بولغان لىرىك ئوبراز «مەن»
نىڭ بۇلبۇل ناۋاسىغا مەپتۇن بولۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ھالىتى
مۇنداق تەسۋىرلەنگەن :

... ... ... ... ...

شاپتۇل شېخىدا بۇلبۇلنى كۆردۈم ،
مەن ئۇنى قول ئەمەس تۇتتۇم كۆز بىلەن .
چۆرگىلەپ كېتەلمەي قالدىم ئاخىرى -
بۇلبۇلغا مەن ئۆزۈم تۇتۇلۇپتىمەن .

قۇرغۇينىڭ ناخشىسى شۇنداق بولامدۇ ؟
بېغىدىن سۇغۇرۇپ يۈرەكنى ئالدى .
ئالدى - دە ، ئۈچتى ئېيتىلغان ئوقتەك ،
ناخشىسى ھېلىمۇ قۇلىقىمدا قالدى .
«مەن» نىڭ بۇلبۇل ناۋاسىغا مەھلىيا بولۇپ كېتەلمەي تۇرۇپ

قالغان ۋاقىتتىكى نازۇك ھېسسىياتى ، بولۇپمۇ «مەن ئۇنى قول
ئەمەس ، تۇتتۇم كۆز بىلەن » ، «بېغىدىن سۇغۇرۇپ يۈرەكنى ئالدى»
دېگەندەك كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە مىسرالاردىن شەكىللەنگەن
دەل جايىدا بېرىلگەن تەسۋىر ئارقىلىق توغرا سۈرەتلەنگەن .

ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرىدا لىرىكا ئىچىدە ئېپىكا ئەپلىك
ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا ، لىرىكا بىلەن لىرىك مۇھاكىمە يىلتىزسىز دە-
رەخكە ئوخشاپ قالماستىن ، ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە بولالايدۇ ، بۇ
مىسال ئۈچۈن 1960 - يىلى يېزىلغان «پويىز كەلدى» شېئىرى
ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى .

شىنجاڭغا پويىزنىڭ كېلىشى خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇ-
شىدىكى چوڭ ۋەقە . بۇ رېئاللىق نۇرغۇن شائىرلىرىمىزنى تېما بىلەن
تەمىنلىگەنىدى . تۇرمۇشقا سادىق ئابدۇكېرىم خوجىمۇ مۇنۇ تېمىدا
بىرقانچە پارچە شېئىر يازغانىدى . بۇ تېمىدىكى شېئىرلارنىڭ ئىچىدە
«پويىز كەلدى» شېئىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دەپ قاراشقا
بولىدۇ . بۇ شېئىرنى ئەينى دەۋردىكى ئىجادىيەت رامكىلىرىدىن ،
قۇرۇق شوئارۋازلىقتىن خالىي قىلىپ بەلگىلىك ئىجادىيلىققا ئىگە
قىلغان نەرسە باشقا ئەمەس ، بەلكى لىرىكا ئىچىدىكى بايانىنىڭ ئوبراز-
لىق ۋە جەلپكار بولغانلىقىدۇر .

ئابدۇكېرىم خوجا پويىزنىڭ كېلىشىدىن ئىبارەت يېڭىلىقنى بە-
زى شائىرلاردەك ۋەقەنىڭ جەريانىنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق سۆزلەپ
بېرىش ۋە بىۋاسىتە لىرىكا قىلىش بىلەن ئەمەس ، شېئىردىكى لىرى-
كىغا ئوبرازلىق بايانىنى قىستۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن .

چاڭ توپىغا قانچە قېتىم يىقىلدىمكىن ،
بىر ئىلاج قىپ يېتىۋالدىم بوسۇغىغا .
چاپسان يۈگۈر جېنىم ئاپا ، كەچ قالىسەن ،
كەچ قالىسەن يەتكۈچە ........

كىچىككىنە ئايجامالنىڭ قەلبىگە پاتمايۋاتقان خۇشاللىقى ، ھايا-



جىنى پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقىگە ئورتاقتۇر . بۇ ھەقتە بىز كۆپ سۆز-
لىمىسەكمۇ يۇقىرىقى مىسرالاردىكى كەيپىيات بۇنى يېتەرلىك ئىزاھ-
لىيالايدۇ .

ئانىنىڭ قىزىغا ئەگىشىپ چاپىنىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئىد-
شىكلەرگە سوقۇلغان پېتى بوران كەبى يۈگۈرۈپ ۋوگزالغا بېرىپ
پويىزنى كۆرگەن چاغدىكى قىياپىتى :

كۆزى بىلەن سۈمۈرەتتى پويىزنى ئۇ ،
كىرپىكىنى سوقۇشتۇرماي بىر - بىرىگە .
لەۋلىرىدە ئوينار ئىدى تەبەسسۇمى ،
ئەمما يېشى دومىلايتتى كىرپىكىدە .

دېگەن مىسرالار ئاجايىپ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت زېمىنىدا
سۈرەتلەنگەن . كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ياخشى شېئىرلىرىدا «سۈرەت
بار» دېگىنى بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس .

ئادەم نېمە ئۈچۈن كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلايدۇ؟ ھەم كۈلدۈرگەن ،
ھەم يىغلاتقان نېمە ئۇ ؟

خۇشاللىق ئىلكىدىكى ئانا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پويىزغا تەلپۈ-
نىدۇ . كۆزلىرى بىلەن پويىز سۈمۈرىدۇ . بۇ كۈپلېتتىكى «كۆزى
بىلەن سۈمۈرەتتى پويىزنى ئۇ» دېگەن مىسرانىڭ ئىجادىيلىقىدا گەپ
يوق . شائىر بۇ يەردە «تەلمۈرۈپ قارىدى» ، «زوقلىنىپ باقتى»
دېگەندەك مۇشۇ خىل كەيپىياتنىڭ تەييار ئىبارىلىرىنى ئىشلەتمەي ،
شېئىريي تىلنىڭ ئىجادىيلىقىغا ئېرىشكەن .

بۇ مىسرا شۇ قىياپەت ، ھەرىكەتنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى بولۇپلا
قالماي ، كۈچلۈك ھاياجان بىلەن قاناتلانغان ئىچكى ھېسسىياتنىڭمۇ
سۈرىتىدۇر . بۇلاردىن باشقا ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش ، سېلىشتۇ-
رۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ماھىر-
لىق بىلەن قوللىنىشىمۇ ، تىلنىڭ يۇمۇرلۇق ، ئوبرازلىق ، ئاددىي -
ساددا بولۇشىمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى قاتا-

رىدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ .

يەنە بىر خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ يۇمۇرلۇق ، كومېدىيىلىك بولغانلىقىدىدۇر .

«قىز قۇۋاردا» (1961 ـ يىل ) شېئىرىدىكى قىز بىلەن يىگىت ، بوۋاي بىلەن موماي توغرىسىدىكى تۇرمۇش چىنلىقى ۋە هايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن تەسۋىرلەردىن بىز ئىنتايىن قىزىقارلىق تۇرمۇش كومېدىيىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز .

قىز يىگىتنى قوغلاپ يەتكەن تۇرۇقلۇق نېمىشقا قامچىلىمىدى ؟ ئەكسىچە قامچە نېمىشقىدۇر قولىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى ؟ بۇنىڭدىكى سىردىن قوشنىلىق مۇناسىۋەتتىكى بوۋاي بىلەن موماي ئەلۋەتتە خەۋەرسىز . لېكىن ، كىتابخان بۇ كومېدىيىدىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلايدۇ . گەرچە شائىر شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى رىتورىك سوراق ئارقىلىق تېپىشماق ئېيتقان بولسىمۇ ، لېكىن كىتابخاننىڭ كۆلكىسىدە سىرنىڭ يەشمىسى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟ بىزنىڭ كۈلكىمىز تېپىشماققا بېرىلگەن جاۋاب بولىدۇ ، ئەلۋەتتە . ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى يۇقىرىدا شەرھلىگىنىمىزدەك بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەرگە ۋە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە .

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئابدۇكېرىم خوجا بولۇپمۇ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا «سول» چىللىق زورلاپ تاڭغان رامكىلاردىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى . شۇڭا ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى مۇئەييەن تارىخىي چەكلىمىلىكتىن ، دەۋرنىڭ چەكلىمىلىكلىرىدىن خالىي بولالمىدى .

قىسمەن شېئىرلىرىدا تىل ئىشلىتىشتە قاپىيە ، ۋەزىننىڭ ئېهتىياجىغا قاراپلا «پاڭشىڭ بولىۋەر» («ئايشەم ۋە سۇ» شېئىرىدا ) ، «شۇيدىيەنزەندىن ئۆتۈپ سۇ» («ئايشەم ۋە سۇ» شېئىرىدا ) دېگەندەك خەنزۇچە سۆزلەرنى ئىشلىتىش ، ئارىلاپ سۆزلەرنى بۇزۇپ كەمتۈك قىلىپ ئىشلىتىش ، نوقۇل قاپىيە ئېهتىياجىغىلا دىققەت



قىلىپ ، تىلدىكى راۋانسىزلىققا يول قويۇش ، جۈملىلەرنىڭ تەبىئىيلىكىگە ئەهمىيەت بېرەلمەسلىك قاتارلىقلار شائىر ئىجادىيىتىدە ساقلانغان نۇقسانلار بولۇپ هېسابلىنىدۇ .

## ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەتئىمىن ، رەخىم قاسىم

**ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەتئىمىن.** دەۋرىمىزدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان كاتتا ئالىم .ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ، ئىدىيە ـ پەلسەپىسى ۋە باشقا ساهەلەردە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ۋە بۇ ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى زامانىمىزدىكى ئالىم ـ تەتقىقاتچىلار ئىچىدە ئالاهىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ .گەرچە ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەتئىمىن ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي پەن ئالىمى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساهەسىدە ، جۈملىدىن شېئىرىيەت ساهەسىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئاز ئەمەس .ئۇ نەچچە ئون پارچە تەتقىقات ئەسىرىنى يېزىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە «چوغلۇق» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق شېئىر رومانىنى ، ئىككى قىسىملىق «رۇبائىيات»نى ۋە كىتاب قىلىنىپ نەشر قىلىنىشقا ئۈلگۈرمىگەن كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر لىرىكا ـ غەزەللەرنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىپ ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ هەسسىلەرنى قوشتى .

ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەتئىمىن مىلادىيە 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ باغئېرىق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1941 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان ، كېيىن قەشقەردە باشلانغۇچنىڭ داۋامىنى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشىنى تاماملاپ ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغان هەمدە

مىلادىيە 1954 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى
ئاسپىرانتلار سىنىپىدا تەلىم ئالغان . شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى ئۆمرى-
نىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بى-
لەن شۇغۇللىنىپ ، مىلادىيە 1996 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى
ئۇرۇمچىدە 63يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئەمەل-
يەتتە تىنماي ئىلىم ئۆگىنىشكە ، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللى-
نىشقا بېغىشلانغان ۋە بۇ جەھەتتە غايەت زور تۆھپە ياراتقان ھايات .
ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ خىل تىل بىلىش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ھەر
قايسى پەنلەر بويىچە ناھايىتى مول ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىگەن ،
شۇڭا ئۇنىڭ تەتقىقاتىنىڭ تېما دائىرىسى پەلسەپە ، لوگىكا ، ئېستېتى-
كا ، تىل ، ئەدەبىيات ، سەنئەت ، تارىخ ، مىللەتشۇناسلىق ، جەمئىيەت-
شۇناسلىق ، تۈركولوگىيە ، ئارخېئولوگىيە ، ئېتنوگرافىيە ، دىنشۇ-
ناسلىق ، ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىقى ، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق قاتار-
لىق پەن ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ . ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يەنە
ھاياتىدا ئاتاقلىق پائالىيەتچى بولۇپ ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر
پەلسەپە ـ ئىدېئولوگىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ،
جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزا-
سى ، جۇڭگو تۈركولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو
ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، غەربىي دىيار
سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، يىپەك يولى تەتقى-
قات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام سەن-
ئىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، شىنجاڭ ئېستېتىكا
ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئى-
يىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ئىلمىي ـ ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتى-
گەن . كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك ، خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە
يىغىنلىرىغا قاتناشقان . ياپونىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئىلمىي



تەكشۈرۈش ، ئىلمىي دوكلات بېرىش پائالىيەتلىرىدە بولغان .
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئالدى بىلەن ئىلمىي تەتقىقات نەتى-
جىسى ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان ئىجتىمائىي پەن ئالىمى . ئۇنىڭ
ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»
نىڭ 1956 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسى
بىلەن باشلانغان . شۇ چاغدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا ئۆمرىنىڭ ئاخىرى-
غىچە داۋاملاشقان 40يىللىق ئىلمىي تەتقىقات ھاياتىدا ، «ئۇيغۇر خەل-
قىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» ، «شىن-
جاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ، «فارابى ۋە
ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، «ئومومىي ئېستېتىكا» ، «قاتلاملىق
ئېستېتىكا» ، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزى-
نىسى» ، «غەربىي دىيار تاش كېمىر سەنئىتى» ، « ‹قۇتادغۇ بىلىك›
خەزىنىسى» ، « ئائىلە » قاتارلىق مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرىنى
يېزىپ نەشر قىلدۇرغان . باشقىلار بىلەن بىرلىكتە يازغان «ئۇيغۇر
پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر» ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»
قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان . «تۇران تارىخى» ، «ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، «ئانالىتىك پوئېتىكا» قاتارلىق
مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان . «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە
تارىخى» ، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى»
قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىشقا قاتناشقان .
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات ماقالىلىرىمۇ سان جە-
ھەتتىن كۆپ ، سەۋىيە جەھەتتىن ناھايىتى يۇقىرى ، ئۇنىڭ ھەقىقىي
ئىلمىي تەتقىقات ھاياتى مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا باشلان-
غان بولسىمۇ ، ئۇ قىسقىغىنە 10 نەچچە يىلدا يۇقىرىدىكى 20 پارچىغا
يېقىن كىتابتىن باشقا يەنە «يۇسۇپ خاس ھاجىپ ، فارابى ئىلغار
ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى» ، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇي-

غۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى ـ ‹قۇتادغۇبىلىك ›» ، «يىپەك يولىد-
كى بىباھا گۆھەر ـ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ، «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەدە-
نىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى» ، «ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ مەدەنى-
يىتى» ، «يىپەك يولىدىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى» ، قاتارلىق 140-
پارچىغا يېقىن ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان . ئۇ بۇلاردىن باشقا
يەنە پەننى ئوملاشتۇرۇشقا دائىر 40 پارچىدىن كۆپرەك ماقالە يېزىپ ،
ھەر خىل گېزىتلەردە ئېلان قىلغان .

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن
شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى .ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مىلادىيە
1950 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ ، شۇندىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغى-
چە ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «كېسىل-
گەن قۇلاق» ، «كىچىككىنە ئاسگۈل» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ،
«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ، «ئارىفنامە» ماۋزۇلىرى ئاستىدا كۆپ-
لىگەن نەسىرلەرنى ، «قەدىمكى يىپەك يولى» ، «ئوردىدا باھار» ،
«تەڭرىتاغ ناخشىسى» قاتارلىق دراممىلارنى ، «كومراجىۋا» ، «كۇ-
سەن مەلىكىسى» قاتارلىق كىنو سېنارىيىلىرىنى ۋە يەنە «فارابى»
ناملىق رومان يازغان .گەرچە ئۇ كۆپ خىل ژانىردا ئەسەر يازغان
بولسىمۇ ، ئەمما شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە
گەۋدىلىك بولدى . ئۇ تەخمىنەن يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان ئەدەبىي
ھاياتىدا يېڭىچە شېئىرىي پىكىر ئىپادىلەنگەن ، مەزمۇنى چوڭقۇر ،
پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى نەچچە يۈز پارچە لى-
رىك شېئىر ۋە مىڭ پارچىدىن كۆپرەك رۇبائىي يېزىپ ، بۈگۈنكى
زاماندىكى تونۇلغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلاندى . شېئىرىيەت
ئىجادىيىتىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە «رۇبا-
ئىيات» ناملىق ئىككى قىسىملىق رۇبائىيلار توپلىمى ، مىلادىيە
1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە
بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان شېئىرلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن «چۇغ-



لۇق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق
شېئىر رومانى نەشر قىلىنىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى . ئۇ
ئۆز شېئىرلىرى ئاساسىدا يەنە «غەزەلىيات» ، «باھارىيات» ، «شى-
رىن ۋە سېرىن» ، «ئاق تۇز» ، «شەبنەم ۋە ئۇچقۇن» ، «كۆڭۈل
كۈيلىرى» «ۋىسال بېغى» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەي-
يارلىغان .

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ 800 پارچە
رۇبائىيدىن تۈزۈلگەن «رۇبائىيات» ناملىق توپلىمى ناھايىتى مۇھىم
ئورۇن تۇتىدۇ .رۇبائىي-ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىر خىل ئاساسلىق
شېئىر شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن گەرچە ئۇزاق تارىخقا ، مول
ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىگە بولسىمۇ ، ئەمما بۇ خىل شەكىلدە
يېزىلغان شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن مەخسۇس توپلاملار مەيدانغا چىقمى-
غان .ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئابدۇشۇكۇر
مۇھەممەتئىمىننىڭ «رۇبائىيات» توپلىمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا
مەيدانغا كەلگەن تۇنجى رۇبائىيات توپلىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ
توپلامنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ھەققىدە پېشقەدەم شائىر نۇر-
مۇھەممەت ئېركى مۇنداق دېگەن : «ياش ئالىم ، ياش پروفېسسور ،
ياش شائىر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يازغان «رۇبائىيات» -ئەدەبى-
ياتىمىزدا باشلانغان مولچىلىق پەسلىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى .
بۇ ، ياش ئالىمنىڭ يېڭى باھارنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن تەقدىم قىل-
غان يەنە بىر چوڭ تۆھپىسى .بۇ ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ”رۇبائىي“
شەكلى ئەۋج ئالغاندىن كېيىن دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققان تۇنجى «رۇ-
بائىيات» توپلىمى . . . .بۇ قېتىم بىزدە رۇبائىيلار توپلىمىنىڭ رەس-
مىي نەشر قىلىنىشى ـ شېئىرىيەتچىلىكىمىزدە بۇ شەكىلنى مۇجەس-
سەملەشتۈرىدۇ ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات پەللىسىنى يەنە
بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ . » (نۇرمۇھەممەت ئېركى : «ياش ئالىم-
نىڭ ئەمگىكى »ناملىق ماقالىدىن ) .شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ-

كى ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رۇبائىيچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ پۇختا ئاساس سالغان ، شۇنداقلا رۇبائىيچىلىقتا نىسبەتەن يۇقىرى پەللە ياراتقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى دەل ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بولدى .

ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، «رۇبائىيات» ناملىق بۇ توپلام نوقۇل هالدا ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن تۇنجى ”رۇبائىيات“ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس ، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى تەشكىل قىلغان رۇبائىيلارنىڭ تېمىسىنىڭ كەڭلىكى ، پەلسەپىۋى پىكىرگە بايلىقى ، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەنمۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن هاياتنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن چىقىپ كۆزىتىشكە ، هاياتلىق قانۇنىيىتى ـ سىرلىرى هەققىدە ئىزدىنىشكە ، چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان يېڭىچە پىكىرلىرىنى رۇبائىيلار ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان شائىر . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا هايات هېكمەتلەر خەزىنىسى ، شېئىر بىر خىل تەپەككۇر پائالىيىتى ، ئاشۇ هېكمەتلەرنى ئىپادىلەش سەنئىتى .شائىرنىڭ بۇنداق قارىشى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا گەۋدىلىك هالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان :

«قىسمىتى قامۇس هاياتنىڭ هەر بېتى راهەت ماڭا ،
مەيلى قايغۇ ، مەيلى شادلىق كەلگىنى ئامەت ماڭا ،
بولسا گەر قەلبىڭدە هېكمەت ، قىلغۇسى جۇتنى باهار ،
بولمىسا قەلبىمدە هېكمەت ئامىتىم ئاپەت ماڭا»

هاياتلىقنىڭ ئۆزى سىرلىق شۇنداقلا هېكمەتلەرگە باي بولغان بولىدۇ ، ئادەم تەپەككۇر قىلىپ ، ئىلىم-مەرىپەت ۋە هېكمەت ئارقىلىق هاياتلىقنىڭ سىرلىرىنى يېشىشى ، ئۆز هاياتىغا شۇ ئارقىلىق



مەنە بېرىشى كېرەك .بۇ-شائىرنىڭ بىر خىل قىممەت قارىشى . مانا مۇشۇنداق قاراش ئۇنىڭ هاياتنى بىر ئۇلۇغ هايات قىلغان ، شۇنداقلا رۇبائىيلىرىنىڭ تېمىسىنى كۆپ خىللاشتۇرغان ، مەزمۇنىنى چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان . شائىر مانا مۇشۇنداق قاراشقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ، پۈتۈن هاياتىنى دۇنيانىڭ هېكمەتلىرىنى ئىزدەشكە بېغىشلىغان ، بۇ بىر تۈركۈم رۇبائىيلارمۇ ئاشۇ خىل ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى .

«رۇبائىيات»نىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن كۆزگە چېلىقىدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇنىڭ تېمىسى ناهايىتى كەڭ بولۇپ ، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئۇلۇغ ، مۇقەددەس دەپ قاراپ ، ئەسىرلەردە كۈيلەپ ، تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقچىللىق ، مەرىپەتچىلىك ، دوستلۇققا ئوخشاش تېمىلار يېڭىچە پىكىر ـ مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلغان .شائىرنىڭ ۋەتەن هەققىدىكى رۇبائىيلىرىدا بۇنداق ئالاھىدىلىك روشەن ئىپادىلەنگەن :

ۋەتەن ئول ئۇستىخان ، قاندۇر ، هاياتلىق ئىچرە هەم جاندۇر ،
ۋەتەن گەر بولمىسا دىلدا تىرىكلىك كۆركى يالغاندۇر ،
قىيامەت جەبرى مىڭ ئەۋزەل ۋەتەنسىزلىك بالاسىدىن ،
ۋەتەن ئەڭگۈشتىرىن بىلمەك كىشىگە تۇنجى ئىرپاندۇر .

شائىر بۇ رۇبائىيدا ۋەتەن قانداقتۇر بىر ئابستراكت چۈشەنچە بولماستىن ، بەلكى ئۇمۇ بىر هاياتلىق ، ئاشۇ چوڭ هاياتلىق ئىچىدە ئاندىن هەر بىر ئىنساننىڭ كونكرېت هاياتلىقى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ ، ۋەتىنىڭ بولمىسا هاياتلىقىڭ بولمايدۇ ، هاياتلىقىڭنىڭ قىممىتى ، مەنىسى ، راهىتى بولمايدۇ ، شۇڭا ۋەتەننى بىلىش ، ۋەتەننى سۆيۈش هەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم هېكمەت بولىشى كېرەك ، دېگەن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان . ئەمدى تۆۋەندىكى رۇبائىينى كۆرۈپ باقايلى:

كۆمۈڭكى گەر ئەجەل يەتسە مېنى تەكلىماكانىمغا ،
نەھاجەت غەم گۈلىن تاقىماق مېنىڭ سۆيگەن جاھانىمغا .
لەھەتكە كىرسىمۇ ئۆلمەس مېنىڭ ئاتەشىن قەلبىم ،
يۇرەر سازەندىدەك روھىم يەنە قانماي ماكانىمغا .

بۇ رۇبائىيدىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسلىق تېما قىلىنغان .ئەمما بۇ تېمىنى ئىپادىلەش يۇقىرىقى رۇبائىيدىكىگە ئوخشىمايدۇ .يۇقىرىقى رۇبائىيدا شائىر ۋەتەن ھەققىدە بىر ھېكمەتلىك قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ، بۇ رۇبائىيدا بولسا ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ، بۇ تېمىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە ئىگە قىلغان :ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىقتىنمۇ شېرىن نەرسە يوق ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ناھايىتى چوڭ يوقىتىش ، ئەمما شائىر ئۈچۈن بۇ يوقىتىش ئەڭ چوڭ يوقىتىش ئەمەس ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئازابلىنىپ ، غەمگە چۆكۈپ كەتمەيدۇ ، ئۇنىڭ جىسمى تەكلىماكانغا ـ ۋەتەن تۇپرىقىغا كۆمۈلسىلا ، ئۇنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ ، ئاشۇ روھ ۋەتەنگە قانمىغان تەشنالىقنى كۈيلەپ ئەسىرلەر بويى ياشاۋېرىدۇ .بۇ رۇبائىيدا شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى يېڭىچە پىكىر بىلەن ناھايىتى جانلىق ، ئوبرازلىق ، شۇنداقلا تەسىرلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان .ئۇنىڭ كۆپلىگەن رۇبائىيلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى مانا مۇشۇنداق يېڭىدىن ـ يېڭى پىكىرلەرئارقىلىق بېيىتىلغان .

گەرچە «رۇبائىيات»نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان تېما ـ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولسىمۇ ، ئەمما ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان تېمىلارنىڭ يەنە بىرى ئىلىم ـ مەرىپەت تېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئالىم ، پىداگوك بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئۇلۇغلىغان ، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق گۈللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان ، كلاسسىك ئىدىيىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئىنـ



سانىنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقى ئىلىم ـ مەرىپەت ، ھاياتقا خىيالىغا كەلگىنى بويىچە ياكى نادانلىق بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ زىننىتى دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن .بۇنداق قاراش ئۇنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيلىرىدا گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان :

مەيلى سەن ھايات دەپ ئۆزۈڭنى بەزلە ،
مەيلى سەن ئۆلدۈم دەپ ئىبادەت ئىزلە . . .
ھەق ـ ناھەق چىرمىشىپ كەتكەن ئالەمدە ،
ئىلىمنى قەدىرلەپ ھەق سۆزنى سۆزلە .

* * *

زىننىتى قەلبىدە يوقلار ئۈستىگە زىننەت تاقار ،
ئىدرىكى كۆزىدە يوقلار ئۇشبۇ ”زىننەت“كە باقار .
ئىلمۇ ئېرپان بىرلە ياۋلار پىتنىسى ـ زىننەت ماڭا ،
گۈلباھار زىبالىقىڭ ، دانالىقىڭ دەريا ئاقار . . .

ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتلەرنى ئۇلۇغلاپ ، ئادەملەرنى ھەر خىل ئىللەتلەردىن ، رەزىللىكلەردىن قېچىپ ، ئەخلاق ـ پەزىلەت ، ئىنساپ ـ دىيانەت بىلەن ئۆزىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە چاقىرىش ـ «رۇبائىيات»تىكى يەنە بىر مۇھىم ئىدىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شائىر گۈزەللىك نۇقتىسىدىن چىقىپ ، چىن ، گۈزەل قەلب ئىگىسى بولغان ئىنساننى ئۇلۇغلايدۇ :

گۈزەل قەلب چىن سائادەتتۇر ، ئاڭا كۈلپەتمۇ راھەتتۇر ،
خۇنۇكلۇك باسسا قەلبىڭنى ، ھەسەل ئىچسەڭ نەلەززەتتۇر .
گۈزەل قەلب ـ كائىنات گويا ، پەرىزات مىسلى ئىدراك ،
ھېس ، ئىپار چاچماق ئاڭا دائىم ، كۆڭۈل باغىغا ئادەتتۇر .

شائىر ئىنسانىي پەزىلەتلەر ھەققىدە يازغان كۆپلىگەن رۇبائىيلىدـ
ـرىدا نادانلىق ، تەكەببۇرلۇق ، ھەسەتخورلۇق ، خۇشامەتچىلىك ، تەمەـ
خورلۇق . . .قا ئوخشاش ئىنسان پەزىلىگە يات بولغان ، ئىنساننىڭ
ئىنسانلىق قىممىتىنى يوقۇتىدىغان ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى تەنـ
قىدلەپ ، چىنلىق ، گۇزەللىك ، سەممىيلىك ، ئار ـ نومۇس ، ۋىجـ
ـدان ـ غۇرۇر قاتارلىق ئېسىل سۇپەتلەرنى ئۇلۇغلىغان .
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن :

مەن گۇزەللىك ئاختۇرۇپ ، رەسسام كەبى ئالەم ئارا ،
ھەمدە شېرىنلىكنى ئىزدەپ ، كېپىنەك بولدۇم يانا . . .
تەلپۈنۈپ كۈيلەشكە شادلىقنى بولۇپ شائىر گويا ،
ئاقىۋەت بىلدىم بۇلار ئۆتكۈنچى ، نىسبى ، بىۋاپا .

قاتارلىق بىر قىسىم رۇبائىيلىرىدا ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپىدـ
ـگە يېقىن كېلىدىغان ئىزتىراپلىق قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ،
رۇبائىيلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇرغان .
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ بىر يۈرۈش رۇبائىيلىرى
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر مۇنداق
بىرقانچە جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ :1 )بۇ رۇبائىيلارنىڭ تېما
دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، ئەدەبىياتتىكى ئاساسلىق تېمىلارنىڭ
ھەممىگە چېتىلىدۇ ، ئۇندىن باشقا خېلى بىر قىسىم رۇبائىيلاردا يەنە
شائىرنىڭ ئۆزگىچە ھاياتلىق قارىشى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ؛2 )بۇ
رۇبائىيلارنىڭ پەلسەپىۋىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك .ئابدۇشۇكۇر مۇـ
ھەممەتئىمىن دەۋرىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن پەيلاسوپلارنىڭ بىرى .
ئۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ، ئىدىيىسىنى ، تەبىئەت ، جەمـ
ـئىيەت ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىلىرىنى رۇبائىيلىردـ



ـدا ئىپادىلىگەن ؛3 )بۇ رۇبائىيلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ناھايىتى
ئۆلچەملىك يېزىلغان . رۇبائىي شېئىرىيەتتىكى بىر خىل ئالاھىدە
شەكىل بولۇپ ، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر مەزمۇن جەھەتتىمۇ ،
بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ نىسبەتەن قاتتىق .شۇنداق بولىشىغا قارىماي
شائىر مول پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ، ئارۇز ۋەزنىدىكى تاكامۇللۇقى ،
شېئىرىي تىلدىكى ماھىرلىقى بىلەن بۇ بىر تۈركۈم رۇبائىيلارنى
رۇبائىيلارغا خاس روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلغان .4 )بۇ رۇبا-
ئىيلارنىڭ ئىلمىي تۈسى ناھايىتى قويۇق .شائىر بۇ رۇبائىيلىرىنىڭ
خېلى كۆپ قىسمىنى بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەنلا ئەمەس ،
بەلكى يەنە خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ، ھېكمەتلىرى ، ئىدىئوملار ،
تۇراقلىق ئىبارىلەر ، ئىلىم ـ پەن ھەقىقەتلىرى ، مەشھۇر كىشىلەر-
نىڭ سۆزلىرى ، ھاياتلىق تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىقـ
قان . ئۇلاردا ماھىيەتلىك ، قانۇنىيەتلىك ، ئىلمىي بولغان خېلى كۆپ
مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن . بۇلار رۇبائىيلارنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئاشۇر-
غان ، شۇنداقلا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالىملىق خاراكتېردـ
ـنى گەۋدىلەندۈرگەن .
«قارلىق تاغ شەجەرىسى» ـــ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ
يىرىك شېئىرىي ئەسىرى بولۇپ ، ئۇنىڭدا چىن ئىنسانىي مۇھەببەت
بىلەن ئەركىنلىك يولىدا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش بىر گەۋدە قىلىپ
يېزىلغان .ئالىمخان ، سۇلتان قاتارلىق ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئازادـ
ـلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى قىسسە شەكلىدە بايان
قىلىنغان . شائىر ئەسەردە ئالىمخان بىلەن سۇلتاننىڭ پاك مۇھەببىدـ
ـتىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن ، بۇ بىر جۈپ ياشنى مۇرادىغا يەتكۈزمىدـ
ـگەن ، ئۇلارغا چەكسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى سالغان يەرلىك ھۆكۈمـ
ـران ـ ئەمەلدارلار ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشـ
ـلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان ، ئازادلىق ئارمىيە ئېلىپ كەلـ
ـگەن يېڭىچە ھاياتنىڭ نۇرغۇن جاپاكەشلەرنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ،

بەختكە ئېرىشتۈرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. شېئىرىي روماندا تارىخىي ۋەقەلەر ئاساس قىلىنغان، تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق خاراكتېرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ناھايىتى نەپىس سۈرەتلەنگەن. ئەسەردە لىرىكا بىلەن ئېپىكا ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، سۇژىتىنىڭ جانلىق، تەسىرلىك، ئەگرى - توقاي بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. قىسقىسى، ئەسەردە ئاشۇ بىر تارىخىي دەۋرنىڭ بىر پۈتۈن كارتىنىسى ۋە ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى تەسۋىرلەنگەن.

**رەخىم قاسىم.** 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كىرىپ كەلگەن ۋە پىكرى يېڭى، لىرىكىلىقى كۈچلۈك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بىر تۈركۈم قىسقا لىرىكىلىرى ۋە «چولپان»غا ئوخشاش مۇنەۋۋەر داستانلىرى بىلەن تېزلا تونۇلۇپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ مىلادىيە 1936 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان، باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجىدا ئوقۇپ تاماملاپ، مىلادىيە 1951 - يىلى سابىق شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. مىلادىيە 1953 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، دەسلەپ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە، كېيىنچە «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن.

رەخىم قاسىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1951 - يىلى ئېلان قىلىنغان «يۈكسەك پەللىگە» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، شۇندىن بېرى ئىزچىل تۈردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللى-



نىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ شېئىرىيەتنىڭ قىسقا لىرىكا، باللادا، داستان قاتارلىق ھەممە شەكىللىرىدە يېزىپ، ھەممىسىدىلا گەۋدىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە ئىزچىللىق شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، «تۇغۇلغان ئانا يۇرت - ۋەتەن، ھايات، ھالال ئەمگەك، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تامغان تۇپراققا، ھايات گۈزەللىكىگە، دوستلۇق ۋە مۇھەببەتتىكى سادىقلىق، ۋاپادارلىققا، ھالال ئەجرى بىلەن ئانا تۇپراقنى گۈللەندۈرۈۋاتقان، بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش قۇرۇۋاتقان ئەمگەكچىلەرگە بولغان مۇھەببەت يالقۇنجاپ تۇرىدۇ» (ئا. ئىسمايىل، م. ئىسلام: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى»، 288 - بەت).

رەخىم قاسىم ئىجادىيىتىدىكى بۇ خىل تېما ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ 1950 - يىللاردا يېزىلغان «ئازاد يېزامغا»، «كەل، كاككۇك»، «خوش!»، «قىزىل گۈل» قاتارلىق لىرىكىلىرىدا، شۇنداقلا شائىر ئىجادىيىتىدە، بولۇپمۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «چولپان» داستانىدا گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «چولپان» داستانىدا داستاننىڭ باش قەھرىمانى چولپاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر قېتىملىق چوڭ ھەرىكەت بەدىئىي يول بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، داستاندا سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش يولىدا جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان چولپانغا ئوخشاش ياشلار قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. شائىرنىڭ پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتە قوللانغان ھەم ئومۇملاشتۇرۇش ھەم خاسلاشتۇرۇش ئۇسۇلى، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەشتىكى نەپىسلىكى، تەبىئەت مەنزىرىسىنى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تەسۋىر-

لەشتىكى جانلىقلىقى بۇ داستاننى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە قىلـ-
غان . شائىر بۇ شېئىر ـ داستانلىرىدا ئاساسلىق قىلىپ ، يېڭى
دەۋردە بەختىنى تاپقان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەكلەر ئارقىـ-
لىق ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسىنى ، ھەرقايـ-
سى سەپلەردىكى يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتلارنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن .
شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىككى ، شائىر شېئىرلىرىدىكى
بۇنداق پىكىر ـ مەزمۇنلارنى جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ، كۆچلۈك
لىرىك ھېسسىياتلار ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئوتتۇرىـ-
غا قويغان بولغاچقا ، بۇ شېئىرلاردا بەدىئىيلىك جەھەتتە شۇ يىللاردىـ-
كى شېئىرىيىتىمىزنىڭ خېلى يۇقىرى پەللىسى نامايان بولغان .مىـ-
سال ئۈچۈن تۆۋەندە شائىرنىڭ «خوش !» ناملىق شېئىرىدىن پارچە
كۆرۈپ باقايلى :

ـ تىرىق . . . تىرىق . . .
چەكمىگىن دېرىزەمنى ،
سۇنۇق كۆزنەكتىن گۈلمۇ تاشلىما !
بەربىر ئالدىڭغا چىقمايمەن ، جېنىم ،
سۆيگۈ ئوتىدا كۆزۈڭ ياشلىما !

يېتەر ،
يېتەر كۆپ زامان
رايىڭغا بېقىپ ،
تەنتەك ئىشقىڭدا كۆيۈپ ـ ئۆچكىنىم .
ـئامرىقىم چىقار !ـ دەپ
ھەر تۈن كوچاڭدىن ،
بەڭۋاش ناخشىلار ئېيتىپ ئۆتكىنىم .
. . .  . . .  . . .



ئاڭلا !
ئاڭلا بۈگۈن
چېلىش گۈدۈكى ،
باشقىچە ئاۋازدا ياڭراۋاتىدۇ .
ئۇ
بوراندا تۇغۇلغان
مەرد يىگىتلەرنى
ئوتلۇق باغرىغا چىللاۋاتىدۇ .
. . .  . . .  . . .
قارا ،
ھايات قانداق چىرايلىق ،
قانداق گۈزەل ،
خۇددى دېڭىزدەك شاۋقۇن ؟ سالىدۇ .
شۇ دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى بولساڭ ،
ئېيتقىنا ئامرىقىم ،
كۆڭۈلدە نېمە ئارمان قالىدۇ !

خوش !
خوش !
كېتىپ بارىمەن جېنىم ،
كېتىپ بارىمەن سەندىن ئۇزاققا . . .
ھەر تاڭ ئاخشىمى بەس ـ بەستە قايناپ ،
چېلىش ناخشىلىرى
ياڭرىغان ياققا !

ئەگەر ،
بارغۇلۇق كەلسە مېنىڭ كەينىمدىن ،

باراسەن-
كەتمىنىڭ ،
ئورغىقىڭ بىلەن
ئايدىڭ كېچىدە سەيلىگە ئەمەس ،
چېلىشقا !
ئىدراكىڭ ،
غەيرىتىڭ بىلەن .

* *

تىرىق . . . تىرىق . . .
چەكمىگىن دېرىزەمنى ،
سۇنۇق كۆزنەكتىن گۈلمۇ تاشلىما !
بەربىر ئالدىڭغا چىقمايمەن ، جېنىم ،
سۆيگۈ ئوتىدا كۆزۈڭ ياشلىما !

بۇ شېئىردا ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش ، شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسلەر بىلەن خوشلىشىپ ، ”چېلىش ناخشىلىرى“ ياڭراۋاتقان يېزا قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىشتەك قىزغىن روھى ناھايىتى جانلىق ، شۇنداقلا ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن .بۇ تېما شۇ دەۋر رېئاللىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى . شېئىرنى دەسلەپتە ئوقۇغان كىتابخان ئۇنى ئاشىق - مەشۇقنىڭ ئايرىلىش ئازابى ئىپادىلەنگەن مۇھەببەت لىرىكىسىمىكىن ، دەپ قالىدۇ . ئەمما ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق ، ئۇنىڭدا مۇھەببەت كوچىلىرىدا كۈنلىرىنى بەڭۋاشلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، بۇنداق ھاياتتىن بىمەنىلىك ھېس قىلغان لىرىك قەھرىماننىڭ ۋەتەن قويىنىدىكى جۇشقۇن ، كوللېكتىپ ھاياتقا ئۆزىنى ئېتىپ ، بۇ ئارقىلىق



ھاياتقا مەنە بېرىشتەك ئۇتلۇق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن بىر پارچە ئېنتىم لىرىكىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايمىز . بۇ شېئىردا يەنە رەخىم قاسىم شېئىرلىرىنىڭ ھېسسىياتقا باي بولۇش ، رىتىمى جۇشقۇن بولۇش ، ئەركىن شەكىلدە يېزىلىشتەك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

تېما جەھەتتىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك رەخىم قاسىمنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدىمۇ بىر خىل ئىزچىللىق شەكىللەندۈرگەن .ئەدەبىياتچىلار تەرىپىدىن شائىرنىڭ ، شۇنداقلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 1960 - يىللاردىكى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ، دەپ قارىلىدىغان «ياشىسۇن قولى گۈل ئىشچاننىڭ قولى» ناملىق سېكىلىدىمۇ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈپ ، قۇدرەت تاپتۇرۇش يولىدا ھەرقايىسى سەپلەردە جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان ئەمگەكچىلەر قىزغىن مەدھىيىلەنگەن . سېكىل «يېڭى بىر ناخشا» ، «يادىمدا» ، «بۇ يىگىت بىزنىڭ مەھەللىدىن» ، «ئاق خالات كىيگەن جەڭچى» ، «ئۇستازىم» قاتارلىق بەش بۆلەكتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ ، بۇ بەش بۆلەكتە ھاياتنىڭ بەش پارچە كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن . شائىر بۇ سېكىلىدا بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ساھەسىدە تۆھپە يارىتىۋاتقان ئىشچان قىز ، قېرىغاندا ياشىرىپ ئېتىزدىن قالمايدىغان دېھقان بوۋاي ، قولى گۈل ھۈنەرۋەن يىگىت ، ئاق خالاتلىق پەرىشتە -- كۆيۈمچان دوختۇر ، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش يولىدا جان كۆيدۈرۈۋاتقان جاپاكەش باغۋەن-ئوقۇتقۇچى قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىرى ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە كۈنسېرى گۈللىنىپ ياشناۋاتقان ۋەتەننىڭ يارقىن مەنزىرىسىنى ۋە گۈزەل ئەتىسىنى سۈرەتلەپ بەرگەن .

شائىر شېئىرنىڭ خاتىمىسىدىكى :

ئەي شائىر ،

بولمىسا شۇ ئالتۇن قوللار،
كۈلەمدۇ ئىستىقبال، كۈلەمدۇ ئارمان؟
ھەممە قول ئاق پەلەي ئىچىدە يايراپ،
ھەممە قول ئېگىلسە ئىچىگە قاراپ،
ئېيتقىنا، نەدىدۇ بىزگە بۇ زامان؟

دېگەن مىسرالارنى يېزىپ، شېئىرنىڭ «قولى گۈل ئىشچانلار»نى مەدھىيلەشتەك مەركىزىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

شائىر ئىجادىيىتىدە ئىزچىللىشىپ بارغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئۇنىڭ 1980 - يىللاردا يېزىلغان «يەر-ئۇلۇغ ئانام» ناملىق شېئىرىدىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شائىر بۇ شېئىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يېڭىچە مەزمۇن پىكىرلەر بىلەن بېيىتقان. ئىلگىرىكى شېئىرلىرىدا ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىشۋاتقان، ۋەتەنگە تۆھپە قېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى، ۋەتەندىكى تەرەققىيات - گۈللىنىش كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولسا، «يەر-ئۇلۇغ ئانام» ناملىق شېئىرىدا ئىنسان ھاياتلىقى، ئىنسان ئىجاد قىلغان مەدەنىيەت، ياراتقان تارىخ . . . قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئانا يەر بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى، ئىنسان تۇغۇلغان يەرنىڭ ۋەتەن بولىدىغانلىقى، ۋەتەنسىز ھېچ نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى، شۇڭىمۇ يەرنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ ئۇلۇغ ئانا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

شۇڭلاشقا يەر دېگەن بۇ قۇتلۇق نامغا،
ھەقلىقمەن گەر بەرسەم مۇنداق بىر مەنا:
يەر-ۋەتەن، يەر-تارىخ، يەر-بۈگۈن، ئەتە،
ئانىلار ئىچىدە يەر ئۇلۇغ ئانا.



# مۇھەممەتجان سادىق

## مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

مۇھەممەتجان سادىق - ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، شۇنداقلا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئاساسەن چاچما شېئىر ۋە داستانچىلىقتا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەيلى مەزمۇن ئامىللىرى جەھەتتە بولسۇن، مەيلە شەكىل ئامىللىرى جەھەتتە بولسۇن ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە خېلى يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. ئۇ يەنە پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «زۇلپىقار» ناملىق ترىلوگىيە يازغان. ئۇنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىيەت جەھەتتىكى تەتقىقاتىغا مەركەزلەشكەن. مۇھەممەتجان سادىق ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى بىلەن دەۋرىمىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان.

مۇھەممەتجان سادىق مىلادىيە 1934 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. مىلادىيە 1941 - يىلى 9 - ئايدىن 1948 - يىلى 7 - ئايغىچە غۇلجا شەھەرلىك «روشەن» مەكتىپىگە ۋە ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. مىلادىيە 1948 - يىلى 9 - ئايدىن 1951 - يىلى 7 - ئايغىچە ئىلى رۇس گىمنازىيىسىگە كىرىپ، بۇ مەكتەپتە رۇس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەن، كېيىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. مىلادىيە 1952 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل -

ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلـ
گىرى ـ كېيىن بولۇپ ، خوتەن ، قەشقەرلەردە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن
شۇغۇللانغان . مىلادىيە 1956 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا
ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندا ، مۇھەممەتجان سادىق قەشقەردىن يۆتكىلىپ
كېلىپ ، مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتـ
قۇچى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1961 ـ يىلىدىن 1963 ـ
يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاـ
كۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . مىلادىيە 1963 ـ يىلى غۇلجىغا
يۆتكىلىپ ، تاكى 1979 ـ يىلىغىچە ئىلى ئوبلاستلىق ۋە غۇلجا
شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىلىرىدا ئىشلىگەن . مىلاـ
دىيە 1979 ـ ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندا بۇ ئىنستىتۇتـ
قا يۆتكىلىپ كېلىپ ، مىلادىيە 1982 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە
ئىنستىتۇت ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن .
1992 ـ يىلى شىنجاڭ يازغۇچىلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى تەركىبىدە
قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئەللەردە زىيارەتتە بولغان . مىلاـ
دىيە 1993 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئارام ئېلىشقا چىققان . 1994 ـ يىلى
شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستـ
لىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى مۇھەممەتجان سادىق تۇـ
غۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى ، ئىجادىيىتىنىڭ 42يىللىقىنى خاتىرىلەپ
پائالىيەت ئۆتكۈزگەن ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچقان . 2000 ـ
يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىـ
پىدىن «مۇھەممەتجان سادىق ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»
ئۆتكۈزۈلگەن .

مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مىلادىيە 1952 ـ
يىلى «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلغان «1 ـ مايدا» ناملىق شېئىر
بىلەن باشلانغان . شۇندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا ھازىرغىچە بولغان
تەخمىنەن يېرىم ئەسىرلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئۇ ئىزچىل



تۈردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، خەلقىمىزگە تەخـ
مىنەن مىڭ پارچىدىن كۆپرەك شېئىر ، بىر پارچە شېئىرىي رومان ،
20پارچىدىن كۆپ داستان ، 20پارچىدىن كۆپ باللادا تەقدىم قىلدى .
مۇھەممەتجان سادىق ھەقىقەتەن ھوسۇللۇق شائىر ، ئۇنىڭ شېئىرلىـ
رى يالغۇز سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپ قالماستىن ، سەۋىيە جەھەتتىـ
مۇ ناھايىتى يۇقىرى . ئۇنىڭ دەۋر روھىغا باي ، مىللىي ئالاھىدىلىكى
كۈچلۈك ، تېمىسى ئاكتىپ ، پىكرى يېڭىچە ، ئوبرازلىرى جانلىق ،
مەزمۇنى چوڭقۇر ، لىرىكىلىقى كۈچلۈك ، شەكلى ئەركىن ، تىلى
پاساھەتلىك شېئىرلىرى ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدە ئۆزگىچە
ئورۇن تۇتىدۇ ، شۇنداقلا شېئىرىيىتىمىزنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيەـ
سىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . شائىرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىجادىيەت ئالاھىـ
دىلىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان «نان» ، «يېزا يولىدا» ، «مۇھەببەت
تراگېدىيىسى» ، «مەي ۋە تەبەسسۇم» ، «ئادەممەن : يۈرىكى بار» ،
«بىر تال گۈل لىرىكىسى» ، «ئۇيغۇر قىزى» ، «پوتا» ، «ئاتمىش
يىل» ، «كىرورەن گۈزىلى» ، «نان بولمىسا بۇ ئالەم چۆرگىلىمەيدىـ
كەن» ، «ئوغۇل ـ قىزنىڭ يۈرىكىدە» قاتارلىق لىرىكىلار شائىر
ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك شېئىرلار بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە
دەۋرىمىز شېئىرىيىتىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ياخشى ئەسەرلەر
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مۇھەممەتجان سادىقنىڭ نامى ۋە شېئىرىيەت
ئىجادىيىتى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە چاچما شېئىر شەكلىنىڭ تەرەققىياـ
تى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق . مۇھەممەتجان سادىق
1953 ـ يىلى يازغان «ئانامغا» ناملىق شېئىرى بىلەن چاچما شېئىر
ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن ، شۇندىن تارتىپ چاچما شېئىر ئۇنىڭ ئاـ
ساسلىق شېئىر شەكلى بولۇپ كەلدى ، ئۇ بۇ خىل شەكىلدە كۆپ
ئىجاد قىلىپ ، ئۇنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتتى ھەم ئۆزىمۇ بۇ
خىل شەكىلدە شۇنداق ياخشى لىرىكىلارنى ئىجاد قىلدى . مەشھۇر
ئالىم ، داڭلىق ئەدىب ئۆتكۈر ئەپەندى مۇھەممەتجان سادىقنىڭ چاچما

شېئىرلىرى ھەققىدە توختىلىپ : « . . .ھازىر ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزئالدىغا بىر مەكتەپ ، بىر ئېقىم ياراتتى » دېگەن ئىدى . دېمىسىمۇ ، شائىرنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ، قوشقان تۆھپىسى ھەقىقەتەن گەۋدىلىك ، ئۇ بۇگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا چاچما شېئىرلارنىڭ ئاساسچىسى ھەم ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىلى .

مۇھەممەتجان سادىق كېيىنكى مەزگىللەردە ئاساسەن يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، زور ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى . بۇ ئەسەرلىرىدە ئۇ ئاساسەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىختا باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىپ قىسمەتلىرىنى ۋە يېڭى دەۋردىكى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈردى . بۇ يىرىك ئەسەرلەر ئىچىدە «ئېقىۋاتقان دەريا» ناملىق خەمسىسى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . «ئېقىۋاتقان دەريا»نىڭ يەنە بىر نامى «ئىلى خەمسىسى» بولۇپ ، ئۇ «كۇنتۇغدى ۋە كۇنسۇلۇ» ، «قەشقەرى سايرامى بويىدا» ، «سەككاكى» ، «نازىم» ، «يەتتە يۇلتۇز» قاتارلىق بەش پارچە چوڭ ھەجىملىك داستاندىن تەشكىل تاپقان . بۇ خەمسىدە ئىلىنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق تارىخىدىكى مۇھىم ، چوڭ ۋەقەلەر تارىخىي ھەم ئەدەبىي يوسۇندا بايان قىلىنغان بولۇپ ، پۈتۈن ئەسەر تەخمىنەن 20مىڭ مىسرادىن تەشكىل تاپقان . شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى نەشر قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . مۇھەممەتجان سادىقنىڭ بۇ يىللاردا يازغان يەنە بىر يىرىك ئەسىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسى ۋە دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە جەڭگىۋار كۈرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تىرىلوگىيىسى ــ «زۇلپىقار» دىن ئىبارەت . بۇ ــ مۇھەممەتجان سادىقنىڭ تۇنجى پروزا ئەسىرى بولۇشىغا قارىماي ، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققاچقا ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتىدۇ . مۇھەممەتجان سادىقنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئېپوس خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ ، ئەسەرلەردە تارىخىي رېئاللىق بىلەن ئىجتىمائىي ھايات ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن .



ئۇ داۋاملىق تۈردە تارىخىي رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، يېقىنقى يىللاردا يەنە «بوز ئەر» ناملىق تارىخىي تىرىلوگىيىسىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى .

مۇھەممەتجان سادىق ئۆزىنىڭ مول ئىجادىيىتى ئارقىلىق خەلقىمىزگە «قېلىن قاردىكى ناخشا» (1978 ـ يىل ) ، «تىيانشان ناخشىسى» (1980 ـ يىل )قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىنى ، «ۋاپا ۋە مەردلىك» ، «قىزىل يۇلغۇن» ، «تۇلپار مىنگەن پالۋان» قاتارلىق باللادا ۋە داستانلار توپلاملىرىنى ، «ئىلى پەرزەنتلىرى» (1984 ـ يىل )ناملىق شېئىرىي رومانىنى تەقدىم قىلدى .

## مۇھەممەتجان سادىق ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئەگەر خۇلاسىلەشكە توغرا كەلسە،ئۇنىڭ شېئىرىيىتىمىز تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى چاچما شېئىر ئىجادىيىتىگە ۋە داستانچىلىققا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ . چۈنكى ئۇ ئىزچىل تۈردە يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىپ ئىجادىيەت يولىنى كېڭەيتىپ كەلگەن شائىر . ئۇ 1930 ـ يىللاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاساس سالغان چاچما شېئىر شەكلىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى . ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇردى . يەنە بىر تەرەپتىن باي ئەنئەنە ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە داستانچىلىقنى بۇگۈنكى زاماندا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى . دەۋر روھىغا باي ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان كۆپلىگەن داستانلىرى ئارقىلىق كىتابخانلار ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشتى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرى تىلىنىڭ ئاددىي ـ جانلىقلىقى ، شەكلىنىڭ ئەركىن ـ چاققانلىقى ، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئامماباب ـ چۈشىنىشلىكلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ . شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەم كۆپ ، ھەم ياخشى شېئىرلىرى ئارقىلىق بۇگۈنكى

زامان پوئېزىيىمىزدە ئالاھىدە ئۇسلۇب ياراتتى ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى .

شائىر مەھەممەتجان سادىقنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ئۇستىدە توختالغاندا ، ئۇنىڭ چاچما شېئىر ئىجادىيىتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . ھەممىگە مەلۇمكى ، چاچما شېئىر شەكلى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا 1920 ـ ، 1930 ـ يىللاردىن سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى ئۆمەر مۇھەممەدى رۇس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى شېئىرىيىتىدە ئەۋج ئالغان چاچما شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانىدى . 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق بىر قىسىم تالانتلىق شائىرلار كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئارقىلىق چاچما شېئىر ئىجادىيىتىگە ئاساس سالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەلقەم ئەختەم ، ئەنۋەر ناسىرى قاتارلىق شائىرلار بۇ خىل شەكىلنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى . جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شائىر مۇھەممەتجان سادىق ئىزچىل تۈردە چاچما شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇ ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە 1930 ـ يىللاردىن باشلانغان ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاساس سالغان چاچما شېئىر ئىجادىيىتىنى يېڭى پەللىگە ۋە سەۋىيىگە كۆتۈردى . ئۇ چاچما شېئىر شەكلىنىڭ ئەپچىل ، ئەركىن قۇرۇلما شەكلىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ ۋولقاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھېسسىيات ماگمىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئىزھار قىلدى ۋە دەۋر روھىنى ئىپادىلىدى .

چاچما شېئىر شەكلى دەۋر قىياپىتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى ، دولقۇنلۇق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئەركىن ئىپادىلەشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ . شائىر مۇھەممەتجان سادىق چاچما شېئىر شەكلىدىكى ئارتۇقچىلىقلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ ئۆركەشلەپ تۇرغان پىكىر ھېسسىياتىنى بىمالال ئىپادە قىلدى . بۇ نۇقتىدا ئۇنى چاچما شېئىر شەكلىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن شائىر دېيىشكە بولىدۇ . چۈنكى



ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىجادىيەت ھاياتى داۋامىدا چاچما شېئىر شەكلىنى بىر مەزگىللىك ئۇرۇنۇپ كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش ۋە شېئىرىيەتتىكى بۇ ئالاھىدە شەكىلنى مۇقىملىقتا ۋە يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن شېئىرلىرىدا باشقا شېئىري شەكىللەردە ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمىغان ئىمكانىيەتلىرىنى ئەركىن ئىپادە قىلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز . مەسىلەن ، شائىر «تۇلپارغا مىنگەن پالۋان» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ :

دوستلۇق
ئايرىمايدۇ
مىللەتنى ،
ئىرقنى ،
رەڭنى ،
جىنسنى ،
دۆلەتنى

تونار ئۇ پەقەت
مېھىر ـ مۇھەببەتنى !
كىم دەيدۇ : دوست بولالمايدۇ دەپ
لوندۇنلۇق چارلىز بىلەن
قەشقەرلىك يارمۇھەممەدنى ؟ !
دوستلۇقنىڭ بارمىدۇ چېگرىسى ؟
مۇھەببەتنىڭ بارمىدۇ چېگرىسى ؟ ! . . .
ئۇ قۇياش !
ئۇ قۇياش نۇرى !

دەپ يېزىپ ئۆزىنىڭ دوستلۇق ، سۆيگۈ ، مېھىر ـ مۇھەببەت ھەققىدە يالقۇنجاپ تۇرغان ھېسسىياتىنى مىسرالاردا توسقۇنسىز ئىپادە قىلىدۇ . بىز يۇقىرىقى مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا ، بىر قارىماققا شېئىر

گويا سۆزلەرنىڭ قالايمىقان تىزمىسىدەك كۆرۈنىسمۇ ، لېكىن بارماق
ۋەزنىدە يېزىلغان قاپىيىلىك شېئىرلاردا ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىغان
ھېسسىي چوڭقۇرلۇقنى سۇرەتلەپ بەرگەن . شۇڭا بىز مۇھەممەتجان
سادىقنىڭ چاچما شېئىرلىرىنى ئوقۇساق بەزىدە گويا بىر كۆچىيىپ ،
بىر پەسىيىۋاتقان يامغۇرلۇق بوراننىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ، بە-
زىدە بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى قاتلىنىپ تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دېڭىز
دولقۇنلىرىنى كۆرگەندەك تەسىراتقا كېلىمىز . شائىر يەنە شۇ شېئى-
رىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ :

تۈگىمەيدۇ ،
تۈگىمەيدۇ زادى ھايات
يەر شارىدىن !
ياڭرايدۇ ، تىڭشىغىنا ، ئۈمىدلىك ساز ،
ئادەم ـ ھاۋا نەسىللىرىنىڭ
خىلمۇ خىل سۆيگۈ تارىدىن ! . . .
زامانلار كەلدى كۆرۈپ :
مۇھەببەت ھەمىشەم ،
يەڭگەن زۇلۇمنى ،
يەڭگەن ئۆلۈمنى .
ھەمىشەم ئادەم بېشىدا
قۇياش بىلەن ئاي . . .

دېمەك ، شائىر نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان قانچىلىك كلاسسىك
شائىرلار كۈيلەپ كەلگەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى دەبدەبىلىك
سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ھەيۋەتلىك قاپىيىلەردە ئەمەس ، بەلكى ئاد-
دىي ، ئەركىن ، توسقۇنسىز مىسرالاردا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن
بايان قىلىدۇ . مۇھەممەتجان سادىقنىڭ چاچما شېئىرلىرىدا گەرچە



سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، دوستلۇق ، ئەمگەك ، زامان
شادلىقى قاتارلىق ئەنئەنىۋى تېمىلار كۆپرەك ئىپادە قىلىنىسمۇ ،
لېكىن شائىر ئۇنى باشقىلارغا ئوخشاش بىر قېلىپتا ئەمەس ، بەلكى
ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا ئىپادە قىلىدۇ . شۇڭا بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرى-
دىن پىكىر تەكرارلىقى ۋە كونا مۇقاملارنى ھېس قىلمايمىز ، بەلكى
ئەركىن شەكىلدە ئىپادە قىلىنغان دولقۇنلۇق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ،
شەكىل چەكلىمىلىكلىرىدىن خالىي ئاممىباپلىقنى كۆرىمىز . مۇشۇ
نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، شائىر مۇھەممەتجان سادىق بۈگۈنكى شېئىرىيە-
تىمىزدە چاچما شېئىر شەكلىنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئىگە قىلىش
بىلەن بىر ۋاقىتتا ، باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان ، ئۆزىگە خاس شېئى-
رىي ئۇسلۇب ياراتقان . شۇڭا ، شائىر شېئىر ئىجادىيىتى ئۈستىدە
توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «شېئىر يېزىش ئاساس ئەمەس . كۆپلىگەن
كىشىلەر شېئىر يېزىش جەريانىنى جىددىي تولغاق ۋە ئادەمنىڭ دۇنيا-
غا كېلىشىگە ئوخشىتىدۇ . مېنىڭچە ، بۇ ئوخشىتىش تامامەن توغرا .
شېئىر شائىرنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ چىقىدىغان ناخشا ! شۇنداق ئې-
كەن ، شائىر ئۆز شېئىرىنىڭ ھەر بىر سۆز ، ھەر بىر مىسراسى
ئۈستىدە چوڭقۇر ، ئەتراپلىق ۋە قايتا ـ قايتا ئويلىنىشى زۆرۈر» .
مانا بۇ شائىرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئېرىش-
كەن نەزەرىيىۋى يەكۈنىدۇر . بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى قايتا ـ
قايتا ئىشلەشتىن ئۆتكەن ئاددىي ، ئەمما چوڭقۇر مىسرالاردىن ، ئەر-
كىن ، چاققان شېئىرىي قۇرۇلمىدىن ، ئاممىباب ، چۈشىنىشلىك پە-
كىردىن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز .
شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ يەنە بىر مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى
ئۇنىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە كۆرۈلىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت
ھاياتى داۋامىدا «قېلىن قاردىكى ناخشا» ، «تىيانشان ناخشىسى» ،
«ۋاپا ۋە مەردلىك» ، «ئىلى پەرزەتلىرى» ، «قىزىل يۇلغۇن» ،
«تۇلپار مىنگەن پالۋان» قاتارلىق 20پارچىگە يېقىن داستاننى ئېلان قىلدى.

داستانچىلىق ـــ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مول مىراس ، باي ئەنئە-
نىگە ئىگە بىر ساھەدۇر . كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا نۇرغۇنلىغان شا-
ئىرلار داستان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، مول ئىجادىيەت تەج-
رىبىلىرىنى قالدۇرغان . ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدا نۇرغۇن شا-
ئىرلار كلاسسىك داستانچىلىقنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق
قىلىپ ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار تەسىرلىرىنى
ئىجادىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپ يېڭى سەۋىيە ياراتتى . مۇھەممەتجان
سادىق دەل بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا ئىزچىل ھالدا داستانچى-
لىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ۋە بۇ ساھەدە زور
ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن شائىردۇر . ئۇنىڭ داستانلىرى ئىچىدە
خېلى كۆپ قىسمى تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان بولۇپ ، شائىر
ئۆزىگە تونۇش بولغان يېقىنقى زامان ئىلى تارىخىنىڭ مەلۇم تەرەپلى-
رىنى بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان . شائىر
«ۋاپا ۋە مەردلىك» ناملىق داستانىدا ئىلى تارىخىنىڭ ئۆتكەن ئەسىر-
دىكى داۋالغۇش دەۋرىنى بىر بەدىئىي كارتىنا ئىچىگە يىغىنچاقلاپ ،
ئەركىنلىك ، تەڭلىك ، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەشكەن باتۇر ئەجدادلىرى-
مىزنىڭ ۋاپا ۋە مەردلىك بىلەن چاقناپ تۇرغان بەدىئىي ئوبرازىنى
ياراتتى .

سادىر پالۋان تېمىسى ـــ بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا نۇرغۇن
ئەدىبلىرىمىز جىددىي ئىزدىنىۋاتقان تارىخىي تېمىدۇر . شائىر مۇھەم-
مەتجان سادىق گەرچە بۇ داستانىنى سادىر پالۋاننىڭ باتۇرانە كۈرەش
پائالىيەتلىرىنى تەپسىلىي ئېچىپ بېرىشكە قاراتمىغان بولسىمۇ ، ئەمما
ئۇنى بۇ تارىخىي رېئاللىقنى يورۇتۇشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك باستى دېيىشكە بولىدۇ . داستاندا مەركەزلىك ھالدا تەس-
ۋىرلەنگىنى جاسارەتلىك ئايال قەھرىمان مودەننىڭ ئوبرازى بولدى .

---

① مۇھەممەتجان سادىق : «شېئىرىيىتىمىزدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» ، «تارىم» ژۇرنى-
لى ، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان .



شائىر «قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدا ۋاپادارلىقنىڭ نۇرىغا ۋەكىل-
لىك قىلىدىغان بەدىئىي ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەر-
گەن بولسا ، بۇ داستاندا مىللەتنىڭ ئەركىنلىك ـ ئازادلىقى ئۈچۈن
كۈرەشكەن ئايال قەھرىماننىڭ پارلاق ئوبرازىنى ھايات ـ ماماتلىق
جىددىي ئېلىشىش سىناقلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەردى . شۇ ئارقى-
لىق سادىرنىڭ مەردىمەيدانلىكلىرىنىڭ يىلتىزى مودەنخان ۋەكىللىك
قىلىۋاتقان ۋاپا ، مەردلىك ۋە ھەقىقەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت شېئى-
رىي پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ :

مودەنخان قۇتقۇزۇپ قالمىدى پەقەت ،
سادىرنى ،
قۇتقۇزۇپ قالدى ئەل ـ يۇرتنى .
قۇتقۇزۇپ قالدى ئۇ پۈتۈن ۋادىغا ،
قازانچى غولىدىن يېقىلار ئوتنى .
مودەننى شۇنچىلىك مەردلىككە ،
باشلىغان كۈچ بىلسەڭ ،
ئوخشاش ھەمدەردلىك
سادىرنى ئۆستۈرگەن قىساس تۇپرىقى
مودەنگە بەرگەن ھەم ۋاپا مەردلىك .

چوڭقۇر تارىخىي مەزمۇن ۋە گۈزەل تىل سەنئىتى بىلەن بېزەلگەن
بۇ داستان شائىرنىڭ تېخىمۇ چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي رومانى ـــ
«ئىلى پەرزەنتلىرى» نىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ تەييارلىقى ۋە بەدىئىي
چېنىقىش باسقۇچى بولدى .

شائىر «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرىي رومانىنى ئۆتكەن
ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىكى تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش-
كە بېغىشلىغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا باش قەھرىمان دانىيارنىڭ زۇلۇم

ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە دەستىدىن چەككەن جەبىر - جاپالىرى ، بوز يەر
ئېچىش جەريانىدىكى مۇشەققەتلىك ئەمگەكلىرى ، شەخسىي قارشىلىق
كۆرسىتىشتىن تەرەققىي قىلىپ بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىش
هەرىكىتىگە قەدەم قويۇپ ، ئويغىنىۋاتقان دېهقانلار چىنلىقتا ئۇيغۇن
هالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بىراق ، دانىيارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى
چەكلىمىگە ئىگە بولغاچقا ، ئاخىرىدا هۆكۈمرانلار گۇرۇهىنىڭ ئېزىق-
تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ . شائىرنىڭ مانا مۇشۇ خىل تارىخىي چەكلىمىنى
پېرسوناژلارنىڭ جانلىق هەرىكىتىگە كۆچۈرۈپ ، چىنلىق بىلەن يورۇ-
تۇپ بېرىدۇ . دانىيار باشچىلىقىدىكى دېهقانلار قوزغىلىڭى يەرلىك
بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ تايانچى بولغان شەنگەنلەرنى دىر - دىر تىترىتىپ ،
بىرمۇنچە غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ، ئاخىرىدا خەلقنىڭ قەلبىد-
دە ئاچچىق ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ مەغلۇپ بولىدۇ . دانىيارمۇ قەهرى-
مانلارچە قۇربان بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسى-
تىش هەرىكىتى مەلۇم مۇددەت جىمجىتلىقتا چۆكىدۇ . كۈرەش مەغ-
لۇبىيىتىنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ۋە قىساسى ئالدىنقى ئەجدادلارغا
قارىغاندا تېخىمۇ ئويغانغان كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئورنىدىن دەس تۇر-
غۇزۇپ ، ئۇلارنى بوران - چاپقۇنلۇق كۈرەشنىڭ يېڭى مۇساپىسىگە
باشلاپ كىرىدۇ .

روماندىكى چوڭقۇر مەزمۇن ، كەڭ سەهىپە ئىچىدىكى كۈرەش
تەسۋىرلىرى ۋە جەڭگىۋار كەيپىيات كىتابخاننى باشتىن-ئاخىر ئۆز
قوينىغا تارتىپ كۈچلۈك تەسىرلەندۈرىدۇ .

ئۇنىڭدىن كېيىن شائىر كەينى - كەينىدىن رېئاللىق بىلەن
فانتازىيە بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن 20 گە يېقىن داستاننى
يېزىپ چىقتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە مەزمۇن جەهەتتىن ئۆزگىچە يېزىل-
غان ئىلمىي فانتازىيىلىك داستان - «تۇلپارغا مىنگەن پالۋان»
ئالاهىدە ئەهمىيەتكە ئىگە .

شائىر بۇ داستاندا ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بوشلۇقىنىڭ سىرىنى



ئېچىش يولىدىكى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى غايىۋى پېرسوناژلار-
نىڭ هەرىكىتىگە كۆچۈرۈپ ، ئىنسانلارنىڭ كائىناتنى بويسۇندۇرۇش ،
ئېچىش جەهەتتىكى ئۇلۇغ غايىسى رېئاللىققا ئايلانغان ؛ ئىنسانىيەتكە
بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئۇرۇش ، جېدەل ، يادرو قوراللىرى
ۋەهىمىسى ، ئادالەتسىزلىك ، زوراۋانلىق ، تەڭسىزلىك ۋە نامراتلىق
بولمىغان يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بىر غايىۋى جەمئىيەتنى
تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقىدۇ .

داستاندا ، مەركەزلىك هالدا تەسۋىرلەنگىنى يۈرەك راكىغا گى-
رىپتار بولغان مەشۇقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇچار تۇلپارغا مى-
نىپ ، تىلسىملىق سەييارىلەر ئارا سەپەر قىلغان ئۇيغۇر يىگىتى
كۇنتۇغدىنىڭ شاهانە ئوبرازى بولدى . كۇنتۇغدى تىلسىملىق مۇئەل-
لەقتە ئۆزىنىڭ سېهىرلىك سەپىرىنى باشلاپ ، ئاي شارى ، مارس ۋە
سامانيولى سىستېمىسىدىكى گۈل شارىغا يېتىپ بارىدۇ ۋە راك كېسى-
لىنى داۋالاشنىڭ ئۇنۇملۇك چارىسىنى تاپقان كۆل بىلگە ۋە ئۇنىڭ
گۈزەللىكتە تەڭداشسىز قىزى هۆرئاي بىلەن ئۇچرىشىپ ، دوختۇر
ۋە دورىلارنى ئېلىپ كېلىپ ، گۈزەل يارى ئايتولدىنى ئۆلۈمدىن
قۇتقۇزۇۋالىدۇ . جۇملىدىن يەر شارىدا تۇنجى قېتىم ئىنسانىيەتنىڭ راك
كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىش ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى
جاكارلايدۇ ۋە مىسلىسىز زور زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ . قويۇق ئىلمىي
فانتازىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ داستان سۇژېتىنىڭ قىزىقارلىقى ،
لىرىك كەيپىياتىنىڭ قايناقلىقى ، تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاجايىپ رەڭدارلىقى
بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ .

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، شائىرىمىز مۇهەممەتجان سادىق
كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن نەۋائى قاتارلىقلاردىن ئۆگىنىپ ۋە كلاس-
سىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ يېڭى-
لىق ياراتتى . شۇنداقلا بۈگۈنكى زامان داستانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇهىم رول ئوينىدى . شۇنداق دەپ كېسىپ

ئېيتىشقا بولىدۇكى ، بۇگۈنكى زامان شائىرلىرىنىڭ خېلى كۆپلىرى
ئاز بولمىغان داستانلارنى يېزىپ داستانچىلىقنى بېيىتتى . بىراق ،
مۇھەممەتجان سادىقتەك ھەم كۆپ يازغان ، ھەم ياخشى يازغانلىرى
كۆپ ئەمەس . شائىر ئىجادىيەت توغرىسىدا توختىلىپ : «مېنىڭ ئى-
جادىيىتىم كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان ، يازغان شېئىرلىرىم باشقىلار-
نىڭكىگە يېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ جەزمەن ئۆزۈمنىڭ بولۇشى كېرەك»
دېگەنىدى . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ئۇنىڭ ئالتە پارچە شېئىرلا-
ر ، باللادا ۋە داستانلار توپلاملىرىدىكى نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلىرى
ئۇنىڭ ئېستېتىك ئىزدىنىشلىرىنىڭ ، ئىجادىيەت ئىستىلى ۋە روھى-
نىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇر-
ماقتا .

## بوغدا ئابدۇللا

### بوغدا ئابدۇللانىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

بوغدا ئابدۇللا — يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەق-
قىياتىنغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ، شۇن-
داقلا شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى .
ئۇنىڭ لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىدىكى خاسلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى
ئومۇمىي ئېتىراپقا ۋە يۇقىرى باھالارغا ئىگە .ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە
لىرىكىنىڭ ئورنىنى ، تەسىرىنى ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق بىر پەللە
يۇقىرى كۆتۈردى . ئىجادىيەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ، دادىللىق بى-
لەن يېڭىلىق يارىتىپ ، تېخىمۇ ماھىيەتلىك تېمىلارغا مۇراجىئەت
قىلىپ ، بەدىئىي ئىپادىلەش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ھەم كۆپ
خىللاشتۇرۇپ ، ئىزدىنىش ، يېڭىلىق يارىتىشنى ئاساسلىق ئالاھىدى-



لىك قىلغان يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرىگە
ئايلاندى . ئۇ «يەلكەن» ، «چۈش كۆرىدۇ بىر تۇپ ئانارگۈل» ، «قىز
قەلئەسى» ، «سالغا تېشى»قاتارلىق توپلاملىرىدىكى بىرمۇنچە مۇنەۋ-
ۋەر لىرىكىلىرى ئارقىلىق ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى
يارىتقان بولسا ، «سالغا تېشى» ناملىق داستانى بىلەن شېئىرىيەت
ساھەسىدە يېڭى بىر يول ئاچتى ۋە ناھايىتى چوڭ داغدۇغا قوزغىدى .
ئۇ يەنە شېئىرىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە بىر يۈرۈش ماقالىلەرنى
يېزىپ ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت قارىشىنى بايان قىلدى ، بۇ قاراشلار
پۈتۈن شېئىرىيەت ساھەسىگىمۇ ناھايىتى ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆر-
سەتتى .
بوغدا ئابدۇللا مىلادىيە 1941 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى
لەنجۇ شەھىرىدە ئۇيغۇر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . كېيىن
ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ ، مىلادىيە
1960 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى 2 - دارىلمۇئەللىمىن قارمىقىدىكى باشلان-
غۇچ مەكتەپتە ۋە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان .
مىلادىيە 1960 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تار-
تىپ ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ
ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇ ھازىر ئەدەبىيات پەنلى-
رىنىڭ پروفېسسورى .
بوغدا ئابدۇللا 1954 - يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە
ئېلان قىلىنغان «دېھقان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» ناملىق شېئىرى
بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن . «ئۇنىڭ دەس-
لەپكى شېئىرلىرىنىڭ خېلى كۆپچىلىكى باللارغا بېغىشلانغان بو-
لۇپ ، بۇ شېئىرلار تەسەۋۋۇرنىڭ مولluqى ، شېئىرىي دېتاللىرىنىڭ
قىزىقارلىق ۋە تېپىكلىكى ، تىلىنىڭ چۈشىنىشلىك ، راۋان ، شۇنىڭ-
دەك باللار تىلىغا يېقىنلىقى ، ھەجىمىنىڭ قىسقا ، يادلاشقا ۋە ئو-

قوشقا قولايلىقلىقى بىلەن 1950 ـ ، 1960 ـ يىللاردىكى باللار شېئىرىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلغان . 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇ «دېڭىز» ، «چۇغلۇق باللادىسى» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ، شېئىر مەزمۇنىنىڭ موللىقى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ يەڭگىللىكى دىققەت تارتقان . 1970 ـ يىللاردىكى سىياسىي مۇھىت شائىرنىڭ ئىجادىيىتىنى، چەكلەپ قويغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ رېئاللىق ۋە تارىخ ھەققىدىكىخەلقنىڭ ھال ـ دەردى ۋە تەقدىرى ھەققىدىكى تەپەككۇرىنى «جىلغىدىن چوققىلارغا» ، «مەجنۇنتالنىڭ تېگىدە» ، «بۇلبۇلنى سولىما قەپەزگە» ، «كايىما ئانا» قاتارلىق لىرىك شېئىرلىرىغا ۋە «گۈلدەستىخان» ، «مەريەم» قاتارلىق داستانلىرىغا سىڭدۈرگەن .

دېرىزەمنى چېكىپ ئانجان ،  
ـ ئۇخلا دەيسەن كېچىدە نەچچە .  
ماقۇل دەيمەن ،  
ئىشقا بەند بولۇپ ،  
كۆز يۇممايمەن ، لېكىن تاڭغىچە .

... ... ... ... ...

چارچىدى دەپ كايىما ئانا  
مۇكچىيەرمەن بەلكى ئىجادتا ،  
ئەل ئالدىدا قانداق يۈرگەيمەن ،  
گۈل كەلتۈرمەي ئۆتسەم ھاياتتا !

دېگەن مىسرالىرىدا يازغىنىدەك ئۆزىنىڭ قان ـ تەرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ ، بۇ ئارقىلىق ھاياتىدىن مەنا قالدۇرۇشنى نىيەت قىلدى .



مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن بوغدا ئابدۇللانىڭ ئىجادىيىتىمۇ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگەـــ گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدى . 1980 ـ ، 1990 ـ يىللار ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ھوسۇللۇق ۋە نەتىجىلىك مەزگىلى بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى ھەققىدە توختالغاندا ، «. . .دەۋرنىڭ رىتىمىگە ئەگىشىپ شېئىرنىڭ رىتىمىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك ، بىز پىكىرنى ئەركىن ، تولۇق ئىپادىلىگىلى بولىدىغان يېڭى شېئىرىي شەكىللەرنى دادىللىق بىلەن ئىجاد قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن ئىدى . بۇنداق يېڭىلىق يارىتىش ، ئىزدىنىش روھىنى ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدە ئىپادىلىدى . بۇ يىللاردا تەبىئەت ، ئادەم ، ھاياتلىق ھەققىدە چوڭقۇر ۋە ئۆزگىچە پىكىر يۈرگۈزۈلگەن «ئانجان ، ئانجان ياشىغىن ئۇزاق» ، «ئانا» ، «تۇرپان قەسىدىسى» ، «گۈل ۋە مۇقامچى» ، «چۈش كۆرىدۇ بىر تۈپ ئانار گۈل» ، «قاغا ھەققىدە رىۋايەت» ، «ئەقىدە» ، «ئاققۇ ھەققىدە رىۋايەت» ، «ئۆركىشىڭنى بەرگىن تۆگىلەر» ، «شېئىرىيەت ئىلاھى» ، «ياز يامغۇرى» ، «بىر رىۋايەت» ، «قىز قەلئەسى» ، «مۇقام» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېسىل لىرىكىلارنى يازدى .بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگىنى ، ئىپادىلەنگىنى شېئىرىي قىممەتكە باي يېڭىچە پىكىر ـ ئىدىيىلەر بولۇپ ، شائىرنىڭ تەبىئەتتىكى ، تۇرمۇشتىكى ئاددىي كۆرۈنۈشلەردىن شۇنداق چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پىكىر ـ ئىدىيىلەرنى تېپىپ چىقىشى ، ۋە ئۇنى ئىخچام ھەجىم ، ئوبرازلىق تىل ، يېڭىچە ھېسسىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىشى ھەرقانداق بىر كىتابخاننى قايىل قىلماي قالمايدۇ . ئۇ تەبىئەتنى شېئىرىي نەزەر بىلەن كۆزىتىدۇ ، ھەممىلا نەرسىدىن شېئىر ئىزدەيدۇ ، شېئىرىي پىكىرنى ، ئىلھامنى تەبىئەتتىن ئالىدۇ ، شۇڭا ئۇ شېئىرلىرىدا ئانا تەبىئەتنى كۈيلەيدۇ ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ تەبىئەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى

ئىپادىلەيدۇ .ئۇ يەنە ئادەم ھەققىدە ، ھاياتلىق ھەققىدە ئىزدىنىدۇ ، شېئىرنى ئادەم ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى دەپ قارايدۇ .شۇڭا شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋى قاراشلارنى ، ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى ، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يازىدۇ .ئۇ كىتابخاننىڭ ئەقلىگە ئىشىنىدۇ ، كىتابخان بىلەن مۇڭدىشىپ ئۇنىڭغا ئاجايىپ پىكىرلەردىن ، ھاياجانلىق تۇيغۇلاردىن ئۇچۇر بېرىدۇ ، ئەمما نەسىھەت قىلمايدۇ .

بوغدا ئابدۇللا خەلق ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان شائىر .ئۇ خەلق ئەدەبىياتىدىن كۆپلەپ ئوزۇق ئالغان بولغاچقا ، شېئىرلىرىدىن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ كېلىپ تۇرىدۇ . ئەمما ئۇنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نوقۇل ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەمەس .ئۇ خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىن ئوزۇقلىنىپ ، خەلق رىۋايەتلىرى ئىزىدىن مېڭىپ ، «قاغا ھەققىدە رىۋايەت» ، «ئەنبەر ھەققىدە رىۋايەت» ، «سۇندۇك ھەققىدە رىۋايەت» ، «قۇيۇن ھەققىدە رىۋايەت» ، «ئاققۇ ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھازىرقى زامان رىۋايەتلىرىنى يارىتىپ ، بۇ رىۋايەتلەر ئارقىلىق يېڭىچە پىكىرلەرنى ئىپادىلىدى ، شۇنداقلا بۈگۈنكى زاماندىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزگە يېڭىچە بىر ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى .

كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ
قۇلىقى تۇۋىدىن قومۇشلار كۆكلەپ ،
يېتىپ كېتىپتىكەن يەرنىڭ ئۈستىدە
قەدىمكى بىر ئادەملەر
ياشاۋېرىپ ئەسىرمۇ ئەسىر ،
بىلمەس ئىكەندۇق ئۆلۈمنى ھېچبىر .
تەڭرى ئويلاپ ئۆلۈمنى توغرىلاپ ،
سالغىنىدا كالىغا دەسلەپ ،



تېتىۋېتىپ ئۇنىڭ تەمىنى
جىم تۇرغىلى ئۇنىماپتۇ مۆرەپ .
بولمىغۇدەك بۇ چارە دەپ ،
ئادەمگە سالغانمىش ئىككىنچىلەپ ،
قاراپ باقسا ،
بىرى ئۆلسە بىرى ھازا ئاچقۇدەك ،
بىراۋلار توي تارتىپ ئويناۋاتقۇدەك .
بۇنى كۆرۈپ تىنىپتۇ كۆڭلى ،
شۇندىن بۇيان ،
كېلەرمىش پەلەك شۇنداق چۆرگىلەپ .

شېئىردا يېزىلغىنى گەرچە ئۆلۈم ھەققىدىكى بىر رىۋايەت بولسىمۇ ، ئەمما شائىر مۇشۇ رىۋايەت ئارقىلىق ئادەم ھەققىدە ، ئادەملەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئىپادىلىگەن . شائىر ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق خاھىش مىلادىيە 1990 ـ يىللارغا كەلگەندە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ناھايىتى چوڭقۇر مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ۋە كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە قىلدى .شائىر ئىجادىيىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى «تارىم» ، «كرورەنگە قايتىش» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ، جۈملىدىن «سالغا تېشى» ناملىق شېئىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى .

«سالغا تېشى» ـبوغدا ئابدۇللا ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر شېئىرلارنىڭ بىرى .بۇ شېئىردا شائىر يېڭىچە بىر خىل كۆزىتىش نۇقتىسى ، تەپەككۇر ئۇسۇلى ، ئىپادىلەش سەنئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ ، تەكلىماكان ئەتراپلىرىنى ، تارىم ۋادىسىنى ماكان قىلىپ ياشىغان مىللىتىمىزنىڭ شانۇشەۋكەتلىك ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرقى رېئاللىقى ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنى تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى ،

كۈچلۈك ھاياجان ۋە جانلىق ھېسسىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

بۇ شېئىر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. شېئىر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى شۇ يىلى بۇ شېئىر ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ئوبزورچىلار ۋە شائىرلارنى مۇھاكىمىگە ئۇيۇشتۇرغان. ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر بۇ شېئىرغا يۇقىرى باھالارنى بېرىپ، ئۇنى ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش خاھىشىدىكى يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر، دەپ باھالاشقان. بۇ شېئىردا ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ قىسمەتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن تەكلىماكان ۋادىسىدىكى تۈرلۈك كۆرۈنۈشلەرگە دائىر ھېسسىي ئوبرازلار ۋە شائىرنىڭ كۈچلۈك لىرىك ھېسسىياتى سىمفونىيىلىك رىتىم بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن:

مۇقەددەس دەرەخكە چىگىلگەن لاتا،
ئارزۇ ـ ئۈمىدنىڭ بايراقچىسىدەك.
قوچقار مۈڭگۈزى شامالدا ئۆڭگەن،
ئەپسۇنسىز دۇنيانىڭ جاكارچىسىدەك.
قايتار ئادەملەر تۇغ ـ شادىغا،
روھ يۈيۈلۈپ تۇرىدۇ قۇملۇقتا.
سەبىيلىكتىن باشلىنار نەپەس،
گۈلخان ئايلانغاندەك ئالتۇنغا ئوتتا.
كېچە، قۇملۇقنىڭ قاراڭغۇسىدا،
كېلىدۇ ياۋايى جەڭلەردىن سادا،
بۇ ئەقىلدىن غەيرىي كۆرۈنۈش،
كۆرسەتمە خۇدا!



ساينىڭ تېشىدەك قاقشال باش سۆڭەك،
مىڭ گەز كۆمۈلسىمۇ گۆھەر بولالماس.
بوراندا ئېچىلىپ كۆكلەيدۇ توپتەك،
(بەلكى شۇ بەلكى ئەمەس ئاداۋەت قىساس!)
بىر ـ بىرىگە سوقۇلار دەھشەت،
ھوۋلاشنىڭ ئىچىدە چاچرار ئۇستىخان.
بۇ يۇلتۇز ئەمەس ئاققان،
بۇ ئەمەس يەكمۇ يەك مەيدان.
بۇ تارىخنىڭ كۆلەڭگۈسىمۇ؟
بۇ ئىنكارنىڭ خۇلاسىسىمۇ؟
بۇ تۆرىلىشنىڭ جازاسىمۇ؟
بۇ غالىبىيەتنىڭ تەنتەنىسىمۇ؟
بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ مېۋىسىمۇ؟
ھەممە كۆمۈلىدىكەن تەبىئەتكە،
ھەممە سىڭىدىكەن تەبىئەتكە.
ياتلىشىپ، داۋاملىشىپ،
ئۇلىشىدىكەن ئەبەدىيەتكە.
بوران توختار، جىمىيدۇ ھەممە،
ئاق قۇملار لايلانماي پاكىز.
يۇلغۇننىڭ چۈشلىرىمۇ ئوڭ،
بۇلغىنىشنى بىلمەيدۇ ھەرگىز.
تەبىئىيلىك ماسلىققا چۆپقەت،
بەلگىسىز يانتاققا ياققاندەك شېكەر.
كەم ـ كۈتىسى يوق يا ئارتۇقى،
قۇلالانغان ياقۇتتەك بۇ يەر.
مۈڭگۈزلەرنى مەشئەل قىلغان يۇرت،
رىۋايەتلىرى بىر ئالتۇن ئاچقۇچ.

ساقلانغان چىشلارنىڭ ئاراچىلىرىدا ،
يېڭىلانغاندەك خېمىرتۇرۇچ .
تىڭشا زېمىننى قۇلاق يېقىپ ،
بايقىلىدۇ داپ ئارا رىتىم .
ھالسىز ئەمەس ، تۇلپار يورغىسى ،
كەمتۈك ئەمەس ، بېجىرىم .
ياۋايى تاش ئۆڭكۈرلەر ئۆچكەن ،
كۆرۈنەر مىڭئۆيلەرنىڭ بويىقى ئارا .
كۆچەر ئاندىن كېپىكلەرنىڭ كۆزىگە ،
نوھقا تۇتىشىدۇ بارا - بارا .
—— «سالغا تېشى»دىن

«سالغا تېشى» ناملىق بۇ ئەسەرگە زامان نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق ، شائىرنىڭ دىققەت نەزىرى پاكلىق ۋە ئېتىقاد بىلەن سەلتەنەتلىك تۇس ئالغان قەدىمكى دەۋرگە ئاغدۇرۇلغان . ماكان جەھەتتىن ، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تەبىئىي كولللېكتىپلىق ئېڭى بويىچە تاللىۋېلىپ ، قەدىمدىن بۇيان ياشاپ كەلگەن قۇم چۆللۈك ھەققىدە ئىزدەنگەن . كەڭلىك جەھەتتىن تەبىئەت بىلەن ئادەم ھەققىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن مەڭگۈلۈك ئەپسانە ئارقىلىق خەلقئاراغا يۈزلەنگەن .چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن مىللەتنىڭ ئېتنىك قاتلىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، شېئىرىي تەپەككۇر ئارقىلىق يىلتىزىمىزنى ئىزدىگەن .ئەسەردە بىزنى ئەسەرنىڭ تىلسىمىغا باشلاپ كىرىدىغان ئېنىق بىر يىپ ئۇچى يوق . پەقەت قۇم ، چۆللۈك ، يۇلغۇن ، توغراق ، ئادەم ، تۆگە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردەك پارچە - پۇرات كۆرۈنۈشلەر ، باش - ئاخىرى يوق ئۈزۈك ئەپسانىلەر ، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توپان بالاسى قىسسىسىنىڭ قۇمغا ئۆزگەرگەن دېتالى ۋە تەقدىرنىڭ سالغا تېشى سۈپىتىدىكى ئىنساننىڭ قۇملۇق بويىدىكىلەر-



گە خاس ھايات ۋە ئۆلۈم چۈشەنچىلىرى ئىچىدىن بىز شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ مىللەتنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىمەكچى بولغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىمىز» (ئادىل تۇنىياز :«سالغا تېشى ھەققىدە»دىن ) .

شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ ھازىرغىچىلىك «باھار غۇنچىلىرى» (1978 - يىل ) ، «يەلكەن» (1983 - يىل ) ، «چۈش كۆرىدۇ ، بىر تال ئانارگۈل» (1988 - يىل ) ، «قىز قەلئەسى» (1993 - يىل ) ، «سالغا تېشى» (1998 - يىل )قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى .

**بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى**

بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ ئىجادىيلىقى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي شائىر . شۇڭا ئۇنىڭ ئىجادىيىتى روشەن خاسلىق ۋە ئۇسلۇبقا ، شېئىرلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن خۇلاسىلەشكە بولىدۇ .

1 . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا شائىر ، كىتابخان ۋە تۇرمۇشنىڭ ئارىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەت ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى تۇرمۇش ئوبيېكتى بىلەن بىرلىشىپ ئورگانىك بىر گەۋدىگە ئايلانغان ، بۇ بىر گەۋدە سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ ، پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن جانلانغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۇ ياراتقان شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ، ئۇ ياراتقان شېئىرىي ئوبرازلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىشىپ كىرگەندەك سېزىمىز . ئۇ ھېسداشلىق قىلغان نەرسىلەرگە ھېسداشلىق قىلىشۋاتقانلىقىمىزنى ، ئۇ نەپرەتلەنگەن نەرسىلەرگە نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز .

بىزگە مەلۇم ، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ پسىخىكىلىق دۇنياسىنى ، مەدەنىيىتىنى ،

ئـۈرپ ـ ئادەت ۋە تۇرمۇش يوسۇنلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ـ ئىگىلە-
مىگەنلىكىدە ھەم ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىدىن قانداق پايدىلانغانلىقىدا
كۆرۈلىدۇ . تۇرمۇشنى ، ئادەمنى كۆزىتىش ۋە چۈشىنىشتە ، ئۆز
تەسىراتلىرىنى تاۋلاپ ئۇنى بەدىئىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشتا يازغۇچى-
نىڭ بەدىئىي ئىستېداتى نامايان قىلىنىدۇ . بىز بوغدا ئابدۇللا ئەسەر-
لىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى مىساللار ئارقىلىق كۆزد-
ىتىپ باقايلى :

توقسانغا ئۇلاشتى ،
كۆزى خىرەلەشتى ،
تونۇمايدۇ گاھىدا سىنى ،
سىنى چاقىرماقچى بولۇپ ، چاقىرىدۇ باشقا بىرىنى
باشقا بىرىنى چاقىرغاندەك
... ... ... ...
ماڭلىيىغا ئىز سىلىپ
ئۆتۈپ كەتتى سۇدەك
... ... ... ...
ئېتىكلىكى يوق بۇرۇنقىدەك
... ... ... ...
سەن كەلمىسەڭ بىر كۈنى
كۆڭلى يېرىم بولار ،
كۆزىگە ياش ئالار ،
كىچىك بالىدەك .
( «ئانا» شېئىرىدىن )

قىز كېلىدۇ ئارقا كوچىدىن ،
ئارقىسىدىن كېلەر يىگىتى .



ئارىلىقتا پەقەت ئۈچ مېتىر ،
تەڭ ماڭغىلى يوق ھېچ جۈرئىتى .
... ... ... ...
لېكىن ئەسلىي ئىككى يۈرەكتە ـ
يىراقلىق يوق بىر مىللىمېتىر .
( «ئۈچ مېتىر» شېئىرىدىن )

گاھ روشەن ، گاھ خىرە سۈرەتلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن ئىنسانىي ھېسسىيات ، يۈرەكنى جىغىلداتقۇدەك تەسىرلىك ئوبراز ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىپ ، ئۇلارنى ھېسسىيات دولقۇنلىرىدا ئاققۇزىدۇ . ئېستېتىكىلىق لەززەت ئىچىدە مەست قىلىدۇ . ئىپادىلەنگەن مىللىي خاراكتېر ۋە ھايات پەلسەپىسى ئۇستىدە ئويلىنىشقا ، تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ . يەنى ئوقۇرمەنلەرمۇ ئىختىيارسىزلا قايتا ئىجادىيەتكە كىرىشىدۇ . بۇ جەھەتتە شائىر بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ـ «مەن» نى كىتابخانلار بىلەن شېئىرنى ، شېئىر بىلەن رېئاللىقنى چېتىپ تۇرغان ئالتۇن يىپ ، دەپ قاراشقا بولىدۇ

ئەقىدە ، جان ئەقىدە !
نەلەردىسەن ؟ !
گۈركىرىگەن بۇلۇتنىڭ كەينىدىمۇ سەن ،
توغراقلارنىڭ ئاستىدىمۇ سەن .
سىنى تاپايمۇ قۇمدىن ،
ئالتۇن ئەمەسسەن !
سىنى تاپايمۇ سۇدىن !
بېلىق ئەمەسسەن !
ھوي ... ئەقىدە !

ئۇپۇقتىن ياندى بىر ئەكس سادا .
( «ئەقىدە» دىن )

شائىر بۇنداق مىسرالىرىدا كىتابخانلارنى غۇۋا بولغان بىر شېئىـ
ـرىي مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ . بۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇغان
ئادەم ئاپتور بىلەن بىللە بەدىئىي تەپەككۇر قىلىپ ، ئاپتورنىڭ كىتابـ
خانلارغا يېزىشقا قالدۇرغان بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ . بۇ جەرياندا كىتابـ
خاننىڭ كۆزى ئېچىلىپ ئۆزىنىڭ هاياتىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن
ئىشلار كۆز ئالدىدا جانلىنىپ مىسرالار تېخىمۇ تاكامۇللىشىدۇ . بۇنـ
ـداق يازغاندا شېئىرنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىنى ئاشۇرغىلى ، كىتابخاننىڭ
سۇبيېكتىپ هېسسىياتىنى جانلاندۇرغىلى بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئاپـ
ـتورمۇ ئۆزى يەتمەكچى بولغان ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا يېتەلەيدۇ .
بىزگە مەلۇم ، بىر پارچە شېئىرىي ئەسەرنىڭ تەركىبىدىكى
ماۋزۇ ، ئۇزۇن ـ قىسقا مىسرالار ، تىل ۋە سۆزلىنىۋاتقان تەپسىلات
قاتارلىقلار شېئىرنىڭ تېخى جان كىرمىگەن هالىتى ، ئەگەر شېئىر
ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ ئۇلارنى قايتا ئىجادىيەتكە جەلپ
قىلالىسا ، يۇقىرىقى ئۆلۈك هالەت جانلىنىدۇ . شېئىرنىڭ ئىجادىيىتى
دەل مۇشۇ چاغدىلا تاماملانغان بولىدۇ . بوغدا ئابدۇللارنىڭ ئوقۇرمەنـ
ـلىرى ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئاشۇ كونكرېت ئەسەرنىڭ ئاپتورى قاتارىغا
ئۆتۈپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالىدۇ . مۇشۇ نۇقتىغا قارىتا ئېيتقاندا ،
بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ ئالاهىدىلىكلىرىنىڭ مۇهىم بىر تەرەـ
ـپى ، ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئۇستىلىق بىلەن شېئىرنىڭ يەنە بىر
يوشۇرۇن ئاپتورىغا ئايلاندۇرالىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ .

1

بۇ يەرلىكلەر
هەتتا ئانار دانىسىچىلىك
چوغنى ساقلايدۇ .
ئۇشقىرتقاندا قىش شامالىرى



تۈن نىسپىدە كۆمۈپ قويىدۇ .
سۇبھى تاڭ تېشىلگەندە
قىزارتىپ ئاتەشنى يالقۇنجىتىدۇ .

2

قوشنا قىزلارنىڭ
ئىشىك چەككىنى ،
چوغ سورىغىنى .

3

هە راست ،
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرۈپ بولماس .
( «چوغ» دىن )

بۇ شېئىر هېلىقىدەك سەۋەب ـ نەتىجىلىك مېخانىك مۇناسىۋەتـ
ـتىكى ، يالتىراق پوستلۇق ، كونا پىكىرلىك شېئىرلارغا تۈپتىن ئوخـ
ـشىمايدۇ . شېئىرىي مۇهىت ئىختىيارسىز تەسەۋۋۇرىمىزنى قاناتلانـ
ـدۇرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن دەسلەپتىلا بىزگە ئۇچرىغان «چوغ» ، «كىـ
ـشىلەر» ، «قىش شامىلى» ، «تۈن» ، «سۇبھى» ، «قىز» ، «ئىشىك»
... دېگەندەك ئوبرازلار بىردىنلا ئۆزلىرىنىڭ تار لىرىكىلىق مەنـ
ـىسىدىن هالقىپ چىقىپ ، نۇرغۇنلىغان يېڭى مەنىلەرنى تۇغىدۇ . ئوـ
قۇرمەننىڭ كۆز ئالدىغا يېپيېڭى بىر شېئىرىي دۇنيا پەيدا بولىدۇ .
بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەننىڭ مەنىۋى تەلىپى هەل بولغاندەك ، پۇخادىن
چىققاندەك بولىدۇ . بۇ چاغدا شائىرمۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتىگە
يەتكەن بولىدۇ .
2 . بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى ئۇسلۇب ، شەكىل ۋە باشقا
نۇرغۇن تەرەپلەردىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلانغان .

دەرۋەقە ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەر قانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ سۈت ئانىسى ، ھەرقانداق بىر شائىر ، يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ئەنە شۇ ئانا زېمىندىن ئۈنۈپ چىققان بىر تال گۈل . بىراق ، ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەسەرلىرىنى بۇ مەنبەگە ئۇنداق چەمبەرچاس ، ئۇنداق يېقىن ۋە ئۇنداق ئېنىق باغلىغان شائىر ياكى يازغۇچىلار ئانچە كۆپ ئەمەس . بوغدا ئابدۇللا شېئىر ئىجادىيىتىدە مانا مۇشۇنداق قىلالىغان شائىرلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ئەقىللىق كىتابخان دەرھاللا بۇ ئالاھىدىلىكنى ئوچۇق كۆرەلەيدۇ . بولۇپمۇ «يېتىم قىز ھەققىدە چۆچەك» ، «سايرام رىۋايىتى» ، «گۈل داستىخان» ، «ئاققۇ باشلىق قوبۇز» ، «ئاققۇ ھەققىدە رىۋايەت» ، «تۇرنا ھەققىدە رىۋايەت» ، «قاغا ھەققىدە رىۋايەت» ، «قىز قەلئەسى» قاتارلىق شېئىر ، داستانلىرىنىڭ باي ۋە رەڭگارەڭ ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئالغانلىقىنى ، ئۇلارنى ئۆرنەك قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس .

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن
ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن ،

... ... ... ...

( «يېتىم قىز ھەققىدە چۆچەك» دىن )

... ... ... ...
بالا بولسا شوخ بولسا
شوخ بولمىسا يوق بولسا ،
... ... ... ...

( «شوخ بالىلارغا» دىن )

... ... ... ...



توققۇز ئاي
توققۇز كۈن
توققۇز سائەت
توققۇز دەقىقە
... ... ... ...
( «ئانا» دىن )
ھەسسەم بارغۇ ھەسسەم بار ،
دېڭىزدىمۇ ھەسسەم بار .
يەتكەن ئاڭا ئايىغىم ،
دولقۇنلانغان مايىقىم .
( «چاشقان شۇنداق دەيدىكەن» دىن )

... ... ... ...
سادىرنىڭ ئۆيلىرى نەدىدۇر ؟
ئىچكەن سۇلىرى قايسىدۇر ؟
ماڭغان يوللىرى شۇمىدۇر ؟
( «ئىلى سېكىللىرى» دىن )

بىز يۇقىرىقى مىساللاردىن گۈپۈلدەپ تۇرغان مىللىي روھ ، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەڭگىل ، روشەن ئۇسلۇبنى ئېنىق ھېس قىلىمىز . بۇ شېئىرلاردىكى بەزى شېئىرىي ئوبرازلار ، شېئىرىي پىكىرلەر ، شەكىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەتتا تەكرارلانغان مۇقەددەس سانلارمۇ ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يىلتىزداش .

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن بولغان يىلتىزداشلىق مۇناسىۋەت يەنە شېئىرلارنىڭ مۇزىكىدارلىقى (ئاھاڭدارلىقى) دىمۇ گەۋدىلىنىدۇ . بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى مەيلى ئەركىن شەكىلدە ، مەيلى بارماق ۋەزنىدە يېزىلغانلىرى بولسۇن ياكى ئارۇز ۋەزنىدىكىلىرى بولسۇن خەلق قوشاقلىرى ئۆرنەك قىلىنغان بولغاچ-

قا ، شېئىرىي مىسرالار خۇددى مۇزىكا ئۇدارلىرىدەك رەتلىك ۋە قانۇنىيەتلىك تىزىلغان بولۇپ كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئېرىشكەن . بوغدانىڭ ئېستېتىكىلىق ئېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاددىي تىلى ، پەردازسىز شەكلى ، ئاددىيلىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىۋاتقان مەنە ۋە شەكىل گۈزەللىكىنى تولۇقى بىلەن تونۇپ يېتەلىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇ شېئىرلىرىدا قۇرۇق - قۇرۇق ۋەزخانلىقتىن ، سەپسەتىۋازلىقتىن ، ئۇقۇملاشقان ئىبارە ۋە شوئارۋازلىقتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ ، چوڭقۇر مەزمۇن ۋە كۈچلۈك پىكىرلەرنى ھەمىشە ئاددىي شەكىل ، جانلىق ۋە چۈشىنىشلىك تىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ .

مەسىلەن :

- زېمىن تىترىشىڭ نېمىدىن
- يېتىمنىڭ كۆز يېشىدىن .

(«پارچە» دىن )

ئىنسانغا تىنچلىق بولار نەدە ؟
بىرى بۆشۈكتە ،
بىرى قەبرىدە !

(«پارچە» دىن )

كۆز ئىككى بولار ،
ئالەمنى كۆرەر ھەر ئىككىسى ،
بىراق ،
كۆرەلمەس مەڭگۈ ،
بىرىنى بىرى ،
شۇڭلاشقا خۇدا ،
نەق ئوتتۇرىسىغا
يارىتىپتىكەن توساق تام - قاڭشا !

(«كۆز» دىن )



كۆرۈشكە بولىدۇكى ، بۇ مىسراللارغا شائىرنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇر دۇردانىلىرى سىڭگەن . ئۇنىڭدا يېزىلغانلىرى يەنىلا شۇ دۇنيا ، يەنىلا مۇشۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى ، سىرلىرى ، بىراق بۇ ئاددىي ھەم قىسقا ھەجىملىك لىرىكىلار ھاسىل بولغان چوڭقۇر شېئىرىي مۇھىت ، پەلسەپىۋى ھېكمەتلەر ئارقىلىق زور سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغان .

3 . بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ ، تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك ، مەزمۇنغا باي .

بىزگە مەلۇم ، بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى كۆپرەك باللار تېمىسىدا ، ئىنسانىي مۇھەببەت تېمىسىدا ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېمىلىرىدا يېزىلغان . تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق بىر خىل تېما دائىرىسىنىڭ ئىچىدە يەنە نۇرغۇنلىغان تېما تۈرلىرىنى ئۇچرىتىمىز . پەقەت ئىنسانىي مۇھەببەت تېمىسىنىلا ئالىدىغان بولساق ئۇنىڭدا ئانا مۇھەببىتى ، ۋەتەن مۇھەببىتى ، دوستلۇق ، ۋاپادارلىق ، ئىشق - مۇھەببەت ، تەبىئەت مۇھەببىتى قاتارلىق تېمىلارنى كۆرىمىز . بۇ تېما تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى شېئىرىيتىمىزگە يېڭىلىق بولالمايدۇ . چۈنكى ، ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى خىلمۇ خىل ئەسەرلەردە ، كلاسسىكلاردا بۇ تېمىلار تولا يېزىلغان ، تولا تەكرارلانغان . بىراق ، بوغدا ئەنە شۇ مەڭگۈلۈك تېمىلارغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەچكە ئۇنىڭ شېئىرلىرى يەنىلا يېڭى بولۇپ تۇيۇلىدۇ . مەسىلەن : «ئانا» ، «كايىما ئانا» ، «ئانجان ، ئانجان ياشىغىن ئۇزاق» قاتارلىقلار مۇشۇنداق شېئىرلاردىندۇر . ئۇلاردىكى ئانىنىڭ ئوبرازى تەسەۋۋۇرنىڭ كۈچى بىلەن ئانا بارلىق ھاياتلىقنىڭ ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ مەنبەسى دېگەن مەنە يۈكسەكلىكىگە ، سىمۋوللۇق كەڭلىككە ئىگە بولغان .

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، بوغدا ئابدۇللا ئۆز ئىجادىيىتىدە شېئىرنىڭ شەكلەن ھالىتىگە ئېسىلىۋېلىپ ھەممە گەپنى ئۆزى دەيدىغان ، ھەممە گەپنى خۇددى كىچىك باللارغا ۋە چالا ساۋات ئادەملەرگە چۈشەندۈرۈپ ئېيتىۋاتقاندەك قاتمال ئەندىزىلەرنى بۆسۈپ تاشلىغان

شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ روشەن ئۇسلۇبقا ئىگە ئىجادىي شېئىرلىرى كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ ، ئۇلارنى يېڭى بىر ئېستېتىكىلىق ساھىلغا باشلاپ كىردى . روشەنكى ، ئۇنىڭ بۇ ئىزدىنىشلىرى كىتابخانلارنى ئېستېتىكىلىق تەربىيىگە ئېرىشتۈرۈپلا قالماي ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى .

# قۇربان بارات

## قۇربان باراتنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

قۇربان بارات (مىلادىيە 1946 - يىلى) ئۆزىنىڭ زور بىر تۈركۈم نادىر لىرىكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر داستانلىرى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان ، شۇنداقلا ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر .

قۇربان بارات مىلادىيە 1946 - يىلى 1 - ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1958 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇخبىر ، مۇھەررىر ؛شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا كوررېكتور ، تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1980 - يىلىدىن باشلاپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن .

قۇربان بارات 1956 - يىلى ئېلان قىلىنغان «كاككۇك» ناملىق



تۇنجى شېئىرى بىلەن ئىجادىيىتىنى باشلىغان . گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە شېئىرىيەت تەرجىمىسى ، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ، بۇ ساھەلەردىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىپادىلىگەن مەزمۇن - ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، خەلقچىللىق خاھىشىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ، لىرىكىغا بايلىقى ، ھېسسىي ئوبرازلىرىنىڭ گۈزەللىكلىكى ، شېئىرىي تىلىنىڭ پاساھەتلىكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بۈگۈنكى زامانىدىكى ، جۈملىدىن يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيىتىمىزدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ .قۇربان بارات ئىجادىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ 1960 - يىللارنىڭ بېشىدا ئېلان قىلىنغان «قىزىلگۈل» داستانى ، «كەچ كۈز لىرىكىسى» ، «جەمىلە» ، «يېشىل ھايات» قاتارلىق شېئىرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ شېئىر تالانتىنى ۋە ئىزدىنىش روھىنى نامايان قىلدى .

مىلادىيە 1966 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە بولغان ئاپەتلىك ئون يىلدا يېزىلغان «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ناملىق ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر تۈركۈم شېئىرلاردا قۇربان بارات ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ، شائىرلىق ، رېئاللىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى پىشقان قەلىمى ئارقىلىق ئىزھار قىلدى . بۇ شېئىرلار ھەقىقىي شائىرنىڭ غۇرۇرى ، ۋىجدانى ، قىممەت قارىشى ، ياشاش ئەقىدىسى بىلەن ئەينى يىللاردىكى رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ كېلىشتۈرۈپ بولماس زىددىيەتلىرىنى يوشۇرماي ئاشكارىلاپ ئۆزى قەدىرلەيدىغان ئېگىلمەس روھنى ئۇلۇغلايدۇ .

بۇ شېئىرلار ئاشۇ ئون يىلدا يوشۇرۇن يېزىلغان ، كېيىن تۈر-

كۆملەپ ئېلان قىلىنغان. جەمئىي 80 پارچىدىن ئارتۇق. بۇ شېئىرلارنى ئاشۇ يىللارنىڭ ئەينەن تەسۋىرى دېيىشكە بولىدۇ. «يىغا قوشىقى»، «دىۋاننىڭ ھەيكىلى»، «شائىرلىق»، «قىزنىڭ ئۆلۈمى»، «كەچ كۈز سۈلىرى»، «شىمال يۇلتۇزلىرىغا تەلمۈرۈپ»، «راۋاب ۋە ئانا»، «ئوتتۇن ساتقۇچى بالا» قاتارلىق شېئىرلاردىن بىر قىسىم شائىرلار ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئىپادىلەشكە پېتىنالمايدىغان تېمىلارنى دۇدۇقلىماي ئىپادىلىگەنلىكىنى، ئېتىقاد ۋە كۆز قاراش جەھەتتە ئۈزۈل - كېسىل ھالدا خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ شېئىرلار تېما ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى، مەزمۇن ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكى يېقىندىن تامامەن ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، شائىر قەلىمىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى نامايان قىلدى. شائىر قۇربان بارات بۇ شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىپ، ئىنسان تەقدىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، مىللىي روھ ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھاياتنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىنى ئېستېتىكىلىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەقسىتى قىلىپ، ھايات گۈزەللىكىنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى، ئىنسانىي ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىش غايىسىنى ئىپادىلىدى. رېئال ھاياتتىكى مەۋجۇت بولغان زىددىيەتلىك ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك باغلىنىشنى ۋە ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىپ، بۇنى شېئىرنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىق، قويۇق بەدىئىي رەڭ ئىچىدە ئىپادىلەپ، شېئىرنىڭ ئېستېتىكىلىق تەسىرىنى ئاشۇردى. ئۇ بۇ نۇقتىدا، يەنى ئۆتكۈر شېئىرىي پىكىر بىلەن لەرزان شېئىرىي ئۇسلۇبنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت قوش ئۈنۈمنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ مۇكەممەللىكىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇردى.

شائىر «كېسىلگەن توغراق» ناملىق شېئىرىدا چۆل - جەزىرىلەردە ئۆسىدىغان، كېسىپ تاشلانغان تەقدىردىمۇ يەنىلا تېنىدىكى



ھۆللۈكنى ساقلاپ قېلىپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قايتا كۆكلەپ «ھاياتىي نوتىلار» نى بىخلىتىپ چىقىرىدىغان، قۇملار دۇنياسىنى ماكان قىلىپ، «چۆل - جەزىرىلەرنىڭ جاپاسىدا تاۋلانغان»، ياز پەسلى قۇياشنىڭ يالقۇنى، چۆل بورانلىرى قوينىغا ئالىدىغان، قىش كۈنى تىنىمسىز جەزىرە شۇۋىرغانلىرى سوقۇپ ئۆتىدىغان، سۇيى ئەلۋەك دەريالارنىڭ ئىلتىپاتىغىمۇ نائىل بولالمايدىغان، شۇنداق بولسىمۇ «ئانا تۇپراقتىن ھاياتلىق تېپىپ»، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە چۆللەردە يىلتىز تارتىپ، ھەرياققا يامراپ، يېشىل نەسلىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ كېلىۋاتقان قەيسەر دەرەخ توغراقنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىنى ئەتراپلىق يورۇتۇش ئارقىلىق، ئاجايىپ ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن، شۇنداقلا چوڭقۇر ھاياجان ۋە مۇھەببەت بىلەن «ئۆلمەس بىر خەلق» نىڭ شائىرانە ئوبرازىنى تىكلەيدۇ.

«دىۋاننىڭ ھەيكىلى» ناملىق شېئىرىدا ئېگىز بوي، ئۇزۇن ساقاللىق بىر دىۋاننىڭ شەھەر كوچىلىرىدا «شاماللار ئۇچۇرۇپ يۈرگەن غازاڭدەك» ھەر ياققا چېپىپ، ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن ھالىتىنى ھەمدە ئۇنىڭ ساپايى چېلىپ، قوشاق ئوقۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇڭلۇق، تىترەڭگۈ قوشاقلىرىنىڭ ئۆز سەنئىتىدىن ھوزۇرلىنىش بەختىدىن مەھرۇم بولغان خەلق ئۈچۈن بىردىنبىر روھىي ئوزۇق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەممە كىشى كۆرگەن، لېكىن ھېس قىلالمىغان، تونۇپ يەتمىگەن بۇ رېئاللىق ئاشۇ ئاپەتلىك يىللارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك شىكايىتى ئەمەسمۇ؟

شائىر قۇربان باراتنىڭ «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ناملىق ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر يۈرۈش شېئىرلىرىنىڭ پىكرى ئۆتكۈر، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، مۇئەييەن شېئىرىي كەڭلىككە ۋە كۈچلۈك بەدىئىيلىككە ئىگە. ئىجتىمائىيلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ شېئىرلار

قانداقتۇر شەخسنىڭ پاجىئەسى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ، شەخسكە تەۋە
بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن شېئىرلار بولماستىن ،
مىسلىسىز ئىجتىمائىي ئاپەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر پۈتۈن خەلق-
نىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن . شۇڭلاشقا ئاشۇ
قاباھەتلىك يىللاردىكى ئېچىنىشلىق رېئال ھاياتنى ئۆز بېشىدىن كە-
چۈرگەن ھەر بىر كىتابخان بۇ شېئىرلاردىن ئۆز قەلبىگە تونۇش
سادانى ئاڭلىيالايدۇ . ئېستېتىكىلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا ، «ئاپەتلىك
يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ناملىق بۇ شېئىرلار شېئىرىي ئوبرازلار-
نىڭ كۈچلۈكلۈكى ، ھېسسىياتنىڭ قويۇقلۇقى ، تەپەككۇر قۇرۇلمى-
سىنىڭ مۇرەككەپلىكى ، خاھىشىنىڭ ئېنىقلىقى ، شېئىرىي تىلنىڭ
ئىجادىيلىقى ، ئاھاڭنىڭ لەرزانلىقى ، تېمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ،
مىللىي روھنىڭ كۈچلۈكلۈكى ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى پاش قىلىش
جەھەتتىكى ئىسيانكارلىقى بىلەن ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب ھاسىل قى-
لىپ ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە
تېگىشلىك نەتىجە ھاسىل قىلدى ھەمدە كىتابخانلار ۋە بىر قىسىم
ياش شائىرلارغا سىڭگەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بازارغا سالغان
شېئىر ھەققىدىكى ئىدېئالىزملىق چۈشەنچە ۋە ئۆلچەمنى ھەقىقىي
مەنىسى بىلەن ئىنكار قىلدى .

شائىر قۇربان بارات 1980 ـ يىلىغىچە يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان
شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى تەرىپىدىن «يېشىل ھايات» ناملىق توپلامنى نەشر قىلدۇر-
دى .

ئۇ مىلادىيە 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتىدە
تېخىمۇ دادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ ، تېخىمۇ سالماقلىق بىلەن
پىكىر يۈرگۈزۈپ ، باشقىلار بايقىمىغان نەرسىلەرنى بايقاپ ۋە ئۇنى
ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبى بىلەن ئىپادىلەپ ، شېئىرىيەت ساھەسىدە خېلى
زور ئۇتۇق ھاسىل قىلدى . بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىدىيىۋى-



لىك جەھەتتە جەڭگىۋارلىشىپلا قالماستىن ، شەكىل جەھەتتە تېخىمۇ
تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەندى . ئۇ لىرىكا بىلەن بايانىي زىچ بىر-
لەشتۈرۈش ، پەلسەپىۋى پىكىرگە ۋە تەسەۋۋۇرغا باي بولۇش ، مۇكەم-
مەل شېئىرىي ئوبراز يارىتىش ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جانلىق بولۇش ،
تىلدىن توغرا ، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ، ھېسسىيات ئارقىلىق ھېسسى-
ياتقا تەسىر كۆرسىتىپ كىتابخانلاردا ئورتاق سادا پەيدا قىلىش توغرى-
سىدا تىرىشىپ ئىزدىنىپ ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتتىكى خاسلىقىنى تو-
لۇق جارى قىلدۇردى . ئۇ ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە مۇددىئاسىنى
تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ «خەلقىنىڭ ئاۋازى» بولۇشقا تىرىشىش
لازىم ، دەپ تونۇدى ۋە شۇنداق قىلىشقا ئىنتىلدى . ئۇنىڭ 1982 ـ
يىلى ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش
مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز» نام-
لىق داستانىنىڭ «شائىر ۋە خەلق» بۆلىكىدىكى :

خەلقىنىڭ ئاۋازى بولىدۇ شائىر ،
مۇبادا ساپ بولسا تومۇرىدا قان .
تاغلاردىن يانغۇچى ئەكس سادادەك ،
ياڭرايدۇ ئۇنىڭدىن قۇدرەتلىك چۇقان .
ياڭرايدۇ ئۇنىڭدىن ئۆلمەس ئارزۇلار ،
چېلىشلار خىتابى ، غەزەپ نەرىسى .
ئۇ ئۆلۈپ تەگمىسە بىر ماڭدام زېمىن ،
خەلقىنىڭ قەلبىدە قالار قەبرىسى .

دېگەن مىسرالاردىن ۋە «شائىر ۋە ئۆلۈم» ماۋزۇسى ئاستىدىكى :

بەزىلەر ئوت بولۇپ شائىرلىقىدا ،
مىليون دىللاردا ساقلايدۇ قىممەت .
بەزىلەر كۆرۈنۈپ ئوتنىڭ رەڭگىدە ،
شاھلارنىڭ تاجىغا بولىدۇ زىننەت .

دەپ يېزىلغان مىسرالاردىن ، يەنە شۇنىڭدەك بۇ داستاننىڭ «شائىر ۋە شۆھرەت» دېگەن تېمىسىدا ،

ئۇ مەردنى تاللايدۇ شائىرلىقتىنمۇ ،
كۆپلەرگە ئۇ نېسىپ بولمايدۇ بەلكىم .
شۆھرەتنىڭ چولپاندەك نۇرلىنىشىنى ،
شائىرلا بولسىلا بېرەلمەس ھەركىم .
ھە ، شۆھرەت تاللايدۇ بى رەھىم ، ئادىل :
بولدۇڭمۇ ياكى يوق ئەلگە يېقىنراق ؟
كىملەرنىڭ شەنىگە چالدىڭ ناغراڭنى ،
ۋە قايسى كارۋانغا بولدۇڭ قوڭغۇراق ؟
نىيىتىڭ بولدىمۇ ھالال يا ھارام ،
كۆڭلۈڭدە ھۆكۈمران قايسى مۇددىئا ؟
كىملەرگە بىلدۈردۈڭ ئىززەت ۋە ئىكرام ،
ۋە قايسى روھلارغا ئەيلىدىڭ دۇئا ؟

دەپ يازغانلىرىدىن شائىر قۇربان باراتنىڭ يۇقىرىقىدەك ئېستېتىكىلىق ئىزدىنىشلىرىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز . بۇلار يەنە كېلىپ شائىرنىڭ ھاياتلىق قارىشىنىڭ يەكۈنى بولۇپ ، ئۇنى شائىرنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى ، دېيىشكە بولىدۇ .

1980 ـ يىللارنى شائىر قۇربان باراتنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مول ھوسۇل دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ . ئۇ بۇ دەۋردە مەيلى شېئىر ئىجادىيىتى ، داستانچىلىق ۋە شېئىر تەرجىمىسى ساھەسىدە بولسۇن مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، 100 پارچىگە يېقىن شېئىر ، «يىپەك يوللىرىدا يېڭى سەھىپە» ، «ئاقارغان چاچ توغرۇلۇق ناخشا» ، «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز» ، «ئاق روماللىق پەرىزات» ، «يوقالماس پەلەستىن» ، «ئىنسان ۋە زېمىن» ، «مەن ئەقىل ئىزدەيمەن» ، «يىپى ئۈزۈلمەس لەگلەك» قاتارلىق داستانلارنى يازدى . قۇربان بارات مىلادىيە 1989 ـ يىلىنىڭ بېشىدا پولشا ، تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندا ساياھەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، «ۋارشاۋا» ، «كۈلۈمسىرەش» ، «ئالدىراش بۇلۇتلار» ، «دەرەخ ۋە بىنا» ، «ئادام .مىسكىۋىچنىڭ ھەيكىلى» ، «ئىستانبۇلنىڭ كەپتەرلىرى» ، «زېمىننى دەسسىگەندە» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ ، ئىلگىرىكى شېئىرلىرى بىلەن قوشۇپ 1993 ـ يىلى «قار گۈلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى . بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردىن شائىرنىڭ بەدىئىي ئىستېداتىنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللاشقانلىقىنى ، شېئىر ئۇسلۇبىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بۇ توپلامدىكى شېئىرلار سىمۋول ، دارىتمىلاش ۋە ھەجۋىيلەشتۈرۈش ۋاستىلىرى ئارقىلىق شېئىرىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئۆزگىچىلىكىنى كۆرسەتكەن .

مىلادىيە 1998 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى بەش توملۇق «قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما»نى نەشر قىلدى .بۇ ئەسەرلەر تاللانمىسىنىڭ 1 ـ تومىغا ئۇنىڭ قىسقا شېئىرلىرى ، 2 ـ ، 3 ـ ، تومىغا داستانلىرى ، 4 ـ تومىغا تەرجىمە قىلغان شېئىر ـ داستانلىرى ، 5 ـ تومىغا «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قەلئەسىنىڭ ئۇل تاشلىرى ـ قەدىمكى شېئىرلار» ، «ئۇلۇغ شائىر مىخائىل يورىيېۋىچ لېرمونتوۋ» ، «شېئىر دېگەن نېمە ؟»قاتارلىق ماقالىلىرى ۋە كلاسسىك شېئىرلار ئۈچۈن ئىشلىگەن نەسرىي يەشمىلىرى بېرىلگەن . بۇ توپلام قۇربان باراتنىڭ ئىجادىيەت يولىنى ، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە .

### 2 . «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستانى

قۇربان باراتنىڭ داستانلىرى ئاز ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىل خاراكتېرلىكى «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستانىدا ،

كورلا نەشپۈتىنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەتنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ ، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى ، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ، پسىخىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق «ئەلنىڭ ئاۋاتلىقى - مېنىڭ بەختىم» دەپ ھېسابلايدىغان خەلقپەرۋەر ، باتۇر ، ئىرادىلىك ، چېچەن ، ۋاپادار قىز ئايسىلىگىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان .

«ئاق رومالىلىق پەرىزات» داستانىنىڭ مۇھىم بىر ئۇتۇقى ، ئۇنىڭدا تارىخ بىلەن رېئاللىقنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر خىل ئامىللارنى خېلى چوڭقۇر تارىخىي ھېسسىيات ۋە دەۋر تۇيغۇسىدا تۇرۇپ بايان قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ . داستانىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان شەكلى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنغان . داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي ھايات مەنزىرىسى ، دېھقان - ئوۋچىلار تۇرمۇشىنىڭ يەككە ۋە ئومۇمىي كۆرۈنۈشلىرى ، پېرسوناژلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرى كىشىگە قويۇق مىللىيلىق تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىدۇ .

شائىر داستان سۇژىتىنى تەشكىل قىلغۇچى دراماتىك ۋەقەلەرنى ، زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەتكەن . شۇڭا بۇ داستاننى ئوقۇغان كىتابخان ئاۋۋالقى بىر تەرەپلىمە تاماشا قىلغۇچى ئورۇندىن ئاستا - ئاستا پېرسوناژلار ئارىسىدىكى ھېسسىيات توقۇنۇشلىرىنىڭ ، ئىدىيىۋى زىددىيەتلىرىنىڭ قاينىمىغا كىرىپ قالىدۇ . سېھرىي كۈچكە باي تەبىئەت مەنزىرىلىرى بىلەن چۈشكە ئوخشاش ئىنتايىن گۈزەل ھەم خىيالىي كۆرۈنۈشلەرگە مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ ، شائىرنىڭ داستان سۇژىتى ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەن ھېس - تۇيغۇغا ، مۇھاكىمىگە ، مىللىي روھقا باي لىرىك قىستۇرمىلاردىن ئېستېتىكىلىق ھاياجانغا چۆمىدۇ .



«ئاق رومالىلىق پەرىزات» ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك داستان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيە خەلقچىللىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت . شائىر بۇ خىل ئالىيجاناب ، يۈكسەك غايىنى 14 ياشلىق قىز ئايسىلىگىنىڭ ئوبرازىغا سىڭدۈرگەن . بۇنداق ئالىيجاناب روھنىڭ 14 ياشلىق مەسۇم قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇغۇلۇشىدىكى سەۋەبنى شائىر تۆۋەندىكىدەك ۋەقەگە باغلىغان : داستاننىڭ 1 - بابىدا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كورلا ئۇيغۇرلىرى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە تاغ ئۈستىدە كۆك تەڭرىگە سېغىنىپ ھوسۇل مەرىمى ئۆتكۈزىدۇ . ئاددىي دېھقان ئوتۇزمۇ قىزى ئايسىلىگىنى ئېلىپ بۇ مەرەمگە ئىشتىراك قىلىدۇ . ھوسۇل مەرىمى راسا قىزىپ ، بارلىق مەرەم ئەھلىنىڭ كۆڭلى شادلىققا تولۇپ ، كۆك تەڭرىگە سېغىنىپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقان پەيتتە :

لېكىن ئادەم جەم بولغانلا سورۇندا ،
ئايان بولۇر ھەر خىل مىجەز ۋە خۇلق .
ھامان بىللە ياخشى - يامان نەرسىلەر ،
ئاق ۋە قارا ، پەسلىك ۋە ئۇلۇغلۇق .

دېگەندەك ، مۇرگۇل بۇقا ئىسىملىك ھايانكەش ئامۇت سودىگىرى كۇچادىن كارۋان تارتىپ ئەكەلگەن ئامۇتلىرىنى سېتىۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز ئۇچقان تاغ كەپتەرلىرىدىن ئۈركۈگەن بىر توپ ئات ئۇنىڭ ئامۇت قاچىلانغان سېۋەتلىرىنى ئۆرۈۋېتىدۇ . مۇرگۇل بۇقىنىڭ جان - پېنى چىقىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تىترەپ كېتىدۇ . خەقلەر ئۇنىڭ ئامۇتلىرىنى تېرىشىپ بېرىدۇ . بىر يېتىم بالا بىر تال ئامۇتنى يەۋالماقچى بولۇپ بىر چىشلىشىگە مۇرگۇل بۇقا كۆرۈپ قالىدۇ - دە ، ئەسەبىيلىك بىلەن بالىنى ئۇرۇپ بىر كۆزىنى قۇيۇۋېتىدۇ . بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرگەن ئايسىلىگىنىڭ سەبىي قەلبى ئازابلىق تىترەپ كۆڭلى غەشلىشىدۇ - دە ، دادىسىدىن :

دادا ، بۈگۈن سادىر بولدى ياۋۇزلۇق ،
گۆھىرىدىن جۇدا بولدى بىر يېتىم .
ئاڭا ئازدەك بۇ دۇنيادا يالغۇزلۇق ،
تېپىلماسمۇ تۇتىيامۇ ئۇ مېۋە ؟
ئۇ ئەزىزمۇ ھەتتا تىرىك ئادەمدىن ؟
ئۇنى بىنا قىلالامدۇ بىزدە ئەل ،
باشقا مېۋە تېپىلامدۇ ئالەمدىن ؟

دەپ سورايدۇ . ئوتتۇز قىزىغا مۇرگۈل بۇقىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسكىلىكلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئايسىلىگىنىڭ پاك ۋۇجۇدىدا تەقدىر بىلەن ئېلىشىپ ، جاھان كېزىپ ئامۇتتىنمۇ ئېسىل مېۋە بەرپا قىلىپ خەلقىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەت تۇغۇلىدۇ . شائىر داستان سۇژىتىنىڭ تۈگۈنى بولغان بۇ ۋەقەلىكنى ئىنچىكىلىك بىلەن يېزىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئەسەرگە ئىدىيىۋى مەزمۇن بەلگىلىگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن شەخسىيەتچىل ، پەسكەش خاراكتېر بىلەن خەلقپەرۋەر ئالىيجاناب خاراكتېرنى ، ياۋۇز قارا يۈرەك بىلەن مېھرىبان پاك يۈرەكنى يوشۇرۇن ھالدا ئۇچراشتۇرۇپ ، كىتابخانلار ئالدىدا سېلىشتۇرما مەنزىرە ھاسىل قىلغان .

شائىر داستاندا ئايسىلىگىنىڭ تەقدىرىنى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان . بۇ ھال ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن ، شۇنداقلا رەزىل كۈچلەرنىڭ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ياۋۇزلۇقلىرىنى تولۇق ھېس قىلدۇرغان ئايسىلىگىنىڭ روھىنىڭ پەرىزاتقا ئايلىنىپ كېتىشى كىتابخانغا ھېسسىيات جەھەتتە بېرىلگەن رومانتىكىلىق تەسەللىي بولۇپ ، كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ .



شائىر قۇربان باراتنىڭ «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستانى مىللىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتىكى جانلىقلىق ، خاراكتېرىنى تەسۋىرلەشتىكى مۇكەممەل ، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى يېڭىلىقلىقى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان داستانچىلىقىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ .

شائىرنىڭ مىلادىيە 1970 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە يېزىپ تاماملاپ ، 1984 ـ يىلى قايتا تۈزىتىپ نەشر قىلدۇرغان يىرىك داستانى «يوقالماس پەلەستىن» كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان يەنە بىر ياخشى ئەسەر . شائىر بۇ داستانىدا بەختسىز ، ئەمما جەڭگىۋار خەلق پەلەستىنلىكلەرنىڭ مىللىي ھوقۇقىدىن ۋە ئانا ماكانىدىن ئايرىلىپ ئۇچرىغان ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىنى ھەمدە ئۆز تەقدىرىنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى جانلىق ھەم تەسىرلىك ئىپادىلىگەن بولۇپ ، ئۆزىنىڭ ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى ياقلايدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى جاراڭلىق رەۋىشتە بايان قىلىدۇ .

شائىر داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدىلا :

تارىخ چاقى چۆرگىلەيدۇ شىددەتلىك ،
جانلانماقتا دۇنيا بۈگۈن تەۋرەشتە .
قۇل قىلىنغان مەملىكەتلەر ، مىللەتلەر ،
قۇدرەت تېپىپ ئۇلغايماقتا كۈرەشتە .
كۈرەش بىلەن ئىزدىمەكتە بۇلانغان —
ھوقۇقىنى ، ھۆرلۈكىنى ، بەختىنى .
ئۆز تۇغىنى كۆتۈرمەكتە دۇنيادا ،
جەڭلەر ئارا ئالغا باشلاپ خەلقىنى .

دەپ يېزىپ ، ئەركىنلىك ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھەر قانداق ھەرد-

كەتنى ئۇلۇغلايدۇ . بۇ داستاننىڭ كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ ، ۋەقەلىكى
قىزىقارلىق ، ئىدىيىسى ئۆتكۈر ، تەپسىلاتلار تەسۋىرى جانلىق ھەم
كونكرېت بولۇپ ، ئوقۇغان كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ .
ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، قۇربان باراتنىڭ شېئىرلىرى تېما
ئالاھىدىلىكى ، مەزمۇندىكى ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇب ، قۇرۇلما ، ئوبـ
ـراز ، تىل قاتارلىق بەدىئىيلىك ياقتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزگىچە
ئۇسلۇبنى شەكىللەندۇرۇپ ، بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ رەڭـ
ـدار باغچىسىغا ھۆسن قوشتى .

## ئوسمانجان ساۋۇت

### ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ھاياتى ۋە شېئىر ئىـ جادىيىتى

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت (مىلادىيە 1945 ـ يىلى ) بۈگۈنكى
زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىـ
ـرى . ئۇ مىلادىيە 1961 ـ يىلى تۇنجى شېئىرىنى ئېلان قىلغاندىن
تارتىپ ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي
تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى . ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۇرەكتە
ئالەمچە سۆيگۈ» ، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» ،
«توزان قەسىدىسى» ، «ياڭرا ئەجەم» ، «يۈرىكىم ، سېنىڭ قېـ
ـپىڭ» ، «دالىلارنى باشلاپ كەلدىم قۇچاقلىرىڭغا» ، «قورۇق
تام» ، «كۈلكەم لىرىكىلىرى» ، «سۆيگۈ ـ كۈي» ، «يېڭى يىل



تۇيغۇلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ نامىنى ئېلىمىز كىتابخانلىـ
ـرىغىلا ئەمەس ، چەت ئەل ئوقۇرمەنلىرىگىمۇ تونۇتتى .
ئوسمانجان ساۋۇت مىلادىيە 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ماناس
ناھىيىسىدە تۇغۇلغان .1962 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . 1966 ـ يىلى ئوقۇش
پۈتتۈرگەندىن تارتىپ 1973 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇمۇلدا قايتا
تەربىيە ئالغان ھەم ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن . 1974 ـ يىلىدىن
تارتىپ ساۋەن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن . 1986 ـ
يىلىدىن بۇيان «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىـ
ـدۇ .
ئوسمانجان ساۋۇت بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ناھايـ
ـتى ھوسۇللۇق ھېساپلىنىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى .ئۇنىڭ ھاـ
ـزىرغىچە مىڭ پارچىدىن كۆپرەك شېئىرى ئېلان قىلىندى ، ھەر قايسى
نەشرىياتلاردا «ئالمىدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» (1984 ـ يىل ) ،
«تاڭ لىرىكىسى» (1989 ـ يىل ) ، «تۇن تىۋىشلىرى ) (1999 ـ
يىل ) ، «تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى
نەشر قىلىندى .

### ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىـ لىكلىرى

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە لىرىك شېئىر ئاساـ
ـسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇنداق دېيىش تامامەن مۇمكىنكى ، ئوسمانجان
ساۋۇت بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە لىرىك شېئىر ئىجادىيىـ
ـتىنى بەلگىلىك يېڭى پەللىگە كۆتۈرگەن شائىرلارنىڭ بىرى ھېسابلىـ
ـنىدۇ . شېئىرىي ئۇسلۇبتىكى ئىزچىللىق ، شېئىرىي تېمىدىكى كەڭـ
ـلىك ، شېئىرىي پىكىردىكى چوڭقۇرلۇق ، شېئىرىي ھېسسىياتتىكى

قايناق ۋە جۇشقۇنلۇق ، قۇرۇلمىدىكى پۇختىلىق ، شېئىرىي تىلدىكى
رەڭدارلىق ۋە يارقىن مۇزىكىدارلىق قاتارلىقلارنى ئوسمانجان ساۋۇت
لىرىك شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ .
ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدىكى ئىزچىللىق ئاساسەن ئۇنىڭ
شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات ئىزچىللىقىغا قارىتىلغان . ھېسسىيات
شېئىرنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى ، شېئىرىي پىكىرنىڭ تۇغۇت ئانىسى
ۋە قانىتى ئۇ تەبىئەتتىن ، جەمئىيەتتىن كېلىدۇ . شائىر تونۇشنىڭ
چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە چوڭقۇرلىشىدۇ ،
بېيىدۇ ۋە ئۆز ھارارىتىنى ئاشۇرىدۇ . ئوسمانجان ساۋۇت لىرىك
شېئىرلارنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىدىغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر
رەڭ ، ھەر بىر ئاۋاز ، ھەر بىر كىچىك كۆرۈنۈشنىڭ ئىنتايىن
ئۇششاق زەررىچىلىرىگە ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ ، ئۇلا-
رنى ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ھېسسىيات مەنەسى قىلالىغان . شۇنداق بول-
غاچقا ، ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئادەتتە كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئاسان
چۈشمەيدىغان «قاراتاش» بىردىنلا جانلىنىپ ، ئاجايىپ چوڭقۇر شېئى-
رىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ ؛ «ئالمىدەك يۈرەك» كە «ئالەمچە سۆيگۈ»
سىغىدۇ ؛ كېيىمگە قونۇۋالغان «توزان» مۇقەددەس ۋەتەننىڭ مۇقەد-
دەس تۇپرىقى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ ، كىتابخانغا چەكسىز يۈكسەك-
لىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ ؛ «ئالا بويناق» بولسا ساداقەتمەن ۋەتەنپەر-
ۋەر سىياقىدا نامايان بولىدۇ . «قاراتاش» بىلەن «ئالا بويناق» نى
ۋەتەنپەرۋەر ئەزىمەتنىڭ سىمۋولى نۇقتىسىدىن ، «توزان»نى مۇقەد-
دەس ۋەتەن تۇپرىقى نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ۋە جانلاندۇرۇپ ئىپادىلەش
شېئىرىي ئوبيېكتقا بولغان مۇئامىلە نۇقتىسىنى ئۆزگەرتىشكە ماھىر
شائىرلارلا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان ئىش بولۇپ ، بۇ جەھەتتە ئوسمان-
جان ساۋۇت ئۆز ئىجادىيىتىدە خېلىلا كۆپ شېئىرىي نەمۇنە ياراتتى .
بىز ئوسمانجان ساۋۇتنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر لىرىك شېئىر ئىجاد-
ىيىتىنى بەلگىلىك يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى دېگىنىمىزدە ئاساسەن



مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتىمىز . بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ
بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يەنىمۇ تاكامۇللىشىشىغا قوش-
قان مۇھىم بىر تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ . ئوسمانجان ساۋۇت ئىجادىيە-
تى ئىزچىللىققا ئىگە دېگەندىمۇ ، ئۇنىڭ 35 يىلدىن بۇيان شېئىر
يېزىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنىلا ئەمەس ، ئەڭ مۇ-
ھىمى ، ئاشۇ 35 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لىرىك ھېسسىيات
ئىزچىل ھالدا بېيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ، شېئىرىي پىكىرنىڭ ئىزچىل
ھالدا مۇكەممەللىشىپ ، كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى-
نى ، شېئىرىي مۇھىتنىڭ بارغانسېرى رەڭدارلىشىپ ، شېئىرىي ئوب-
رازلىرىنىڭ بارغانسېرى تاكامۇللىشىپ بارغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز .
مەسىلەن ، 1962 - يىلى يېزىلغان «قار» لىرىكىسى بىلەن
1985 - يىلى يېزىلغان «بۇلاق»نى ئۆزئارا سېلىشتۇرىدىغان بولساق ،
شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ ۋەزىن سالمىقى ، شېئىرىي پىكىرنىڭ چوڭ-
قۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى جەھەتتە 1980 - يىللاردا يېزىلغانلىرىنىڭ
1960 - يىللاردا يېزىلغانلىرىغا قارىغاندا ھامان سالماقلىق ئورۇن
ئىگىلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز . بۇلاردىن 1960 - يىللاردا يېزىل-
غانلىرىدا شائىر تەبىئەتتىكى «قار» ۋە «بۇلاق» نى ئۆزىنىڭ ھېسسى-
يات ۋە تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەشتە بىر خىل ۋاستە سۈپىتىدە تاللى-
ۋالغان بولسا ، 1980 - يىللارغا كەلگەندە «قار» ۋە «بۇلاق» تىن
ئىبارەت تەبىئىي ھادىسىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە پەيدا قىلغان تۈرلۈك
ئىنكاسلىرىنى بىۋاستە ئىپادىلەيدۇ . دېمەك ، ئوخشاش شېئىرىي ئوب-
يېكتلار ئالدىنقى مەزگىلدە پىراز تەسۋىرىي نۇقتىسىدىن ، كېيىنكى
مەزگىلدە بولسا پسىخىكىلىق تەسۋىر نۇقتىسىدىن ئىپادىلىنىدۇ . شۇ-
ڭا بىز دەۋاتقان ئىزچىللىق يەنە بىر خىل مەنىدە شائىرنىڭ سىرتقى
دۇنيادىن روھىي دۇنياغا يۈزلىنىش ، بەلكى ئۇنىڭغا بارغانسېرى چوڭ-
قۇرلاپ كىرىش ، شېئىرىي ھېسسىياتتا بارغانسېرى بېيىش - پە-
شىش ، شېئىرىي پىكىردە بولسا ، بارغانسېرى چوڭقۇرلاش ۋە كەڭ-

لىك هاسىل قىلىش ئىزچىللىقى ھېسابلىنىدۇ . زورلاپ يېغىلغان
يىغىدا ، زورلاپ كۈلگەن كۈلكىدە ياسالمىلىق مانا مەن دەپ چېنىپلا
قالىدۇ ، خۇددى شۇنىڭدەك ، ھېسسىيات ئاساسى بولمىغان ھەر قانداق
بىر شېئىردا مەجبۇرلانغانلىقى ئاشكارىلىنىپلا قالىدۇكى ، ئۇ ئەڭ
زوْرۇر بولغان شېئىر ئامىلىدىن مەھرۇم بولغاچقا ، ئۇنى «شېئىر»
دېگىلىمۇ بولمايدۇ . ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەم-
چە سۆيگۇ» ، «تاڭ لىرىكىلىرى» توپلاملىرىدىن بۇنداق غەيرىي «شې-
ئىر» لارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ . بۇنىڭدىن شائىر ئوسمانجان سا-
ۋۇتنىڭ «شېئىر» غا ئەڭ يۇقىرى شېئىرىي تەلەپ بىلەن مۇئامىلە
قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ .

ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ
بولۇپ ، تەبىئەتنىكى ئەڭ ئادەتتىكى ھادىسىلەر ، جەمئىيەتتىكى ئەڭ
ئاددىي شەيئىلەرمۇ شائىرنىڭ لىرىك كەيپىياتتىكى نەزىرىدىن قېچىپ
كېتەلمەيدۇ . «قاشلىق بۇلبۇلغا» ، «قارلىغاچ ۋە قىزىم» ، «قورۇق
تام» ، «كەچۇرگىن سەن مېنى ، ئالا بوينىقىم» قاتارلىق شېئىرلار
بۇ سۆزىمىزنى ئوبدان چۈشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ .

فىزىئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، تۇيغۇ ، سېزىم ، تەسىرلە-
نىش ، زوقلىنىش . . . ھەممىلا ئادەمگە ئورتاق بولسىمۇ لېكىن پسى-
خولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن
شائىرلاردا ئىپادىلىنىش - سىرتلىنىش شەكلى بىلەن ھالىتى ئوخ-
شاشمايدۇ . جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ شائىرلار ۋە غەيرىي شائىرلار
دېگەن توپلارغا بۆلۈنۈشىدىكى ، يەنى ھەممىلا ئادەمنىڭ شائىر ، جۈم-
لىدىن ئىستېداتلىق شائىر بولالماسلىقىدىكى سىرمۇ دەل شۇ
يەردە . شائىردا ئالدى بىلەن باشقا ئادەملەرگە ئوخشاشمايدىغان تۇيغۇ ،
پەلسەپىۋى زوقلىنىش ، شائىرانە ئىستېدات بولىدۇ . شائىر تەبىئەت ،
جەمئىيەت ، ئادەم ۋە ئۆزلۈكىنى ، شۇنداقلا ئۇلاردىكى روھىي بوش-
لۇقنى باشقىلاردىن چوڭقۇرراق كۆزىتەلەيدۇ ھەم ئۇلارنى سەنئەتلىك



ھالەتتە قايتا ئىجاد قىلالايدۇ . ئوسمانجان ساۋۇت مانا شۇنداق شائىر ،
شۇڭا ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە شېئىرى كىشىگە ئالاھىدە يېقىشلىق ۋە
مەززىلىك بىلىنىدۇ .

تېما جەھەتتىن ئالغاندا ، ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرى ئالدى
بىلەن چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە ئىگە .

پەلسەپىۋىلىك - شېئىر مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەم ئۇنىڭ سەنئەت
ئېچىدىكى يۈكسەك ئورنىنىڭ كاپالەتلەندۇرگۈچىسى . شېئىرلاردا پەل-
سەپىۋى مەزمۇن قانچە چوڭقۇر بولسا ، ئۇنىڭ كىتابخاننى تەسىرلەن-
دۇرۇشى شۇنچە تىرەن ۋە ئۇزاققىچە سوزۇلىدۇ . شېئىرنىڭ
ھاياتىلىقى - ئۇنىڭ پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن قانچىلىك تويۇنغانلىقى
ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ . شېئىر ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى ۋە
ئۇنىڭغا مەنە ئاتا قىلىشىدىكى ئۆزگىچە تەپەككۇر ئۇسۇلى ھېسابلىنى-
دۇ . شېئىرىي تەپەككۇر كەسكىن پەلسەپىدىن ئېنىق ھالدا ئايرىلىپ
تۇرغاندەك قىلسىمۇ ، لېكىن پەلسەپە دۇنيانى كۆزىتىشنىڭ ئۇسۇلى
سۈپىتىدە سەنئەت ، جۈملىدىن شېئىرىيەتكە مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچ
بەخش ئېتىدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ، شېئىر بىلەن پەلسەپە بىر
- بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ . شېئىرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ
كىتابخانلار روھىي دۇنياسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئارقىلىق ئاذ-
دىن ئىشقا ئاشىدۇ . شېئىرغا پەلسەپىۋىلىك بەخش قىلىدىغان مەزمۇن-
لار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ ، مەيلى ئاچچىق ياكى شېرىن
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، شېئىر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن ھايات
ھەقىقەتلىرى ، كۆرسىتىلگەن كېلەچەك يوللىرى ، ئاشكارا قىلىنغان
قەلب سىرلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جۈملىگە كىرىدۇ .
شېئىرلاردا شائىرلار ئۆزلىرى نامايان قىلغان ھايات ھەقىقەتلىرى ،
كۆرسەتكەن كېلەچەك يوللىرى ۋە ئاشكارىلىغان قەلب سىرلىرىغا
ئۆزلىرىلا ئىشىنىپ قالماستىن ، كىتابخانلارنىمۇ ئىشىنىشكە دەۋەت
قىلىدۇ ، ھەتتا مەجبۇرلايدۇ . شېئىرىي پەلسەپە دېگەن دەل شۇ . بۇ

نۇقتىدا شېئىرنى ئادەتتىكى پەلسەپىۋى ئۇقۇملارنىڭ تىزمىسى ۋە شەرھىسى دەپ چۈشىنىش قانداق چاكىنىلىق بولسا ، شېئىرنى پەلسەپىۋى ئۇقۇملار تىزمىسى ۋە شەرھىسى قىلىپ قويۇشمۇ ئوخشاشلا چاكىنىلىق ھېسابلىنىدۇ . ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرى بۇنداق چاكىنىلىقلاردىن خالىي ، ئەكسىچە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋىلىك بەلگىلىك يېڭى ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ، شائىرنىڭ «قورۇق تام» شېئىرىنى ئالساق ، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئادەمئاتا ۋە ھاۋائاندىن بۇيان ئادەم ئۆزىنى قورۇققا ئالدى ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئادىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋالدى ؛ ئۇنى ئادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ ، دېگەن پىكىرنى تۆۋەندىكىدەك يورۇتقانلىقىنى كۆرىمىز :

چېگرىسىز كۆڭلۈمدە چېگرىسىز دالا ،
خىسلەتلىك زەررىلەر ، يانا ، يورۇق شام .
ئويلايمەن ، ئويۇمدا سالا ۋە سالا ،
بىنالار ئالدىغا چۈشكەن قورۇق تام .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، خىيال بىلەن قەلبنىڭ چەكسىزلىكى ۋە ئازادىلىكى دەرۋەقە جەمئىيەت تەرىپىدىن ھەر ۋاقىت «قورۇق» قا ئېلىنىپ تۇرىدۇ . شائىر تۇيغۇسىدا تەبىئەتتىكى تەققاسلانغان بىپايان قەلب دۇنياسى خۇددى «چېگرىسىز دالا» دەك يېيىلىپ ياتىدۇ .

قەيەردىن كىردى ئۇ ھاياتقا ، كۈلگەن ـ
سۆيگۈگە يەتكۈزدى قانداق ئەھمىيەت ؟
كىم دەسلەپ زېمىننى بۆلەككە بۆلگەن ؟
قورۇقنى ياسىغان قايسى بەتنىيەت ؟



شېئىر چوڭقۇرلىشىپ بۇ يەرگە كەلگەندە ، بىز شائىردىكى ھېسسىياتنىڭ بارغانسېرى تاكامۇللاشقانلىقىنى ، شېئىرىي پىكىرنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقانلىقىنى كۆرىمىز ۋە بۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز . لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئادەملەرنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرىكىشى ، بۇ شېئىرنىڭ ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ . سەن ـ ئادەم ، قەلبىڭ بىپايان ، يەنە سەن ـ ئادەم ، لېكىن ئۆزۈڭ ئۆزۈڭنىڭ بىپايان قەلبىنى قورۇققا ئېلىپ ، تراگېدىيىلىك تەقدىرىڭنى ياساپ چىقىۋاتىسەن . . .

يۇقىرىقى شېئىرنى ئوقۇپ بولغىنىمىزدا ، ئۇنىڭ كەم ـ كۈتىسىز پەلسەپىۋى لىرىك شېئىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۇ شېئىرىدا ، شۇنداقلا باشقا كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ تەبىئەت ، جەمئىيەت ، ئىنسان قەلبى . . . شېئىر بىلەن تولغان ، دېگەن پىكىرنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان ، يۇقىرىقى شېئىرنى ئالساق ، ئۇ نوقۇل ھالدىكى «قورۇق» ئۇقۇمى ۋە «قورۇقسىزلىق» قا بولغان تەلپۈنۈش خاھىشى ياكى قېلىپلىشىپ قالغان «ئادەملەر ، قەلبىمىزدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ ، كەلگۈسىگە باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەيلى» دېگەندەك دوگما «شېئىرىي تەپەككۇر» دىن خالىي بولۇپ ، ھەقىقىي شېئىرىي پۇراققا تويۇنغان .

پەلسەپىۋىلىك ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدا يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنى ئارقىلىق تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈلىدۇ .

ۋەتەنپەرۋەرلىك ، ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا ، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئۆلمەس تېما . مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىدىن تارتىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، مەھمۇت قەشقەرى ، نەۋائى ، زەلىلى ، ھىرقەتى ، موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ شېئىرلىرىغىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇرتقىسى بولۇپ كەلگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەتەنپەرۋەرلىك كلاسسىك شا-

ئىرلىرىمىزغا ئىنسانىي بۇرچ ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە شائىرانە ۋىجدان بېغىشلىغان بۈيۈك مەنىۋى كۈچ ھېسابلىنىدۇ . مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن شائىر ئوسمانجان ساۋۇتمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكى قاتلاملىرىدىغىچە ، ھەتتا ھەربىر ئايرىم سۆزلىرىگىچە «ۋەتەن» ئۇقۇمى ۋە «ۋەتەن» ئېڭى سىڭگەن . بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى خىلمۇ خىل بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشى بىلەن تويۇنغانلىقىنى ھېس قىلىمىز . ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ دېيىش كېرەككى ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنىڭ شائىردىكى ئاجايىپ ئىپادىسى ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاجايىپ يارقىن مەنىلەرگە ۋە بۇ مەنىلەرگە زىچ ماسلاشقان شەكىل گۈزەللىكىگە ئىگە قىلغان . شائىر «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» ، «تۇزان قەسىدىسى» ، «ياڭرا ئەجەم» ، «يۈرىكىم ـ سېنىڭ قېپىڭ» ، «دالىلارنى باشلاپ كەلدىم قۇچاقلىرىڭغا ،» «قورۇق تام» ، «كۆلكەم لىرىكىلىرى» ، «سۆيگۈ ـ كۈي» ، «يېڭى يىل تۇيغۇلىرى» قاتارلىق دېگەندەك زور بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى خىلمۇ خىل نۇقتىلاردىن ، ئوخشاشمايدىغان كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقلاردىن كۈيلىگەن . يۇقىرىقى شېئىرلاردىن «كەچۈرگىن سەن مېنى ، ئالا بوينىقىم» دا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمىگەن باشقىچە بىر نۇقتىدىن ئىپادىلىگەن . مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ، شېئىر ئۆزىنىڭ پۈتۈن تېندېنسىيىسى بىلەن دەۋرگىلا ئەمەس ، تارىخقا ، مىللەتكىلا ئەمەس ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ . ئوسمانجان ساۋۇت ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ ھەم قەدىمىي ، ھەم مەڭگۈلۈك تېمىنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى . ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» شېئىرى ئەنە شۇ خىل يۈكسەكلىكنىڭ شائىر ئىجادىيىتىدىكى نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ .



قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغىدۇ ،
ئېرىقتا ئاقالماس دەريا كەبى سۇ .
قىل سىغماس ھەقىقەت بولۇپ ئەزەلدىن ،
كىشىلەر قەلبىگە ئورنىغان سۆز بۇ .

ۋە لېكىن ۋەتىنىم سەن باشقا دۇنيا ،
مېھرىڭدىن تاشقىمۇ بەردىڭ سەن سەزگۈ .
مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ ، ئورناتتىڭ ئۆزۈڭ ،
ئالمىدەك يۈرەككە ئالەمچە سۆيگۈ .

پۈتۈن شېئىر مۇشۇ ئىككىلا كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن «قەدەھ» بىلەن «ئېرىق» ، «شاراب» بىلەن «دەريا» نىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن ھاسىل بولۇۋاتقان ، پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە يەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بۇ شېئىرنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىق مەركىزىگە تۇتاشقان بولۇپ ، بىز ئۇنىڭدىن ئىختىيارسىز ھالدا روھنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن مۇقەددەسلىكىنى تولۇق ھېس قىلىمىز . قەدەھ ، شاراب ، سۇ ، تاش ، سەزگۈ قاتارلىقلار بۇ شېئىردا بىر پۈتۈن شېئىرىي ھېسسىيات سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈپ چەكلىك مەۋجۇتلۇقتىكى چەكسىز روھىيەتنىڭ قۇدرىتىنى ۋەتەنگە باغلايدۇ .

دېمەك ، ئوسمانجان ساۋۇت پەلسەپىنى شېئىردىكى بىر مەنە سىستېمىسى دەپ قارىغانكى ، شېئىرنى ھەرگىزمۇ پەلسەپىنىڭ پاسسىپ شەرھىگە ، ئۆزىنى بولسا ۋەزخانغا ئايلاندۇرۇپ قويمىغان . شائىر تەبىئەتتىكى ئەڭ كىچىك ۋە كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان مەۋجۇداتلارنىمۇ شائىرانە تۇيغۇ كۆزنىكىدىن ساقىت قىلىۋەتمىگەچكە ، شۇنداقلا قايناق ھېسسىياتنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە ئىپادىلىگەچكە ، «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» دېگەن ماۋزۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان شېئىرىي مەزمۇنغا تويۇنغان مۇستەقىل بىر

شېئىرىي ئەسەر بولالايدۇ . «ئالمىدەك يۈرەك» بىلەن «ئالەمچە سۆيگۈ» نىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن كېلىپ چىققان ئالاھىدە روشەن پەرق ، قارىماققا ئاددىي بىلىنىدىغان بۇ بىر جۈملە سۆزگە چوڭقۇر شېئىرىي مەنە ، ناھايىتى ئۆتكۈر شېئىرىي پۇراق ، كۈچلۈك شېئىرىي ئېنېرگىيە ، شېرىن شېئىرىي تەم بەخش قىلغان . شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر جۈملە ھەممە ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بىر شېئىرىي مىسرا بولۇپ قالغان . بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە خەلق ئارىسىدا بۇنچىلىك كەڭ ئومۇملاشقان شېئىرىي مىسرالار كۆپ ئەمەس .

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىكى لىرىك باش قەھرىمان «مەن» كۆپ ھاللاردا شائىرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ . شائىر ئۆزىنىڭ تەبىئەت ھەم ئىنسانلارغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ، ھاياتقا ۋە تۇرمۇشقا بولغان كۆز قاراشلىرىنى ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان پىكىرلىرىنى ، ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىنى ئانىغا ، پەرزەنتلەرگە ، ئەۋلادلارغا ، شۇنداقلا سۆيگەن يارىغا بولغان مۇھەببەتلىك ھېسسىياتلىرىنى ئاشۇ لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ چىن ۋە نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرىدۇ . شائىرنىڭ بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى لىرىكىلىرىدا بۇنداق لىرىك قەھرىمان بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۆز ھېسسىياتىنى ئوچۇق ئىزھار قىلىدۇ .

«شۇ مېنىڭ ئەقىدەم ، ئۆتەر ئىلكىدە ،
ئۆمرۈمنىڭ ھەر بەرگى - دەقىقەم ، سوتكام .
مىڭ جەننەت راھىتىن بېرىدۇ ماڭا ،
لاي سۇۋاق ئۆيۈم ۋە قىيسايغان بوتكام .
بايلىقىم - دىلدىكى ساڭا مۇھەببەت ،
ۋە سادىق ھەمراھىم قەلەم ، چىش چوتكام .



خەقلەرنىڭ مىننەتلىك ئېشىدىن ئەلا ،
ئۆزۈمنىڭ قازىنى بەرگەن ئاش ، بوتقام .
يۈرىكىم قولۇمدا ، تۇتىمەن ساڭا ،
ئانا يەر ، بىر ئېسىل ئالەمسەن ماڭا .»
(«يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا» دىن)

بۇ شېئىردىكى لىرىك باش قەھرىمان «مەن» ئۆزىنىڭ ئانا دىيارىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىنتايىن يارقىن ، تەسىرلىك ، ئىجادىي لىرىك پىكىرلەر ئارقىلىق يورۇتقان بولسا ، «يۈرىكىم سېنىڭ قېپىڭ» شېئىرىدا يەنە بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىگە «ئالتۇن بۆشۈك» سانىلىدىغان ئانا ۋەتەننى ئۆزىنىڭ يۈرەك قېپىغا ئوراپ ساقلايدىغان قەسىمىنى بىلدۈرىدۇ . «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» ، «توزان قەسىدىسى» ، «ئاشۇنداق ياشايمەن ، ئاشۇ تۇيغۇدا» ، «ھەر زەررەڭ قۇياش بولۇپ تۇيۇلىدۇ» ، «ئامەت» ، «قۇياش قەسىدىسى» قاتارلىق شېئىرلاردا شائىر ئۆزىنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى يىپ ئۇچى قىلىپ ، لىرىك پىكىر ئۈنچىلىرىنى ئۇنىڭغا باغلاپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئەڭ ياڭراق ساداسىنى ياڭرىتىدۇ . 1979 - يىلى يېزىلغان «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» شېئىرى شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە نادىر ئەسەردۇر . شائىر بۇ شېئىرنى

يالغاننى تۈزمىدىم ئاشۇ يىللاردا ،
بېشىمغا تەگسىمۇ دەھشەتلىك تاياق .
قارشىلىق ياسىدى تۇغيان دىللاردا ،
پالاكەت باسسىمۇ ئۆيۈمگە ئاياغ .
غەمگۇزار ۋەتىنىم - ئەي ئۇلۇغ ئانا ،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق .

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلاپ ، لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ
خەلقىمىزنىڭ بېشىغا ئاپەت ياغقان ئاشۇ قاراڭغۇ يىللاردىكى كەچۈر-
مىشلىرىنى بايان قىلىدۇ . ئەگەر ئاپتور بايان تىلى ئارقىلىق خەلقى-
مىزنىڭ جىسمى ۋە مەنىۋىيىتىدە قالغان يارا ئىزلىرىنى ئېچىپ
كۆرسىتىپ شىكايەت قىلىش بىلەن چەكلەنگەن بولسا ، بۇ شېئىر
ئەدەبىياتىمىزدىكى «جاراھەت ئەدەبىياتى» دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ
قېلىپ ، ھازىرقىدەك ئىجادىي مەنزىلگە يېتەلمىگەن بولاتتى ، شۇنىڭ-
دەك ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىمۇ ھەل بولمايتتى . شائىرنىڭ
مەقسىتى جاراھەتنى ئېچىپ كۆرسىتىشلا ئەمەس ، بەلكى ۋەتەنپەرۋەر-
لىكنىڭ جاراڭلىق ناخشىسىنى ياڭرىتىش بولغاچقا ، شائىر ئۆزىنىڭ
لىرىك قەھرىمانىنى «تۆھمەت» ، «سۇيىقەست» ، «زورلۇق» لار قى-
يىن - قىستاققا ئالغان ئەڭ قىيىن ، ئەڭ جاپالىق مۇھىتتىكى
ئىپادىسىنى يازىدۇ .

تۆھمەتنى رەت قىلدىم ، قىلمىدىم پىسەنت ،
سۇيىقەست دەشتىدە ياۋ قالدى ياياق .
ئېلىشتىم ، زورلۇقتا ياۋ يەڭگەن بىلەن ،
ھەقىقەت بابىدا تاپشۇردى ياراغ .
بەقۇۋۋەت سەزدىمەن ئۆزۈمنى ئانا ،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق .

«پەيلىم» دىن يانمىدىم ، تۇردۇم قەد كېرىپ ،
بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قەستى جان ئالماق .
دېدىمكى ، لەببەيچى تولغان جەننەتتىن ،
مىڭ ئەلا پىداكار ئەر چۈشكەن دوزاخ .
پەزىلەت نۇر چاچتى ، ئەي ئۇلۇغ ئانا ،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق .



دېمەك ، لىرىك قەھرىمان يالغانلارغا ئالدانمايدۇ ، سۇيىقەستلەر-
گە تىز پۈكمەيدۇ ، لەببەيچىلەردىن يىرگىنىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىللە
«توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ» نەپسىنى قاندۇرۇش ، زامانغا بېقىپ
ئىش كۆرۈش توغرىسىدىكى دەۋەتلەرگە ئەگەشمەيدۇ ، قىسقىسى ،
زۇلمەتتىن قىينىلىپ تاڭدىن كەچمەيدۇ . جۈرئەت ، ئەقىدە ۋە ۋىجدان
قۇدرىتى ھەرزامان سوۋۇماي «قايناق» ھالەتتە تۇرىدۇ . بۇ لىرىك
قەھرىماننىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق ۋە چىدام نەدىن كەلگەن ؟
شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەنبەسى ۋە قەھرىمانلىقنىڭ سەۋەبى : «ۋە-
تىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» دېگەن مىسرا بىلەن چۈشەندۈر-
دۇ . شېئىرنىڭ ماۋزۇسى قىلىنغان ۋە ھەربىر كۇپلېتتا بىر قېتىم
تەكرارلانغان بۇ بىر مىسرا شېئىرىي پىكىرنىڭ تەبىئىي راۋاجى ۋە
شېئىرىي پىكىرنىڭ «كۆزى» بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئانىنىڭ پەرزەنتلەرگە
بولغان مۇھەببەت رىشتىسى ئانىنىڭ ئاق سۈتى بىلەن پەرزەنت ۋۇجۇ-
دىغا سىڭىپ كەتكەندەك ، ۋەتەنگە بولغان چىن ئەقىدە ۋە مۇھەببەتمۇ
ۋەتەنسۆيەر ئوغلانلارنىڭ قەلبىگە ، ئېڭىغا ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭىپ
كەتكەن ، بۇ بىر تەڭداشسىز ئۇلۇغ مۇھەببەت بولۇپ ، ھېچقانداق قارا
كۈچتىن يېڭىلمەيدۇ . ۋەتەن مۇھەببىتى ھەرقاچان ، ھەرزامان ھەم-
مىدىن غالىبتۇر ، دېگەن پىكىر مۇجەسسەملەنگەن . شۇنداق ئېيتىشقا
بولىدۇكى ، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» دېگەن بۇ شېئىر
بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ئالمى-
دەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» شېئىرى ۋە مەرھۇم شائىر تېيىپجان
ئېلىيېۋنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دېگەن نادىر ئەسىرىدىن كېيىن
بارلىققا كەلگەن يەنە بىر نادىر ئەسەر سانىلىدۇ .
ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ۋەتەن مۇھەببىتىگە بېغىشلانغان ئەسەرلى-
رى ئايرىم - ئايرىم ئەسەرلەردەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمەلىيەت ئۇلار
مەزمۇن جەھەتتە بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ، كۈچلەندۈرۈپ ، مۇكەممەل

بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىدۇ . شۇڭا ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى-
دىكى بارلىق ئەسەرلىرىنى ئوخشاشمىغان مەزگىللەردە يېزىلغان ،
لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن بىرى - بىرىنىڭ داۋامى ۋە تولۇقلىمىسى
ھېسابلىنىدىغان چاتما شېئىرلار دېيىشكە تامامەن بولىدۇ .
تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتىن ئالغاندا ، ئوسمانجان سا-
ۋۇتنىڭ «بىر ماجىرادىن تەسىرات» ، «تۆگە ۋە ئىت» ، «يالغانچى-
نىڭ شەرھى» ، «بىر تۆرگە تېز سىزما» قاتارلىق لىرىكىلىرى
ئەخلاقىي تېمىغا بېغىشلانغان بولسا ، «ياخشى كىشى بىر جەننەتتۇر
ئالەمدە» ، «تەڭتۇشلۇق تۇيغۇسى» ، «قازاق دوستۇمغا» قاتارلىقلاردا
شائىر ، كىشىلەر ئارا دوستلۇق ۋە مىللەتلەر ئارا ئىناقلىقنى مۇۋەپپە-
قىيەت كاپالەتنامىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ ، ئۇنى قەدىرلەيدۇ ؛. «دىيا-
رىمىز» ، «بۇ مېنىڭ مەھەللەم» قاتارلىقلاردا ئانا يۇرت مۇھەببىتى
ۋە ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتى شائىر قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر
قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىقسا ، «كۆكلەم لىرىكىلىرى» ، «تاڭ لىرى-
كىلىرى» ، «ھىلال ئاي تەسىراتلىرى» ، «بەختلىك بالام سەن ،
بەختىڭ يورۇق كۈن» قاتارلىقلاردا شائىر ئازاد زامانغا بولغان چەك-
سىز ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتىنى گۈزەل ۋە قايناق لىرىك مىسرالار
ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ ؛ «خەلقىم» ، «نان» ، «دېھقان ئاتا ، نان تەڭ-
رىسى ، جانجان» لىرىكىلىرىدا مېھنەتنى ، ئەمگەكچى خەلقنى بېشىغا
ئېلىپ ئۇلۇغلىسا ، «چاي تۇتتۇڭمۇ ، شارابمۇ» ، «بىر شەھەردە يا-
شايمىز ، ئەمما» ، «ئاپئېقىم» ، «مۇھەببەت كېچىسى» ، «باغ ئىچىگە
قارايدىكەن دېرىزەڭ» ، «ئايغا جاۋاب» قاتارلىقلاردا ئىنسانىي سۆيگۈ ،
ئىنسانىي مۇھەببەت ھەققىدىكى بارلىق ئىزگۈ ھېسسىياتنى ئىنتايىن
يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ ، كىتابخانلارنى ساداقەتمەن سۆيگۈ-
گە دەۋەت قىلىدۇ . ھاياتقا بولغان ئەقىدە ۋە مۇھەببەتنى چىڭىتىدۇ .
سۆيگۈ ، ياشلىق ، گۈزەللىك قاتارلىقلارنى چىن دىلدىن كۈيلەپ ،
ئۇلارنى كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ، ھەقىقىي قىممىتى



سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ . «ئەركىلە ، بالام» ، «تۇغۇلغان كۈ-
نۈڭگە مۇبارەك ، ئامان» قاتارلىقلاردا ئەۋلادلارغا بولغان مەسئۇلىيەت
ھەم ئۈمىدۋارلىق ئىپادىلەنسە ، «چېچىمدىكى بىر تال ئاق» ، «ئاشۇنى-
داق ياشايمەن ، ئاشۇ تۇيغۇدا» ، «تاشنى تېشەر نىگاھ بىلەن ياشاي-
مەن» ، «ياش لوگىكام» ، «ئۇرۇمچى ، سەن مېنىڭ ئون توققۇز
يېشىم» ، «داللارنى باشلاپ كەلدىم قۇچاقلىرىڭغا» ، «سۆيگۈ -
كۈي» قاتارلىق لىرىكىلاردا شائىر ئۆزىنىڭ كىشىلىك دۇنيا ، ھايات ،
كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىنتايىن
نازۇك ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى بىۋاسىتە ھالدا ئىپادىلەيدۇ . بۇ
بىر يۇرۇش قەلب لىرىكىلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ، شائىر ئوسمانجان
ساۋۇت بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا شائىر بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن
ئادەم بولۇش لازىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ، بارلىق ئەزگۇ ھېسسى-
يات ، گۈزەل قەلبىنىڭ سادىق كۈيچىسى سۈپىتىدە ، گۈزەللىك مەستا-
نىسى ، ھەقىقەت ھامىيسى سۈپىتىدە ، قاباھەت ، خۇنۇكلۇك ۋە ساختى-
تىلىقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ . «ئالمىنىڭ
ھىدىغا كۆمۈلگەن دالا» ، «ئاق ئالمىنىڭ ئاق چېچىكى ئاق
قاردەك» ، «تۇنجى قار» ، «تاڭدا تۇرۇپ» ، «تاڭ تارايدۇ تاغلا-
رنى بويلاپ» ، «قار باسقان داللار ، قار باسقان يوللار» قاتارلىقلار-
دا بولسا ، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ بۆشۈكى ، جۈملىدىن بارلىق ھايا-
جان ۋە ھېسسىياتنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى بولغان سېخىي تەبىئەتنى
زوق - شوخ بىلەن كۈيلەپ ، تەبىئەتكە روھ ئاتا قىلىدۇ . تۇرغۇن
ھالەتتىكى تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى شائىرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىر-
لىشى ئارقىلىق قايتىدىن جانلىنىپ ، چەكسىز ھاياتىي كۈچكە تولى-
دۇ .
شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ لىرىكىلىرىدا مۇزىكىدارلىق ئاسا-
سىي ئورۇندا تۇرىدۇ . مۇزىكىدارلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم
بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ ، بۇ خىل خۇسۇسىيەت كلاسسىك شېئىرىيە-

تىمىزدىكى ئارزۇ ۋەزىننى ئاساس قىلغان شەكىللەردە ئومۇمەن تەلەپى قاتتىق بولىدىغان رىتىم ۋە تۇراقلاردا ، ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ قاپىيىلىنىشى ياردىمىدە گەۋدىلىنەتتى . كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە مۇزىكىدارلىق ئومۇمەن تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ، شائىرلارنىڭ تىل ماھارىتىنى سىنايدىغان بىر ئۆلچەم بولۇش سۈپىتىدە مۇھىم بىر خىل شېئىرىيەت مېتودى شەكىللەندۈرگەن ، بۇ خىل مېتود گەرچە بۈگۈنكى زاماندىكى بەزى شائىرلىرىمىز تەرىپىدىن ھەم قوللىنىپ ، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ كۆپىنچە بىر خىل سەۋىيىنى ساقلاپ كەلگەن . ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدا بولسا مۇزىكىدارلىق بىر خىل مېتودلا ئەمەس ، بەلكى شېئىرلار گەۋدىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن . ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ كۇپلېتلىرى تۆت مىسرالىقتىن بولغان كۆپلىگەن لىرىكىلىرىدا 1 ـ ۋە 3 ـ مىسرا بىلەن 2 ـ ۋە 4 ـ مىسرانىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تولۇق قاپىيىلىنىپ كېلىشى ۋە شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئوخشاشمىغان كۇپلېتلاردا تەكرارلىنىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ .

يىغلاڭغۇ ئەمەسمەن ، ئەمما يىغلايمەن ،
ئانلار نان تىلەپ كۆتۈرگەندە قول .
ئۆرتىنەر يۈرىكىم ، زىنھار قىيمايمەن ،
ئۇمىدلىك ئەۋلادلار ئاداشقاندا يول .
(«يىغا» دىن )

بىر شەھەردە ياشايمىز ئەمما ،
كۆرۈشمەيمىز پەسىللەرگىچە .
ئەھدىمىز چىڭ ، ئىشقىمىز ھەتتا ،
نۇر چاچىدۇ ئەسىرلەرگىچە .



(«بىر شەھەردە ياشايمىز ئەمما» دىن )

خىلمۇ خىل مىجەزلەر ، خىلمۇ خىل ئادەم ،
خىلمۇ خىل نىيەتلەر ، خىلمۇ خىل كۈلكە .
ئاشۇ كۆپ خىلمۇ خىل ئىچىدە ئالەم ،
ئارىلىشىپ ياشايدۇ ئارسلان ، تۈلكە .
(«قارا كۈلكە» دىن )

شېئىر دېگەن ھاياتتۇر ، شېئىر دېگەن مۇھەببەت ،
ئوت بېرىدۇ باغرىدىن ئوتسىرىغان ئالەمگە .
شېئىر دېگەن خۇدادۇر ، شېئىر دېگەن مۇھەببەت ،
شەيتىنىنى بوغۇزلاپ ئازاد بولغان ئادەمگە .
(«شېئىر ـ ھايات ، ئانا ، مۇھەببەت ، ۋەتەن» دىن )

دېرىزەمدە ئاقىدۇ ئەلۋەك ،
قاردەك ئاپئاق ئايىنىڭ شولىسى .
تۆكۈلگەندەك سەزدىم ئۆيۈمگە ،
ئاي نۇرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ،
قاردەك ئاپئاق ئايىنىڭ شولىسى .
(«ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» دىن )

ئالماسىنىڭ يۈزىدەك ياندى مۇھەببەت ،
مۇقەددەس بىر ئوتتا تاۋلاندىم ھەرئان .
غايىبتىن پۈتۈلدى ماڭا بىر قۇدرەت ،
ئايلاندىم ئۇرۇقتا ـ تاش يارغان سەردان .
كۆزدىكى ياپراقتەك تۆكۈلدى ئىللەت ،
قەدىمىدىن ، قەلبىمدىن (يا ! شاھى مەردان ! )

زورايدى خسلتىم ، تاپتىم كۆپ قىممەت ،
چاقىندى ئۆمرۈمدە ھەر ئۆتكەن جەريان .
سەن بىلەن ئاسمانغا تاقاشقان بېشىم ،
ئۈرۈمچى ، سەن مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم .

يۇقىرىقى مىساللاردىن ئوسمانجان ساۋۇت گەرچە ئارۇز ۋەزنىنى
قوللانماي ، بارماق ۋەزنىنى قوللانغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ قەلە-
مى ئاستىدا سۆزلەرنىڭ ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا بىرىكىشى ، ئۆزئارا
ئىنتايىن توق قاپىيىلىشىشى ، سۆزلەرنىڭ ، ھەتتا مىسرالارنىڭ تەك-
رارلىنىشى ياردىمىدە شېئىر بىلەن مۇزىكىنىڭ ئىنتايىن ئاددىي ۋە
تەبىئىي ھالدا بېرىكىپ ، ئاجرالماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىۋات-
قانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ . ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرىدىكى
بۇنداق مۇزىكىدارلىق ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كىتابخانلارغا بېرىدىغان
تەسىرىنى تېخىمۇ بېيىتىش ، تولۇقلاش ، كۈچلەندۈرۈش ۋە چوڭقۇرلا-
شتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ . بۇنى شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بۈگۈن-
كى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش يولىدا
ئېلىپ بارغان مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر خىل ئىزدىنىشى دېيىشكە بولى-
دۇ .

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ نۇرغۇن لىرىكىلىرىدا شېئىرلارنىڭ ماۋ-
زۇسى يەنە شېئىر تېكىستلىرىدە تەكرارلىنىدۇ ، بۇنداق تەكرارلىق
بەزىدە كۇپلىتلارنىڭ باش قىسمىدا ، بەزىدە كۇپلىتلارنىڭ ھەتتا پۈتۈن
بىر پارچە شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇچرايدۇ . تېخنىكىلىق جەھەتتىن
ئالغاندا ، ماۋزۇلار بىر پۈتۈن شېئىرنىڭ باش قىسمىدا كەلگەن شېئى-
رىي پىكىرنى باشلاش رولىنى ، كۇپلىتلارنىڭ ، بولۇپمۇ بىر پۈتۈن
شېئىرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە بولسا ، پۈتۈن ئەسەردىكى شېئىرىي
پىكىرنى يەكۈنلەش رولىنى ئوينايدۇ . بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ، ئوسمان-
جان ساۋۇتنىڭ كۆپلىگەن شېئىر ماۋزۇلىرى شېئىرىي تېكىستتىن
ئايرىلىپ تۇرىدىغان مۇستەقىل بىر بۆلەك ئەمەس ، بەلكى شېئىرىي



تېكىستنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ .
شېئىرىي تىلنىڭ ئېنىقلىقى ، دەللىلىكى ، توغرىلىقى ، ئاددىيلى-
قى ۋە يېقىملىقى جەھەتتە ھارماي ئىزدىنىپ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتكە
ئېرىشىش ، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيەت تىلىنىڭ لۇغەت فوندىنى
بەلگىلىك دەرىجىدە بېيىتىش ؛ شېئىرنى ئىمكانقەدەر ئىخچام ، قىسقا
يېزىش ۋە بۇ ئارقىلىق شېئىرنى ئىخچام يېزىشنىڭ ئۈلگىسىنى يارى-
تىش قاتارلىقلارنىمۇ شائىر ئوسمانجان ساۋۇت شېئىر ئىجادىيىتىدى-
كى بىر ئالاھىدىلىك دېيىشكە بولىدۇ .
خۇلاسە قىلغاندا ، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ 1961 ـ يىلىدىن باشلان-
غان شېئىر ئىجادىيىتى زامان جەھەتتىن ئىزچىللىقتا ئىگە بولسىمۇ ،
لېكىن ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتكىنىگە قارىماي ، ئۇنىڭ يازغانلىرى
يەنىلا كۆپ ئەمەس ، شۇنداقتىمۇ شېئىرلىرىنىڭ سۈپەت ساپاسى ،
ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتى ، يەتكەن سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن
قارىغاندا ، ئوسمانجان ساۋۇت يەنىلا بىزدىكى بارماق بىلەن سانىۋالغۇ-
دەك شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ئىزچىل تۈردە خەلققە
«پىشمىغان غورا بەرمەسلىك» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئاز يازدى ،
لېكىن ساز يازدى . يازغانلىكى شېئىرلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى .
بۇ شائىر ئوسمانجان ساۋۇتقا قاياقتىندۇر كەلگەن بىر خىل «ئامەت»
مۇ ياكى شائىردىكى ئىزچىل تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىمۇ ؟ ناۋادا
بۇنى بىر خىل «ئامەت» دېسەك ، بۇنداق «ئامەت» بىزدە شېئىر
يېزىۋاتقان ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولىۋەرگەن ئەمەس . . .

## ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن ، تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

**ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن** ــ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبى-
ياتىدا كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋە بەلگىلىك تەسىرگە

ئېرىشكەن ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ،
پروزا ، دراماتورگىيە ، نەسر قاتارلىق ژانىر ـ شەكىللىرىدە ئىجاد
قىلىپ ، شۇنداقلا ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، ھەممە-
سىدىلا مۇناسىپ نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن . شۇنداقتىمۇ
ئۇنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسى ئالاھىدە
گەۋدىلىك بولۇپ ، بىر ئۆمۈر شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇل-
لانغان ، شېئىرلىرىدا ۋەتەن ـ خەلقنى ، كەڭ تەبىئەتنى كۈيلەپ ،
ئىنسان ۋە ھاياتلىق ھەققىدە ئىزدىنىپ مەلۇم ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق
شەكىللەندۈرگەن ، شۇنداقلا بەدىئىي ماھارەتلەر جەھەتتىمۇ مەلۇم پەل-
لە ياراتقان .

ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن مىلادىيە 1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا
قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى شامالباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان . ئاتا ـ
ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك ـ مەسەللەر ، شېئىر ـ قوشاقلار
ئۇنى ئەدەبىياتقا قىزىقتۇرغان . كەلگۈسىدە بىر ياخشى ئەدەبىياتچى
بولۇش ئىشتىياقى بىلەن باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئەدەبىيات
دەرسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن شۇنداقلا ئەدەبىياتقا دائىر كىتابلارنى
كۆپ ئوقۇغان . ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ ، 1957 ـ يىلى
سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىر-
گەن . ئالىي مەكتەپتە ئۇ ئەدەبىيات بىلىملىرى بويىچە ئەتراپلىق
تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋە دەسلەپكى شېئىرلىرىنى ئېلا-
ن قىلدۇرغان . مىلادىيە 1960 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، دەسلەپ
ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىسىدىكى قىزىل ئوتتۇرا مەكتىپىدە ، كېيىن
قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىش-
لىگەن . 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنى-
لى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن تارتىپ مىلادىيە 1994 ـ
يىلى پېنسىيىگە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇھەر-
رىرى بولۇپ ئىشلىگەن .



ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن 1958 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان
قىلىنغان «نۇرلۇق چىراغلار» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سا-
ھەسىگە كىرىپ كەلگەن ۋە شۇندىن كېيىنكى يىللاردا ئارقا ـ ئارقى-
دىن «باھار تۈيغۇسى» ، «نەي» ، «بۇلاق» ، «ھايات ئىشقى» ،
«گۇلجاھان» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ ، ئەدە-
بىيات ساھەسىدە تونۇلۇشقا باشلىغان . 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلى-
رىدىن كېيىن ، جۈملىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ
بوران ـ چاپقۇنلىرى سەۋەبلىك شائىر ھاياتتا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىق-
لارغا ، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىدى ، ھەتتا خىزمىتىدىن توختىتى-
لىپ ، رېجىم ئاستىدا ياشىدى . شۇنداق بولىشىغا قارىماي ئۇ قەلەمنى
تاشلاپ قويمىدى . قەلبىدىكى ئازاب ـ ئەلەملىرىنى ، كەلگۈسىگە بول-
غان ئۈمىدۋارلىقىنى ، ۋىجدان بىلەن ياشاپ ، غايە ئۈچۈن كۈرەش
قىلىش روھىنى «مەھبۇس تىلەكلىرى» ، «ھاياتقا مۇھەببەت» ، «ۋىد-
سال ئارزۇسى» ، «قەلب ساداسى» ، «كۈلۈپ ياشايلى قىسمىتىمىز-
دىن» ، «ھىجران قوشاقلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئىپادىلەپ ،
مۇنداق جەڭگىۋار مىسرالارنى يازغان ئىدى :

نىگارىم ، باقسام كىرپىكىڭدە نەم ،
سولغۇن يۈزۈڭنى يۇيۇپسەن ياشتىن .
ئۆزۈڭنى مۇنچە قىينىما ، ئەركەم ،
مەيلى تۆھمەت ياغسىمۇ باشتىن .
يات دىللاردىن چەكمىگىن ئەلەم ،
بولسۇن رەقىبكە باغرىمىز تاشتىن !
يۈرەكنى زورلۇق قىلسىمۇ پارە ،
ساداقەت ، ۋىجدان ئايرىلماس بىزدىن .
قورققانلارغا خاس كۆز يېشى ، نالە ،
كۈلۈپ ياشايلى قىسمىتىمىزدىن .

يېتەر ۋىسالىغا بىزدىكى غايە ،
مەردلىك ، جەسۇرلۇق خىسلىتىمىزدىن .

شائىر ئاشۇ رىيازەتلىك يىللاردا مانا مۇشۇ مىسرالاردا يازغىندەك غايە ، ۋىجدان ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاپ ، ئۆزلىرى تەلپۈنگەن ۋىسال كۈنلىرىگە ـ يېڭىچە ھاياتقا ئېرىشتى . يېڭىچە ھايات شائىرغا چەكسىز ئىجادىيەت مۇمكىنچىلىكى ۋە ئاجايىپ ئىلھاملارنى ئېلىپ كەلدى . شۇڭا ، 1980 ـ يىللار ۋە ئۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ، ئەڭ ھوسۇللۇق يىللىرى بولدى . ئۇ 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «ئۆچمەس يۇلتۇزلار» ، «كىتاب ھەققىدە باللادا» ، «دولان ناخشىلىرى» ، «نۇزۇگۇم» ، «بۈركۈت ناخشىسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلار ـ داستانلارنى ئېلان قىلىپ ، ئۆتكەنكى قاباھەتلىك يىللار ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى ، قايتىدىن گۈللەنگەن تەبىئەتنى ـ ھاياتنى كۈيلىدى ، ۋەتەن ـ خەلق يولىدا جان بەرگەن قەھرىمانلارغا بولغان سېغىنىش ، ھۆرمەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى . بۇ شېئىرلار ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا ياخشى باھالارغا سازاۋەر بولدى . مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ شائىر ئىجادىيىتىدە يېڭى يۈكسىلىش مەيدانىغا كېلىپ ، ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى . ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرى يېڭىچە پىكىر قىلىش نۇقتىلىرىغا ، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلارغا ، پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە ، ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسۇل ـ ماھارەتلەرگە ، يېڭىچە بەدىئىي ئوبرازلارغا ۋە مۇھىم تېمىلارغا ئىگە بولدى . شائىر ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق يۈكسىلىش ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە يازغان «تەبىئەتتۇر مېنىڭ داۋامىم» ، «ھاۋا» ، «سۇسىز ئېقىن» ، «چۈش» ، «قەبرىنامە» ، «ئۆزۈمگە سوئال» ، «پىنھان تۇيغۇلار» ، «شېئىر ۋە شائىر» ، «چۈشلىرىمنى ئوۋلايدۇ شېئىر» قاتارلىق شېـ



ئىرلىرىدا گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېزىلغان شېئىرلاردا شائىر ئادەم بىلەن تەبىئەت ھەققىدە كۆپ ئىزدەندى . شۇڭا ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىككى تېما بولۇپ قالدى . شائىرنىڭ پەلسەپىۋى ، ئەخلاقىي قاراشلىرى ، ھاياتلىق ھەققىدىكى ئىزدىنىشى ـ چۈشەنچىلىرى مۇشۇ تېمىلار ئارقىلىق ئىپادىلەندى . يېڭى دەۋردىكى شائىرلىرىمىز ئىچىدە ئادەم ھەققىدە ئەڭ كۆپ ئىزدەنگەن ھەم بۇ ھەقتە ئىزچىل يازغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ھاجى ئەخمەت كۆلتىگىن بولدى . بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرىدا ئۇ ئادەمنى ، ئادەملىك پەزىلەتنى ئۇلۇغلىدى ، ئادەم ۋۇجۇدىدىكى ، ئىنسان خاراكتېرىدىكى بەزى پاسسىپ تەرەپلەرنىمۇ كۆرسىتىپ ، «كەمنى قېتىپ» بولسىمۇ ، ئادەمنى ئۇلۇغلاشنى تەشەببۇس قىلدى . گەرچە ئۇنىڭ ئادەم ھەققىدە يازغان شېئىرلىرى كۆپ بولسىمۇ ، ئۇلارغا ۋەكىل قىلىپ تۆۋەندە «ئۇلۇغلايلى ئىنساننى» ناملىق شېئىردىن مىسال كۆرۈپ باقايلى :

تىرىك جاننى خورلىماڭلار دوستلىرىم ،
ئۇمۇ ئادەم ! ئۇنى خورلاش يولسىزلىق .
«مەن ئەزىز» دەپ ئويلىماڭلار دوستلىرىم ،
باقىي ئەمەس ، خورلۇق بىلەن ئەزىزلىك .
. . . . . .
كامالەتكە يەتكەنلەر ئاز ئالەمدە ،
كەمنى قېتىپ تولۇقلايلى ئىنساننى .
ئۇلۇغلۇقنىڭ زەررىسى بار ئادەمدە ،
كەمستمەستىن ئۇلۇغلايلى ئىنساننى .

ـ «ئۇلۇغلايلى ئىنساننى»دىن

بۇ ـ شائىرنىڭ ئادەم ھەققىدە يازغان ياخشى لىرىكىسىدىن
بىرى . شائىر بۇ شېئىردا ئادەمگە بولغان ئالەمچە بىر سۆيگۈ ـ
مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئادەمنى ئۇنىڭ «ئەسلي
ئۇلۇغ »لۇقى بىلەن كۆرۈپ ، ئادەمنى ئۇلۇغلاشنى تەشەببۇس قىلغان .
شېئىردىكى چوڭقۇر ئىدىيە ، ناھايىتى سەمىمىي ھېسسىيات ئارقىلىق
ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا ، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ . بۇ
شېئىردا شائىر ئىجادىيىتىنىڭ يېڭىچە پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئەھ-
مىيەت بېرىش ، يېڭىچە كۆزىتىش نۇقتىسىدىن چىقىش ، پىكىرگە
ھېسسىيات سىڭدۇرۇپ ، كىتابخاننى تەسىرلەندۇرۇشكە ئوخشاش ئالا-
ھىدىلىكلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .
شائىرنىڭ ئادەم ھەققىدە يازغان يەنە بەزى شېئىرلىرىدا ، رېئال-
لىق ۋە ھايات قىسمەتلىرى ئالدىدا تېڭىرقاپ قالغان شائىرنىڭ روھىي
دۇنياسىدىكى كىرىزىس ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىلىپ بارغان
ئۇرۇنۇشلىرى ئىپادىلىنىدۇ . ھاياتنىڭ ، ئىنساننىڭ سىرلىرىنى بى-
لەلمەي يۈرگەن شائىرنىڭ نەزىرى بەزى ـ بەزىدە ھاياتنىڭ مۇنداق
كاج قىسمەتلىرىنى كۆرۈپ قالىدۇ :

پاكارى ئۆلچەمگە توشمىغان پەلەك ،
ئېگىزنىڭ بېشىغا مۇشتلىغان پەلەك .
قاغىنى بۇلبۇل دەپ ، ئېشەكنى دۇلدۇل ،
جاھىلنى ئاقىلغا قوشلىغان پەلەك .

. . .   . . .

زەپمۇ ھەيرانمەن جاھاننىڭ كارىغا ،
باقمىغاي ھەرگىز كۆڭۈلنىڭ رايىغا .
ۋادەرىخا ! . . . قىلچە پەرۋا ئەتمىگەي ،



ھېچكىشىنىڭ خۇشلۇقى ھەم زارىغا .
ـ «رۇبائىيلار »دىن

بۇ قىسمەتلەر «مەن »گە قاتتىق تەسىر قىلىپ ، ئۇنىڭ قەلبىدە
ئاجايىپ شېئىرىي تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ . شۇنداق قىلىپ «مەن»
جانانغىمۇ «چۈشەندۈرمەك بولۇپ ئۆزۈڭنى ، ئېيتما جانان يۈرەك
سۆزۈڭنى» دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ ، «كۆرگىنىم چۈش ئىكەن ـ
ئالدامچى سەرراپ» دەپ ئۆكۈنىدۇ . «مەن »نىڭ بۇنداق بۇرۇقتۇم ،
غەمكىن ، ئۈمىدسىز قەلبىنى ئوت ـ يورۇقلۇق ئۈچۈن جان پىدا
قىلىۋاتقان پەرۋانە لەرزىگە سالىدۇ : «پەرۋانە قىسمىتى قەلبىمنى ،
تولدۇردى بىر ئەجەب تۇيغۇغا ، ماڭا يات ئىزدىنىش ، تەلپۈنۈش .
. . ھەسرىتا ! ئەسىرمەن ئۇيقۇغا . شۇنچىلىك ئىرادەم يوقمىدۇ ؟
ئەجىبا مەن ئىنسان تۇرۇقلۇق ؟ ئۇگدەيمەن غەپلەتتە كۈن بويى ،
ئىزدىمەي نېمىشقا يورۇقلۇق ؟ !» . غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان
«مەن» ، «سۈكۈناتتا ئۆزىنى ئاختۇرۇپ ، ئاخىرى ئىجاد ئىشقى لەر-
زىگە قانماي» تۇرغان قەلبىنى كۆرىدۇ ۋە ئاخىرى ئۆزىنى تاپىدۇ :

نەزەر ئەيلەپ
ھەيرانى دېمەڭ .
ھەزەر ئەيلەپ
ۋەيرانى دېمەڭ ـ
ئۆز ئەركەمگە قويمايدۇ شېئىر .
كېچە ـ كۈندۈز بەرمەستىن ئارام ،
ئېتىپ شېرىن ئۇيقۇمنى ھارام ،
چۈشلىرىمنى ئوۋلايدۇ شېئىر . . .

ـ «چۈشلىرىمنى ئوۋلايدۇ شىئېر »دىن

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ، شائىر ئادەم ھەققىدە ، ھايات ھەققىدە ناھايىتى ئەتراپلىق ئىزدەنگەن ، بۇ ھەقتە چوڭقۇر ، ماھىيەتلىك پىكىرلەرنى يۈرگۈزگەن . ئۆزىنىڭ مەنىۋى كەچۈرمىشلىرىنىمۇ جانلىق كۆرسىتىپ بەرگەن . ھاجى ئەخمەت گەرچە پېشقەدەم شائىر بولسىمۇ ، ئىجادىيەت ئېڭى ، خاھىشى جەھەتتە دەۋر خاھىشىغا ياندىشىپ ، ئەسىر ئاخىرىدىكى شېئىرىيەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئۆزىنى ئىپادىلەش ، روھىي دۇنيانى قېزىش ، يېڭىچە پىكىر قىلىش جەھەتتە ھەقىقەتەن كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغان .

ھاجى ئەھمەت كۆلتىگىن ئىجادىيىتىدە شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلارمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئۇ شېئىرىيەتنى مۇقەددەس بىلىدىغان ، شېئىرىيەتكە ۋىجدانەن مۇئامىلە قىلىدىغان ، شېئىرىيەتنى جەڭگىۋار قورال ھېسابلايدىغان ، شېئىر ۋە شائىرنىڭ ئىززەت ھۆرمىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولغاچقا ، بۇنداق قاراشلىرىنى شېئىر شەكلىدە ئىپادىلەپ ، ئەدەبىيات ساھەسىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى . ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «شېئىر ۋە شائىر» ناملىق شېئىرىدا ، «شېئىر دېگەن شېرىن بولسا مەي كەبى» ، «شېئىر دېگەن ئوزۇق بولسا ئەقىلگە» ، «شېئىر دېگەن بولسا جاننىڭ شىپاسى» ، «شېئىر دېگەن غاپىللارنى ئويغاتسا» دېگەندەك قاراشلار ، جۈملىدىن :

شېئىر دېگەن ئەلنى ئالغا ئۈندىسە ،
ئىگە بولۇپ جەڭ مارشىدەك ئۈنۈمگە .
شېئىر دېگەن ئېتىقادنى كۈيلىسە ،
ئوقۇپ جەڭچى بارسا دادىل ئۆلۈمگە .

شېئىر دېگەن گۈلدۈرماما چېقىنى-



بولۇپ ، مۈگدەك غاپىللارنى ئويغاتسا ،
شېئىر دېگەن بولۇپ ھاۋا ئېقىمى ،
يۈرەكلەردە كۈچلۈك بوران ئويغاتسا .
— «شېئىر ۋە شائىر»دىن

دېگەندەك جەڭگىۋار پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان . شېئىردا يەنە شائىرلار ھەققىدىمۇ «شائىر دېگەن ئەل مۇڭلانسا ياش تۆكۈپ ، ئەل سۆيۈنسە قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلىدۇ» دېگەندەك مىسرالارنى يازغان . دېمەك ، ھاجى ئەخمەت كۆلتىگىن دەۋرىمىز شائىرلىرى ئىچىدە شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە ئەڭ ياخشى قەسىدىلەرنى يازغان شائىر ، تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى ، ئۇ ھاياتىدا ۋە ئىجادىيىتىدە بۇ شېئىردا يازغانلىرىغا ئەمەل قىلىپ ، ھەقىقىي شائىرلىق ئوبرازىنى تىكلىيەلىدى .

ھاجى ئەھمەت كۆلتىگىننىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا باشقا ژانىرلاردىكى ئىجادىيىتىمۇ خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئۇ 1980 - يىللاردىن باشلاپ پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «گۈلجامال» قاتارلىق پوۋېستلارنى ، «قارىغوجا» ، «باللارنىڭ دوستى» ، «ياخشىلىق» ، «كەچكى تاماق» ، «يۈرەك» ، «ئادەملەر» ، «تېمى يوق ئۆي» ، «سېھىرلىك ئالتۇن» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ ، بۇ جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . «گۈلجامال» ئۇنىڭ بىردىنبىر يىرىك ئەسىرى بولۇپ ، ئۇنىڭدا باش قەھرىمان گۈلجامالنىڭ كونا جەمئىيەتتە بايلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە پاجىئەلىك تەقدىرى تەسۋىرلەنگەن . ئەسەرنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى شۇكى ، يازغۇچى گۈلجامال ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايە ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە ئانىلىق مېھىر - مۇھەببەتنىڭ تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتىنى ئۇلۇغلىغان . ئەسەردە پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى روشەن خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ھەقىـ-

قىي ئىنسانىي ھېسسىياتقا ئىگە قىلىپ يارىتىلغان . ئۇندىن باشقا ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك تۇسمۇ ناھايىتى قويۇق بولۇپ ، كىشى قەلبىنى ئىختىيارسىز ئۆرتەپ ، ھاياجانغا سالىدۇ . ئۇنىڭ «كەچكى شەپەق» ، «يۈرەك» ، «ئادەملەر» قاتارلىق ھېكايىلىرىدا تۇرمۇشتىكى تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە كىچىككىنە ۋەقەلىك ۋە ئېغىر كەيپىيات ئارقىلىق ھايات رېئاللىقى ، ئادەملىك قىممەت ، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈلگەن . بۇ ھېكايىلەردە ۋەقە سۇژېتسىزلاندۇرۇلغان ، پېرسوناژ قەھرىمانسىزلاشتۇرۇلغان ، ئاساسەن روھىي دۇنيا ئىپادىلەنگەن ، كۆپلىگەن ئېستېتىكىلىق بوشلۇقلار قالدۇرۇلغان بولۇپ ، كىشىگە ئۆزگىچە ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ . ئۇنىڭ باللار ھېكايىلىرى ئىچىدە «سېھىرلىك ئالتۇن» ھېكايىسى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا فوسفورلۇق تاشنى «ئالتۇن» دەپ ئويلىغان ۋە شۇ سەۋەبلىك بىرمۇنچە قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئانا – بالىنىڭ تەقدىرى ۋە ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ، «ھەقىقىي بايلىقتا پەقەت ئىلىم – پەن ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ ، پەقەت بىلىملا ئادەمنى نادانلىقتىن ، جاھالەتتىن ، ئەخمەقلىقتىن ، قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ» دېگەن ھەقىقەت ئىلگىرى سۈرۈلگەن .

ھاجى ئەھمەت يەنە ئاز بولمىغان نەسرلەرنىمۇ يازدى . ئۇنىڭ نەسرلىرىدە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ، ئىنسانىي پەزىلەت – ۋىجدان كۈيلەنگەن ، ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار ، تۇرمۇش ئاتا قىلغان تەسىراتلار ئىپادىلەندى . ئۇنىڭ نەسرلىرى ئىچىدە «ھاياتقا مۇھەببەت» ، «كۆز يېشى ۋە كۈلكە» ، «ئۆلۈم سائىتىدە» ، «دۇنيادا ئەڭ مۇقەددەس نەرسە» قاتارلىق قىسقا نەسرلەردىن تەشكىل تاپقان «ھايات سەھىپىلىرى» ناملىق نەسرلەر سېكىلى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا تەمسىل خاراكتېرى كۈچلۈك ، يوشۇرۇن مەنىگە باي تەپسىلاتلار ئارقىلىق ، ھايات قىممەتلىك ، ھاياتقا بولغان



مۇھەببەت – دۇنيادا تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە مەنىۋى كۈچ ؛ ئەمما ھاياتنىڭ قىممىتى پەقەت ئۆمۈر كۆرۈشتىلا ئەمەس ، بەلكى ياشاشتا ، يەنى قانداق ياشاشتا ، ئادەم چەكلىك ھاياتنى تولىمۇ قەدىرلەپ ، ئۇنى مەڭگۈلۈك قەدىر – قىممەتكە ئىگە قىلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشى كېرەك . . . . دېگەنگە ئوخشاش ھايات ھېكمەتلىرى ئىپادىلەنگەن . ئۇنىڭ نەسرلىرىدە ۋەقە بىلەن ھېسسىيات ، كۆرۈنۈش بىلەن ماھىيەت ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ ، قويۇق شېئىرىي تۈسكە ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە .

ھاجى ئەخمەت كۆلتىگىننىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتىكى نەتىجىلىرىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك . ئۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا خېلى بۇرۇنلا كىرىشكەن بولۇپ ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» ، «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ، «كىتاب ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى ؛ «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ھەققىدە» ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى» ، «زوھورىدىن ھېكىمبەگ دەۋرىدىكى قەشقەردە ئەدەبىي ھايات» ، «توزۇماس چېچەكلەر» ، «ئىلھام توغرىسىدا» ، «شېئىر ھەققىدە پاراڭ» قاتارلىق ئىلمىي – ئەدەبىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى . ئۇنىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىدا شېئىرنىڭ خۇسۇسىيەت – ئالاھىدىلىكلىرى ، تۈزۈلۈشى ، شېئىرىمىزدىكى قاپىيە شەكىللىرى ، شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ئىپادىلەشنىڭ تۈرلۈك ۋاستىلىرى ، شېئىرلارنىڭ ھەرخىل شەكىل – تۈرلىرى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدە دەۋرىمىزدە يېزىلغان بىرىنچى نەزەرىيىۋى كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى – مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى ، ئىجادىي ، ئىلمىي ئەمگەكلىرى ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا – مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

هاجى ئەخمەت كۆلتىگىن ھوسۇللۇق ئەدىب بولۇپ، ئۇنىڭ
ھازىرغىچە «ئۆچمەس يۇلتۇزلار» (1982 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر
نەشرىياتى)، «ئالتۇن ئاچقۇچ» (مىرزاھىدكېرىم بىلەن بىللە،
1982 ـ يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى)، «شەپەق جۇلاسى»،
(1994 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، «رۇبائىيلار»،
(1999 ـ يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملى-
رى، «قىيان» (1987 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى)، «ياۋا
چېچەك»، (1997 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى) قاتارلىق
ئەسەرلەر توپلاملىرى، «نۇرلۇق چولپان»، (1986 ـ يىل، شىنجاڭ
ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى)، «سېھىرلىك ئالتۇن»،
(1991 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، «ئالىم ـ ئەدىبلىرىمىز
ھەققىدە ھېكايىلەر» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى)
قاتارلىق باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

**تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن.** «شېئىرىيەت سېپىدە مول ھوسۇل
بېرىپ كېلىۋاتقان شائىرە تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ-
نىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرىدا دەۋرىمىز ئاياللىرىنىڭ روھىي قىياپىتى
خېلىلا تەسىرلىك ۋە روشەن ئىپادىسىنى تاپقان، شۇنداقلا ئۇنىڭ
لىرىكىلىرىدا ئاياللارغا خاس نازۇك ھېسسىياتمۇ گەۋدىلىك» (تېيىپ-
جان ئېلىيېۋ باھاسى).

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن مىلادىيە 1945 ـ يىلى قەشقەر كونا شەھەر
ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1958 ـ يىلى شىنجاڭ
پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا
كىرگەن. 1962 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەر كونا
شەھەر ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان،
مىلادىيە 1972 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە خوتەن دارىلمۇئەللى-



مىندە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1976 ـ يىلى
ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ، دەسلەپ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە
مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 ـ يىلىدىن بۇيان شىنجاڭ يازغۇ-
چىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1959 ـ يىلى
ئېلان قىلىنغان «گۈل تاقايمەن كۆكسۈڭگە» قاتارلىق شېئىرلىرى
بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1980 ـ يىللاردا ناھايىتى گۈل-
لەنگەن بولۇپ، قىسقا لىرىكا، باللادا، داستان ئىجادىيىتى بويىچە
نەچچە يۈز پارچە قىسقا شېئىر، ئون پارچىلاپ داستان ـ باللادا
يېزىپ، 1980 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتار-
دىكى ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېمىسى
ناھايىتى رەڭدار بولسىمۇ، ئالاھىدىرەك گەۋدىلىنىدىغان تېمىلاردىن
ئاياللار تېمىسى، ئانا يۇرت تېمىسى ۋە باللار تېمىسىدىن ئىبارەت
ئۈچ تېما بار. بۇ تېمىلار ئىچىدە ھەممىدىن بەك گەۋدىلىك بولغىنى
شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى روشەن خاسلىققا ئىگە قىلغىنى يەنىلا
ئاياللار تېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىرە ئاياللارنىڭ تۇرمۇشى،
جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئىدىيۋى ھېسسىياتى، نازۇك تۇيغۇسى، ئايال-
لىق پەزىلىتى . . . قاتارلىقلارنى ئىپادىلەشتە يۇقىرى پەللە ياراتقان.
ئۇنىڭ ھازىرغىچە «جىنەستە» (1981 ـ يىل)، «بۇلبۇل ناۋاس-
ى» (بىرلەشمە توپلام، 1983 ـ يىل)، «گۈلنىھال»
(1984 ـ يىل)، «چىغىر يول» (1989 ـ يىل)، «سەھرا نەزمىلى-
رى» (1993 ـ يىل) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىننىڭ «مەن بىر ئايال قەلبىم بىغۇبار»،
«جىنەستە»، «يەتتە پارچە سۈرەت»، «مېھرىگىياھ»، «چىنار»،
«گىلەمچى ئانىنىڭ خاتىرىسىدىن»، «ھايات»، «چىغىر يول»،
«ئاچ گۈزىلىم رومالىڭنى»، «بىر شائىرەگە»، «ئانىلار قەلبى»،

«ساھىبجامال قىزغا» ، «ئايال كۆڭلى» ، «ئايال» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاياللار ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مىسال ئۈچۈن شائىرەنىڭ «ئايال كۆڭلى» ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى :

ئېغىر كۆرمەس ، ئاھ دېمەس ھەرگىز ،
تاغدەك يۈكنى قويساڭمۇ ئارتىپ .
كۆتۈرۈشلۈك ئايال ئاشۇنداق ،
بار جاپانى كېتىدۇ تارتىپ .

ئالەم سىغار ئۇنىڭ قەلبىگە ،
غەم تېغىنى كۆتۈرەر شەكسىز .
بىرلا ئىشتىن قورقىدۇ زىنھار ،
بىرلا ئىشنى كەچۈرمەس ھەرگىز .

سوغۇق تەلەت كۆرسەتمە ئاڭا ،
ھەم ۋەدىگە قىلغىن سەن ۋاپا .
مۈشكۈللەرنى ئۆزىلا ئېلىپ ،
راھىتىنى بېرىدۇ ساڭا .

ئايال كۆڭلى نازۇكتۇر شۇنداق ،
باھاردىكى چېچەكتەك سەبىي .
گاھى پارلاپ ، گاھى تۇتۇلار ،
خۇددى باھار قۇياشى كەبى .

تاغنى بەرسەڭ ئېچىلماس بەلكى ،
بىر سۆز بىلەن ئۇتارسەن ئۇنى .



«كەچۈر» دېگىن رەنجىتسەڭ ئەگەر ،
ئۇ سەن ئۈچۈن بېرەر جېنىنى .

شائىرە بۇ شېئىرىدا ئاياللارنىڭ ئۆزگىچە مىجەز - خۇيىنى ، جاپاكەش ، ئەمما مىننەتسىز خاراكتېرىنى ، ساددا - سەمىمىي قەلبىنى ، كەڭ قورساق - ۋاپادار پەزىلىتىنى شۇنداق چىن ، شۇنداق سەمىمىي ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئاياللار ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئورتاق بولغان سەمىمىي ھېسسىيات ، نازۇك تۇيغۇ ، ياخشىلىققا دەۋەت ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ .

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىننىڭ داستان ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ «يەتتە پارچە سۈرەت» ناملىق داستانى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، ياخشى باھالارغا ۋە ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن .بۇ داستاندا شەھەردىن يېزىغا كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان گۆھەر ئىسىملىك مۇئەللىمەنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جاپا - مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى «ئەتىياز» ، «ياشلىق» ، «ئاتلىق» ، «قىش» ، «ۋىسال» ، «تالانت» ، «ئىمتىھان»دىن ئىبارەت يەتتە پارچە سۈرەتنى - ھاياتنىڭ ئوخشاشمىغان كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بىر ئەۋلاد زىيالىيلارغا ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان . شۇنداقلا يەنە داستاندا گۆھەردىن ئىبارەت باش قەھرىماننىڭ جاپا - مۇشەققەتلەرگە ، توسقۇنلۇقلارغا باش ئەگمەي ، كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتەك ئۇلۇغۋار ئىشقا سادىق بولۇپ ، چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىدەك قەيسەر ، تۆھپىكار روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن .

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىننىڭ ئاياللار تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدا ، گۈزەل ، ئىشچان يېزا قىزلىرى ، ئەمگەكچان ، پىداكار يېزا ئاياللىرى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئەرلەردىن قېلىشماي ئىشلەۋاتقان ئايال ئىشچىلار ، تېخنىكلار ، ئوقۇتقۇچى - سەنئەتكارلار-

نىڭ يارقىن ئوبرازلىرى يارىتىلىپ ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيا-
تىدىكى مۇھىم تۆھپىلىرى ، هاياتلىقتىكى تەڭداشسىز مۇھىم ئورنى
ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن .تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن ئاياللارنىڭ ماددىي
ۋە مەنىۋى قىممەت يارىتىشتىكى «يېرىم دۇنيا»لىق رولىنى تولۇق
مۇئەييەنلەشتۈرۈش ، مەدھىيىلەش بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنىڭ ئىنسا-
نىي پەزىلەتلىرىنى ، قەلب گۈزەللىكلىرىنى كۈيلەيدۇ .تۇرسۇنئاي ھۆ-
سەيىن شېئىرلىرىدا ھېسسىيات چىن ، پىكىر ئىجادىي ، شېئىرىي
پۇراق قويۇق ، ئۇسلۇب روشەن بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ شېئىرلارنىڭ
خېلى كۆپچىلىكىدە مۇئەييەن ئېستېتىكىلىق قىممەت يارىتىلغان .
ئاتاقلىق ئالىم ۋە شائىر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇنىڭ شېئىر-
لىرىغا : «تۇرسۇنئاي شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ ھەم ئارۇز ، ھەم بارماق
ۋەزنىدە يېزىلغانلىقى ، شېئىرىي تېمىسىنىڭ رەڭگارەڭلىكى ، ئۆزىگە
خاس تۇرمۇش پۇرىقى ، تىلىنىڭ ئېنىقلىقى ، تەبىئەتنى ئىنسانلاشتۇ-
رۇش ، ئىنسانىي سەزگۈنى تەبىئەتلەشتۈرۈش ماھارىتى ۋە بەدىئىي
بالاغىتى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى يەنە ئاياللىق قەلبىنىڭ ئەركىن ،
ئىزگۈ ، گۈزەل ۋە يالقۇنلۇق شېئىرىي ئىپادىسى سۈپىتىدىمۇ ئەدەبى-
ياتىمىزدا خاس بەدىئىي قىممەتكە ئىگە» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئى-
مىن : «ئاياللىق قەلبىنىڭ مېلودىيىسى» ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ
1989 - يىلى 1 - سانىدىن ) .

مىلادىيە 90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ تۇرسۇنئاي
ھۆسەيىن ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى بالىلار ئەدەبىياتىغا مەركەزلەش-
تۈرۈپ ، بالىلار ئەدەبىياتى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتى-
دۇ .ئۇنىڭ بالىلار ھېكايىلىرى جەھەتتىكى ئىجادىيىتى ئالاھىدە گەۋ-
دىلىك بولۇپ ، كېيىنكى يىللاردا «بالىلىقىم» ، «تىللا يوپۇرماق»
قاتارلىق بالىلار ھېكايىلىرى توپلاملىرى نەشر قىلىندى .



## تۆمۈر داۋامەت ، مۇھەممەت شاۋۇدۇن

**تۆمۈر داۋامەت** (مىلادىيە 1927 - يىلى ) . مۇشۇ ئەسىردە
ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان بىر دۆلەت رەھبىرى بولۇپلا قالماستىن ،
بەلكى يەنە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلىغان ،
شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ،
ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۇرگەن ، شۇنداقلا ئۇي-
غۇر شېئىرىيىتىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان
بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى .

تۆمۈر داۋامەت مىلادىيە 1927 - يىلى 6 - ئايدا توقسۇن
ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈر-
گەندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . مىلادىيە 1950 -
يىلىدىن تارتىپ دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە يېڭى يېزا قۇرۇش ھەرىكەت-
لىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ دەسلەپ يېزا باشلىقى ، رايون باشلىقى ،
كېيىنچە توقسۇن ناھىيىسىگە ھاكىم ، ناھىيىلىك پارتكومغا شۇجى
بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1964 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىغا مۇئاۋىن رەئىس بولغان . 1968 - يىلىدىن 1974 - يىلىغىچە
ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق
گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، 1974 - يىلى ئىنقىلابىي كومىتې-
تىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت
داچەيدىن ئۆگىنىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ، ئىنقىلابىي كومىتېت
دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان . مىلادىيە
1978 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت-
نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن . 1979 - يىلىدىن

1985 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مىلادىيە 1985 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1993 - يىلى 3 - ئايدا مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلانغان. ھازىرغىچە شۇ ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشى ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىدىن باشلانغان. ئۇ 1963 - يىلى ئېلان قىلىنغان «قارىغاينىڭ خىسلىتى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق چىن ۋە سەمىمىي ئىپادىلەنگەن بۇ شېئىرنىڭ ياخشى باھالارغا ئېرىشىشى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاشۇ يىللاردا «كەتمىنىم»، «سەپەر تەسىراتلىرى» قاتارلىق شېئىرلارنى يازغان. تۆمۈر داۋامەتنىڭ ھەقىقىي شېئىرىيەت ئىجادىيىتى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ باشلانغان. 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇ قولىغا يېڭىۋاشتىن قەلەم ئېلىپ «باھار ئىلھامى»، «قىزىل گۈل»، «قوبۇل قىلغىن سالامىمنى»، «ئۆزگىرىش»، «كۈلگىن قەشقەر»، «سالام ۋە ئۈمىد»، «تاشقورغان خاتىرىلىرى»، «يۈرەك ساداسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، ۋەتەننىڭ يېڭى باھارىنى، ھەر قايسى ساھەلەردە قولغا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىش - تەرەققىياتلارنى، پارتىيىگە، ۋەتەنگە، جۈملىدىن كەڭ خەلق ئاممىسىغا بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ شۇ يىللاردا يازغان بىر قاتار شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن



تۇنجى شېئىرلار توپلىمى - «تىيانشان شادلىقى» 1982 - يىلى نەشر قىلىنغان. يۇرتىمىزنىڭ يېڭىچە قىياپىتى، خەلقىمىزنىڭ بەختىيار تۇرمۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭىدىن - يېڭى نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەر، دۆلىتىمىزنىڭ كۈنسېرى قۇدرەت تېپىشى، يۇرتىمىزنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى شائىرغا پۈتمەس - تۈگىمەس ئىلھام بۇلىقى بولغان. شائىر شېئىرلىرىدا مانا مۇشۇ مەنزىرە - كۆرۈنۈشلەرنى، ھېس - ھاياجانلارنى ئىپادىلىگەن.

1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ شائىرنىڭ ئىجادىيىتى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان بولۇپ، شۇ يىللاردا «كۈيلەيمەن شىنجاڭ»، «كورلىغا بارغۇچە ئويلىغانلىرىم»، «قاراماي ناخشىسى»، «خەلقىم»، «تەڭرىتاغنىڭ شادلىقى»، «گۆھەر زېمىندا توي»، «ئالتاي لىرىكىسى»، «تارالسۇن شىنجاڭنىڭ نامى جاھانغا»، «تۈركىيە ئىلھاملىرى»، «ئانامسەن ۋەتەن»، «دۇنياغا يۈزلەنسۇن مۇقام»، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدى پەرۋاز»، «تارىمغا بېغىشلانغان ناخشا»، «كۇچار تەسىراتلىرى»، «چىللايدۇ ئەتىكى قۇياش» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى لىرىكىلار مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان. مۇشۇ يىللاردا يەنە شائىرنىڭ «ۋەتەنگە مۇھەببەت»، «دەۋر ئىلھاملىرى» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنغان. 1992 - يىلى تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدىكى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر يىل بولدى. بۇ يىلدا شائىرنىڭ «ھايات مەشئىلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىندى ۋە بۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا چوڭ داغدۇغا قوزغىدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن بۇ شېئىرلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ كىتاب ئىسمىنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەردى. بۇ - باش شۇجىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈچۈن تۇنجى قېتىم كىتاب

ئىسمىنى يېزىپ بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
تۆمۈر داۋامەتنىڭ 1992 ـ يىلىدىن كېيىن يېزىلغان «زەرەپشان
بويىدا شادلىق» ، «ۋاقىت ۋە ھايات» ، «سېرىقبۇيا بازىرى» ، «كاـ
رىز ـــ سېنىڭ ئىجادكارىڭ ئۇيغۇر ئەجدادى» ، «ياخشىلىق» ، «ئانا
تىلىمىز» ، «ماركس قەبرىسى ئالدىدا» قاتارلىق شېئىرلىرىمۇ پىكرى
چوڭقۇر ، ئوبرازلىرى جانلىق شېئىرلار بولۇپ ، شائىرنىڭ ئىلگىرىدـ
كى ئىجادىيەتلىرى بىلەن ئىزچىللىق شەكىللەندۇرگەن . شائىرنىڭ
كېيىنكى مەزگىللەردىكى بىر قىسىم شېئىرلىرى ئۇنىڭ 5 ـ پارچە
شېئىرلار توپلىمى ھېسابلىنىدىغان «بوستانلار ئارىلاپ» ناملىق شېـ
ئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن . 2000 ـ يىلى شائىر شېئىرلىرىدـ
نىڭ تولۇق توپلىمى ھېسابلىنىدىغان «ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق شېـ
ئىرلار توپلىمى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىپ ، ئەدەبىـ
يات ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى . توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ
ئىجتىمائىي ، ئېستېتىكىلىق قىممىتى ھەققىدە جۇڭگو يازغۇچىلار
جەمئىيىتى پارتىگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ، مۇئاۋىن رەئىسى جەي
تەيفېڭ مۇنداق دەپ يازغان : «بۇ شېئىرلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىدـ
شى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈـ
زۈلدى . شائىرنىڭ ‹ئۆمۈر ئىزلىرى› ناملىق بۇ توپلىمى كىشىلەرنى
ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتىكى مۇرەككەپ ھەم گۈزەل دۇنياغا باشلاپ
كىرىدۇ .شائىرنىڭ سەمىمىي مۇھەببىتى ۋە قايناق ھېسسىياتى قەلبىـ
مىزدە جەزمەن ئۇزاققىچە مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ . شائىر ئېلىمىزنىڭ
شېئىرىيەت مۇنبىرىگە يارقىن ھەم سەلتەنەتلىك بىر گۈزەل سۈرەت
ئاتا قىلدى .ئوقۇرمەنلەر ‹ئۆمۈر ئىزلىرى› دىن كۈچلۈك ئېستېتىكىـ
لىق زوق ئالىدۇ . شېئىرىيەت ساھەسىدىكى دوست ـ يارەنلەر ‹ئۆمۈر
ئىزلىرى› دىن ئىلھام ئېلىپ ، يېڭى شېئىرلارنى ئىجاد قىلىپ ، ئۇـ
لۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردە ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى تېخىمۇ



گۈزەل ۋە رەڭدار بوياقلار بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ .»①
تۆمۈر داۋامەت ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شاـ
ئىر .
ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى نىسبەتەن
كەڭ . «ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ۋەتىنىنىڭ تاغ ـ دەريالىرىدىن تارتىپ ،
دۇنيادىكى باشقا ئەللەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىگىچە ، قەدىمكى زامان
مەدەنىيەتلىرىدىن تارتىپ دەۋرىمىزنىڭ خىسلەتلىرىگىچە تەسۋىرلەنـ
گەن ؛ئۆز يۇرتىغا بولغان مۇھەببەتتىن ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتكىچە ؛
خەلققە بولغان ساداقەتمەنلىكتىن تارتىپ ، پارتىيىگە بولغان قىزغىن
مۇھەببەتكىچە »① بولغان ئاكتىپ تېمىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىپاـ
دىلەنگەن . ئۇ ۋەتەن ، خەلقتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك تېمىنى ئىجادىيـ
تىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى قىلىپ تاللىغان . ئىجادىيىتىنى يۇرتىمىزـ
نىڭ گۈزەللىكىنى ، خەلقىمىزنىڭ جەڭگىۋار كۆرەش ـ بەختىيار
ھاياتىنى ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ، شۇنداقلا ھەرقايسى ساھەلەردە قولـ
غا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۈيلەشكە بېغىشلىغان .
ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان مەنزىرىلەر ، خەلقىمىز قولغا كەلتۈرگەن
نەتىجىلەر ، يۇرتىمىزدىكى تەرەققىيات ـ ئۆزگىرىشلەر ھامان ئۇنىڭدا
شېئىرىي ھېسسىيات پەيدا قىلغان . شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى دەۋر
روھىغا باي ، كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە .ئۇ شېئىرىي ھېسسىـ
ياتنى ئەمەلىي تۇرمۇش رېئاللىقىدىن ، تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن ،
كۈنسېرى ياخشىلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي ھايات قوينىدىن ئالىدىغان
بولغاچقا ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك ، ھېسسىـ
ياتى سەمىمىي، شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكت تولىمۇ رەڭدار .
تۆمۈر داۋامەت «شېئىرىي ھېسسىياتنى مۇھەببەت كۆزى بىلەن بايقىـ
غان ، تۇرمۇشنى شېئىرىي تىل بىلەن ئىپادىلىگەن شائىر »② .

① جەي تەيفېڭ : «يالقۇنلۇق شېئىرىي ھېسسىيات :ـ- «ئۆمۈر ئىزلىرى »غا كىرىش سۆز »دىن ، «ئۆمۈر ئىزلىرى »مىللەتلەر نەشرىياتى ، 13 ـ ، 14 ـ بەتلەر .

شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە ۋەتەن ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ .ئۇ «ۋەتەن مۇقەددەس» . «ئانام سەن ۋەتەن» ، قاتارلىق بىر تۈركۈم لىرىكىلىرىدا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى ، ۋەتەننى ئەڭ مۇقەددەس دەپ قارايدىغان ئىدىيىسىنى مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق بىۋاستە ئىپادىلىگەن :

ۋەتەن ئەڭ مۇقەددەس ھەممىدىن ھامان ،
ۋەتەندە كۆلگۈسى ئارزۇ ۋە ئارمان .
دانالار ئېيتىشۇر : ۋەتەنسىزلەرنىڭ ،
دىل - كۆڭلى پەرىشان ، چىرايى سامان .
- -- «ۋەتەن مۇقەددەس»تىن

بەختسىز ھەمدە دەردمەندۇر ئانىسىدىن يېتىم قالغان ،
ئېزىققان قوزىدەك ئىگرار ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئىنسان .
-- «ئانام سەن ۋەتەن»دىن

شائىر ئۆزىنىڭ «ئۆكتەبىردىكى بېيجىڭ» ، «بېيدەيخې تەسىراتلىرى» ، «جۇ خەي نەزمىسى» ، «ئانا دەريا-خۇاڭخې دەرياسى» «سەددىچىن سېپىلىگە چىققاندا» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۇلۇغ ۋەتەنگە ، ۋەتەننىڭ تاغ - دەريالىرىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتى يارقىن مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن .

شائىر يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىنى ، شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزىلىرىنى ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى قىزغىن مەدھى-

① يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش
② يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش



يىلىگەن .

ئەي ئىلانلىق ، مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكان ،
يۇرىكىمدىن ئىشقىڭ مەڭگۇ ئورۇن ئالغان .
ئۆزگىرىپتۇ قىياپىتىڭ ئاي - كۈن ساناپ ،
تونۇيالماي قېلىپ بۇگۈن بولدۇم ھەيران .

ئۆتكەنكى قاغجىرىغان قاقاسلىقتا ،
چۆپلەر ياشناپ ، قوي - كالىلار يۈرەر يايراپ .
ئۆتكەنكى كونا تاملار ئىز ئورنىدا ،
يېڭى ئۆيلەر دېرىزىسى تۇرار چاقناپ .
- -- «يۇرتۇمغا سەپەر»دىن

بۇ شېئىردا شائىر بىر تەرەپتىن ئۆز يۇرتىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن . شائىرنىڭ «كۆر دېھقان كۆلكىسىنى مايسىلاردا» ، «كۆلگىن ، قەشقەر» ، «سالام ۋە ئۇمىد» ، «تاغلارنى قوچاقلىغان ئاتۇشتا» ، «قاراماي ناخشىلىرى» ، «ئالتاي لىرىكىلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا مانا مۇشۇنداق ئانا يۇرتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ، شۇنداقلا قولغا كەلگەن نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەردىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن .

تۆمۈر داۋامەت شېئىرىيەتتىن باشقا ژانىرلاردىمۇ ئىجاد قىلىپ «سۆيۈملۈك يۇرتۇم - شىنجاڭ» ، «دوستلۇق سەپىرى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى . «سۆيۈملۈك يۇرتۇم - شىنجاڭ» دېگەن كىتابتا ئاپتور بىرىنجى قول ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنى ، تەبىئەت مەنزىرىسى ، تەبى-

ئي بايلىقى ، ساياھەت ئورۇنلىرى ، قاتناش ئالاقىسى ، قۇرۇلۇش بىناكارلىقى ، مالىيە سودىسى ، خەلق تۇرمۇشى ، پەن - تېخنىكىسى ، مەدەنىيەت - مائارىپى ۋە ئىسلاھات - ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئەھۋالى قاتارلىقلار ھەققىدە ناھايىتى مول مەلۇماتلارنى بەرگەن . يازغۇچى بۇ ئەسەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دوستلارغا شىنجاڭنى تونۇشتۇرۇش - تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە يازغان بولۇپ ، پۈتۈن ئەسەر كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن سۇغىرىلغان . ئۇنىڭ «دوستلۇق سەپىرى» ناملىق كىتابىدا ئاپتورنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ روسىيە ، قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ، تاجىكىستان ، قىرغىزىستان قاتارلىق ئەللەرگە قىلغان سەپىرى ، سەپەر جەريانىدىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرى ھەمدە سەپەر تەسىراتلىرى جانلىق ، جەلپ قىلارلىق بايان قىلىنغان .

تۆمۈر داۋامەتنىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن : «تىيانشان شادلىقى» (1982 - يىل ) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، «ۋەتەنگە مۇھەببەت» (1987 - يىل ) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، «دەۋر ئىلھاملىرى» (1991 - يىل ) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، «ھايات مەشئىلى» (1992 - يىل ) ناملىق تاللانغان شېئىرلار توپلىمى ، «بوستانلار ئارىلاپ» (1996 - يىل ) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، «ئۆمۈر ئىزلىرى» (2000 - يىل ) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، «سۆيۈملۈك يۇرتۇم - شىنجاڭ» (1993 - يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ) ناملىق مەخسۇس ئەسىرى ، «دوستلۇق سەپىرى» (1996 - يىل ، مىللەتلەر نەشرىياتى ) ناملىق زىيارەت خاتىرىسى قاتارلىقلار بار . ئۇنىڭ «يۈرەك ناخشىلىرى» (1985 - يىل ) ، «يۇرت مۇھەببىتى» (1987 - يىل ) ، «ھايات مەشئىلى» (1991 - يىل ) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان .



**مۇھەممەت شاۋۇدۇن** — شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ، ئەدەبىي تەرجىمە جەھەتتىكى ۋە ژۇرنالچىلىقتىكى نەتىجىلىرى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . 40 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئۇ ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن دەۋرلەرنىڭ ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ، مۇشۇ رېئاللىقتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ، ئىدىيىۋى - ھېسسىياتىنى ، خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادەت ، مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى ، مىللەتلەر دوستلۇقى - ئىتتىپاقلىقىنى ، ۋەتىنىنىڭ تاغ - دەريالىرى ۋە ئۇلار ئاتا قىلغان تەسىرات - تۇيغۇلىرىنى شېئىرلىرىدە ئىپادىلەپ ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتى جەھەتتە مەلۇم نەتىجە ياراتتى .

مۇھەممەت شاۋۇدۇن مىلادىيە 1942 - يىلى 12 - ئايدا كۇچانىڭ شەھەر ئىچىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1949 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە كۇچادا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان . مىلادىيە 1956 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . 1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە شۇ مەكتەپنىڭ مەكتەپ گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدە ، مۇھەررىر ، مەكتەپ قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن . 1962 - يىلى 8 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1977 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1979 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە قايتىپ ، مىلادىيە 1989 - يىلغىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، ئۇيغۇرچە مەخسۇس بەتلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1989 - يىلى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

مۇھەممەت شاۋۇدۇن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 1957 - يىلى 4 - ئايدا «شىنجاڭ پىئونېرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «چېنىق ئىنىم» ناملىق شېئىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن. ئۇ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يازغان «پارتىيەم»، «ۋىجدان قەسىدىسى»، «يۈرەك ناخشىسى»، «قىزىلتۇغ - ئانام»، «ئورما تەسراتلىرى» قاتارلىق شېئىرلاردا پارتىيىگە بولغان، يېڭى زامانغا بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن، يېزىلاردىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب - قۇرۇلۇش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن بولۇپ، شېئىرلاردا دەۋر روھى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە ئىزچىللىشىپ بارغان. ئۇنىڭ 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يازغان «گۈلگە قاراپ»، «بېلەت»، «قايتىپ كەلدى يېزىغا ئامەت» قاتارلىق شېئىرلىرىمۇ دەۋر رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىياسىي لىرىكىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردا يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە ھاياتقا بولغان تەنتەنە ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا ھەر قايسى سەپلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەر، ئىجتىمائىي رېئاللىقتا ۋە كىشىلەر روھىي دۇنياسىدا بولۇۋاتقان يېڭىلىق، ئۆزگىرىشلەر تەسۋىرلەنگەن. ئۇ 1980 - ، 1990 - يىللاردا يازغان «شەھىرىمىز ئاۋات، كۆركەم»، «بولۇپ چارە قېرىنداشتىن»، «بوغدا ئوغلى»، «ئۈزۈلمەس دومبىرانىڭ تارى سايراپ» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا ئۆزى ئۆزۈن يىللاردىن بېرى



شەكىللەندۈرگەن ئىجادىيەت خاھىشىغا سادىق بولۇپ، دەۋر رېئاللىقىنى جانلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، قەلب تۇيغۇسى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئاساسىدا تەسۋىرلەپ بەرگەن. شائىرنىڭ «شەھىرىمىز ئاۋات، كۆركەم» ناملىق شېئىرىدا ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

شەھىرىمىز ئاۋات كۆركەم،
چىمەنزار يول بويى تەكشى.
ئېرىقتا سۇ ئاقار ئويناپ،
ئۇنىڭدا گۈل - چېچەك ئەكسى.

بىنالار بالكونى گۈلزار،
كېتەلمەس كېپىنەك ئەگىپ،
ياشانغانلار دىلى يايراپ،
بۇ يەردە دەم ئالار سەگىپ،

قىلىپ گۈل سەيلىسى كەچتە،
يىگىت - قىز سىردىشار تاتلىق.
گۈزەللىك قۇشتى ھەر يانىي،
كۆڭۈلدە ئاۋيۇتۇپ شادلىق.

بۇ شېئىر تولىمۇ يەڭگىل ۋە ئاممىباب يېزىلغان، ئۇ بىر گۈلزارلىق شەھەرنىڭ تەسۋىرى، شائىر كوچىدىكى گۈلزارلىق بىلەن بالكوندىكى گۈللەرنى تەسۋىرلەپلا بىزگە گۈزەل، ئاۋات، ئادەملىرى تولىمۇ بەختلىك بىر شەھەر تۇيغۇسىنى بەرمەكچى بولىدۇ. شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ھالقىلىق يېرى شۇكى، ئۇ مۇشۇ مەنزىرە، مۇشۇ كەيپىيات ئارقىلىق يېڭى دەۋرنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇ باشقا بىر قىسىم شېئىرلىرىدىمۇ يېزا ـ مـەهـەللـىلـەرنىڭ ،
شەهەر ـ كۆچىلارنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى ، ئۇلاردىكى قايناق تۇر-
مۇشنى ، غايەت چوڭ ئۆزگىرىش ـ يېڭىلىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ
سۈرەتلىگەن . ئۇ يازغان تەبىئەت لىرىكىلىرىمۇ يەنىلا دەۋر رېئاللىقى-
نى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك
ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ ، هەرگىزمۇ ساپ سۈبيېكتىپ تەسىرات-
نىڭ ، ياكى تەبىئەت ئاتا قىلغان ساپ تۇيغۇلارنىڭ مەهسۇلى ئەمەس .
ئۇنىڭ تەبىئەت لىرىكىلىرىمۇ ئاخىرقى هېساپتا يەنىلا سىياسىي لىرى-
كىلاردىن ئىبارەت .ئۇنىڭ «بۇ يوللار ـ ئـۇزۇن يولـلار» ، «يېزا
لىرىكىلىرى» ، «تۇرپان كۈيلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرى مانا مۇ-
شۇنداق شېئىرلاردۇر .

مۇهەممەت شاۋۇدۇن ئىجادىيىتىدە ئالاهىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدى-
غان يەنە بىرتۈركۈم شېئىرلار بار ، ئۇ بولسىمۇ مىللىي ئەنئەنە ،
مىللىي تۇرمۇش خاسلىقىغا بېغىشلانغان شېئىرلاردىن ئىبارەت . ئۇ-
نىڭ «ئوغلاق تارتىش» ، «كۆتۈرەيلى بىزمۇ مۇقامنى» ، «تەڭرىتاغ
ئاتا تېغىم ، ئانا تېغىم» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ۋە «ئاھ ، چاقچاق»
قا ئوخشاش داستانلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى شە-
كىللىنىپ، داۋاملىشىپ ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنە ۋە تۇرمۇش
خاسلىقىغا ئايلانغان تەرەپلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن سۈرەتلەپ
ۋە قىزغىن مەدهىيلەپ ، مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن .
تۆۋەندىكىسى شائىرنىڭ مۇشۇ خىل مەزمۇندىكى «كۆتۈرەيلى بىزمۇ
مۇقامنى» ناملىق شېئىرىدىن ئېلىنغان پارچە :

بىزنىڭ شۆهرىتىمىز
مۇقام شۆهرىتى .
مۇقام كۆتۈردى شۆهرىتىمىزنى
دۇنياۋى مەدەنىيەت بەيگىسىدە .



كۆتۈرەيلى بىزمۇ مۇقامنى
باشقا ئېلىپ ،
ئەرشكە يۆلەپ .
نۇر چاچسۇن مۇقام
زاماننىڭ يېڭى ، يۈكسەك پەللىسىدە !

مۇهەممەت شاۋۇدۇننىڭ ۋەتەننىڭ تاغ ـ دەريالىرى ، ئاۋات شە-
هەرلىرى ، دېڭىز بويلىرى مەنزىرىلىرى پەيدا قىلغان شېئىرىي هايا-
جىنىنى ئىپادىلەيدىغان «گۇاڭجۇدىكى تەسىرات» ، «لۇشۇننىڭ قەدىم
جايغا زىيارەت» ، « خاڭجۇ تۇيغۇلىرى» ، «چيەنتاڭجاڭدىن ئۆتتۇق
كېچىدە» قاتارلىق بىر يۈرۈش شېئىرلىرىمۇ بار . شائىر ئىچكىرىلەر-
گە زىيارەت قىلىپ بارغاندا ، ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭدا بىر كۈچلۈك
هاياجان پەيدا قىلماي قالمايدۇ ، شۇڭا ئۇنىڭ مۇنداق مەزمۇندىكى
شېئىرلىرى ناهايىتى كۆپ .بۇنداق شېئىرلاردا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەر-
لىك هېسسىيات ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسلىق مەزمۇن قىلىن-
غان بولۇپ ، بۇنداق مەزمۇنلار شېئىرىيىتىمىزنىڭ تېمىسىنى بېيىـ-
تىشقا مۇناسىپ هەسسىلەرنى قوشتى .

مۇهەممەت شاۋۇدۇننىڭ قىسقا شېئىرلىرى ئاساسەن سىياسىي
لىرىكىلار بولۇپ ، دەۋر خاھىشىنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈش ،
ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئاساسلىق تېما قىلىش ، تۇرمۇشنىڭ ئاددىي كۆرۈ-
نۈشلىرى ئارقىلىق ماهىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ، هە-
جىمى ئىخچام ، مەزمۇنى روشەن ، تىلى ئاممىباب ، شېئىرىي ئوبراز-
لىرى ھەممىگە تونۇش بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .

مۇهەممەت شاۋۇدۇن ئىجادىيىتىدە داستانلارمۇ مۇهىم ئورۇن
تۇتىدۇ .ئۇنىڭ «مۇئەللىم ، » «ئالىم بىلەن ئايىم» ، «ئاھ ، چاق-
چاق» قاتارلىق داستانلىرى بار .ئۇنىڭ «ئالىم بىلەن ئايىم» ناملىق
داستانى زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەر-

كىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، بەختىنى تېپىش يولىدا مۇستەبىت ،
زالىم پادىشاھلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى تەسۋىرلەنگەن داس-
تان بولۇپ ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى خەلق چۆچەكلىرىدىن ئېلىنغان . داس-
تاندا ئەركىن ، بەختىيار ھايات ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ، ھەقىقىي
ۋاپادارلىق ، قەيسەر باتۇرلۇق قىزغىن مەدھىيىلىنىپ ، ئىنسانىنىڭ
ئۆز بەختى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن .
داستاندا شائىر ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش قىلغاندىلا ۋىسالغا ئېرىش-
كىلى بولىدىغانلىقىنى ئالىم ، ئايىم ئوبرازلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەن-
دۈرگەن .

«ئاھ ، چاقچاق» ناملىق داستان مۇھەممەت شاۋۇدۇننىڭ ۋەكىل-
لىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ ، شائىر داستاندا ئۇيغۇرلار
تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ، ئۇيغۇرلار خاراكتېرىنىڭ مۇھىم
بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدىغان ـ قىزىقچىلىق ، چاقچاقنى قىزغىن
مەدھىيىلىگەن . داستاندا شائىر لىرىك ، ئېپىك تەركىبلەر ئارقىلىق
قىزىقچىلىق ـ چاقچاقنىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم-
لىقىنى ، ئۇنىڭسىز ياشىغىلى بولمايدىغانلىقىنى :

«بىز خۇش تەبىئەتلىك خۇش چاقچاق خەق ،
بۇ بەلكىم ئۇدۇم بىزگە ئەلمىساقتىن .
ياشايمىز چاقچاق بىلەن قوشكېزەك بىز ،
تۇغۇلۇپ چاقچاق بىلەن بىر قورساقتىن .»

«چاقچاقسىز ھايات بىزگە خۇددى سوغۇق ،
ئۇنىڭسىز ئۆتمەس بىزنىڭ بىر كۈنىمىز .
ئۇنىڭسىز بىمەززەدۇر توي ـ تۆكۈنلەر ،
ئۇنىڭسىز قىزىمايدۇ سورۇنىمىز .»



«ھەر چاقچاق جان ئۇلايدۇ جېنىمىزغا ،
يېڭى قان بولۇپ سىڭىپ تېنىمىزغا .
چاقچاق بار يەردە بىزگە خۇشاللىق بار ،
خاپىلىق كېلەلمەيدۇ يېنىمىزغا .»

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان .

بۇ شېئىر شائىرنىڭ شېئىرىي پىكىر ، شېئىرىي مەزمۇن جەھەت-
تىكى دادىللىق بىلەن ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، ئۇ داستاندا
ئۇيغۇرلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدىغان ، ئۇيغۇرلار مەنى-
ۋى ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان چاقچاقنى ئەدەبىي
ئەسەر تېمىسى قىلىپ ئەدەبىياتىمىزغا تۇنجى بولۇپ ھەم خېلى مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك ھالدا ئېلىپ كىرگەن . شېئىردا لىرىكا بىلەن ئېپىكىغا
تەڭ ئورۇن بېرىلگەن ، ھەم ئىككىسىنىڭ بىرلىكىدە چاقچاقتىن ئىبا-
رەت بۇ باش تېما ياخشى يورۇتۇپ بېرىلگەن .

مۇھەممەت شاۋۇدۇن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي
تەرجىمانلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ 1962 ـ يىلى تەرجىمە قىلىپ ئېلان
قىلدۇرغان «بىر جۇملە سۆز» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي تەرجى-
مە ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن . ئۇ شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاساس-
لىق زېھنىي كۈچىنى شېئىر تەرجىمىسىگە قارىتىپ ، بۇ جەھەتتە زور
نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئابدۇكېرىم خوجا
ۋە شىبە شائىرى گوجىنەننىڭ خەنزۇچە يېزىلغان شېئىرلىرىنى ۋە
لىيۇشاۋۋۇ قاتارلىق شىنجاڭدىكى خەنزۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ،
دوڭ بىۋۇ ، يېجىيەنيىڭ ، دىڭ يىڭچاۋ ، جۇدې شېئىرلىرىنى ، «جۇ-
زۇڭلىنىڭ ياشلىق مەزگىلىدىكى شېئىرلىرى» ، «جۇدې شېئىرلىرى-
دىن تاللانما» ، «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى» قاتارلىقلارنى تەرجىمە
قىلدى ياكى شۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشتى . ھازىرغىچە تەر-
جىمە قىلغان «شىشاڭدىكى جەڭ» «ياڭ كەيخۇي ھەققىدە ناخشا»

دېگەن ئىككى داستانلار توپلىمى ، «لېيفېڭ ھەققىدە ھېكايىلەر» ،
«ھاجى مۇرات» قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىندى ، شېئىر ، ھېكايە ،
نەسر ، سەھنە ئەسىرى ، ماقالە قاتارلىق ژانىردىكى نەچچە يۈز پارچە
تەرجىمىسى ئېلان قىلىندى .

مۇھەممەت شاۋۇدۇننىڭ ھازىرغىچە «يۈرەك ناخشىلىرى» ،
(1981 - يىل ، مىللەتلەر نەشرىياتى ) ، «بۇ يوللار - ئۇزۇن
يوللار» ، (1987 - يىل ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىيـ-
ـاتى ) ، «ياپىراق» ، (1996 - يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى )
قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى .

## ئىمىن ئەخمىدى ، ئارسلان

**ئىمىن ئەخمىدى** — يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە
لىرىكا ئىجادىيىتىدىكى كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئومو-
مي ئېتىراپقا ۋە ياخشى باھالارغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان مۇنەۋۋەر
شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ مىلادىيە 1944 - يىلى 4 - ئايدا يېڭى
شەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇرما يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان .
باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن ،
مىلادىيە 1960 - يىلى 7 - ئايغىچە قەشقەر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە
ئوقۇغان . 1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە بېيجىڭدىكى سابىق
مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ، 1962 - يىلدىن 1968 -
يىلغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ 1986 - يىلد-
غىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك
پارتكومدا مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1986 - يىلى
11 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر



بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ، دەسلەپتە بىرلەشمە پارتگورۇپپى-
سىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ، كېيىن بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1996 - يىلدىن تارتىپ شىنجاڭ سەنئەت
ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ، مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىش-
لەپ كېلىۋاتىدۇ .

ئىمىن ئەخمىدىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مىلادىيە 1959 - يىلى
ئۆكتەبىردە «قەشقەر گېزىتى»گە بېسىلغان «ئۆكتەبىر» ، «تارىم
باغرىدا ئېچىلدى چېچەك» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن باشلانغان ،
شۇنىڭدىن تارتىپ ئىزچىل تۈردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىل-
لىرىدىن بىرىگە ئايلاندى . 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى 1960 -
يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇ «سۇ» ، «ئىجادكارغا» ، «ھېسلىرىم» ،
«يىللار» ، «يېزا مۇھەببىتى» ، «ئوغلۇمغا» ، «سىرىق ،ناخشا»
قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ ، بۇ شېئىرلىرىدا شۇ يىللار-
دىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن يېڭىلىق ھېسابلىنىدىغان مەز-
مۇن ، ماھارەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، شېئىرىيەت ساھەسىدە تونۇ-
لۇشقا باشلىدى .

ئىمىن ئەخمىدىنىڭ ھەقىقىي شېئىرىيەت ھاياتى يەنىلا يېڭى دەۋر
ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ باشلاندى . ئۇ يېڭى دەۋر
شېئىرىيىتىگە «قېنى ياز ئەخمىدى مىسرالىرىڭ راست سۆز بىلەن
تولسۇن ، / يۈزۈڭ سۆرۈن بولۇر مەڭگۈ قۇرۇق گەپنى مىراس
قىلساڭ» دېگەن شېئىرىيەت قارىشى بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە بۇ
قارىشىنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلاپ ، شېئىرلىرىدا ھەقىقەت-
نى ، گۈزەللىكنى ، ياخشىلىقنى كۈيلىدى ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلام-
لىرىدىكى ئورتاق ، سەممىي ھېسسىياتنى ئىپادىلىدى ، شېئىرلىرى
ئارقىلىق ۋەتەن ئوتىدا كۆيۈپ ، خەلق ئىشقىدا يانغان قەلبىنىڭ ئوبرا-
زىنى ياراتتى . شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇ-

شىغا سازاۋەر بولدى، ياخشى باھالىرىغا ئېرىشىپ كەلدى.

مىلادىيە 1980 - يىللار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن، ئەڭ ھوسۇللۇق، شۇنداقلا نەتىجىلىك بىر باسقۇچى بولدى. شۇ يىللاردا ئۇ، ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «كوچا كۆرپىسى»، «مىڭئۆي»، «ئارزۇ بوستانى»، «شائىر دوستۇمغا»، «كۆمۈر ھەققىدە قىسسە»، «پەزىلەت ھەققىدە مۇخەممەس»، «ھايات يىلتىزى»، «ئوتتۇز بەشىنچى باھار»، «يۇرتۇمدا دېڭىز يوق»، «ئاسمانلار، تاغلار»، «ئانامغا»، «تەنھا لىرىكىلار»، «ئەسلەنگەن يىللار»، «ۋىسال ئارزۇلىرى»، «ھايات ھەققىدە» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر لىرىكىلارىيېزىپ، ئۇلاردا ھايات ئىشقىنى كۈيلىدى، ۋەتىنىنىڭ تەبىئەت مۆجىزىلىرى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى مىسالىدا، يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزدى، خەلقىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلىدى، شېئىرىيەت ماھارىتى جەھەتتە بارغانسېرى پىششىپ يېتىلىپ، پىكىرنى ھېسسىي ئوبرازلار، لىرىك مۇھاكىمىلەر، ئىشارەتلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇش، تىلنى بىر خىل مەقسەت قىلىش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. . بۇ يىللاردا ئۇ يەنە داستان ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «ۋەتەن پەخرى»، «قەبرە»، «ياشلىقىم سەندە قالسا ئىدى ۋەتەن»، «گۈلگۈن دالالار»، «مۇقەددەس سېپىل»، «ھاياتىم»، «مېنىڭ قەلبىم دالالاردا» قاتارلىق داستان - بالladىلارنى يېزىپ، داستانچىلىقىمىزغا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى. مۇشۇ يىللاردا ئۇنىڭ «بەخت ناخشىسى»، «گۈلگۈن دالالار» قاتارلىق شېئىر - داستانلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

ئىمىن ئەخمىدىنىڭ 1980 - يىللاردىكى ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ «گۈلگۈن دالىلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى شېئىرلىرىدا خېلى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ۋەتەنپەرۋەرلىك - ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى، شۇنداقلا ئەڭ ئاساسلىق تېمىلارنىڭ بىرى. بۇ تېمىغا ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىكى شائىرلار ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ يازدىشىپ بۇ تېمىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، يېڭىلاپ كەلدى. بۈگۈنكى زاماندىكى شائىرلىرىمىزنىڭ بۇ تېمىغا قوشقان تۆھپىسى ۋە يېڭىلىقى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ نەتىجىلىك بولدى. جۈملىدىن، شائىر ئىمىن ئەخمىدى «ھايات يىلتىزى»، «خانتەڭرى»، «تارىم»، «جاھانىنەما ئەينىكىم»، «يۇرتۇمدا دېڭىز يوق»، «ئەزگۈ ھېسلىرىم» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى يېڭىچە ھەم نىسبەتەن يۈكسەك بولغان بەدىئىي يوللار بىلەن ئىپادىلىدى:

ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدۇ دېڭىز،
كۆكسى گاھى ئېگىز، گاھى پەس،
ئېيتالمىغان ئەلمى باردەك،
ئاللمايدۇ بەزىدە نەپەس.
بىزدە قۇملار شۇنداق پايانسىز،
ئىچى ئالتۇن، كۈمۈش ھەر قەترە.
گۈل ئىزدىسەك كۆرۈنمەيدۇ ھېچ،
يۈزلىرىدە پۈرايدۇ ئەترە.
قوينىدا يوق بوستان ئاراللار،
يۇلغۇن - سەپەر يولىدا ماياك.
باتۇرلىرى ئۆزى تاپار يول،
قورققاقلىرى قەدەمدە ھالاك.
قۇچىقىدا ئۇزەر كېمىلەر،
ئىسمى كارۋان، يۈزىدە غۇرۇر،
قۇملار ئۇنى ئۇزىتىپ ئېسەن،
جىم ياتىدۇ ئاستىدا مەغرۇر،

قاتقان دولقۇن كۆكسىگە زىننەت ،
يوق يوشۇرۇن خادا تاشلىرى .
بورانلىرى ئاشكارا ئەجەب ،
دەبدەبىلىك ۋارقىراشلىرى .
ئۇچۇپ كەلگەن ياپراقلار ئۇنى
قۇچاقلايدۇ سۆيگەن ئانام دەپ .
قىز ـ يىگىتلەر ئېلىشىپ ھاردۇق ،
تەلپۈندۇ تەكتى ماكان ، دەپ .
قۇم دېڭىزى دەيدۇ نامىنى ،
قىلىشمايدۇ كۆپكۆك دېڭىزدىن ،
جەزىرە ئۇ ، دېگەن پىتنىلەر
چىقماس ئۇنى بىلگەن ئېغىزدىن .
سەن ماختىساڭ ئوكيانىنى بۇ دەم ،
قۇملىرىمنى ماختايمەن مەنمۇ .
مەن ئوكياندا ئۈزگەنگە ئوخشاش ،
ئۈزەلەمسەن قۇملۇقتا سەنمۇ ؟

«ئەزگۈ ھېسلىرىم» دىن .

بۇ ـ ۋەتەن كۈيلەنگەن ، ۋەتەن ئۇلۇغلانغان بىر ئېسىل قەسىدە . شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەتەن ھەققىدىكى پىكىر ۋە ھېسسىيات كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ . شائىر بۇنداق پىكىر ۋە ئىدىيىنى قۇرۇق مەدھىيە سۆزلىرى ياكى ھاياجانلىق ئىنتوناتسىيىلەر بىلەن ئەمەس ، بەلكى ۋەتەننىڭ قۇم ـ تۇپراقلىرىنىمۇ باشقىلارنىڭ كۆپكۆك دېڭىزلىرىدىن ئۇلۇغ بىلىشتەك بىر خىل پىكىر ۋە شۇ ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. شائىرنىڭ نەزىرىدە قۇم ـ يۇرتىمىزنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ، شۇنداقلا بىر زىننىتى ، باشقىلار ئۈزلىرىنىڭ دېڭىزلىرى بىلەن پە-



خىرلەنسە ، بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇملۇقى بىلەن پەخىرلىنىمىز .قۇملۇق بىزدە باتۇرلۇق ، مەردلىك ، قەيسەرلىك مەزمۇنىدىكى قۇملۇق روھى شەكىللەندۈرگەن . باتۇرلۇق ، مەردلىك ، قەيسەرلىكنى بەلگە قىلغان بۇنداق روھنى شائىر ئاجايىپ ئۇلۇغلىغان ۋە بۇ ئارقىلىق شېئىرلىرىدا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەن .ئۇنىڭ «كۇچا كۆرپىسى» ، «مىڭئۆي» قاتارلىق مەشھۇر شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھمۇ مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل ، ماھارەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا ، جەمئىيەتتە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان .

ئىمىن ئەخمىدىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ ، بۇ تېمىنى ئوخشاشمىغان پىكىر ـ مەزمۇنلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن . شائىر ۋەتەن تېمىسىدىكى بىرمۇنچە شېئىرلىرىدا ، شەخسنىڭ بەختى ۋەتەن قوينىدىلا ئاندىن مۇمكىنچىلىككە ئېرىشىدۇ ، دۇنيادا ئۆز ۋەتىنىدىنمۇ گۈزەل ، ئارامبەخش جاي يوق ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن .مەسىلەن :

يەر شارىنى تۇگەل ئايلاندىم بولغاي ،
لاپ ئەمەس كۆرمىگەن يەرلەر قالمىدى .
بىر ـ بىرىدىن گۈزەل ئاۋات جايلارغا ،
قاراپ كۆزۈم تالدى ، بىراق قانمىدى .
. . . . . . . . . . . . . . .
ھاياجان ئىنساندا غايە تۇغىدۇ ،
غايىسىز ھاياجان ئەلۋەتتە بىكار .
غايىلەرمۇ بەزەن بوشقا كېتىدۇ ،
بولمىساڭ ۋەتەنگە ، ئەلگە تۆھپىكار .
شۇ سەۋەب يەنىلا يۇرتۇمنى تېپىپ ،
ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغىنىم تۇزۇك .

شۇ سەۋەب بىلىمەن ئەجەبمۇ ئېغىر ،
ئەجەبمۇ شەرەپلىك مۇرەمدىكى يۈك .
جەڭچىگە چەتلەردە ئەمەس ، ئۆزىنىڭ —
يۇرتىدا بولىدۇ چېلىش سەھنىسى .
شۇ چاغ مەيدانلاردا چاقنايدۇ ئوتتەك —
بولۇپ چەتلەردىكى سەپەر مەنىسى .
كەل گۈزەل ، ئىچەيلى ئىجادتىن شەربەت ،
بولغىن ئۇلۇغ ئارزۇلىرىمغا شېرىك .
ۋاھ ، دەپ تەلپۈنۈپلا يۈرسەم باشقىغا ،
ئۆرە يۈرگەندىمۇ ئەمەسمەن تىرىك .
تىرىكلىك نىشانى ، مەردلىك نىشانى ،
ئۆز روزىغارىڭ ۋە يۇرتۇڭ بولۇشتا .
. . . . . . . . . . . . . . . .
— «ئىجاد شەربىتى»دىن

ئىمىن ئەخمىدى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى ، ئېتىقاد — قاراشلىرىنى ، ئۆرپ — ئادەتلىرىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان شائىر . ئۇ «يېزام ئاۋازى» ، «سەھرا قىزى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئۆزگىچە گۈزەللىكلىرىنى ، دىماغقا ئۇرۇلىدىغان جىگدە ھىدىنى ، يىراقتىن ئاڭلىنىدىغان ناخشا ئاۋازلىرىنى تەسۋىرلىگەن بولسا ؛ «سەنئەتكار» ، «ناخشىچىغا» ، «سەنئەت ئىشقى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى تەڭداشسىز ئورنى ۋە ئالەمشۇمۇل تەسىرىنى ئىپتىخارلىق بىلەن كۈيلەيدۇ . توپلامدىكى يەنە بىر مۇنچە لىرىكىلاردا شائىرنىڭ قەلبىنى غىدىقلىغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ، ھېسسىيات — تۇيغۇلار ، ھايات ئاتا قىلغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر ، شائىرنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى ئويلىرى ئىپادىلەنگەن .



ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ شۇكى ، توپلامدىكى «قەرزىم مېنىڭ» ، «ئوتتۇز بەشىنچى باھار» ، «بوز تورغاي» قاتارلىق بىر قاتار مۇنەۋۋەر شېئىرلاردا شائىر دىققەت مەركىزىنى تېخىمۇ ماھىيەتلىك تەرەپلەرگە قارىتىپ ، بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ مەنىۋى كەچۈرمىشلىرىنى ، ھاياتلىق يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ، تۇرمۇشتىن ئالغان تەجرىبىلىرىنى ۋە قەلبىدە پەيدا بولغان مۇرەككەپ ئوي — پىكىرلىرىنى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ ، يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى .

. . . . . . .
ئۈنتۈپ كەتمىگەن بولساڭ ، بىلىسەن —
يەتتە قات ئاسماندىن سۆزلەيتتى چوڭلار ،
«ئون سەككىزمىڭ ئالەم» دېيىشىپ بەزەن ،
«ھېسابسىز تاغ بار» دەپ سۆزلەيتتى ئۇلار .
ئەجەبا ، خىيالىي دەرۋازا قاققان —
تاغ ، ئاسمان ، ئالەمدىن قورققانمۇ ئۆزى ،
يا راستمۇ «ئۈستۈڭدە پەقەت بىر ئاسمان ،
ئالدىڭدا بىر تاغ» دەپ سۆزلىگەن سۆزى .
يوق بولسا ، بارلىقنى قىلايلى ئىسپات —
دېسەك ئۇن چىقمايتتى ئاتىلار پەقەت .
بار بولسا كۆرەيلى چەكسەكمۇ ئازاب —
دېسەك ئارزۇلارنى قىلار ئىدى رەت .
. . .   . . .   . . .
سەن قالدىڭ ، ئاقىۋەت كۆمۈش لاچىندا ،
مەن كەتتىم زەڭگەر رەڭ ئاسماننى قۇچۇپ .
. . .   . . .   . . .
بۇ تاغلار ، بۇ ئاسمان بىر — بىرىدىن ئۈز ،

بىرىدىن بىرىنىڭ ھۆسنى باشقىچە .
دەپ قالدىم :ئاتىمىز بۇرنى ئاستىنى-
كۆرۈپلا كەپتىكەن مۇشۇ ياشقىچە .
. . .   . . .   . . .
يەنىلا ئۈستۈڭدە پەقەت بىر ئاسمان ،
ئالدىڭدا بىر تاغ دەپ بەزلىمە مېنى .
ئاسماننىڭ ئۈستىدە ئاسمان بار ئىكەن ،
تاغلارنىڭ كەينىدە تاغلار بار ئىكەن » .
— «ئاسمانلار ، تاغلار »دىن

بۇ يەردە پارچىسىنى كۆرۈپ ئۆتكەن بۇ شېئىر شائىرنىڭ مۇنەۋ-
ۋەر لىرىكىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭدا يېڭى ئىدىيىلەر بىلەن كونا
قاراشلار ئالمىشىۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇن-
ياسى ، بولۇپمۇ يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەردىكى ناھايىتى كۈچلۈك
بولغان دۇنياغا تەلپۈنۈش ، ئۆزىدىن ھالقىش ، تېخىمۇ گۈزەل ئەتىلەر-
نى يارىتىش ئىدىيىسى بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ناھايىتى ئۇنۇم-
لۈك ئىپادىلەنگەن . بۇ خىل ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ شېئىري
قىممىتى ناھايىتى چوڭ ئەلۋەتتە .
90 - يىللار ئىمىن ئەخمىدىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە تېخى-
مۇ پىشىپ - يېتىلگەن مەزگىلى بولدى . بۇ يىللاردا ئۇ «ساھىلدىكى
ئارمانلار » ، «كۆيگەن تاغلار » ، «ھايات تەرمىلىرى » ، «ئاخىرقى
باياۋان » ، «قەدىمى كېرىپ ياندىم ھاياتتىن » ، «جىگدە ھىدى » قاتار-
لىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ ، ئىجادىيىتىدىكى ئۆزگىچە بىر
خاھىشتىن ۋە يەنە بىر پەللىدىن بېشارەت بەردى . بۇ يىللاردا ئۇنىڭ
«سۆيۈلگەن يىللار » ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى . كې-
يىنكى يىللاردا ئۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق
يارىتىپ ، دەۋرىمىز شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى



بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ شەرق - غەرب شېئىرىيىتى ۋە ئۇيغۇر كلاس-
سىك شېئىرىيىتى ھەققىدىكى مول بىلىمى ، كەڭ نەزەر دائىرىسى ،
ئۆزگىچە كۆزىتىش نۇقتىسى ، پەلسەپىۋى تەپەككۇرى ۋە ئەركىن
تەسەۋۋۇرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان
بولۇپ ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك شەكىللەندۇردى ۋە كۆپ تەرەپلىمە
قىممەت شەكىللەندۇردى .
ئىمىن ئەخمىدى نەزەر دائىرىسى كەڭ ، ئىزدىنىش روھى كۈچ-
لۈك شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى-
دىن باشقا يەنە خەنزۇ شېئىرىيىتى ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىنىڭمۇ
كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان ، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرىيەت قارىشى نىس-
بەتەن يېڭى ۋە ئەركىن ، ئىجادىيىتىدىمۇ بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتى-
دىكى خاھىشلار خېلى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .ئۇنىڭ
لىرىكىلىرىدا ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىلەر ، ئانا يۇرتنىڭ
ئۆزگىچە رەڭ - پۇراقلىرى ۋە بۇلار پەيدا قىلغان كۈچلۈك ھاياجان ،
چوڭقۇر ئويلىنىش ئىپادىلەنگەن ؛ۋەتەننىڭ تاغ - دەريالىرى ، تۇر-
مۇشنىڭ خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەن ، ئادەم بىلەن
تەبىئەت ئۇلۇغلانغان ؛ ئۇنىڭ لىرىكىلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقچىل-
لىق تەۋەققىيات ئىدىيىسى بىلەن ، مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى
بىلەن يۇغۇرۇلغان . ئۇنىڭ لىرىكىلىرىنىڭ پىكرى چوڭقۇر ، ئوبراز-
لىرى يېڭىچە ، تىلى تاۋلانغان ، ھېسسىياتى كۈچلۈك ، كەيپىياتى
جانلىق بولۇپ ، كىتابخان قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ .
ئىمىن ئەخمىدى يېڭىچە ئەدەبىيات قارىشىغا ، جۈملىدىن ئۆزگە
خاس شېئىرىيەت قارىشىغا ئىگە شائىر . ئۇنىڭ شېئىرىيەت قارىشى
«بىز قۇرماقچى بولغان شېئىر روھى » قاتارلىق ماقالىلىرىدە نەزەرىي-
يىۋى ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلدى . ئۇنىڭ شېئىرىيەت قارىشى ئىپادى-
لەنگەن ماقالىلىرىدە شېئىرىيىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي مەسىلى-
لىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ ، دەۋر تەرەققىياتىغا ، خەلق ئارزۇسىغا

تېخىمۇ ماس كېلىدىغان شېئىرلارنى ئىجاد قىلىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر - كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى . ئۇ يۇقىرىقى ماقالىسىدە شېئىرىيىتىمىزنى نۆۋەتتىكى تۇرغۇنلۇق ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە مۇمكىنچىلىكلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازدى : «شائىرلاردا ئاڭلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ، بۇرچ تۇيغۇسى ، ئازاب تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك . ئۇلاردا ۋەتەن ئېڭى ، مىللەت ئېڭى بولۇشى كېرەك . ئۇلاردا ئادەملىك پەزىلىتى بولۇشى كېرەك . مۇشۇ ئەھۋالدىلا ، پەقەت مۇشۇ شارائىتتىلا بىز يوقىلىۋاتقان شېئىر روھىنى قايتا تاپالايمىز . تېخى ھالاك بولمىغان شېئىر روھىنى قايتا تىكلىيەلەيمىز . شېئىرنىمۇ ، ئۆزىنىمۇ نابۇت قىلىۋاتقان شائىرنى قۇتقۇزۇپ ، كەڭ خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان نادىر شېئىرلارنى يارىتالايمىز» .

ئىمىن ئەخمىدى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەتى گەۋدىلىك ، تەسىرى چوڭ شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ «سۆيۈلگەن يىللار» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىدا مۇكاپاتلاندى ، كۆپلىگەن شېئىرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە مەخسۇس ئوبزورلار يېزىلدى . بىر قىسىم شېئىرلىرى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىندى ، باشقا ئەللەردە تونۇشتۇرۇلدى . ئۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئەمگەكلەرنى ئىشلىدى .

**ئارسلان** - . يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان شائىرلارنىڭ بىرى . ئۇ بەلگىلىك ئىدىيىۋى قىممەتكە ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىككە ئىگە بىر تۈركۈم شېئىر - داستانلىرى بىلەن ، يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەلۇم پەللىسىنى ياراتتى ۋە لىرىك شېئىرىيىتىمىزگە مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى . ئۇنىڭ



ئىجادىيىتى روشەن ئالاھىدىلىككە ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە . بولۇپمۇ ئۇنىڭ داستان ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ ، «يۇلتۇزلار يۇرتى» ، «ئاھ ، مېنىڭ خەلقىم» ، «زېمىن ئەركىسى» قاتارلىق داستانلىرى يېڭى دەۋر داستانچىلىقىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئارسلان (ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەت ھوشۇر ، فامىلىسى ئارسلان ) مىلادىيە 1946 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . 1953 - يىلى دۆربىلجىندە باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن . مىلادىيە 1954 - يىلى ئائىلىسى بىلەن بىللە ئاتۇشقا كۆچۈپ بارغان ۋە شۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن . مىلادىيە 1956 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان . مىلادىيە 1968 - يىلىدىن 1970 - يىلىغىچە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمدا قايتا تەربىيە ئالغان . مىلادىيە 1970 - يىلىدىن 1974 - يىلىغىچە «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىدا ئىشلىگەن . مىلادىيە 1976 - يىلى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ ، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە 50يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .

ئارسلان ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 1962 - يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى»گە بېسىلغان «يېزامغا» ناملىق شېئىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن . 1970 - يىللاردا ئۇنىڭ «كۈيېنلۈن بورانلىرى» ناملىق كىنو سېنارىيىسى ، «يەنئەن مۇھەببىتى» قاتارلىق داستانلىرى ، «مايسەم» ، «شاۋقۇنلا نىيە دەرياسى» قاتارلىق ھېكايە - نەسرلىرى ئېلان قىلىنغان . 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدى . بۇ مەزگىللەردە ئۇ ئۆزگىچە شېئىرىي تالانتىنى نامايان قىلىپ ، «ئاتۇش سۈرەتلى-

ـرى » ، «يۇرىكىم يىغلايدۇ » ، «تۇپراق قىسسىسى » ، «تارىم دولقۇ-
نى » ، «بىۋاپا مىسرالىرىم » ، «ئۆلمەس تۇيغۇلار » ، «رەڭگا رەڭ
شېئىرلار » ، «بەر پەلەك ئالەم غېمىنى مەي قىلىپ » ، «سېھىرلىك
سىرلار » ، «سۇمبۇل چاچ » قاتارلىق شېئىرلارنى ، «يۇلتۇزلار
يۇرتى » ، «زېمىن ئەركىسى » ، «ئاھ ، مېنىڭ خەلقىم »قاتارلىق
داستانلارنى يېزىپ ، ئەدەبىيات ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى . ئۇ
ھايات ۋاقتىدا مىڭ پارچىدىن كۆپرەك شېئىر ، 15 پارچە
داستان ـ باللادا ئېلان قىلدۇرۇپ ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرد-
ىيىتىدىكى مۇھىم شائىرلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى . «ئۇنىڭ . .
.تەپەككۇرگە باي ، يارقىن لىرىكىلىرى گۈزەللىكنى جەملەش ، ھېس-
سىياتلىق جانلاندۇرۇش ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلىك ئېپىك نۇرنى ئۆزىگە
ئالاھىدىلىك قىلغان سەنئەتلىك شېئىرلار بولۇش سۈپىتىدە كىشىلەر-
نى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ جامائەتچىلىك ئىچىدە ئىشتىياق ۋە ھاياجان
قوزغايدۇ » ( « ‹يۇلتۇزلار يۇرتى › ۋە باشقىلار توغرىسىدا » دىن ) .
ئارسلان گەرچە ئەدەبىياتنىڭ ھەممە شەكىل ـ ژانىرلىرىدا دېگۈ-
دەك يازغان بولسىمۇ ، ئەمما ئىجادىيىتىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدى-
غىنى يەنىلا شېئىرىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا
ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسلىق تېما قىلىنغان بولۇپ ، شائىر بۇ تېمىغا
ياندىشىشتا ۋەتەن ھەققىدە ئابستراكت مەدھىيە سۆزلىرىنى ئاز قى-
لىپ ، ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى ، يېزا ـ قىشلاقلىرىنى ،
ۋەتەندە بولۇۋاتقان تەرەققىيات ـ گۈللىنىشلەرنى ، ۋەتەننى مۇقەددەس
ئانا قىلىپ ، ئۇنىڭ قوينىدا ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقنى ، ۋەتەنگە ،
شۇ جۈملىدىن ئىنسانىيەتكە ئىلىم ـ پەن ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق تۆھپە قوشۇپ ، شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىش-
كەن ، ۋەتەننى قوغداش ، ۋەتەننى گۈللەندۇرۇش يولىدا چوڭ خىزمەت-
لەرنى قىلغان ئوغلانلارنى تەرىپلەش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدى-
يىنى ئىلگىرى سۈرگەن .ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى بۇنداق كونك-



تېمىسىنى ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك
رېت مەزمۇنلار ئارسلان
روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان . ئارسلان شېئىرلىرى تېمىسى
زور ، لىرىكىلىقى كۈچلۈك ، ھېسسىياتقا باي ، مەنە قاتلىمى چوڭقۇر ،
تىلى راۋان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارس-
لان شېئىرىي كەيپىيات يارىتىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان شا-
ئىر بولۇپ ، بىر قىسىم لىرىكىلىرىدا مۇڭلۇق كەيپىيات
بار . « . . . بىراق مۇڭ ئىچىدە ئۈمىدۋارلىق روھ ئۇرغۇپ تۇرغاچ-
قا ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا كەيپىيات يەنىلا كۆتۈرەڭگۈ ، ئاھاڭ جاراڭ-
لىق . ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە ئاجايىپلىقى ، پىكرىنىڭ
ئۆزگىچە ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان شېئىرلىرى تە-
سىرلىك شېئىرىي مۇھىت ھاسىل قىلىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى
ھېسسىيات دولقۇنلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ئېس-
تېتىكىلىق لەززەت بېغىشلايدۇ » (ئازاد سۇلتان : «بۈگۈنكى زامان
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا » دىن ) .بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ
«قۇياش نۇرىمەن » ، «سۇمبۇل چاچ » ، «ۋەتەن قەسىدىسى » ، «تاغ
لىرىكىسى » ، «گۈل » ، «قىش تۇيغۇلىرى » ، «يۇرىكىم يىغلاي-
دۇ » ، «تۇپراق قىسسىسى » قاتارلىق شېئىرلىرىدا ، «سەھرا خاتىرد-
لىرى » ، «ئاتۇش سۈرەتلىرى » قاتارلىق سېكىللىرىدا ، «زېمىن ئەر-
كىسى » ، «ئاھ ، مېنىڭ خەلقىم » ، «يۇلتۇزلار يۇرتى »قاتارلىق داس-
تان ـ باللادىلىرىدا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .شائىر بۇ
شېئىرلىرىدا چەكسىز ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن پىكىر قىلىش
نۇقتىسىدىن چىقىپ ، تەبىئەت ، جەمئىيەت شۇنداقلا ھاياتلىق ھەققى-
دىكى ئىزدىنىشلىرىنى ، چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان .
ئارسلاننىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە داستانچىلىق مۇھىم ئو-
رۇندا تۇرىدۇ .گەرچە ئۇنىڭ داستانلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولمى-
سىمۇ ، ئەمما ئارسلاننىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجادىيەت خا-
ھىشىنى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ .ئۇنىڭ «ئاھ ،

مېنىڭ خەلقىم» ناملىق داستانى ئۇزاق تارىخلارنى باشتىن كەچۈر-
گەن ، شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان ، باتۇرلۇق ، قەھرىمانلىقى بى-
لەن مەغرۇرلانغان خەلق ھەققىدىكى ئاجايىپ ھېسسىياتلىق بىر قە-
سىدىدىن ئىبارەت بولۇپ ، شائىر يالقۇنلۇق ھېسسىياتى بىلەن خەلق-
نى ، جۈملىدىن خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ، مۇقەددەسلىكىنى ، خەلق ياراتقان
پارلاق تارىخ ، شانلىق مەدەنىيەتنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن ، خەلق
قوينىدىكى بەختىيارلىقىنى ، ئاشۇ خەلق بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىزنىڭمۇ
بولىدىغانلىقىمىزنى ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزىمىزنى چەكسىز بەختلىك
ھېسابلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئىزھار قىلغان .شائىرنىڭ «زېمىن
ئەركىسى» ناملىق باللادىسى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىگە بېغىش-
لانغان بولۇپ ، باللادىدا ئۇلۇغ ئالىمنىڭ شانلىق ئوبرازى ناھايىتى
مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ، شائىر لىرىك بايانلار ، تىپىك تەپسىلات-
لار ، ھاياجانلىق كەيپىياتلار ئارقىلىق ئالىمنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ
دۇنياۋى قىممىتىنى ، ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە خەلقى-
مىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ، ئۇنى سېغىنىشىنى ، بولۇپمۇ
ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىرادىسىنى يارقىن ئىپادىلەپ
داستاننىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . بولۇپمۇ
مەھمۇت قەشقەرىنى تەسۋىرلىگەندە ئۇنى خەلق روھى بىلەن بىر گەۋدە
قىلىپ يېزىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلغان .شۇڭا بۇ باللادا يېڭى دەۋر
داستانچىلىقىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان .

ئارسلان ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئەسەر-
نىڭ بىرى «يۇلتۇزلار يۇرتى» ناملىق داستانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
«يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى— ئارسلاننىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ
ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر بولۇپ ، ئۇ يالغۇز
ئارسلان ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر
داستانچىلىقىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ داستان مىلادىيە
1983 - يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ ، ئاشۇ يىللاردا ئەدەبىيات ساھە-



سىدە ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغاپ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى باھالارغا
سازاۋەر بولغان . بۇ داستان ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن كۆپ تەرەپ-
لىمە قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بىلەن مەملىكەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپات-
لىرىغا ئېرىشكەن ، تەنقىدچىلەرنىڭ يۇقىرى باھالىرىغا ، مۇئەييەنلەش-
تۈرۈشلىرىگە سازاۋەر بولغان .

«يۇلتۇزلار يۇرتى» — مۇقەددىمە ، خاتىمە ۋە 11بابتىن تەشكىل
تاپقان چوڭ ھەجىملىك داستان بولۇپ ، تەخمىنەن مىڭ مىسرادىن
تۈزۈلگەن . شائىر بۇ داستاننى ئۇيغۇرلار باشتىن كەچۈرگەن ئۇزاق
ئەسىرلىك تارىخي جەرياننى ، جۈملىدىن مۇشۇ جەرياندا يارىتىلغان
شانلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ، مۇشۇ جەرياندا
يېتىشىپ چىققان مەشھۇر تارىخي شەخسلەرنى تەسۋىرلەپ ، ئىجتىما-
ئىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزنى بەدىئىي يوسۇندا قايتا كۆرسىتىپ ،
ئەجدادلارنىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، ئەۋلادلارنى ئىلھاملاند-
دۇرۇش مەقسىتىدە يېزىپ چىققان . شائىر داستاننى يېزىش جەريانىدا
بۇ ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا ناھايىتى ئۇنۇملۇك يەتكەن بولۇپ ، داستان-
نى ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلار باشتىن كەچۈرگەن تارىخنىڭ ، ئۇيغۇرلار
ياراتقان كۆپ مەزمۇنلۇق مەدەنىيەتنىڭ بەدىئىي قامۇسىغا ئايلاندۇر-
غان . بولۇپمۇ داستاندا شائىر مەشھۇر شائىر - ئالىملارنىڭ بەدىئىي
ئوبرازىنى يارىتىپ ، تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، داستاننى شا-
ئىر - ئالىملىرىمىزنىڭ بەدىئىي ئابىدىسى قىلىپ چىقىشقا تىرىشقان .
داستاندا شائىر « . . .تەڭرىتاغ بىلەن نەپەسداش بولغان ئەجدادلىرى-
مىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ياراتقان ئالەمشۇمۇل مول تۆھ-
پىلىرىنى ، تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ،
تەڭرى تاغلىرىدەك پۈكۈلمەس ئىرادىسىنى نۇقتىلىق ھالدا تېپىكلەش-
تۈرۈپ ، تەڭرىتاغدىن ئىبارەت بۇ ئۇزۇلمەس يىپقا مارجاندەك تىزى-
دۇ ، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى
بەدىئىي يول بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ» (ئابدۇكېرىم راخمان : «ئۇي-

غۇر هازىرقى زامان پوئېزىيىسىدە داستانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ ئورنى ۋە تەرەققىيات يولى »دىن ) . شائىر تارىخنى ، تارىخىي شەخسلەرنى ۋە مەدەنىيەت ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يازغاندا ، ئۇ-نىڭغا ناھايىتى كۈچلۈك لىرىك ھېسسىياتنى ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى-نى قېتىپ يېزىپ ، داستاننى ھەقىقىي مەنىدىكى لىرىك داستانغا ـ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ لىرىك يول بىلەن بايان قىلىنغان بەدىئىي قامۇسىغا ـ ئايلاندۇرغان . بىز مىسال ئۈچۈن داستاندىن پارچە كۆرۈپ باقايلى :

ئاسماندىن يۇسۇپ خاس ھاجىپ قارىدى ،
يېنىدا قاندىشى مەھمۇت قەشقەرى .
باغرىنى ئاچتى بولدى چاك ياقىسى ،
پۈتۈنكەن دەرد كۆرگەن ياقىسى تېخى .

كېلىشتى كۆتۈرۈپ ئىككى زەر كىتاب ،
قەدىمىي قايغۇدا مەڭزىنى ياشلاپ .
زەن سېلىپ كۆزىدىن كۆردۈم ھاياجان ،
تويمايدۇ يۈرتىغا ھېچ نەزەر تاشلاپ .

مەن سۆزسىز چۈشەندىم نىگاھلىرىدىن
ئازابقا كۆمۈلگەن ئارمانلىرىنى .
ئارماننى گۈللەتكەن ئۇلۇغ خەلقىمگە
مۇھەببەت ئوتىدا يانغانلىقىنى .

تاپقانتى ئۇلار پەن چوڭقۇرلۇقىدىن
بىباھا ھەقىقەت گۆھەرلىرىنى .
ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ شولىسى بىلەن



تولدۇرغان قەلبىنىڭ ساھەلىرىنى .

دولقۇنلار پەسلىسە ئۆرلەيدۇ يەنە ،
توزۇسا گۈل ، يېڭى گۈللەر ئېچىلار .
سىرلىرى بىقارار ئانا تەبىئەت ،
سۆيگۈ ۋە ھاياتنى دائىم يېڭىلار .

دۇنيادا كۆپ ئىشلار ئۆتەر ، ئۇنتۇلار ،
ئۇنتۇلماس باتۇرلۇق ۋە تالانت ئەبەد .
تۇپراققا كۆمۈلەر يىللار نومۇسى ،
كۆمۈلمەس ئەل ئۈچۈن يارالغان شۆھرەت .

ئۇلارنىڭ ھاياتى ، سۆيگۈ ھۆرمىتى ،
ياش پېتى ياشايدۇ خەلق بىلەن تەڭ .
شەرىپىم ، نەزمەمدە ئاۋازلىرى بار ،
ئۇلارغا شەرەپنى بەرگەن شۇ ۋەتەن .

يۇقىرىقى مىسرالاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ، شائىر تارىختا ئۆتكەن ئالىم ـ ئەدىبلىرىمىزنىڭ ، سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئەمگەكلىرىنى ، ئىنسانىيەتكە قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى ، مەدھىيەلەشنى داستاننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلغان ، ھەم بۇ مەزمۇنلارنى كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلىگەن . داستاندىكى بۇ لىرىك تەركىبلەر ئەسەرنى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلغان بولۇپ ، كىتابخان قەلبىنى ئىختىيارسىز لەرزىگە سالىدۇ . داستاننىڭ ئاساسلىق تېمىسى يۇكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقچىللىق ، مەرىپەتپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت . شائىر بۇ داستانى ئار-قىلىق بۇ تېمىلارنى مەلۇم يۇكسەكلىككە ئىگە قىلغان . داستاندا شائىر

تارىخنى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە قۇرۇلما لىنىيىسىنىڭ ئاساسى قىلغان ، شۇڭا داستان بىر پۈتۈن تارىخىي تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە مەزمۇنلىرىنى كىتابخان كۆز ئالدىدائاجايىپ سەلتەنەتلىك بىر دۇنيا سۈپىتىدە نامايان قىلىدۇ . پاساھەتلىك شېئىرىي تىل ، ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلگەن ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش ، مۇبالىغە ، سىمۋول قاتارلىق بەدىئىي ئۇسۇللار داستاننىڭ بەدىئىي ئۈنۈمدارلىقىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . قىسقىسى ، ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ گەۋدىلىك بىر نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئارسلان يالغۇز شائىر بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى . ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتى 1970 ـ يىللاردا باشلىنىپ ، 1980 ـ يىللاردا مېۋە بېرىشكە باشلىغان ، 1990 ـ يىللاردا ۋايىغا يەتكەن . ئۇنىڭ «دەردمەن ھاراقكەش» ، « ‹ئاق كۆڭۈل › خۇشامەتچى» ، «سىپايە ئايال» ، «سۆيۈملۈكنى سۆيمەسلىك گۇناھ» ، «قىمىرلىغان لەۋلەر» ناملىق ھېكايىلىرى ، «سېھىرلىك ھەيكەل» ، «كېسەك كاللا» ، «ئۇپۇقتىكى سۇرەتلەر» قاتارلىق پوۋېستلىرى بار . ئۇنىڭ پروزا ئەسەرلىرى گەرچە سان جەھەتتىن كۆپ بولمىسىمۇ ، لېكىن ماھىيەتلىك رېئال مەسىلىلەرگە ، ھاياتلىق مەسىلىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنغانلىقى ، چوڭقۇر پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۆزگىچە يول تۇتۇلغانلىقى ، بايانىنىڭ ئۆزگىچە بېرىلگەنلىكى ، بەدىئىي ئۇسۇل ـ ماھارەتلەرنى قوللىنىشتا يېڭىلىق يارىتىلغانلىقى بىلەن مەلۇم ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . ئۇ «دەردمەن ھاراقكەش» ، « ‹ئاق كۆڭۈل › خۇشامەتچى» قاتارلىق ھېكايىلىرىدا مەنىۋىيىتى قۇرۇق ، ئىقتىدارسىز ، ھەر خىل ئىللەتلىرى بىلەن ئۆزىنى خاراب قىلىپ ، ئەتراپىدىكىلەرنى پاراكەندە قىلىدىغان ، جەمئىيەت ئۈچۈن ھېچقانداق رولى يوق «ئارتۇقچە ئادەم»لەر ئوبرازىنى ياراتقان . يازغۇـ



چى بۇنداق ئوبرازلارنى ياراتقاندا ، ئۇلارغا تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتقان ھەم ھەجۋىي قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان . ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىن يازغۇچىنىڭ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىشقا ، روھىي دۇنيانى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشتەك ئالاھىدىلىكنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . يازغۇچى «سېھىرلىك ھەيكەل» ناملىق پوۋېستىدا ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بىر دەۋر كىشىلىرىگە ، جۈملىدىن بىر ئەۋلاد زىيالىيلارغا ئېلىپ كەلگەن ۋەيرانچىلىقلىرىنى ناھايىتى جانلىق ، ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن . شۇنداقلا نادانلىق ، قالاقلىق ، مۇتەئەسسىپلىك ، بيۇروكراتلىققا ئوخشاش ئىللەتلەرنىڭ ھاياتقا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن . بۇ پوۋېستتا يېڭىچە پروزىچىلىقنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى دادىللىق بىلەن قوللىنىلغان ، شۇنداقلا شەپقەت ، ساھىبجامال ، ئابدۇغوپۇر قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ياخشى يارىتىلغان .

«ئۇپۇقتىكى سۇرەتلەر» ـــ ئارسلاننىڭ پروزا ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ، شۇنداقلا يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىمىزدىكى ئىزدىنىش ، يېڭىلىق يارىتىش خاھىشىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدىغان پوۋېستلىرىنىڭ بىرى . يازغۇچى بۇ پوۋېستنى مىلادىيە 1991 ـ 1992 ـ يىللىرى يېزىپ ، 1993 ـ يىلى ئېلان قىلدۇرغان بولۇپ ، ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان ، بۇ ، ئون بابلىق چوڭ ھەجىملىك پوۋېست بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئەسەر باش قەھرىمانلىرىدىن بولغان قەيسەر بىلەن لوئىزانىنىڭ قىسمەتلىرىگە باي سەرگۈزەشتىلىرى ئۆزگىچە بىر بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئىپادىلەنگەن . بۇ سەرگۈزەشتىنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى ، ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ ، كەسىپ ، مۇھەببەت ، ئەخلاق ، ئېتىقاد ، ھايات قارىشى ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ، مەنىۋى ئىللەتلەر قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ .

ئارسلاننىڭ ھازىرغىچە «يۇلتۇزلار يۇرتى» (1983 ـ يىل ،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ) ناملىق داستانى ، «يـاشلىق يـۇلتـۇزلىـ-
رى» ، (1984 ـ يىل ، مىللەتلەر نەشرىياتـى ) ، «ئـۆلمـەس تۇي-
غۇلار» ، (1988 ـ يىل ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ) ، «ئارسلان
شېئىرلىرىدىن تاللانما» (خەنزۇچە ) (1992 ـ يىل ، شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى ) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى ، «سېـھىرلىك ھـەيكـ-
ـەل» (1993 ـ يىل ، مىللەتلەر نەشرىياتى ) ناملىق ھېكايە ـ پو-
ۋېستلىرى توپلىمى ، «ئۇپۇقتىكى سۇرەتلەر» ، (1998 ـ يىل ،
مىللەتلەر نەشرىياتى ) ناملىق پوۋېستى نەشر قىلىنغان .

## مۇھەممەتجان راشىدىن ، روزى سايىت

**مۇھەممەتجان راشىدىن** مىلادىيە 1940 ـ يىلى غۇلجىدا
تۇغۇلغان .گەرچە ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىپ ،
شېئىر يېزىشقا قىزىقىپ يۈرگەن بولسىمۇ ، ئەمما ، ئۇنىڭغا ئەدەبىيات
كەسپىدە ئوقۇش نېسىـپ بـولمىدى . مىلادىيـە 1955 ـ يىلىدىن
1958 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئوقۇپ يۈرگەن
مەزگىللىرىدە ئۇ بىر تەرەپتىن يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىغا دائىر
بىلىملەرنى ئۆگەنسە ، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇل-
لىنىپ ، 1958 ـ يىلى ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرى «ئىلى دەرياسى»
نى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇردى . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر
مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى . قوشۇمچە ئەدەبىي ئىجادىيەت
بىلەن شۇغۇللاندى . ئەمما بۇنداق ھايات ئۇزاق داۋاملاشمىدى . مىلادىيە
1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە
بولغان 20 يىلدا شائىر خىزمەت ، تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەتتە نۇرغۇن



كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تارتتى . مەتبۇئات ئەركىنلىكى بولمىدى ، ھەتتا-
ئەركىن ھاياتىمۇ ئېرىشەلمىدى . 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەل-
گەندىلا ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ ، ھاياتىنىڭ ۋە ئىجادىيىتى-
نىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى . يېڭى دەۋردە ئۇ بارلىق زېھنىي كۈچىنى
ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قارىتىپ كۆپلىگەن ياخشى شېئىرلارنى ئىجاد
قىلىپ ، دەۋرىمىزدىكى ئەڭ ھوسۇللۇق ، شۇنداقلا ئالقىشقا سازاۋەر
شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلاندى .

مۇھەممەتجان راشىدىن ـ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىككە ئىگە شائىر .ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئادەمنى ئۇلۇغلاش ،
ھايات ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ، جەمئىيەتتىكى ۋە مەنىۋىيەتتىكى
ھەر خىل ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلىشتەك ئاكتىپ مەزمۇنى ، ئاممى-
باب ، يەڭگىل ، يېقىشلىق بولۇشتەك بەدىئىي ئۇسلۇبى بىلەن ئەدەبى-
يات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر
بولغان . شۇ سەۋەبتىن ، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1992 ـ يىلى كىتاب-
خانلارنىڭ رايىنى سىنىغاندا ، ئۇ شېئىرلىرىنى خەلق ئەڭ ياقتۇرىدى-
غان شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ تاللانغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى يېڭى
دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزگىچە بىر خىل ئىجادىيەت خاھى-
شى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ ، بۇ خىل خاھىشنىڭ تەسىرى ۋە نەتىجى-
سى خېلى گەۋدىلىك ، شۇنداقلا شېئىرىيەت ساھەسىدە ئالاھىدە ئېتى-
بارغا ئىگە .ئۇنىڭ «سەن يوق» ، «بۇ دۇنيا» ، «ئىش ھەققىڭدىن
تۇتمەن» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىغا ياندىشىپ ياكى ئۇنىڭدىن
ئىلھاملىنىپ يېزىلغان شېئىرلارنىڭ شۇنچە كۆپلىكىنىڭ ئۆزىلا بۇ
نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ .

مۇھەممەتجان راشىدىن گەرچە 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا
ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ
يىللاردىكى ئىجادىيىتى ئانچە ھوسۇللۇق ، نەتىجىلىك بولمىدى ، باشلا-
نغان پېتى قېپقالدى . ھېسابتا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن

دەۋرى يەنىلا يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچى بولدى . بۇ مەزگىللەردە ئۇ بىھۇدە ئۆتكەن ئاشۇ يىللارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ، قەلبىگە سىغمىغان ئەلەملىك ھېسسىياتنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە ئاجايىپ ئىجتىھات بىلەن قايتىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ «مەن كېلىمەن ئىككى كۆزۈم ياش» ، «كاككۇك گۈلى » ، «مەشرەپ ھەققىدە مۇخەممەس » ، «ۋەتەن تاغلىرى» ، «يىللارئىزى» ، «بۇ تۇرمۇش» ، «سەن يوق» ، «ئانا يەر قەسىدىسى» ، «ھايات دېگەن مانا شۇ» ، «ئۇمۇ بىر ئانا» ، «يالىندۇ قەلبىدە قۇياش بولۇپ ئىنسان» ، «كۇتۇشكە يارالغانمەن سۆيگىنىمنى» ، «شۇ ئادەملەر» ، «قانات ياساپ پەرۋازدا ، يۇرەر تۇمەن تىلەكلەر» ، «باھار ناخشىلىرى» قاتارلىق كىشى قەلبىنى ھاجانغاسالىدىغان كۆپلىگەن ئېسىل لىرىكىلارنى يازدى . ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋەتەنگە ، خەلققە ، تەبىئەتكە ، ھاياتقا ، ئانىغا ، ياخشىلىققا ، ھەقىقەتكە بېغىشلانغان بولۇپ ، بۇنداق مۇھىم ، ئەنئەنىۋى ، مەڭگۈلۈك تېمىلاردا يېزىش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىزچىللىق ۋە بىر خىل ئالاھىدىلىك شەكىللەندۇردى . تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى ، شائىر بۇ تېمىلارغا يېڭى پىكىر ـ مەزمۇنلار بىلەن ئىجادىي ياندىشىپ ، بۇ تېمىلارنى مۇناسىپ دەرىجىدە بېيىتتى ، مەلۇم يۈكسەكلىككە ئىگە قىلدى ۋە بۇ تېمىلارغا يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى . ئۇ شېئىرلىرىدا ئىپادىلىنىدىغان پىكىر ـ مەزمۇنلارنىڭ يېڭى ، چوڭقۇر ، تەسىرلىك ، ئوبرازلىق شۇنداقلا جەلپكار بولۇشىغا ، بۇ مەزمۇنلارنى ئاممىباب ، يېقىشلىق ، يەڭگىل قىلىپ ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ۋە بۇ جەھەتتە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئۇنىڭ ھەربىر پارچە شېئىرىنىڭ دېگۈدەك تەسىر قوزغىشىنىڭ ، ياخشى تەرىپلەرگە ئېرىشىشىنىڭ ۋە كىشىدە ئۆزگىچە تەسىرات پەيدا قىلىشىنىڭ مۇھىم بىرسەۋەبى مانا مۇشۇ .

مۇھەممەتجان راشىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئېغىر ئازابلارنى تارتقان ، ئۆلۈم گىردابىدىن قايتىپ كەلگەن شائىر .



بۇنداق سەرگۈزەشتىگە ئىگە شائىرنىڭ يېڭى دەۋردىن ، دەۋر ئاتاقلىغان ئەركىن ، بەختىيارھاياتتىن شادلانماسلىقى ، قەلبى لەرزىگە كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ، ئەلۋەتتە . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئاپەتلىك يىللاردىن زارلىنىش ئاساسلىق مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى . شائىرنىڭ 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يازغان «مەن كېلىمەن ئىككى كۆزۈم ياش» ، «سالام دوستلار» ، «كاككۇك گۈلى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىندى :

مەن كېلىمەن ئەسسالام ئېلى ،
كەكلىك كەبى قەپەستىن ئازاد .
مەن كېلىمەن ، چېكىپ كاككۇكتەك ،
زەينەپ ئۇچۇن ھىجراندىن ئازاد .

مەن كېلىمەن ئىككى كۆزۈم ياش ،
ئىككى ئۇنىڭ سەۋەبى ھەم سىرى .
بىرى شادلىق ، بىرى ئەلەمدىن ،
يازسام كىتاب ئۇنىڭ ھەربىرى .
. . .
ئايرىلغاننى قايتا قوشقان زامان كەلدى ،
سالام دوستلار ، يەنە كەلدىم ئاراڭلارغا .
مەرىكەڭلار بىرچېتىدە ئۇن قاتىمەن ،
سىلەردىكى يېڭى سۆھبەت پاراڭلارغا .
بەختلىكمەن :چىمەن ئىچىرە جەم بولۇشتۇق ،
زامان قوشتى يەنە مېنى ئاراڭلارغا .

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى باشتىن كەچۈرگەن شائىرلارنىڭ كۆپ قىسمى 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئىجادىيىتىنى ئاساسەن

ئاشۇ ئاپەتلىك يىللارنىڭ بالايىئاپەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا
بېغىشلىغان بولۇپ ، مۇھەممەتجان راشىدىن ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا
ئەمەس . ئەمما ، مۇھەممەتجان راشىدىن باشقا شائىرلاردىن سەل پەرق-
لىق ھالدا شېئىرلىرىدا ئازابلىرىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا يەنە يېڭى
ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىگە بولغان خۇشاللىقىنىمۇ ئىپادىلەپ ، كىشىلەرنى
ئەمدىكى بەختىيار زامانىنىڭ ، ئەۋزەل شارائىتىنىڭ قەدرىگە يېتىپ ،
ۋەتەن - خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقاچاقىرغان . ئەلۋەتتە بۇ چاقى-
رىق شائىرنىڭ ئۆزىگىمۇ قىلىنغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ كېيىنكى يىللار-
دىكى ئىجادىيىتىدە چوڭ يۈكسىلىشلەر ، گەۋدىلىك مۇۋاپپەقىيەتلەر
مەيدانغا كەلدى .

مۇھەممەتجان راشىدىن ئىجادىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلى-
رىدىن بىرى ، ئۇنىڭ شېئىرلاردا چوڭقۇر مەنىلىك ، خەلق يېقىندىن
كۆڭۈل بۆلىدىغان ، كىشىلەر قەلبىدە ھاياجان پەيدا قىلالايدىغان پى-
كىر - ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ . مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ جېنى ئەمەلىيەتتە
ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇندا . شائىرنىڭ شېئىردا مەلۇم پىكىر -
ئىدىيىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشتەك بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدى-
لىكى دەۋرىمىز كىتابخانلىرىنىڭ ئەسەردىكى مەزمۇنغا قىزىقىشتەك
كىتابخانلىق ئادىتىگە تازا ماس كەلگەچكە ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىتاب-
خانلىق ، تەسىرى كۈچلۈك شېئىرلاردىن بولۇپ كەلدى .مۇھەممەتجان
راشىدىن ئۆزگىچە كۆزىتىش ، پىكىر قىلىش نۇقتىسىغا ئىگە شائىر
بولغاچقا ، ۋە ھايات ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىنى شېئىر قىلىپ يېزىش-
قا ماھىر بولغاچقا ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى يېڭىدىن - يېڭى پىكىر
مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ كەلدى . شۇڭا بىز ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە
شېئىرىدىن دېگۈدەك بىر يېڭى پىكىرگە ، بىر يېڭى ھېسسىياتقا ، بىر
يېڭى ئۇچۇرغا ئىگە بولىمىز . شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى پىكىرلەر
پەلسەپىۋىلىككە ، دىداكتىكىغا ، ھايات ھەقىقەتلىرىگە ، تۇرمۇش تەج-



رىبىلىرىگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ ، ھەرقانداق كىشىنىڭ قەلبىدە
كۈچلۈك ھاياجان ۋە قايىللىق پەيدا قىلماي قالمايدۇ . ئۇ شېئىرلىرد-
نى تېخىمۇ چوڭقۇر پىكىر - مەنىلەرگە ئىگە قىلىپ ، شۇ ئارقىلىق
كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشنى ئىجادىيەت غايىسى قىلغانلىقى ئۈ-
چۈن ، شېئىرلارنى ھېسسىياتتىن كۆرە ئەقىل ئارقىلىق يازىدۇ . شې-
ئىرنى تەپەككۇر قىلىشتىكى بىر خىل ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ، ھايات
ھەققىدە ئىزدىنىدۇ .ئۇنىڭ :

تالاشماڭلار تالايدىن قالار ئىكەن بۇ دۇنيا ،
بىلىپ بولماس نەگىدۇر بارار ئىكەن بۇ دۇنيا .
مەيلى گاداي ، مەيلى شاھ بىر قىيامەت بىر جانغا ،
بىر ئىنساندىن بىر جەسەت ئالار ئىكەن بۇ دۇنيا .

چېچەك تۆكسە ئۆرۈكلەر ، مېۋە قېلىپ ئورنىدا ،
ئەجدادلارغا ئەۋلادنى ئۇلار ئىكەن بۇ دۇنيا .
رىزقى ئەمما تەڭ ئەمەس ، بۇ «پانىي»غا كەلگەننىڭ ،
بىردە يوقسۇل ، بىردە تەل قىلار ئىكەن بۇ دۇنيا .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

دېگەن مىسرالاردىن تەركىب تاپقان «بۇ دۇنيا» ناملىق شېئىرى بۇ
جەھەتتە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە . شائىر بۇ شېئىردا ئوتتۇرىغا
قويغان ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى تۈس ئالغان شېئىرىي پىكىر-
لەر كىتابخان قەلبىنى ھاياجانغا سالماي ، ئۇلارنى قايىل قىلماي
قالمايدۇ . مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرى ئىچىدە «بۇ دۇنيا»غا
ئوخشاش پەلسەپىۋىلىككە ، ھايات ھەقىقەتلىرىگە باي ، چوڭقۇر پىكىر-
لىك شېئىرلار ئاز ئەمەس . «بەلكى» ، «بىھۇدە ئۆتمىگەن يىللار»
«ئەخلاق» «بۇ تۇرمۇش» «ناتايىن» «ھايات دېگەن مانا شۇ» ، «قورقى-
مەن» قاتارلىق شېئىرلاردىمۇ شائىر ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن چى-
قىپ ، ئۆزىنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىمىزدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ۋە ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە .

مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئاساسەن قىسقا شېئىرلار ، لىرىك شېئىرلار ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ شېئىرلار ئىچىدە تەبىئەت ھەققىدە يېزىلغان لىرىكىلار مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ . مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ تەبىئەت لىرىكىلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقپەرۋەرلىك ئاساسىي ئىدىيە قىلىنغان بولۇپ ، ئۇلاردا تەبىئەت ئاتا قىلغان گۈزەل مەنزىرىلەر ، ئىشچان خەلقنىڭ ئەمگىكى بىلەن ياشناۋاتقان يېزا - قىشلاقلار ، ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان مەھەللە ناخشىلىرى ، كۆجۈم مەھەللىلەر ، تېرەكلىك يوللار ، باغلىق ھويلىلار ، يېڭى دەۋردە كىشىگە باشقىچە يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان كاككۇك ئاۋازى ، باشقىچە يېقىملىق تۇيۇلىدىغان باھار پەسلى ، ئاجايىپ بايلىقلارنى ، ئېچىلماس تىلسىملارنى ساقلاپ كەلگەن چۆل - جەزىرىلەر ، ئاۋات - قايناق شەھەرلەر تەسۋىرلەنگەن .شائىر مانا مۇشۇ كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق تەبىئەت بىلەن ھاياتنى ، تەبىئەت بىلەن ۋەتەننى بىر گەۋدە قىلىپ تەسۋىرلەپ كىشىنىڭ يۇرتقا بولغان مۇھەببىتىگە يېڭىچە ئىلھام بەخش ئەتكەن . بەزىدە شائىر تەبىئەتنى تەسۋىرلەۋېتىپ ، تەبىئەتتىن ئىلھام ئېلىپ يەنىلا ئادەم ھەققىدە ، ھايات ھەققىدە ئويلىنىدۇ ، پىكىر يۈرگۈزىدۇ . ئالايلى ، شائىر «تاغ ناخشىلىرى» ناملىق سېكىلىدە قارىغاي ھەققىدە يېزىپ كېلىۋېتىپ ،

«قارىدىم ، ئويغا پاتتىم :ئادەملەرمۇ ،
دېدىم مەن : — قارىغايدەك يېشىل بولسا .
بېشىغا جۇدۇن بىلەن قىش كەلسىمۇ ،
رەڭگىدىن كەتمەيدىغان ئېسىل بولسا»



دىگەن ئويغا كېلىدۇ . شائىرنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى لىرىكىلىرىدا مۇنداق ئەھۋال بىر خىل ئومۇمىيلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شائىر «مەكتەپ» ، «ئوقۇڭلار» ، «مەكتەپ ۋە بىز» قاتارلىق شېئىرلىرىدا شۇنداق كۈچلۈك بىر خىل مەسئۇلىيەتچانلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ ، ئىلىم - مەرىپەتنى ، مەكتەپ تەربىيىسىنى ئۇلۇغلاپ ، بالىلارنى پەن - بىلىم ئارقىلىق نۇسرەت تېپىش يولىغا چاقىرىدۇ . شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات ناھايىتى سەمىمىي ، چاقىرىق تولىمۇ تەسىرلىك بولۇپ ، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ .

مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ يەنە بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ھەجۋىي شېئىرلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، ساتىرا ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ نەتىجىلىرى خېلى گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ . ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى - دىداكتىك قاراشلار ئىپادىلەنگەن شېئىرلارنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى دېسەك ، ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە روھىي دۇنيارىمىزدىكى ھەرخىل ئىللەتلەر ھەجۋىي - مەسخىرە قىلىنغان ھەجۋىي شېئىرلارنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەيمىز . شائىرنىڭ ساتىرا يېزىشتىكى ماھارىتىمۇ خېلىلا ئۇستۇن بولۇپ ، ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدا ۋە روھىي دۇنيارىمىزدا گەۋدىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى بايقاشقا ، ئۇنى ھەجۋىي قىلىشقا ناھايىتى ماھىر .ئۇ يازغان «ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن» ، «ئوغرى ھەققىدە مۇخەممەس» ، «ئاپتوبۇستىكى ئىلھاملار» ، «سادىغاڭ كېتەي مۇكاپات» ، «ئىنجىق» ، «ئۆزۈممۇ بىلەتتىم ، ئۇنتۇپ قاپتىمەن »قاتارلىق ساتىرالىرى بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر ساتىرالار ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ ساتىرالىرىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىز ۋە مەنىۋى دۇنيارىمىز ھەرخىل ناچار ئىللەتلەر ئاممىباب تىل ، يەڭگىل ئۇسلۇب ، راۋان بايان ئارقىلىق ئاچچىق مەسخىرە قىلىنغان ھەم كېلىشتۈرۈپ قامچىلانغان . شائىر ساتىرالىرىنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتى كەڭ بولۇپ ،

خىزمەتتىكى بيۇروكراتلىق ، شەكىلۋازلىق ، مۇستەبىتلىكتىن تارتىپ تۇرمۇشتىكى ئوغرىلىق ، ئەيش ـ ئىشرەت ، كەيپ ـ ساپاغىچە ، كەسپتىكى ناتوغرىلىقلاردىن قەلبتىكى ھەرخىل ئىللەتلەرگىچە ھەجۋىي قىلىنغان ، تەنقىدلەنگەن .شائىر ساتىرالىرىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇساق بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز :

ئىشتىن بالدۇر كېتىشسەڭ ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن ،
قايسىڭ ئىشقا كېچىكسەڭ ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن .
كېچىكمەمسەن خىزمەتكە يېتىۋەرسەڭ چىرمىشىپ ،
بىر كارىۋاتتا يېتىشساڭ ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن .
جان يېرى بار ئادەمنىڭ ، ئوخشار ئاڭا مائاشمۇ ،
ئۇندىن قۇسۇر تېپىشساڭ ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن .
بۇندىن ئۆزگە تەدبىرنىڭ ئانىسىنى تۇمەنمىڭ . . . !
مېنىڭ بىلەن ئېيتىشساڭ ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن .
قېشىڭدىكى ئوسمىنى قاچان قويدۇڭ ئېيتمىدىڭ ،
ئەمدى خېنە يېقىشساڭ ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن .
گەپنى ئوچۇق دەپ قوياي !مېنى كۆرسەڭ پىچىرلاپ ،
قۇلىقىڭنى يېقىشساڭ ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن .
بارالايدۇ پېقىرمۇ ، بارغان يەرگە ھەر قايسىڭ ،
رەھبەرلىككە چېقىشساڭ ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن .

بۇ ـ شائىرنىڭ «ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن» ناملىق ساتىراسى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئۆزگىچە بايانچى ۋە بايان نۇقتىسى ئارقىلىق ئەمەلىي ئىش قىلالمايدىغان ، قول ئاستىدىكىلەرنى ياخشى باشقۇرالمايدىغان ، ھەممىدىن قورقۇپ ، ئەنسىرەپ يۈرىدىغان ، مائاش تۇتۇشتىن باشقا تەدبىرى يوق ئىقتىدارسىز ، بيۇروكرات ئەمەلدارلار مەسخىرە قىلىنغان . گەرچە شائىر ئۆزىنىڭ بىۋاستە ھېسسىياتى ، باھاسىنى بەرمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما ھەربىر مىسراغا سىڭگەن ئاچچىق مەسخىرە ئارقىلىق بۇنداق ئادەملەرگە بولغان قاتتىق غەزەپ ـ نەپرىتىنى ، ئۆتكۈر تەنقىدىنى ۋاستىلىك ئىپادىلىگەن . مۇھەممەتجان راشىدىن ساتىرالىرىدا مەسخىرە ، مۇبالىغە ، قىلىقلاندۇرۇشقا ئوخشاش ھەرخىل بەدىئىي ۋاستىلەر ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلىپ ، ھەجۋىي تىل ، ھەجۋىي كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ، ئوبيېكت ھەققىدىكى مەسخىرە ، تەنقىد ۋايىغا يەتكۈزۈلىدۇ . ئۇنىڭ مەسخىرىسى ، تەنقىدى خېلى كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ۋە تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە بولۇپ ، شائىرنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى ، مەنىۋىيىتىمىز ئالدىدىكى شەرەپلىك بۇرچىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنلىكى ۋە ياخشى ئادا قىلغانلىقىنى ، ساتىرا ئارقىلىق ئادەملەرگە تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى شېئىرلاردىكى خاھىشتىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىككە ئىگە . مۇشۇخىل ئالاھىدىلىك ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ئەنەشۇنداق ئالقىشقا ، تەسىرگە ئىگە قىلغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ تىل سەنئىتى ھېسابتا ئۇنىڭ شېئىرسەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ .

مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ شېئىرىي تىلى ئىپادىلىك ، يېقىشلىق ، ئاھاڭدار ، ئوبرازلىق بولۇپ ، كۆڭۈل قويۇپ تاللانغان ۋەتاۋلانغان . شائىر غۇۋالىقنى ، ساپ پاساھەتنى ئەمەس بەلكى ئېنىقلىقنى ، ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى شېئىرىي تىلنىڭ ئۆلچىمى قىلغاچقا ، شېئىرلاردىكى سۆز ـ جۈملىلەر . شېئىرلاردا ئىپادىلەنگەن پىكىر ، ھېسسىيات بىلەن ئۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان تىل ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان بولغاچقا ، كىشىگە چىنلىق ، تەبىئىيلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرىي تىلنىڭ ئاھاڭدارلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بىر تەرەپتىن

ناھايىتى ياخشى ماسلىشىدىغان ۋە ئىزچىللىق شەكىللەندۈرىدىغان قاپىيەلەر ئارقىلىق ئاھاڭدارلىق پەيدا قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن رادىپلىق ئارقىلىق ئاھاڭدارلىق پەيدا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى يېزىلغان، كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەمەلىيەتتە رادىپلىق شېئىرلار بولۇپ، شائىر رادىپنىڭ شېئىرىي نۇتۇقتىكى رولىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئۇندىن باشقا شائىرنىڭ شېئىرىي تىلى ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق بولۇپ، پىكىر - ھېسسىياتنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەپ، يۇقىرى ئۈنۈم پەيدا قىلىش رولىنى ئوينىغان.

ئاممىباپلىق - مۇھەممەتجان راشىدىن ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ھەتتا شائىرنىڭ ئۇسلۇبى دېسەكمۇ بولىدۇ. دەۋرىمىز ئەدەبىياتىدا ئاممىباپلىق مەسىلىسى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. ئەمما، قاراشلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاممىباپ ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرىدىغان كىتابخانلار ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ. ھازىرقى ئەدەبىيات رېئاللىقىدىن قارىغاندا، كىتابخانلار ئارىسىدا تەسىر قوزغاۋاتقان، بازارلىق بولۇۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئاممىباپ ئەسەرلەر بولۇۋاتىدۇ. مۇھەممەتجان راشىدىن ئەدەبىيات رېئاللىقىدىكى بۇ خىل خاھىشقا ئالاھىدە سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئۇ شېئىرلىرىدا خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چىنلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئىپادىلىگەچكە، شېئىرلىرىنى كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى شەكىللەردە يازغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشتى. ئۇنىڭ «بۇدۇنيا»، «سەن يوق» دېگەن شېئىرلىرىنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر يوق دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ.

مۇھەممەتجان راشىدىن ھوسۇللۇق شائىر بولۇپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدىلا مىڭ پارچىدىن كۆپرەك شېئىر ئېلان قىلدى.



ئۇنىڭ ھازىرغىچە «كاككۇك گۈلى» (1986 - يىل)، «يىللار ئىزى» (1990 - يىل)، «كۈنلەر ئالبومى» (1996 - يىل) «ئانا يەر قەسىدىسى» (1998 - يىل) قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى، كۆپلىگەن شېئىرلىرى ناخشىلارغا تېكىست قىلىنىپ كەڭ تارقالدى، بىر قىسىم شېئىرلىرى دەرسلىككە كىرگۈزۈلدى، مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. 1998 - يىلى غۇلجىدا ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

**روزى سايىت** — يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە زور نەتىجىلەرگە ۋە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە، ئاۋام ئارىسىدىكى تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھاياتنىڭ ھەر بىر بۆلۈكلىرىگىچە يېتىپ بېرىپ، خەلقىمىزنىڭ ھالىغا مۇڭداش، دەردىگە دەرمان بولدى. ئاۋام خەلق بىلەن بولغان باغلىنىش جەھەتتە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يېگانە ئىجادىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئاساسلىق تېما قىلغانلىقى، دېھقانلارنى باش قەھرىمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەنلىكى، ھايات رىتىمىغا ماسلىشىپ، رېئاللىققا تېخىمۇ يېقىن يانداشقانلىقى، ئۇسلۇب جەھەتتە يەڭگىل، ئاممىباپ، ھازىر جاۋابلىقى بىلەن روزى سايىت ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن.

روزى سايىت مىلادىيە 1944 - يىلى 8 - ئايدا گۇما ناھىيىسىدە بىر كونا ئەسكەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى خوتەن شەھىرىدە ئوقۇغان. مىلادىيە 1958 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە يېزىغا قايتىپ دېھقان بولغان، شائىر مىلادىيە 1973 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەن شەھىرىدە بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر خوتەن

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشـ
لەپ كېلىۋاتىدۇ .
روزى سايىت 1973 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنـ
غان «دېھقانمۇ داشۆگە كىردى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجا-
دىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ ، شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە
ئىزچىل تۈردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىـ
دۇ .ئۇ يېڭى دەۋردىكى شائىرلىرىمىز ئىچىدە ئىجادىيىتى ئەڭ ھوـ
سۇللۇق بولغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ، ھازىرغىچە ھەرقايـ
سى مەتبۇئاتلاردا نەچچە مىڭ پارچە شېئىرى ئېلان قىلىندى ، ھەرقايـ
سى نەشرىياتلاردا «قاشتېشىنىڭ رىۋايىتى» (1982 ـ يىل ) ،
«بۇ قىز كىمنى تاللىسۇن» (1984 ـ يىل ) ، «مەرھابا»
(1984 ـ يىل ) ، «كۆكۈلدىكى گەپلەر» (1989 ـ يىل ) ، «مۇھەبـ
بەتتىن پۈتكەن ناخشىلار» (1995 ـ يىل ) ، «رۇبائىي ۋە تۇيۇقلار»
(1997 ـ يىل ) ، «دېھقان كۆلكىسى» (1998 ـ يىل ) ، «پاھ ،
دېھقان ھەيكىلى» (1999 ـ يىل ) قاتارلىق 8 پارچە شېئىرلار توپلىـ
مى نەشر قىلىندى .
روزى سايىت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچىدا ئىجادىـ
يەت بىلەن شۇغۇللانغان يېڭى دەۋر شائىرى .شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىـ
دا يېڭى دەۋر ھاياتىنىڭ ھەر خىل مەنزىرە ـ كۆرۈنۈشلىرى ناھايىتى
چىن ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . ئۇنىڭ شېئىرلىـ
رىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقساقلا خەلقىمىزنىڭ ، بولۇپمۇ دېھقانلىرىـ
مىزنىڭ بۇ چارەك ئەسىردە قانداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرـ
گەنلىكى ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسىدە قانداق يېڭىلىق ـ ئۆزگىـ
رىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ .ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەـ
ھەتتىن روزى سايىت رېئالىزمچى ، ھەقىقىي مەنىدىكى رېئالىرمچى
شائىر بولغاچقا ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ،
دەۋر ئالاھىدىلىكلىرى ، دېھقان ئوبرازلىرى ، قەلب ئىزھارلىرى



دەۋرداش كەسپداشلىرىنىڭكىدىن خېلىلا تەبىئىي ۋە چىن بولۇپ ،
مانا مۇشۇ تەبىئىيلىك ۋە چىنلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ھاياتىي
كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىـ
سىنىڭ شۇنچىلىك سۆيۈپ ئوقۇشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبىمۇ دەل
مۇشۇ .
روزى سايىتنىڭ ئىجادىيىتىدە لىرىكىدىن كۆرە ئېپىكا ئاساسلىق
ئورۇندا تۇرىدۇ .ئۇ ھېسسىياتنى ئەمەس ، بەلكى تۇرمۇشنى ، خىيالىي
جەننەتنى ئەمەس ، بەلكى كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى يازىدۇ . ئەگەر
ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ھېسسىيات ئامىللىرى بار دەپ قارالسا ، بۇ ھېسـ
سىيات رېئاللىق ئاتا قىلغان تەسىرات ـ تۇيغۇدىن باشقا نەرسە ئەـ
مەس . شائىر نەزىرىدىكى رېئاللىق شائىرغا ئازاب ياكى خۇشاللىق
ئېلىپ كېلىدۇ ، ئۇ رېئاللىق بىلەن ئاشۇ خىل تەسىرات تۇيغۇنىڭ ،
ئاشۇ خىل ھېسسىياتنىڭ بىرلىكىدە ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ .
شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، روزى سايىتنىڭ شېئىرلىرى تۇرـ
مۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى
چىنلىقى ، شائىر ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ (مۇھەببەت ـ نەپرەتىـ
نىڭ ) روشەنلىكى ، قىسقىسى رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ
ناھايىتى كۈچلۈكلۈكى بىلەن دەۋرىمىزدىكى باشقا شائىرلارنىڭ ئىجا-
دىيىتىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ .
روزى سايىت مول ھوسۇللۇق شائىر .ھازىرقى كۈندە شېئىرىـ
يەت ساھەسىنى چۆلدەرەتمەي تۇرغانلارنىڭ بىرى دەل روزى سايىت
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممىلا نەرسە شېئىر بولۇپ
كۆرۈنىدۇ ، ئۇ ھەممىلا نەرسىدىن بىرەر شېئىر توقۇيالايدۇ . ئۇ بىر
پارچە شېئىرىدا «مەن ـ ئەدىبمەن ، گەپ قىلمايمەن قارىسىغـ
ا ، / ئوخشمايمەن مولىلكامنىڭ «قارىي»سىغا» ، دەپ يازغىنىـ
دەك ، شېئىرنى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئەمەس ، بەلكى كۆرـ
گەن ـ بىلگەنلىرى ئاساسىدا ، تۇرمۇشتىن تېپىپ يېزىپ چىقىدۇ .

بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

روزى سايىت ئۆزىنى «دېھقان شائىر» دەپ ئاتايدۇ، خەلق ئاممىسىمۇ ئۇنى شۇنداق تونۇيدۇ. دېمىسىمۇ ئۇ دېھقاننىڭ شائىرى. يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەڭ روشەن تېما ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۇرگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىمۇ دەل مۇشۇ روزى سايىت. دېھقانلار تېمىسى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا، ئۇلارنىڭ خۇشاللىق - قايغۇسىنى ئىپادىلەشكە بېغىشلانغان؛ ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان، چوڭ تەسىر قوزغىغان شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىمۇ دېھقانلار ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلاردىن ئىبارەت. شۇڭا، دېھقانلار ھەققىدە يېزىش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلار ھەققىدە يېزىشقا قارىتا ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا كۆز قارىشى بار. ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دېھقانلار ئارىسىدا چوڭ بولغان، ئۆزىمۇ دېھقان بولۇپ، دېھقانلار تۇرمۇشىنى بىۋاستە باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، دېھقانلارنى ياخشى چۈشىنىدۇ. ئۇ ئىجادىيەتتە دېھقانلارنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى، ئۇلارنىڭ ئىدىيە - ھېسسىياتىنى، بولۇپمۇ ياشاش شارائىتىنى، خۇشاللىقىنى، دەرد - ھالىنى، ئەكس ئەتتۇرۇشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەمەلىيەتتە دېھقانلارنىڭ قەلب ئىزھارى، دېھقانلارنىڭ قوشىقى. ئۇ دېھقانلارنىڭ قەلب سۆزلىرىنى قوشاققا قاتقان بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى «دېھقان شائىرى»، «روزى قوشاق» دەپ ئاتىشىدۇ.

روزى سايىتنىڭ ۋەكىللىك، تەسىر قوزغىغان شېئىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېھقانلار تېمىسىدىكى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى،



ئىدىيىۋى ھېسسىياتى يېزىلغان شېئىرلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى تەسىرىنىمۇ، ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنىمۇ دەل ئۇنىڭ دېھقانلار ھەققىدە يازغان شېئىرلىرى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ دېھقانلار ھەققىدە يازغان «يورۇقچاش نەزمىلىرى»، «جان دادام - دېھقان دادام»، «بىر دېھقان شۇنداق دېدى»، «پاھ، دېھقاننىڭ ھەيكىلى»، «دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش»، «ئۆستى»، «بەختى دېھقان - بەختلىك دېھقان»، «دېھقان بولماق تەس»، «كەل، دېھقاننىڭ باھارى» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىدا يېزا ھاياتىنى، دېھقانلار تۇرمۇشىنى، ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى، ئۇلار تارتقان جاپا - مۇشەققەتلەرنى، ئۇلار سۈرگەن ھۇزۇر - ھالاۋەتلەر راستچىللىق بىلەن ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىگىلىك يارىتىش، ، ئىنسانلار ھاياتىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش يولىدا قان - تەر ئاققۇزۇش روھى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

روزى سايىت يېزا ھاياتىنى، دېھقانلار تۇرمۇشىنى يازغاندا خۇشاللىق، بەختىيارلىقلارنى يېزىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېغىرچىلىق - كۆڭۈلسىزلىكلەرنىمۇ يازىدۇ، ئۇنىڭ بۇلارنى يېزىشتىكى مەقسىتى قانداقتۇر تەرەققىيات - گۈللىنىشلەرنى ئىنكار قىلىش بولماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى تەكىتلەش، تەشەببۇس قىلىش، بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت.

ھەرقانچە چىدامлىق، ھەرقانچە چاققان،
بولسىمۇ، پولات جان ئەمەسقۇ دېھقان،
دېمەيلى «سۆرەمدىن چىقتىڭ، تارت ساپان!»
ئۇ ئىزدەر ئادالەت تەختىدىن قالقان،
دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش.

ئېتىزدا تۈگەپتۇ ئۇنىڭ ياشلىقى ،
ئېتىزدا خوراپتۇ كۈچى ، شاشلىقى ،
ھۇزۇرى ، خۇشلۇقى- تۆت تال ئاشلىقى ،
دېمىنى كەسمىسۇن ئالدىراشلىقى ،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

مول ھوسۇل مول پېتى كەلسۇن خامانغا ،
ئەجرىنى كۆممەيلى پاسار ، سامانغا ،
ئۇمۇ بىر «ئۇھ ! . . .» دېسۇن ، يەتسۇن ئارمانغا ،
قەدىمى زىياندىن ماڭسۇن ھايانغا ،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

سىز ، بىزنى باققىنى دېھقاننىڭ نېنى ،
تومۇردا ئاققىنى دېھقاننىڭ قېنى ،
ۋەتەنمۇ تەكتىدىن ئۇنىڭ ۋەتىنى ،
پۈۋلەيلى ھەممىمىز دېھقان ئوتىنى ،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

دېھقاننىڭ غېمىنى يېگەنلەر ئۇلۇغ ،
دېھقاننىڭ گېپىنى دېگەنلەر ئۇلۇغ ،
دېھقاننى ئۇلۇغ دەپ بىلگەنلەر ئۇلۇغ ،
دېھقاننى كۈلدۈرۈپ كۈلگەنلەر ئۇلۇغ ،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش . . .

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىز شائىرنىڭ «دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش» ناملىق شېئىرنىڭ پارچىلىرى .بۇ شېئىردا ئۇنىڭ



دېھقانلار تېمىسىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . شېئىردا شائىر دېھقانلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن ئىنتايىن ئالدىراشلىقىنى ، بۇ تەبىئىي ئالدىراشلىقلارنىڭ ئۈستىگە يەنە ھەر خىل يولسىزلىقلار ئارقىلىق بىرمۇنچە مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى «ئالدىرىتىشلار» كېلىپ قېتىلىپ ، دېھقانلارنى ھالىدىن كەتكۈزىۋەتكەنلىكىدەك بىر ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرگەن ، ئاندىن بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن مىسرالارنى يېزىپ ، دېھقانلارغا كۆيۈنۈش ؛ئۇلارنى ، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى ، ئەمگەك مېۋىسىنى ھۆرمەتلەش ، قوغداش ، شۇ ئارقىلىق ئۇلۇغلۇقنى ئىپادىلەش چاقىرىق قىلىنغان .

يۇقىرىقى مىسرالاردىن كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەر بىر مىسراسىدا دېھقانلارنىڭ يۈرەك ساداسى ئىپادىلەنگەن ، ئۇلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن . روزى سايىت ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇچۇن چۇقان سالىدىغان ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇچۇن شېئىر يازىدىغان شائىر .ئۇ ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى : «مېنىڭچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دېھقانلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس .مەن ‹بىزنىڭ يازغانلىرىمىزدا دېھقانلار تەسۋىرلەنمىسە ، دېھقانلارنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلساق ، ئەدەبىياتىمىز قاناتسىز قۇش ، يىلتىزى يوق گۈل ، يېپسىز لەگلەككە ئوخشاپ قالىدۇ . . . › دەپ قاراپ كەلدىم .چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوندىن توققۇزى دېھقان . ئۇلار ئۆمۈر بويى ھارماي - تالماي ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەپ كېلىۋاتىسىمۇ ، ھەر خىل توسالغۇ ، ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ئەجرىنىڭ قەنتىنى تولۇق چاقالمايۋاتىدۇ ، ‹قورسىقى توق ، كىيىمى پۈتۈن › بولۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تىرمىشىۋاتىدۇ .مەن ئاشۇ دېھقانلارنى دىققەت نەزىرىمدە تۇتۇپ ، مەۋقەيىمنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قويۇپ ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا ، قايغۇسىغا

تەڭ شېرىك بولۇشنى شائىرلىق بۇرچۇم دەپ قارىدىم ، ئۇلارنىڭ
دەردى ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ھەر بىر شېئىرىمدا ئەكس ئەتتۇرۇشكە
ئۇرۇنغىنىمنىڭ ۋەجىمۇ دەل مۇشۇ !» (روزى سايىت : «پاھ ، دېھقان
ھەيكىلى» توپلىمىدىكى «ئاپتور لەۋزىدىن»گە قارالسۇن ) . دېمەك ،
روزى سايىتنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىدىن قارىغاندا ، ئۇ شېئىرلىرىنى
دېھقانلارنىڭ دەردىگە مەنىۋى جەھەتتىن دەرمان بولۇش ، ئۇلارغا مەند-
ۋى جەھەتتىن تەسەللى بېرىش ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دېھقانلار ئام-
مىسى بىلەنمۇ ھەمنەپەس ، تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈ-
چۈن شېئىر يازىدۇ .
ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى
ھەر خىل ئىللەتلەرنى تەنقىدلەش — ئەسىر ئاخىرىدىكى قىزىق بىر
تېما بولدى .بۇ تېما ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىياتىمىزدىمۇ گەۋدىلىك
ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . .روزى سايىت بۇ تېمىنى يېزىشتا ئاۋاڭ-
گارتلاردىن بولدى .ئۇ «ئاھ ، مېنىڭ مىللىتىم» ، «ئىستىل توغرى-
سىدا» ، «ئاقىۋەت» ، «كونا مەرەز - يېڭى ئاپەت» ، «باللار پۇلغا
زار ، چىرىكلەر بەتخەج» ، «باشلىق سىزمىلىرى» قاتارلىق شېئىرلى-
رىنى مانا مۇشۇ تېمىغا بېغىشلىدى .ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدا
مىللەتنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئىللەتلىرى تەنقىدلەنگەن بولۇپ ، ئۇ
بۇ خىل تەنقىدنى سەمىمىيلىك بىلەن ، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى سې-
لىشتۇرۇش ، گۈزەل مەنىۋى خىسلەتلەر بىلەن ھازىرقى ياتلىشىشلار-
نى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش
مەقسىتىدە ئېلىپ بارىدۇ ، ئۇنىڭ تەنقىد تىلى ئۆتكۈر ، كىنايىلىك
شۇنداقلا سەمىمىي .ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئادەم قەلبىگە تەسىر قىلىد-
غان كۈچلۈك بىر ئىلتىجا بار . شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرى
جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە .بۇ خىلدىكى شېئىرلىرىغا ۋە-
كىللىك قىلالايدىغان «ئاھ ، مېنىڭ مىللىتىم . . .»ناملىق شېئىرىدا
شائىر مۇنداق يازىدۇ :



بۇ مىللەتتە «ساقالىلىقلار» نامازخانلىقتا يۈزلەندى ،
«ساقالسىزلار» لاغايلاشقا ، مەمەدانلىقتا يۈزلەندى ،
ئويۇنپەزلەر سوقۇپ تاش بىرلە تاشنى كۆڭلىنى ئاچسا ،
«كاراOK»دا تانسكەشنىڭ ۋاقتى بىزمانلىقتا يۈزلەندى .
جاھان نەدە ، ئۆزنەدە ؟بۇنى ئويلايدىغانلار ئاز ،
ئەجەب ئىش ، پەيلى - خۇيدا بەخىراماnلىقتا يۈزلەندى .
پاسون ، مۇدا كىيىم ، چاچ نۇسخىسى سۆھبەتتىكى ماۋزۇ ،
ياسانماقنىڭ غېمى ، ھالى - پەرىشانلىقتا يۈزلەندى .
«يېرى كەڭ ، بايلىقى مول ، خەلقى ئەمگەكچان» ئاتالغان
يۇرت ،
ھۇرۇنلۇقتا كۈنى ، ئىستى ، خەير - ئېھسانغا يۈزلەندى .
بۇ مىللەت ئىلىم - ئېرپان ، كەشىپ - ئىجادتا تۆھپىكار
مىللەت ،
نېمىشقا ئەمدى «ئەقلى كالتە ئىنسان»غا يۈزلەندى ؟
بۇ مىللەتنىڭ غېمىدە تۇرسا دەۋران ، يۆلىسە ھە دەپ ،
نېمىشقا يۆلىگەنچە سالپۇ - سەرسانلىقتا يۈزلەندى ؟

بۇ مىللەتنىڭ قېنىنى بۇزدى يۇرتۋازلىق ، خوتۇنبازلىق ،
ئاڭا ياندىشتى مەيخورلۇق بۇ «باز»لىقلار قىلىپ ئازلىق ،
«قەيەرلىككەن بىلەن ئۆلچەپ ، «يامان»نى ، «ياخشى»نى تو-
ۋا ،
ئىمانى ، جانىنى تىكتى جانانلار ئاتسا قاش نازلىق .
ئىچىپ مەي زورلىنىپ ، زورلاپ ، ئەقلىنى مەي بىلەن خور-
لاپ ،
كۆزىنى مەستلىكى تورلاپ قىلىشتى غەمزە - غەممازلىق .
بۇلارمۇ يەتمىگەندەك ، كۆر ، چىقاردى باشقىچە ئادەت ،

گۇروھ ئايرىپ ، جېدەل ئىزدەپ ، گۇماندا يىتتى ھەمرازلىق .
ئۇ چىشلەپ ، بۇ تېپىپ ، ئۇ كولاپ ، بۇ چۇخچىلاپ . . .
ھەيھات ،
ئاداۋەت ، غۇم - مۇرامدا دىل يېرىنى ئەيلىدى سازلىق .
ئۆگەنمەك يوق ، تىرىشماق يوق ، ئىلىم تەھسىلگە قىلماس
زوق ،
يەنە بىرمۇنچە قېپقالدى ئېسىل خۇي ، خۇيدا رەڭۋازلىق .
ئارام تاپسا سوقۇشتۇردى ، تالاشتۇردى خوراز ، ئىتنى ،
جاھاندا بارمۇ بىر مىللەت سۈپەتتە ئۇشبۇ ئەندازلىق ؟

. . . . . شائىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىدە مەلۇم دەرىجىدە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ، گۈللىنىشى ،
رىقابەت دەۋرىدە ئۇتۇپ چىقىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇن بولۇۋاتقان
ئىتتىپاقسىزلىق ، يۇرتۋازلىق ، ھۇرۇنلۇق ، خۇراپاتلىق ، نادانلىق ،
مەيخورلۇق ، ئەيش - ئىشرەت . . .كە ئوخشــاش ھــەر خىل ئىللەتلە-
ــەرنى - خاھىشلارنى تەنقىدلەپ ، ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان رىقابەت ،
خىرىس ، تەلەپلەرنى كۆرستىپ ، كىشىلەرگە «جاھان نەدە ، بىز
نەدە ؟ » دېگەن سوئالنى قويۇپ ، خەلقنى ئىتتىپاقلىشىشقا ، كۆڭلىرى-
نى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي ، ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ، تىرىشىپ
ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئىگىلەپ ، نادانلىق ، خۇراپاتلىقتىن ، ھەر
خىل چاكىنا بەخت قاراشلىرىدىن قۇتۇلۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل
كېلەچىكىنى يارىتىشقا چاقىرغان .بۇ شېئىر ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق
چاقىرىق خاراكتېرى بىلەن ئەينى يىللاردا جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچ-
لۈك تەسىر قوزغىغان ئىدى .
روزى سايىت ئىجادىيىتىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئىجادىيە-
تىنىڭ ئۇسلۇبىنى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلىگەن . روزى
سايىت بىر «بېغىشلىما »سىدا : «روزى ، سەن يا باي ئەمەس ، يا شاھ



ئەمەس ، / ئال قەلەمنى ، ياز ، خەلقنىڭ رايى بول ، / قالسا بەس ئەل
قەلبىدە راستگۇيلۇقۇڭ ، / باشقىسى ھېچ گەپكى-بولما گـاھى
بـول ! . . . » دەپ يېزىپ ، «راستگۇيلۇق »نىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىردىن-
بىر ئىجادىيەت مىزانى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ئىدى . روزى سايىت-
نىڭ شېئىرلىرى ، بولۇپمۇ 1990 - يىللاردىكى شېئىرلىرى تۇر-
مۇشنى ، تۇرمۇشتىن كەلگەن ھېسسىياتنى چىنلىق بىلەن ، ئەينەن
ئىپادىلەشتەك روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى . شائىرنىڭ نەزىرى-
دە ، «شېئىر ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز ئوقۇرمەنلىرى بولغان خەلق ،
مەنبەسى بولغان ئىجتىمائىي رېئاللىق ، يىلتىزى بولغان ماكان ۋە
زاماندىن ئايرىلالمايدۇ . شۇنداق بولغان ئىكەن ، مېنىڭ نەزىرىمدىكى
شېئىر ئاخىرىنى خەق ئويلاپ تېپىۋالىدىغان تېپىشماق ئەمەس . . .
مەن شېئىرنىڭ دەللىكى بولۇشىنى ياقتۇرىمەن ، بىر پارچە شېئىر
بىر كاللەك ئوت . توڭلىغان جان بۇ ئوتتىن ھارارەتلەنسە ، ئەخلەت
- چاۋا ئۇنىڭ يالقۇنىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانسا دەيمەن ؛ . . .مىللەتنىڭ
ئويۇشقاقلىقى ، ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ۋە كۈرەش ئىرادىسىگە پۈتلە-
كاشاڭ بولىدىغان ھەرقانداق ناچار ئىللەت ۋە قىلمىشقا شېئىر نەيزى-
سىنى سانجىپ - سانجىپ ئۆتسە ! . . . » .شېئىر ھەققىدىكى بۇ قا-
راشلاردىن بىلىۋېلىش تەس ئەمەسكى ، روزى سايىت شېئىر دېمەك
تۇرمۇش دېمەك دەپ قارايدىغان ، شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى
قوغلىشىدىغان ، شېئىرنى قورال دەپ چۈشىنىدىغان شائىر .شۇڭا ئۇ-
نىڭ شېئىرلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ، چىنلىق تۈسى ، تەسىرلەندۈ-
رۈش كۈچى يۇقىرى .
روزى سايىتنىڭ شېئىرلىرى ئېنىق ، يەڭگىل ، ھازىر جاۋاب
بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە .مەقسەتنى ئېنىق تاپشۇرۇش ، پىكىرنى
بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇش ، ھېسسىياتنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەش
ئۇنىڭ بارلىق شېئىرلىرى ئۈچۈن ئورتاقلىق بولۇپ ، بۇنداق ئورتاق-
لىق لىرىكا ، رومانتىكا ، تىل پاساھەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ،

پىكىرنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشتىن بارغانسېرى ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان ،
شېئىرنى تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئەمەس ، بەلكى ھاياتلىق ھەققىدىكى
ئويلىنىشنىڭ ئىپادىلىنىشى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان يېڭى دەۋر
شېئىرىيىتىمىزدە روشەن بىر خاسلىق شەكىللەندۈردى .

## «يېڭىچە شېئىرلار» ھادىسىسى

ئەسىر ئاخىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدى-
لىكى شۇ بولدىكى ، زور بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنىڭ شېئىرىيەت
ساھەسىگە كىرىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ ، شېئىرىيەت چۈشەنچىلىرى
كۆنسېرى يېڭىلىنىپ باردى ، ئىزدىنىش ، يېڭىلىق يارىتىش ئاساس-
لىق خاھىشقا ئايلاندى ، ، جوڭگو ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىدىكى
يېڭىلىقلار شېئىرىيىتىمىزگە ئازدۇر - كۆپتۇر تەسىرلەرنى كۆرسەت-
تى . شۇنىڭ بىلەن ياش شائىرلارنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى ئاسا-
سىي گەۋدە قىلغان ، ئەنئەنىۋى ۋە مەۋجۇت شېئىرىيەتتىن روشەن
پەرقلىنىدىغان بىر تۈركۈم شېئىرلار مەيدانغا كەلدى ، بۇنداق شېئىر-
لارنى يازىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرى
نەتىجىسىدە ، مىلادىيە 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتىدىكى بىر خىل ھادىسە سۈپىتىدە «يېڭىچە شېئىرلار» (گۇڭگا
شېئىرلار ) مەيدانغا كەلدى .
«گۇڭگا شېئىرلار »نىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ
ھەقتىكى مۇنازىرىلەرمۇ قانات يېيىپ كەتتى . ھېسابتا بۇ ، يېڭى دەۋر
ئەدەبىياتى باسقۇچىدىكى كۆلىمى ، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ، ئۇزۇن
مەزگىل داۋاملاشقان مۇنازىرە بولدى .بۇ مۇنازىرە شېئىرىيەت مەسى-
لىلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈن



ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ گەۋدىلىك بولدى .
بۇ مۇنازىرە مىلادىيە 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ
ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىگە چىققان
«گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھادىسىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ
بېرىلدى . بىرقىسىم كىشىلەر بۇ خىل شېئىرلار دوراmچىلىقنىڭ
مەھسۇلى ، غەرب مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى كۆچۈرۈپ كې-
لىش ، دەپ قارىغان بولسا ، يەنە بىرقىسىم كىشىلەر بۇ شېئىرلارنىڭ
قىممىتىمۇ ، زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ، دەپ ھېسابلاشتى . لېكىن ، مۇنازى-
رىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مۇتلەق كۆپچىلىك ئاما «گۇڭگا
شېئىرلار » نىڭ ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىققان ئوبيېكتىپ ھادىسە
ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئۇنىڭغا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش-
نى زۆرۈر دەپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ يېڭى بىر شېئىرىيەت ھادىسىسى
بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزمۇن ۋە شەكىلگىچە يېڭى بىر قىياپەتتە
ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە «يېڭى
قان» بولۇپ قوشۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى . تۆۋەندە بىز بۇ
ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز .
«گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھادىسىسىنى تەتقىق قىلىپ كۆرىدى-
غان بولساق ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ئاسا-
سى بارلىقىنى كۆرىمىز ، ئۇ ئىچكى جەھەتتىن ۋاقىتىنچە تۇرغۇنلۇق
ھالىتىدە تۇرۇپ قالغان مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەبىئىي ھالدا
ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشى ۋە ئويلىنىشتىن كېيىنكى يېڭى بىر قەدىمى
بولسا ، سىرتقى جەھەتتىن ئېلىمىزنىڭ شېئىرىيىتىدىكى «گۇڭگا
شېئىر» ئىجادىيىتى ۋە بۇ توغرىدىكى بەس - مۇنازىرىنىڭ شۇنداقلا
مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر . مۇنداقچە ئېيت-
قاندا ، كىتابخانلارنىڭ يېڭىلىنىۋاتقان ئېستېتىكىلىق تەلەپلىرى بى-
لەن شائىرلارنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر .
«گۇڭگا شېئىرلار »نىڭ ئىجادىيەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلە-

رىمۇ خېلى گەۋدىلىك بولدى. بۇ خىل شېئىرىيەت خاھىشىنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، «روھ پەسلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «شاراب تومۇرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، ئادىل تۇنىيازنىڭ «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا»، «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى، مۇختەر مەخسۇتنىڭ «تەنها قېيىق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، پەرھات ئىلياسنىڭ «چوغ سورىغان بالا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، پولات ھېۋىزۇللانىڭ «بىر قىز قەلبىگە تېز سىزما»، ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقىينىڭ «قىز پەسلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، زاھىر ئابدۇراخماننىڭ «روھىمغا سەپەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى قاتارلىقلار نەشر قىلىندى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللاپ تۈزۈلگەن «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق توپلامنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى مەملىكەت ئىچىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى ۋە يۇقىرى باھالارغا ئېرىشتى.

بۇ ئېقىمدىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى تۆۋەندىكىدەك ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. شېئىرنىڭ نېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكلىكى مەسىلىسىدە ئۇلار شېئىرنىڭ ئادەمنى يېزىش كېرەكلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئادەمنى مەقسەت ھەم مەركەز قىلدى. ئادەمنىڭ ئەركىن - ئاڭلىق ئىجادىي ئىقتىدارىنى ئۆزلىرىگە خاس يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن يازغاندىمۇ ئۇلارغا ئۆز ئىچكى دۇنياسى، ھېسسىياتى، ئوي - پىكىرلىرىنىڭ ماس ماددىسى سۈپىتىدە، مەنىۋىيىتى، ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشتى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆزلۈك ئېڭى كۈچەيدى.

2. سۇبيېكتىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى كۈچ - قۇدرىتىنى، ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىكى شەيئى - ھادىسىلەرنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان بەدىئىي دۇنيانى ياراتتى، ئۇلارنىڭ



ياراتقان بۇ دۇنياسى ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىكى تەقلىدىي تەسۋىرلەنگەن تاشقى دۇنيادىن ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپلىق ئامىللىرىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

3. شېئىرىيەتتە سۇبيېكتىپلىققا ئېتىبار بېرىلىپ شېئىرىي ئوبرازلار شائىر سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى، ئېڭىنى، تەسەۋۋۇرىنى، بىۋاسىتە سېزىملىرىنى، خىيالىي تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللىنىۋېلىنغاچقا، ئۇلار شېئىرىي ئوبرازلارنى سەۋەب - نەتىجىلىك باغلىنىش ھەم ماكان - زامان تەرتىپى بويىچە تەشكىللىمەستىن، ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىيات مەنتىقىسى ھەم تەسەۋۋۇر مەنتىقىسى، پسىخىكىلىق زامان ۋە پسىخىكىلىق ماكان تەرتىپى بويىچە تەشكىللىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى شېئىرىي ئوبرازلاردا ئىزچىللىققا ئىگە سەۋەب - نەتىجىلىك باغلىنىش يوق، پىكىرنىڭ سەكرەتمىچانلىقى كۈچلۈك، شېئىرىي ئوبرازلار بىر - بىرى بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئەمەس، بەلكى تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكتۈرۈلگەن.

ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى جەھەتتە:

1. سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللاندى.

سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بۇ شېئىرلاردا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى. سىمۋول بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە ھەممىمىزگە تونۇشلۇق. ئىلگىرىكى شېئىرلاردا سىمۋول بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە پەقەت شېئىرلاردىكى ئايرىم مىسرالاردا چەكلىك دائىرە ئىچىدە كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىمۋول قىلىنغۇچى بىلەن سىمۋول قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك ئوخشاشلىقنىڭ بولۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىناتتى. سىمۋوللۇق ئوبرازلارمۇ مەلۇم بىر كونكرېت شەيئى ياكى كونكرېت ئىدىيە، ئەخلاق - پەزىلەت، خاراكتېر قاتارلىقلارنى بىلدۈ-

رەتتى . سمۋوللۇق ئوبراز بىلەن ئۇ بىلدۈرىدىغان مەنە ئوتتۇرىسىدا
تۇراقلىق ، مۇقىم باغلىنىش مەۋجۇت ئىدى . مەسىلەن ، بوران ـ
ئىنقىلاب ، كەپتەر ـ تىنچلىق ، ئاق رەڭ ـ پاكلىق ، قارىغاي ـ
قەيسەرلىك... دېگەندەك ئىلگىرىكى شېئىرلاردا ئومۇمىيۈزلۈك قوللى-
نىلغان بۇ خىل سمۋول ئۇسۇلىنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك خا-
راكتېرى كۈچلۈك ئىدى . يېڭى شېئىرلاردا بولسا سمۋول رەسمىي
بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ھەر بىر
پارچە شېئىر باشتىن ـ ئاخىر بىر ياكى بىرنەچچە سمۋوللۇق ئوبراز-
دىن تۈزۈلۈشتەك ئالاھىدىلىك شەكىللەندى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شې-
ئىرلاردىكى سمۋوللۇق ئوبرازلار مەلۇم بىر خىل تەسىرات ، بىۋاسى-
تە سېزىم ، خىيالىي تۇيغۇ ، ئىپادىلەپ بېرىش قىيىن بولغان كەيپى-
يات ـ ھېسسىياتلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى . شۇڭ-
لاشقىمۇ بۇ خىل سمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئىختىيارلىقى
كۈچلۈك ، سمۋول قىلىنغۇچى بىلەن سمۋول قىلغۇچى ئوتتۇرىسى-
دىكى ئوبيېكتىپ مۇقەررەر مۇناسىۋەت ھەم باغلىنىش يوق دېيەرلىك
بولدى ، نەتىجىدە ھەر بىر شائىرنىڭ ياكى ھەر بىر شېئىرنىڭ ئۆزىگە
خاس سمۋوللۇق ئوبرازلىرى بارلىققا كەلدى . بۇ ماھىيەتتە خۇسۇ-
سىي سمۋوللۇق ئوبرازلار ئىدى . بۇنىڭ بىلەن ياش شائىرلىرىمىز
شېئىرلىرىدا ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى ، ئوي ـ خىياللىرىنى ،
ھېسسىيات ـ كەيپىياتلىرىنى ئۇلارنىڭ ماس ماددىلىرى ۋە سمۋول-
لۇق ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشتى .
ئۇنىڭدىن باشقا ماكان ـ زاماننىڭ تەبىئىي تەرتىپىنى بۇزۇپ
تاشلاپ ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى ، خىيال بىلەن رېئاللىقنى ئارىلاشتۇ-
رۇپ ، گىرەلەشتۈرۈپ ، كىرىشتۈرۈپ يازدى ، ئۆز ئوي ـ خىياللىرى-
نى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ماس ھالدا تەسۋىرلەش ئوبيېكتلىرىغا
قارىتا شەكىل ئۆزگىرىشى ئېلىپ باردى . خىيالىي تۇيغۇلىرى ، بىۋا-
سىتە سېزىملىرى ۋە يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ



ئەقلىي ئىش قوشۇلمىغان ئەسلىدىكى ھالىتىنى ئىپادىلەپ بېرىش
ئۈچۈن كۈچىدى .
2 . بۇ شېئىرلار قۇرۇلما جەھەتتە سۇژىتلىق قۇرۇلمىغا ئاساس-
لىنىدىغان ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىن پەرقلىنىدۇ ، بۇ شېئىرلار كىتاب-
خان كۆز ئالدىغا ئۇلانما ھالەتتىكى زەنجىرسىمان لىنىيە شەكلىنى
ئەمەس ، بەلكى ئۈزۈك ـ ئۈزۈك نۇقتىلارنى نامايان قىلىدۇ . بۇ
شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى قۇرۇلما جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە
قىلىپ تۇرغان ئامىل سۇژىت ئىزچىللىقى ياكى شېئىرىي ئوبراز
ئىزچىللىقى ئەمەس ، بەلكى ھېسسىيات ۋە كەيپىيات ئىزچىللىقىدىن
ئىبارەت .
يېڭى شېئىرلار شۇنداق قارىماققا قاپىيىسىزدەك ، رىتىمسىزدەك
كۆرۈنىدۇ ، مىسرالارنىڭ بوغۇم سانى ، كۇپلېت ـ بۆلەكلەرنىڭ مىس-
را سانى ئاز ـ كۆپ ، ئۇزۇن ـ قىسقىدەك تۇيۇلىدۇ . ئەمەلىيەتتە
بۇ شېئىرلار تاشقى رىتىمدىن كۆرە ئىچكى رىتىمغا بەكرەك ئەھمىيەت
بەرگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ رىتىملىرى ئەنئەنىۋى شېئىرلارنىڭ رىتى-
مىغا ئوخشاش قاپىيە ، ۋەزىن ، تۇراقلارنىڭ ياردىمىدە بارلىققا كەلتۈ-
رۈلگەن ئەمەس ، بەلكى تولىراق شائىرلارنىڭ ھېسسىيات ـ كەيپىيات
رىتىمىغا ، يۈرەك رىتىمىغا ئاساسلانغان .
3 . بۇ شېئىرلاردا ئىچكى بوشلۇق ناھايىتى كۆپ ، بۇ خىل
بوشلۇق بەزى شېئىرلاردا بۆلەك بىلەن بۆلەك ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىسا ،
بەزى شېئىرلاردا شېئىرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئۇچرايدۇ . شېئىردا
بۇ خىل بوشلۇق قالدۇرۇش ھەرگىزمۇ شېئىرنى قەستەن گۇڭگالاش-
تۇرۇش ئەمەس ، بەلكى كىتابخان تەسەۋۋۇرىغا كەڭ زېمىن ھازىرى-
لاپ ، ئۇلارغا قايتا ئىجادىي خاراكتېرلىك زوقلىنىش پائالىيىتى ئې-
لىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپرەك ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈندۇر .
تۆۋەندە بىز «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيىتىدىكى بىرقانچە ۋەكىل-
لىك شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق گۇڭگا شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلى-

كى تۇغرىسىدا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ توختىلىمىز .

**ئەخمەتجان ئوسمان** «گۈڭگا شېئىر» ئىجادىيىتىنىڭ باشلامچىسى ھەم ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى ، چۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى «گۈڭگا شېئىر» دەپ ئاتالغان شېئىرلارنىڭ ئىجادىيىتى ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ سىناق سانىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىدىن باشلانغان . ئۇ سۈرىيە دەمەشق داشۆسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە يازغان ئەرەب تىلىدىكى شېئىرلىرى «ئىككىنچى يېقىلىش» ، «تويلار تىلسىمى» نامىدا مۇستەقىل توپلام قىلىپ نەشر قىلىنغان . ئۇيغۇر تىلىدا يازغان شېئىرلىرى «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» نامىدا نەشر قىلىندى .

ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ ، تارىخىي تۇيغۇغا خېلى باي ، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ، پىكىر يالىڭاچلىقىدىن خالىي بولۇپ ، ئوي - پىكىر ۋە ھېسسىيات - كەيپىياتى سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمىدە سىمۋوللۇق ئوبرازلار ، ماس ماددىلار ئارقىلىق يوشۇرۇن بېشارەتلەنگەن .

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «سېنى سورايمەن» ، «ۋەتەن لىرىكىسى» ، «ئەنجۈر» ، «شەبنەم» ، «بالىلىقتىكى ۋەتىنىم» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋەتەن مۇھەببىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ ، بۇ شېئىرلاردا ئۇنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىكى ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەن . ئەمما ، ۋەتەن مۇھەببىتىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي تېمىنى شائىر ئۆزگىچە يول ، ئۆزگە خاس ئۇسلۇب بىلەن يازالىغان . مەسىلەن :

پۈرىدىم سېنى
ئەمگىنىمدە ئانام سۈتىنى
ئۇچراتتىم سېنى
چۆچەكلىرىدە مومامنىڭ ،



تەرىدىم
بارماقلىرىڭ ئىزلىرىنى
ھاسىسىدىن بوۋامنىڭ .
كۆز يېشىمغا يوشۇرغان ئىدىم
سىڭىپ كەتتىڭ ياستۇقۇمغا .
(«بالىلىقتىكى ۋەتىنىم») .

دەپ يېزىش ئارقىلىق ۋەتەن مۇھەببىتىنى ئۆزگە خاس تۇيغۇ بىلەن ئىزھار قىلغان . شۇڭىمۇ بۇ شېئىرنىڭ كىشىگە بېرىدىغان ئېستېتىكىلىق زوقى ئۆزگىچە .

ئىنساننى ، ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەم مەنىۋى كۈچ - قۇدرىتىنى ئۇلۇغلاش ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بولغان تېماتىك مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئۆزگىچە كۆزىتىش نۇقتىسى ، ئۆزگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنساندىكى ھەممىگە قادىرلىقنى قىزغىن مەدھىيىلەپ ، ئىنساننى يۈكسەكلەشتۈرىدۇ . مەسىلەن «بۇلۇت ئۈستىدە» شېئىرىدا :

باقىمەن ئاستىمغا
كۆزلىرىدە ماگمىلارنىڭ ،
كېيدۈرىمەن دەريالارغا
ئاتەشتىن كۆڭلەك ،
بوغۇزلايمەن چۆللەرگە دولقۇنلارنى
يۇلتۇزلارنى تېرىپ ئاسماندىن
قەسىر قۇرىمەن
ئېچىرقىسام يەيمەن ئۇپۇقنى ،
ئەللەيلىسەم

قۇچقىمدا ئۇخلايدۇ دۇنيا .
دەپ يازسا ، «چۇش» دە :

ئۈچۈردۇم
بارچە يوللارنى ،
سىزىپ چىقتىم قايتىدىن .
چوققىلارنى تېرىپ تاغلاردىن ،
كۆۋرۈك سالدىم-
قىتئەلەرنى تۇتاشتۇرۇپ .
ئارال قۇرۇپ شاماللاردىن ،
توپلىدىم ئاڭا
سەرسان يۈرگەن دولقۇنلارنى .
بۇزدۇم ،
يىقىلدى ئالدىمدا ئەرشى ئاسماننىڭ .
كېچە بىلەن كۈندۈزنى تۇغدۇم يېڭىدىن
قىلىپ قوشكېزەك...

دەپ يېزىپ ئىنساندىكى ماددىي كۈچ ، مەنىۋى قۇدرەتنى ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ، يېڭىلىق يارىتىش ، شۇكۇر - قانائەت قىلماسلىق ، قايتا قۇرۇش روھىنى مەدھىيىلەپ ، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ، يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلىدۇ . بۇ خىل مەزمۇننى بىز ئۇنىڭ «روبىنزون كروزو» ، «تەشۋىش» ، «چۇقان» ، «خاقان» قاتارلىق شېئىرلىرىدىنمۇ كۆرەلەيمىز .

ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر مەزمۇن ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش ، ئۆزىنى ئىزدەش ، ئۆزىدىن ھالقىش ، ئۆزىنى يېڭىلاش روھىدىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ خىل روھ ئۇنىڭ «ھەمىشە» ، «روبىنزون كروزو» ، «چۇش» ، «قەبرە تېشىغا» ، «ئۆلۈمنى ئىزدەش» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن .



شائىرنىڭ «بۆشۈك لىرىكىسى» ، «شامال ۋە ئاي» ، «سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» دېگەن شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئۆتمۈش ۋە ھازىر ھەققىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن شېئىرلاردۇر .

«سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» دېگەن شېئىرىدا سادىر بەش بالىسىنى ئىزدەپ كېلىپ بەش ۋاخ ناماز ، كاۋاپدان ، شەپەرەڭ ، جۇدۇن ، مىراس سۆزى يېزىلغان قەبرىلەرنى كۆرىدۇ . بۇلار سىمۋوللۇق ئوبرازلار بولۇپ ، بەش ۋاخ ناماز - دىنىي ئاسارەتنىڭ ئىسكەنجىسى ؛ كاۋاپدان - قالاق ئىشلەپچىقىرىش ، ئۇششاق تىجارەت ئېڭى ؛ شەپەرەڭ - نادانلىق ، قاششاقلىق ؛ جۇدۇن - تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق ئېڭى ؛ مىراس سۆزى يېزىلغان قەبرە - ئۆتمۈشتىكى شۆھرەتلەردىن پەخىرلىنىپ ، تەرەققىياتقا ئىنتىلمەسلىك . بۇلار سادىرنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ . بۇ شېئىردا شائىر مىللەت ئېڭىدىكى قالاقلىق ، قاششاقلىققا ئازابلىنىپ ، تەرەققىياتنى دەۋەت قىلىدۇ . ئۇ «شامال ۋە ئاي» شېئىرىدا :

ھېلىغىچە تارىم چۆلىدە
داپ ئۇسسۇلى ئوينامدۇ شامال ؟
ئولتۇرامدۇ تولۇنئاي
بوغدا كۆلىدە
چاچلىرىنى ئۆرۈپ قىرىق تال ؟

دەپ يېزىلغان . قىرىق تال ئۆرۈم چاچ بىلەن داپ ئۇسسۇلى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىمىزنىڭ سىمۋولى قىلىنغان بولۇپ ، بېكىنمىچىلىك ھالىتىدىن بىزار بولۇش كەيپىياتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن .

ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىنىڭ چۆچەك تۇسى كۈچلۈك بو-

لوپ ، ئۇ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا دۇنيانى بالىلارچە نەزەردە كۆزەتكەن ياكى بولمىسا بالىلارچە تەپەككۇر ، بالىلارچە ئوي - خىياللىرىنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلىگەن .

**ئابدۇقادىر جالالىدىن** ئىجادىيەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان ياش شائىرلارنىڭ بىرى .

ئۆزىنىڭ ھېسسىيات ، ئەدەبىيات ھەم تەسىراتلىرىنى ، ئوي - خىياللىرىنى بېشارەتلىك ، دارىتمىلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە شېئىرىي مۇھىت يارىتىپ ئىپادىلەش ئابدۇقادىر شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى . ئۇ ياراتقان شېئىرىي مۇھىت باشقا قۇرداش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئەپسانىۋى مۇھىتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . بۇ خىل ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچىلىك شائىرنىڭ «توزغاق» ناملىق شېئىرىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن . مەسىلەن : مەزكۇر شېئىر

ھال رەڭ كۆك ئاستىدا ئۇچقان بىر كەپتەر
نىگاھىم بېتىگە كەشتىلەپ ئۇچقۇن
يوقالدى بۇلۇتلار باغرىغا سىڭىپ ،
مەن سۆيگەن دىلبەرنىڭ قۇندۇزرەڭ چېچى
ئاسمان گۈمبىزىگە يېيىلدى ئاستا ،
يالتىراق بىر قوڭغۇز يوقالدى ئېرىپ ،
جىملىقنىڭ شارابىدەك قۇدرىتى ئارا ،

دەپ باشلانغان . يۇقىرىدا بىز نەقىل ئالغان بۆلەك شېئىر «توزغاق» ناملىق شېئىردا ياراتقان ئەپسانىۋى مۇھىتنىڭ باشلانمىسى ، مۇھىت بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئاجايىپ روشەن بىر مەنزىرىنى نامايان قىلىدۇ ۋە تەدرىجىي ھالدا بىر خىل بۇرۇقتۇم ، دىمىق ، تراگېدىيىلىك كەيپىياتنى بېشارەت بېرىدۇ . پۈتكۈل شېئىرىي قۇرۇلما



سۇژېت ئىزچىللىقى بويىچە ئەمەس ، بەلكى شائىرنىڭ كەيپىيات ، ھېسسىيات ھەم تەسەۋۋۇر مەنتىقىسى بويىچە ، چاقماقسىمان تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان .

ئۆز ئوي - پىكىرلىرىنى ۋە تەسىراتلىرىنى بېشارەتلىك كارتىنىلار ھەم ئەپسانىۋى مۇھىت ئارقىلىق ئىپادىلەشتەك بۇ ئالاھىدىلىك شائىرنىڭ «شاراب تومۇرى» ناملىق توپلىمىدىكى «قۇياش ھەققىدە قىسسە» ، «پەر ياستۇقتا ئايلاندى دۇنيا» ، «يىقىلىش» ، «كۈندۈز چۈشى» ، «بوران ناخشىسى» ، «قۇش ناخشىسى» ، «چۆكۈپ كەتكەن سوئاللار» ، «ئۆچۈۋاتقان سۇ بوياق» ، «سۈكۈت تەزكىرىسى» ، «ۋۇجۇد لەۋھى» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

**باتۇر روزى** «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ زورىيىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان شائىرلارنىڭ بىرى . ئۇ بىر تەرەپتىن شېئىرلار يېزىپ ۋە يەنە بىر تەرەپتىن نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ماقالىلەرنى يېزىپ بۇ خىل ئىجادىيەت ھادىسىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى .

باتۇر روزىنىڭ شېئىرلىرى پىكىرلىرىنىڭ يېڭىلىقى ، مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، قۇرۇلمىسىنىڭ ئەركىنلىكى ، كىتابخانلارغا قالدۇرۇلغان شېئىرىي بوشلۇقنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق تەرەپلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ .

سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق شېئىرنى مەنە يالىڭاچلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىش ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتتىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ، ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا شېئىرىي مەنە ، ھېسسىيات ۋە كەيپىياتلارنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن بېشارەتلەپ ئىپادىلىگەن . مەسىلەن ، «ھايات سىرى» ناملىق شېئىرىدا :

قارا قازان دۇملەنگەن
ئىچىدە پىرقىرايدۇ تىكتاك توپ .
ئويۇمدا
مەن تۇرىمەن قازانغا دەسسەپ
ئوڭۇمدا
تىكتاك توپنىڭ ئىچىدە مەن .
ئوڭۇمدىكى (مەن ) نى ئىزدەر
ئويۇمدىكى (مەن )
ئىككىسى ئۇچرىشار قەبرىدە جەزمەن!
قارا قازان كېچە ئاسمىنى
تىكتاك توپ بەئەينى يەر شارى .

دەپ يېزىپ ، روھنىڭ تەننى مەھكۇملۇق چەمبىرىكى ئىچىدىن ، چەكلىك ماكاندىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەركىنلىك ئالىمىگە چىقىرىشنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگەن . ئاپتور بۇ شېئىرىدا قارا قازاننى — مەھكۇملۇقنىڭ ، قاراڭغۇلۇقنىڭ سىمۋولى قىلغان . قارا قازاننىڭ سىرتى بولسا ئەركىنلىك ، يورۇقلۇق ئالىمى .

ئۆز - ئۆزىنى يېڭىلاش ۋە ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىش ئىستىكى شائىر شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر تېماتىك ئالاھىدىلىك ، ئۇ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئۆزىدىكى بۇ خىل يېڭىلىنىش ۋە ھالقىش روھىنى ئىپادىلىگەن ، مەسىلەن ، «جەڭنامە» دە :

رەقىبىمنى سورىمايلا قوي ،
رەقىب ئىدىم مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈملا پەقەت!
تۈنۈگۈنكى دەرەخ تۈۋىگە ،
بېرىۋالسام ئەزمىلىك قىلىپ ،
كىرپىكلەردىن سەپ تارتىپ كۆزۈم ،



كەپتۇ مېنى قورشىۋالغىلى ،
لەشكىرىگە تارقىتىپ قورال
قەبرىلەرنىڭ ئەلەملىرىدىن…
دەپ يازسا، «سۆڭىكىمگە ئويۇلغان خەتلەر» دە :
يېڭى زېمىن ، ئەي يېڭى زېمىن ،
ئالساڭمۇ ئال جېنىمنى ئەمما .
تىلەپ يۈرمە خۇدادىن ،
كونا زېمىن يۇدۇۋالغان ،
ئابىدىدەك كونا قەبرىنى…

دەپ يېزىپ، يېڭىلىنىش يولىدا ئۆلۈشكە رازى بولۇش ، ئەمما كونا زېمىن يۇدۇۋالغان قەبرىنى تىلەپ ئولتۇرماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ .

**ئادىل تۇنىياز** شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا باللارغا خاس تەپەككۇر ، باللارچە ساپ ، ساددا تەسەۋۋۇر ھەم ھېسسىيات قىلچە پەردازسىز ، ئەسلىگە سادىق ھالدا باللارغا خاس چۈچۈك ، تاتلىق تىل ، ئىنتايىن يەڭگىل شېئىرىي رىتىم ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن .

ئادىل تۇنىياز ئۆز شېئىرلىرىدا ئۆزىگە خاس چۆچەك ئېڭى ئارقىلىق باللار چۆچىكىدەك گۈزەل بىر ئەپسانىۋى شېئىرىي مۇھىت يارىتىشقا ماھىر . بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «چۆچەكلىرىم» ، «ئالتۇن قونچاقلىق مەلىكە» ، «خوش چۆچەكلەر» دېگەن شېئىرلىرىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن . مەسىلەن ، «چۆچەكلىرىم» شېئىرىدا شائىر :

بولمىسىمۇ ئالتۇن كەشى ئانامنىڭ ،
«ئالتۇن كەش» دەپ چۆچىكى بارتى .

دادام ھەر كەچ خىزىر ھەققىدە
چۆچەك ئېيتىپ ئۇخلاپ قالاتتى .
شۇ ئاخشىمى خىزىر بولۇپ مەن
بۆلۈپ بېرەتتىم خاسىيەتلىك چۈش .
پەرىزاتتەك كىيەتتى ئانام
دۆۋە ـ دۆۋە ئالتۇن كەشلەرنى
تېرىۋالاتتى ئېتىزدىن دادام
نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن كەتمەننى
بۇرۇن ـ بۇرۇندا
نۇرغۇن ـ نۇرغۇن چۆچىكىم بولغان ،
چۆچەكلەردە
توخۇ ، توشقان ، ئۆردىكىم بولغان .
ساقاللىق قۇياشقا ئېيتىپ بەرگۈدەك
چۆچىكىم ئىچىدىكى چىرايلىق چۆچەك
باش ـ ئاخىرى يوق
بالىلىق ئىدى .

دەپ يېزىپ چۆچەكچى بالىنىڭ چۆچەككە ئوخشاش گۈزەل بالىلىق چاغلىرى ۋە چۆچەك بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھاياتى تەسۋىرلەنگەن . بالىلىقتىكى گۈزەل چۆچەككە ئوخشاش بالىلىق غايىلىرى كۈيلەنگەن .

«خوش چۆچەكلەر» دېگەن شېئىردا شائىر رېئال ماكان بىلەن چۆچەكتىكى ماكاننى ئۇستىلىق بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ ئاجايىپ گۈزەل بىر شېئىرىي مۇھىت ياراتقان . مەسىلەن ،

مارىما ئاي ،
كۆل بويىدا شاھزادە



ئۈچىرىشىدۇ كەپتەر قىز بىلەن .
گەپ ئاڭلا شامال
ئالتۇن كەشنى كىيىپ غىپپىدە
قېچىپ كەتمە تېرەكلىككە سەن .

بۇ يەردىكى ئاي رېئال ماكاندىكى ئاي ، يەنى چۆچەك ئېيتىلىۋاتقان ماكاندىكى ئاي ، شاھزادىنىڭ كۆل بويىدىكى كەپتەر قىز بىلەن ئۈچىرىشىشى چۆچەكتىكى ماكان ، شامال رېئاللىقتىكى ھادىسە ، ئالتۇن كەش چۆچەكتىكى نەرسە . دېمەك شائىر رېئال ماكان بىلەن چۆچەكتىكى ماكاننى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ فىزىكىلىق ماكاندىن ھالقىغان ئۆزگىچە بىر ماكاننى ، يەنى پسىخىكىلىق ماكاننى ياراتقان .

ئادىل تۇنىيازنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا خىيال ، چۈش ، رېئاللىق بىر گەۋدىلەندۈرۈلگەن ، شېئىرىي مۇھىت يارىتىلغان . ئۇ يەنە خىيالىي تۇيغۇلىرىنى ، ئېزىققان سەزگۈلىرىنى ۋە ئومۇمىي سەزگۈلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش ئارقىلىق ئەپسانىۋى شېئىرىي مۇھىت يارىتىشقا ماھىر .

بۇ يەردە شائىر ئاڭلاش سەزگۈسى بىلەن كۆرۈش سەزگۈسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەپسانىۋى مۇھىت ياراتقان .

**پەرھات ئىلياس** يېڭى شېئىرىيەت قوشۇنىدىكى شائىرلارنىڭ بىرى .

پەرھات ئىلياس نۇرغۇن شېئىرلىرىدا شېئىرىيەتتىكى مەڭگۈلۈك تېمىلارنىڭ بىرى بولغان قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھېسسىياتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . لېكىن ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا بۇ تېمىنى ئۆزگىچە خاس تۇيغۇ ، ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلىگەن ۋە ئىپادىلەشكە تىرىشقان . مەسىلەن ، شائىر «مۇھەببەت» ، «سەبىي بەڭۋاشلىق» ، «ئاشۇ بىر قەدەم» ، «قۇياش بولۇپ يانسۇن ئەقىدەم» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئەڭ پاك ، ئەڭ سەبىي ھالەتتىكى

پىنهان مۇھەببەت ھېسلىرىنى ئىپادىلىگەن . ئۇ بۇ خىل ھېسلارنى
ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىكىدەك پىكىر يالىڭاچلىقى ، ھېسسىيات يالىڭاچ-
لىقى ھالىتىدە ئەمەس ، بەلكى مۇھەببەتلىك قەلبلەرنىڭ مۇھەببەت
ئوتلىرىدا يېلىنجاۋاتقان چاغدىكى روھىي ھالەتلىرىنى ، زىددىيەتلىك ،
تراگېدىيىلىك پىسخىكىلىق كەچۈرمىشلىرىنى يېزىش ئارقىلىق يوشۇ-
رۇن رەۋىشتە سۈرەتلەپ بەرگەن . مەسىلەن ، «ئاشۇ بىر قەدەم»
ناملىق شېئىردا :

سۆزلىشىپقۇ باقمىدۇق ئەسلا
سۆيگۈ ھەققىدە ،
ئەمما شۇنچە مۈشكۈل ئايرىلىش بىزگە .
ھايات نېمە ، كېلەچەك نېمە ؟
ھەر كۆڭۈلدە ئۆزگە بىر دۇنيا .
بىلىشمىز شۇندىمۇ ھېسلار
ئايرىلمايدۇ جۈپ قوزىدەكلا .
……………………
سۆيگۈ ئىزدەپ بېقىشار كۆزلەر
……………………

دەپ يېزىپ بىر ـ بىرىگە تېخى ئۆز مۇھەببەتلىرىنى ئىزهار
قىلىشمىغان ، ئەمما يۈرەكلىرىدە سۆيگۈ ئوتلىرى يېلىنجاۋاتقان ئوت-
لۇق قەلبلەرنىڭ ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن .
شۈكۈر ـ قانائەت قىلماسلىق ، ئۆزىنى يېڭىلاش ، يېڭىلىققا
چەكسىز ئىنتىلىشنى ئىپادىلەش پەرهات ئىلياس شېئىر ئىجادىيىتى-
دىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ خىل ئالاھىدى-
لىك «تەڭرى سايىسى» ، «بەخت ئىزدەپ» ، «خەير قەبرىلەر» قاتار-
لىق شېئىرلىرىدا مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن .



ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھادىسى-
سى ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللىنىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى .
ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زوقلانغۇچىلارنىڭ ئېستېتىكى-
لىق تەلەپلىرىنى ۋە شائىرلارنىڭ ئىزدىنىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى .
يۇقىرىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن نەتىجىلىرى بىلەن سوتسىيالىستىك
مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى . لېكىن ،
شۇنىمۇ ئېيتىش ئۆتۈش زۆرۈركى ، «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيىتى
تېخى ئىزدىنىش ئۈستىدە ، سىناق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ . ئۇنىڭ
ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى روشەن بىر ئېقىم بولۇشى ئۈچۈن تېخى
بەلگىلىك جەريان كېرەك . ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە نەزەرىيە
قۇرۇلۇشى تېخى يەنىمۇ كۆپ ئەمگەكلەرگە موھتاج . بۇنىڭ ئۈچۈن
تېخىمۇ جاپالىق ئىزدىنىشكە ، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ .
ئەنئەنىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ، ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ چەت
ئەل ئەدەبىياتىدىكى پايدىلىق تەركىبلەرنىڭ شاكىلىنى تاشلاپ مېغىزى-
نى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك . نىشاندىن ئاداشمىغان ھالدا
يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىش لازىم .
«گۇڭگا شېئىرلار» دىن ئىبارەت ئىجادىيەت ھادىسىسى مۇزاكى-
رە قىلىنغاندىن كېيىن شېئىر ئىجادىيەت نەزەرىيىسىدىكى ئوخ-
شاشمىغان پىكىرلەرنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسى بولدى . گەرچە ۋاقىت
سەۋەبىدىن بەزى مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكى ھاسىل بولمىغان بول-
سىمۇ ، ئەمما بۇ مۇزاكىرىلەر كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈردى .
نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى . «گۇڭگا شېئىرلار» توغرىسىدىكى مۇ-
ھاكىمە مەنزىرىسىدىن بىز ئويلاشقا ، پىكىر قىلىشقا ، مەسىلىلەرنى
ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئىلمىي كەيپىياتنىڭ شەكىللەن-
گەنلىكىنى ، سەنئەت دېموكراتىيىسىنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى ، شې-
ئىر نەزەرىيىسىنىڭ تەتقىقات جەھەتتە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ئېنىق
كۆرەلەيمىز .